ئۇيغۇر كىتاب تورىپىكتى
www.uyghurkitap.com

ئادىل مۇھەممەت

# قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى

(2)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

古代喀什噶尔历史地理. 2:维吾尔文/阿迪力·穆汗默德著. —喀什:喀什维吾尔文出版社,2007.11
ISBN 978—7—5373—1607—1

Ⅰ.古… Ⅱ.阿… Ⅲ.历史地理—喀什地区—古代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.K924.52

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第 178895 号

责任编辑:热孜万古丽·阿布力米提
责任校对:拜合提亚尔·阿布力米提

古代喀什噶尔历史地理(2)

作者:阿迪力·穆罕默德

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编:844000)
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 毫米　1/32 开本　11.375 印张　1 插页
2007 年 11 月第 1 版　2007 年 11 月第 1 次印刷
印数:1—3080　　定价:18.00 元

如有质量问题,请与我社联系调换　电话:0998—2653927

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# نەشرىياتتىن

تارىخ ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى جەھەتتىكى نەتىجىلىرى بىلەن كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان ياش تەتقىقاتچى ئادىل مۇھەممەت 1967 - يىل 8 - ئايدا مەكىت ناھىيىسىنىڭ يانتاق يېزىسىدا زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1986 - يىلىدىن 1991 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن تارتىپ 1995 - يىلىغىچە مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە ئىشلىگەن. 1995 - يىل 9 - ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بۇ ئورۇننىڭ مۇئاۋىن باشلىق، باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 2000 - يىل 7 - ئايدىن 2003 - يىل 8 - ئايغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك ساياھەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 2003 - يىل 8 - ئايدىن تا ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى ئاخبارات - نەشرىيات ئوقۇش - تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر ۋە نەشر بۇيۇملىرىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

ئادىل مۇھەممەت تارىخ ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتىنى 1990 - يىلى باشلىغان بولۇپ، ھازىرغىچە ئىزچىل تۈردە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، تارىخ، ئارخېئولوگىيە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، مەدەنىيەت - سەنئەت، ساياھەتچىلىك قاتارلىق ساھەلەردە قولغا كەلتۈرگەن تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن جەمئىيەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان .

ئادىل مۇھەممەت شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى بولغان «ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ساقلىنىشى ، ۋارىسلىق قىلىنىشى ، تەرەققىي قىلىشى ۋە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى» (2001 — 2003 ـ يىللىرى ) ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن مەكىت ناھىيىسى ھەمكارلاشقان تەتقىقات تېمىسى «شىنجاڭ مەكىت ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ئېچىش توغرىسىدا تەتقىقات» (2005 — 2006 ـ يىللىرى ) ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك غەربىي قىسىم نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى «شىنجاڭ مەكىت ناھىيىسىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش توغرىسىدا تەتقىقات» (2005 — 2006 ـ يىللىرى ) قاتارلىق تەتقىقات تېمىلىرىنى ئىشلەشكە قاتناشقان . «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى — قەدىمكى ئىزلار ئومۇمىي مەجمۇئەسى» ناملىق ئىلمىي ئەسەرنى ئىشلەش ئىلمىي ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەزكىرىسى تۈزۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ، «ئاپپاق خوجا مازىرى» ناملىق تارىخىي ، سۈرەتلىك مەخسۇس ئەسەرنىڭ باش مۇھەررىرى قاتارلىق ئىلمىي خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن . ئۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مۇزېي ساھەسىدىكى خىزمەت نەتىجىلىرى بىلەن 2000 يىلى مەملىكەت بويىچە «مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان .

ئادىل مۇھەممەتنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنىڭ مەھسۇلى بولغان «قەشقەردىكى قەدىمكى ئىزلار» ، «مەكىت تارىخىدىن تېزىسلار» ، «قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى» (1 ) ، «باياۋاندىكى مەڭگۈلۈك ناخشا — دولان» ، «مەكىت تارىخ ـ مەدەنىيىتى» (3 قىسىم ) ، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى جەۋھەرلىرى» ناملىق ئەسەرلىرى نەشر قىل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لىندى . «شىنجاڭ يېڭى يولى مەدەنىيەت مەجمۇئەسى» ( «قەدىمكى قۇمۇل» ، «قەدىمكى تۇرپان» ، «قەدىمكى خوتەن» ، «قەدىمكى قەشقەر» ، «قەدىمكى كۇسەن» ، «قەدىمكى كىروران» ، «قەدىمكى ئىلى» ) ، «مەكىت تارىخ ـ مەدەنىيىتى» (خەنزۇچە ) قاتارلىق ئەسەرلىرى ھەمدە باشقىلار بىلەن ھەمكارلاشقان «جۇڭگو ۋە چەت ئەل سەيياھلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى خاتىرىلىرى» ، «قاراخانىيلار» قاتارلىق ئەسەرلىرى نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئاپتورنىڭ باشچىلىقىدا ئىشلەنگەن « ‹قەشقەر › مەجمۇئەسى» (30 قىسىملىق ئۇنىۋېرسال مەجمۇئە ) نەشرگە تاپشۇرۇلدى .

ئادىل مۇھەممەت ھازىر جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ ـ مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، جۇڭگو مۇزېيشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز .................................................... 1

قەدىمكى مەكىت .................................................... 1

«مەكىت» نامى ھەققىدە .................................................... 4

تارىخىي دەۋرلەردىكى مەكىت .................................................... 25

مەكىتنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى .................................................... 133

مەكىت يەرناملىرى مەدەنىيىتى .................................................... 166

دولان رايونى .................................................... 202

«دولان رايونى»نىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە ئېكولوگىيىلىك

مۇھىتى .................................................... 202

«دولان رايونى»نىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى .................................................... 209

«دولان رايونى»نىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى .................................................... 215

قوشۇمچە 1 :

دولانلارنىڭ تارىختىكى كۆچۈشلىرى .................................................... 233

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى قەشقەر يەر ناملىرى .................................................... 285

قوشۇمچە 2 :

«قەشقەر» ھەققىدە تەتقىقات ............ پائول پېللىئوت 311

www.uyghurkitap.com

# 目　录


前言……………………………………………………1

古代麦盖提……………………………………………1

“麦盖提”地名考…………………………………4

历代麦盖提………………………………………25

麦盖提古代文化…………………………………133

麦盖提地名文化…………………………………166

刀郎地区……………………………………………202

“刀郎地区”的地理位置和生态环境…………202

“刀郎地区”的历史沿革…………………………209

“刀郎地区”的文化发展…………………………215

附 1：刀郎人的历代迁移…………………………233

《突厥语大辞典》中的喀什噶尔地名………………285

附 2：喀什噶尔考………（法）伯希和……………311

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# كىرىش سۆز

قەشقەر تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىدىكى ئەڭ چوڭ بوستانلىق بولۇش بىلەن قەدىمدىن تارتىپ ئېلىمىز تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن ھەم ئۆزىگە قوشنا جايلارنىڭ تارىخ، مەدەنىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن.

جۇغراپىيىلىك ئورۇن جەھەتتىن قەشقەر ئېلىمىزنىڭ ئەڭ غەربىدىكى چېگرا رايون بولۇپ، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئېلىمىز تەۋەسىدىكى جەنۇبىي ۋە ئوتتۇرا يول لىنىيىسى دەل بۇ يەردىن ئۆتەتتى. شۇڭا، شەرقتىن غەربكە، غەربتىن شەرققە بارىدىغان كارۋانلار، سەيياھلاردىن تارقاتقۇچىلار بۇ يەردە ئۇچرىشىپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىپ، قەشقەرنى يىپەك يولىدىكى مەشھۇر بىر ئۆتەڭگە — ئېلىمىزنىڭ غەربىدىكى قاتناش تۈگۈنىگە ئايلاندۇرغانىدى.

تارىخىي جەھەتتىن، قەشقەر ئېلىمىزدىكى ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇن پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلارنىڭ بىرى. بۇنىڭدىن بىرقانچە مىڭ يىل ئىلگىرىكى كونا تاش قوراللار دەۋرىدىن باشلاپلا قەدىمكى ئىنسانلار بۇ يەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇلار نۇرغۇن تارىخىي قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. تارىختىكى مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشلىرى قەشقەر ۋە ئۇنىڭغا قوشنا جايلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا زور تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئايرىلماس بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغان.

مەدەنىيەت جەھەتتە، قەشقەر تارىخنىڭ ئۇزاقلىقى، جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقى بىلەن ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئۇچىقى ھەم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. قەدىمدە بۇ يەردە ياشى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



غان ئەجدادلار ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ئارقىلىق پارلاق يەرلىك مەدەنىيەت ياراتقان بولسا، غەرب - شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچرىشىشىدىن تەسىر ئېلىپ ھەم ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىپ ئۆزىنىڭ يەرلىك مەدەنىيىتىنى بېيىتقان ھەم سىرتقا تارقاتقان. قەشقەردە ئۇچراشقان قەدىمكى دىن، مەدەنىيەت، مىللەت ۋە ئىقتىساد يالغۇز ئېلىمىزگىلا ئەمەس، بەلكى دۇنياغا چوڭ تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن، قەشقەرنىڭ نامىنى دۇنياغا تونۇتقان.

قەشقەر قەدىمدە كىچىك بىر شەھەر بەگلىكى بولۇپ، كېيىنكى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئەتراپتىكى باشقا بەگلىكلەرنى قوشۇۋېلىش، ئۆزئارا تەسىرلىشىش ئارقىلىق تارىم ئويمانلىقىدىكى ئەڭ چوڭ رايونغا ئايلانغان. «قەشقەر» دېگەن ناممۇ مانا شۇ چوڭ بوستانلىق رايونىنىڭ جۇغراپىيىۋى، مەمۇرىي ۋە سىياسىي نامىغا ئايلانغان.

نۆۋەتتە، ئېلىمىز چېگرا رايون تارىخ، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ كەڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ، جۈملىدىن قەشقەرنىڭ تارىخ، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى، بولۇپمۇ شىنجاڭ يەرلىك تارىخىنىڭ تېخىمۇ سىستېمىلىشىشى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ، جۇغراپىيىسى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بىراق، بۇ جەھەتتە ھازىرغىچە ئىشلەنگەن ئىلمىي ئەمگەكلەر بەك ئاز. بىزگە مەلۇم بولغانلىرى، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، XI ئەسىردە ئۆتكەن ئابدۇغاپپار يازغان «تارىخى قەشقەرىيە» (بۇ ئەسەر بىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن، پەقەت ئۇنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنلىرى XVI ئەسىردە ئۆتكەن جامالقارشىنىڭ يازغان «سۇراھ لۇغەت ـ ـ گە ئىزاھ» دېگەن ئەسـ ـ ـرى ئارقـ ـلىق مەلۇم)، مىرزا ھەيدەر كۈرۈگانىڭ «تارىخى رەشىدىيە»، موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ئەمىنىيە»، «تارىخى ھەمىدىيە»، ئىمىر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇمنىڭ «ۋەقەيى قەشقەر» دېگەن ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەسەرلەر ئۆزىنىڭ ناھايىتى زور ئىلمىي قىممىتى بىلەن قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ ، جۇغراپىيىسى ، مەدەنىيىتى ھەققىدە كۆپلەپ ئۇچۇر بېرىپ تۇرسىمۇ ، لېكىن بۇ ئەسەرلەر ئەنئەنىۋى تارىخشۇناسلىقنىڭ يازما تارىخىي ماتېرىياللىرىنى ئاساس قىلغان تەتقىقات ئۇسۇلىغا ماس بولغان تارىخىي ئۇچۇرلارنى بىزگە يەتكۈزگەن بولۇپ ، ئۇنى مول ماددىي تارىخىي ماتېرىياللار — مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بىلەن تولۇقلاشقا ، ئېنىقلاشقا ۋە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . شۇڭا ، قەشقەرنىڭ تارىخ ، جۇغراپىيىسى ، مەدەنىيىتىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش ، بايان قىلىش ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگە قالغان تارىخىي بۇرچتۇر .

مەن ئەسلىي قەشقەرنىڭ بىر پۈتۈن تارىخ ، مەدەنىيىتى ھەققىدە ئەسەر يېزىشنى نىيەت قىلغان ھەم بۇ جەھەتتە ئۇزاقتىن بېرى ئىزدىنىشلەردە بولۇپ كەلگەنىدىم . ھازىرغىچە قەشقەرنىڭ قەدىمكى تارىخى ، مەدەنىيىتى ، جۇغراپىيىسى ، ئارخېئولوگىيىسى ، يەر - جاي نامىلىرى ، مىللەت ، دىن مەسىلىلىرىگە ئائىت دۆلەت ئىچى - سىرتىدا نەشر قىلىنىغان ھەرخىل تىلدىكى ماتېرىياللارنى يىغىپ ، رەتلەپ چىققان بولساممۇ ، تېخى ئۇنى مۇنتىزىم ئەسەر قىلىپ ئىشلەپ بولالمىدىم . ۋاقىتنىڭ ئۇزىرىپ بېرىشى بىلەن مەن بىرخىل تاقەتسىزلىك ئىچىدە ئۆزۈمنىڭ بىرقانچە يىللىق ئىزدىنىش نەتىجىلىرىم ئاساسىدا ئىلگىرى «قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى» ناملىق مۇشۇ تېمىدىكى 1 - كىتابىمنى نەشر قىلدۇردۇم .

بۇ كىتاب قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسىگە ئائىت يېزىلغان مەخسۇس تېمىدىكى 2 - كىتاب بولۇپ ، بۇ كىتابتا قەدىمكى قەشقەر رايونى (قەشقەر بوستانلىقىنى مەركەز قىلغان پۈتكۈل تارىم ۋادىسى )نىڭ مەركىزىي بۆلەكلىرى — قەشقەر - يەكەن بوستانلىقى ۋە يەكەن دەرياسى (دولان دەرياسى ) ۋادىسى ئاساسىي تېما قىلىنىپ ، قەدىمكى مەكىت ، «دولان رايونى» ۋە ئۇيغۇر دولانلىرىغا ئائىت تارىخ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



جۇغراپىيە ۋە مەدەنىيەت مەسىلىلىرى بايان قىلىنىدى . قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ ــ جۇغراپىيىسىگە ئائىت چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ نوپۇزلۇق تەتقىقات نەتىجىلىرى قوشۇمچە قىلىنىدى .

بۇ كىتاب قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ ــ جۇغراپىيىسى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ بىر قىسمى بولغاچقا ، مۇكەممەل سىستېمىغا ۋە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولالمىدى . شۇڭا ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋە كەسپداشلارنىڭ توغرا مۇئامىلە قىلىشىنى ھەمدە كىتابنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىنىڭ تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشى ئۈچۈن قىممەتلىك پىكىرلىرىنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن . بۇ كىتابنى ئىشلەش جەريانىدا كۆپ ياردەمدە بولغان تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەنگە چوڭقۇر مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن .

— ئاپتوردىن

2007 ـ يىل 7 ـ سېنتەبىر ، ئۈرۈمچى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قەدىمكى مەكىت

مەكىت ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شەرقىگە ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىگە ، يەكەن (دولان) ① دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا - تۆۋەنكى ئېقىنىغا ، تىزناپ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ ، يەكەن (دولان) دەرياسىنىڭ لاتقىسىدىن پەيدا بولغان تۇزلەڭلىك . بۇ ناھىيە غەربتە يەكەن ناھىيىسى بىلەن ، شىمالدا يەكەن (دولان) دەرياسىنى چېگرا قىلىپ مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ . جەنۇب تەرىپى قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن ، شەرق تەرىپى خوتەن ۋىلايىتى گۇما ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ . شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 160 كىلومېتىر ، جەنۇبتىن شىمالغا ئەڭ چوڭ كەڭلىكى 136 كىلومېتىر ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 15200 كۋادرات كىلومېتىر . بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق كۆلىمى 1152.89 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ ، ناھىيە زېمىنى ئىچىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ كۆلىمى 14047.11 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ .

پۈتكۈل تېررىتورىيىسى شەرقىي مېرىدىئان ′77°28 بىلەن ′79°05، شىمالىي كەڭلىك ′38°22 بىلەن ′39°22 ئارىلىقىغا جايلاشقان . دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1155 ~ 1195 مېتىر ، يېرى تەكشى . ئادەتتىكى يانتۇلۇقى 2000/1دىن 3500/1اچىلىك . شىنجاڭ ئۇيغۇر

---

① بۇ دەريانىڭ يۇقىرىقى ئېقىنى «زەرەپشان دەرياسى» (تاجىكچە «ئالتۇن ئاقىدىغان دەريا» دېگەن مەنىدە) ، يەكەن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قىسمى «يەكەن دەرياسى» دەپ ، مەكىت ، مارالبېشى تەۋەسىدىن تاكى تارىم دەرياسىغىچە بولغان قىسمى «دولان دەرياسى» دەپ ئاتىلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1410 كىلومېتىر ، قەشقەر بىلەن بولغان ئارىلىقى 175 كىلومېتىر بولۇپ ، دولان دەرياسى مەكىت چوڭ كۆۋرۈكى سېلىنىشتىن ئىلگىرى كەلكۈن مەزگىلىدە يەكەن ناھىيىسىنى ئايلىنىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىغان بولغاچقا ، بۇ ۋاقىتتا قەشقەر بىلەن بولغان ئارىلىقى 315 كىلومېتىر ئىدى .

ناھىيىنىڭ تۆت پەسلى ئېنىق بولۇپ ، تىپىك قۇرۇقلۇق كىلىماتىغا تەۋە . 2 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئەتىياز پەسلى ھېسابلىنىدۇ . بۇ مەزگىلدە كۆپرەك قۇم ئارىلاش شامال چىقىدۇ . 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ياز پەسلى ھېسابلىنىدۇ . ياز پەسلى ئەڭ ئىسسىق بولۇپ ، تارىختىن بۇيان 7 ـ ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 25.5℃ بولۇپ كەلگەن . 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە كۈز پەسلى بولۇپ ، ھاۋا سالقىن بولىدۇ . 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 2 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە قىش پەسلى بولۇپ ، ھاۋا سوغۇق بولىدۇ . تارىختىن بۇيان 1 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 5.9℃ ، مەكىتنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.5℃ . قۇياشنىڭ پۈتۈن يىللىق ئۈنۈملۈك يورۇتۇش ۋاقتى 2865.4 سائەت بولۇپ ، بۇ پۈتكۈل يورۇتۇش ۋاقتىنىڭ 65% نى ئىگىلەيدۇ . يامغۇر ـ يېغىن ئاز ، پارلىنىش ئىنتايىن كۈچلۈك ، يىللىق يېغىن مىقدارى 42.3 مىللىمېتىر ، يىللىق پارلىنىش 2250.7 مىللىمېتىر ، ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ 1900 مىللىمېتىر ، پارلىنىش ھۆل ـ يېغىن مىقدارىنىڭ 52.2 ھەسسىسىگە تەڭ . كۆپ يىللار مابەينىدىكى ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىل 214 كۈن بولۇپ ، بۇ پۈتۈن يىلنىڭ 365 كۈنىنىڭ 58.6% نى ئىگىلەيدۇ .

مەكىت ناھىيىسى تارىم بوستانلىقىدىكى ئۇيغۇر دولانلىرى مەركىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورىمىز
www.uyghurkitap.com



لىك ئولتۇراقلاشقان، ئۇيغۇر دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى ئۆزىنىڭ قەدىمكى ئەسلىي ھالەت، پۇرىقىنى ساقلاپ قالغان قەدىمكى يۇرتلارنىڭ بىرى.

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، مەكىت رايونىدا يېڭى تاش قوراللار دەۋرى (بۇنىڭدىن 5000 — 6000 يىللار ئىلگىرى) دە قەدىمكى ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە بۇ يەردە ياشىغان خەلقلەر مەكىتنىڭ تەرەققىياتىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرگەن ۋە مەكىتتە ئۆزگىچە يەرلىك ئالاھىدىلىك، قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# «مەكىت» نامى ھەققىدە

يېقىندىن بۇيان خەلق ئارىسىدا ۋە مەتبۇئاتلاردا «مەكىت» دېگەن نام ھەققىدە خىلمۇخىل قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتىدۇ . بۇ قاراشلارنى يىغىنچاقلىغاندا تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ :

1 . «مەرتگېت» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگەن قاراش

بۇ قاراشنى تەكىتلىگۈچىلەر ئۆز قارىشىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ : ئاتام زامانىسىدا (بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى ) تەكلىماكاندا ناھايىتى باياشات ، روناق تاپقان ، ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن تولغان شەھەرلەر بار ئىكەن . زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەرنىڭ تائەت ـ ئىبادىتى ئاجىزلاپ ، ئىمانى سۇسلىشىپ ، ئۆزئارا جېدەل ـ ماجىرالار يامراپ ، ئىنساپ يوقىلىشقا باشلاپتۇ . ئەتراپنى مانا مۇشۇنداق بۇلاڭ ـ تالاڭ ، ئۆلۈم ۋەھىمىسى قاپلاپ كەتكەن بىر كۈنى كېچىسى ئۇشتۇمتۇت ئاسماندىن قۇم يېغىشقا باشلاپتۇ . بۇ ۋاقىتتا ئاشۇ شەھەرلەرنىڭ بىرىدە ئېتىقادىنى يوقاتماي ، تائەت ـ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغان ، كىشىلىرى تولىمۇ مۆمىن بىر قوۋم بولۇپ ، ئۇلار ئاللادىن بۇ بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇشقا مەدەت تىلەپتۇ . شۇئان ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي پەيدا بولۇپ ، «ئاللا ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلمىغان ئاسىي بەندىلىرىگە غەزەپلىنىپ قۇم بالاسى بەردى . سىلەر بولساڭلار ئۆز نېسىۋەڭلەرگە شۈكۈر قىلىپ ، ئاللانى ئەستىن چىقارمىغىنىڭلار ئۈچۈن ، ئاللا سىلەرنى بۇ بالا ـ قازادىن ساقلاپ قېلىشنى ئەمر قىلدى» دەپ ، قولىدىكى ھاسىسىنى يەرگە سانجىپ ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەشنى ، ھاسا چۆكۈپ كەتسە يەنە تارتىپ چىقىرىپ ، يىقىلىپ چۈشمەس-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىنى داۋاملىق چۆرگىلەشنى ، قۇم يېغىش توختىغاندىن كېيىن ، كۆنىپېتىشقا قاراپ مېڭىپ ، سولۇق بىر جايغا ئورۇنلىشىشنى بۇيرۇپتۇ . شۇنداق قىلىپ بۇ قوۋمدىكى كىشىلەر قول تۇتۇشۇپ ، ھېلىقى كىشى بەرگەن ھاسىنى چۆرگىلەپ يەتتە كېچە - كۈندۈزنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ، قۇم يېغىش توختاپتۇ . لېكىن ، ئەتراپنى پۈتۈنلەي قۇم بېسىپ ، شەھەرلەردىن ھېچقانداق ئەسەر قالماپتۇ . چۆرگىلەۋېتىپ يىقىلىپ چۈشكەن نۇرغۇن كىشىلەرمۇ قۇم ئاستىدا قېلىپ ، پەقەت يەتتە ئادەملا ساق قاپتۇ ۋە كۈنپېتىشقا قاراپ مېڭىپ ، ئاران دېگەندە بىر دەريانىڭ بويىغا يېتىپ كەپتۇ . بۇ يەردە ياشايدىغان خەلق ناھايىتى مېھماندوست ، مەرد كىشىلەر ئىكەن . ئۇلار بۇ مۇساپىرلارغا ئاۋۋال ئوزۇق - تۈلۈك بېرىپتۇ ، كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ئۆي - ماكانلىرىنى بوشىتىپ بېرىپ كۆچۈپ كېتىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي «مەردلەر كۆچكەن جاي» دېگەن مەنىنى بېرىدىغان «مەرتگېت» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدىغان بوپتۇ . كېيىنچە زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ نام ئاستا - ئاستا «مەرگېت» ، «مەركىت» ، «مەكېت» (مەكىت ) گە ئۆزگىرىپ ، قوللىنىشقا ئاسانلاشتۇرۇلغانىكەن[①] .

## 2 . «مىكىت» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگەن قاراش

بۇ قاراشتىكىلەر مۇنداق بىر ئاساسنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ : 1743 - يىلىدىن 1748 - يىلىغىچە شىنجاڭدىكى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ۋەكىلى چىن دەيخان قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ ، مەكىت ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى شېھىتدۆڭ يېزىسى 9 - كەنتتىكى ئەپچىل بىر جىلغىغا ئورۇنلىشىپ ، بۇ يەرنى تايانچ بازا قىلىپ ، دولان خەلقىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان (بۇ جاي ھازىرمۇ «قالماق جىلغىسى» دەپ ئاتىلىدۇ ) . چىن دەيخان ئۈچ يىل جەريانىدا خىلمۇخىل ۋاسىتىلەر بىلەن نۇرغۇن بىگۇناھ خەلقنى ئۆلتۈرۈپ ، مال - مۈلكىنى بۇلىغان . چىن دەيخانىنىڭ

---

① بۇ قاراشتىكى رىۋايەتنى مەكىت ناھىيىسى يانتاق يېزىسى ئۆيۈلۈق كەنتىدىكى تۇردى تاش (نۇرغۇن تارىخي ۋەقە ، قىسسەلەرنى يادقا بىلىدۇ ) ئېيتىپ بەرگەن .

www.uyghurkitap.com



زۇلمىغا چىدىمىغان دولان خەلقى ئاخىر ئۇنىڭغا قارشى جەڭگە ئاتلانغان. بۇ جەڭگە دولان خەلقىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ياش ھەم تەدبىرلىك يولباشچىسى «مىكىت گەۋرى» دېگەن كىشى قوماندانلىق قىلغان. ئۇ دولان خەلقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ۋە تەشكىللەپ چىن دەيخانغا قارشىلىق كۆرسەتكەن. كۈرەش تەخمىنەن بىر يىل داۋاملىشىپ، ئاخىر «مىكىت» نىڭ باشلىرى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنى مەغلۇپ قىلغان ۋە ھازىرقى مەكىت ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى قۇمنىڭ تۈۋىدە چىن دەيخاننى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، شۇ قۇملۇققا كۆمگەن. شۇنىڭدىن بېرى بۇ قۇملۇق مازار قىلىنىپ، ھازىرغىچە «مازارى چىن» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە (بەزىلەر «چىن دىرخان مازىرى» دەپمۇ ئاتايدۇ). چىن دەيخان ۋەكىللىكىدىكى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئۈستىدىن قىلىنغان غەلىبە بىلەن مىكىتنىڭ نامى ئەل ئىچى ۋە سىرتىدا داڭ قازىنىپ، «دولاننى ‹مىكىت› ئاپتۇ»، «دولان مىكىتنىڭ شەھىرىگە ئايلىنىپتۇ» دېگەن سۆز - چۆچەكلەر تارقالغان. شۇنىڭ بىلەن «دولان» دېگەن ئىسىم «مىكىت» كە ئۆزگەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، كىشىلەر دولانغا بارىمەن دېمەكچى بولسا، مىكىتنىڭ شەھىرىگە بارىمەن دەيدىغان بولغان. مۇشۇنداق تارىخىي ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن «مىكىت» دېگەن سۆز ئاستا - ئاستا ئېيتىلىشقا ئاسان بولغان «مەكىت» دېگەن ئاتالغۇغا ئۆزگەرگەن. 1927 - يىلى مەكىت ناھىيىسى قۇرۇلغاندا، ناھىيىنىڭ ئىسمى «مەكىت» دەپ رەسمىي بېكىتىلگەن.[1]

### 3. «مۆكۈپ» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگەن قاراش

بۇ قاراشتىكىلەر ئۆز قارىشىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ: بۇ يەر يۇرت بولغان دەسلەپكى چاغلاردا چەكسىز كەتكەن توغراقلىق، ئادەم ئۆتكىلى بولمايدىغان چاتقال - يۇلغۇنلۇق ئىكەن، بۇ يەردە ۋەھشىي ياۋايى ھايۋانلارمۇ ياشايدىكەن. ئۇلار ھە دېگەندە بۇ يەردە ياشايدىغان

---

① قادىر ھوشۇر: «دولان ۋە دولان مەشرىپى توغرىسىدا»، «ئامۇۋى مەدەنىيەت» ژۇرنىلى، 1981 - يىلى 1 - سان، 64 -، 65 - بەتلەر.

كىشىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرغاچقا، كىشىلەر ئۇزلىرىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، توغراق ياغاچلىرىنى قاتار قىلىپ تىزىپ، لاڭقا (توساق) ياساپتۇ. بۇ ھازىرقى ۋاقىتتىكى توقۇلما (تۇيۇزە) تامنىڭ دەسلەپكى شەكىللىرى ئىكەن. سىرتقى جايلاردىن كەلگەنلەر بۇلارنى «مۇكۇپ ياشايدىغانلار» دېيىدىكەن. كېيىنچە بۇ نام «مۇكۇپلەر» دېگەنگە قىسقىرىپتۇ. زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن «مەكىت» دېگەن نامغا ئۆزگىرىپتۇ. ھازىر بۇ يۇرتتا ساقلىنىپ قالغان «ئارالاڭقا»، «بۇلۇڭلاڭقا» دېگەن ناملار ئاشۇ ۋاقىتتىن قالغانىكەن①.

## 4. «مەنكەنت» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگەن قاراش

ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا قەشقەر تەۋەسىدىكى ناملار ئارىسىدا «مەنكەنت» نىمۇ تىلغا ئالىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «مەنكەنت» «مەكىت» تۇر.②

## 5. «مەركىت» (موڭغۇل تىلىدا مېركىت دەپ ئاتىلىدۇ) قەبىلىسىنىڭ نامىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگەن قاراش

بۇ قاراشتىكىلەر ئۆز قاراشلىرىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ: XII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا موڭغۇل دالاسىدىكى سېلىنگا دەرياسى بويىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەركىتلەر مىلادىيە 1208 - يىلى چىڭگىزخان قوشۇنى تەرىپىدىن ئېرتىش دەرياسى بويىدا مەغلۇپ بولۇپ، باشلىقى توختىبەگ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇلار نايمانلارنىڭ شاھزادىسى كۈچلۈككە ئەگىشىپ جەنۇبتىكى ئۇيغۇرلار يېرىگە كۆچۈپ كەلگەن. 1218 - يىلى كۈچلۈك پامىردىكى سارىكوي

---

① بۇ قاراشتىكى رىۋايەتنى مەكىت ناھىيىسى يانتاق يېزىسى قارا ئۆي كەنتىدىكى قاسىم موللا (دولان خوجىلىرى ۋە مەكىتتىكى يېزا - كەنتلەرنىڭ يۇرت بولۇش تارىخى ھەققىدە يازما ماتېرىيال قالدۇرغان. ھېراق، بۇ ماتېرىياللار ئۇنىڭ ۋاپاتى بىلەن يوقالغان) ئەۋلادلىرىغا ئېيتىپ بەرگەن.

② ئىمىن تۇرسۇن: «مەھمۇد قەشقەرى ۋە ئارتۇچ»، («تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 - يىل 6 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 131 -، 132 - بەتلەر).

(سېرىققول)دا موڭغۇللار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مەركىتلەرنىڭ ئامان قالغانلىرى زەرەپشان (يەكەن — دولان) دەرياسىنى بويلاپ ھازىرقى مەكىتكە كەلگەن.①

6. «مەڭگەن» دېگەن ئىسىمدىن ئۆزگەردى دېگەن قاراش

خەلق ئارىسىدا يەنە «‹مەكىت›، دېگەن بۇ ئىسىم ‹مەڭگەن›، دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان» دەيدىغان بىر خىل قاراشمۇ مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ ئاساس قىلىپ كۆرسىتىدىغىنى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: مەكىت — بۇغداي بەك ئوخشايدىغان ۋە كۆپ تېرىلىدىغان بىر جاي. مەكىتتىكى قەدىمىي يۇرتلاردىن بولغان «ئويبۇغداي» ۋە كېيىنرەك ئاۋات قىلىنغان «خامان كۆيدى» دېگەن يۇرتلارنىڭ نامىمۇ بۇغداي بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. بۇغداي سامىنى مەڭگەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھەر يىلى ياز ۋە كۈزدە خامانلارغا گويا تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىدىغان مەڭگەنلەرنى كۆرۈپ، سىرتتىن كەلگەنلەر بۇ يەرلەرنى «مەڭگەنلەر»، «مەڭگەن» دەپ ئاتىغان. كېيىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بارا - بارا مەكىت دەپ ئاتىلىپ قالغان... (ئەمما بۇ بىر ئىلمىي ئاساسى يېتەرلىك بولمىغان ئاغزاكى مەلۇمات بولۇپ، تارىخىي نۇقتىدىن ۋە تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن چىقىپ تۇرىدۇ).②

7. مەكىت — «مەركەز» (بازار مەركىزى) دېگەن مەنىدە دېگەن قاراش

بۇ قاراشتىكىلەر «مەكىت — قەدىمكى شەرقىي ئىران تىلىدا مەركەز، يەنى بازارلار توپلانغان جاي، بازار مەركىزى» دېگەن مەنىنى

① مەرھۇم ئابدۇرەشىت ئىسلامىنىڭ 1989 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مەكىتتە ئۆتكۈزۈلگەن مەنشەت مۇھاكىمە يىغىنىغا ئەۋەتكەن «مەكىت ۋە دولان ھەققىدە تارىخىي مۇھاكىمە» دېگەن ماقالىسى (ئېلان قىلىنمىغان).

② تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم: «مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئىسمى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 1996 - يىلى 4 - سان، 27 - بەت.

www.uyghurkitap.com



بىلدۈرىدۇ ، دەيدۇ[1] .

بىزگە مەلۇمكى ، يەر ـ جاي ناملىرى «شۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ، تەبىئىي شەرت ـ شارائىت ئالاھىدىلىكى ، مەشھۇر كان بايلىقلىرى ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ، ئاتاقلىق كىشىلىرى ، قەھرىمانلار نامى ۋە شۇ ئورۇننى تاپقۇچىلارنىڭ نامى ، يۈز بەرگەن تەبىئىي ھادىسىلەر... قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن قويۇلغان»[2] بولۇپ ، ئۇ ئادەتتە جۇغراپىيىلىك تەبىئىي شەرت ـ شارائىتلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىسىملار ۋە تارىخىي شەرت ـ شارائىتلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىسىملار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ ھەم ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تارىخىي تەرەققىيات ، خانلىقلارنىڭ ئالمىشىشى ، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى ، ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ۋە مەدەنىي ھاياتنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىق تۈرلۈك تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ . مانا شۇ مەنىدىن ئالغاندا ، «مەكىت» دېگەن ناممۇ ناھايىتى ئۇزاق يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن بولىدۇ . ئەلۋەتتە ، بۇ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك ھادىسىلەر ، بولۇپمۇ يىراق قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىردە زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشى بىر تەرەپتىن نۇرغۇن خەلقنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەن بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن نۇرغۇن رايونلارنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت ، قەدىمكى ئەنئەنە قاتارلىق جەھەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ ، يېڭىلىنىش ئېلىپ كەلدى . بۇنداق ئۆزگىرىش ئېنىقمۇ روشەن ھالدا يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۆزگىرىشىدە تولۇق ئەكس ئەتتى . ئۇنداق بولسا «مەكىت» نامى يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلارنىڭ قايسىسىغا ماس كېلىدۇ ؟

بىرىنچى خىل قاراشتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «غەربكە مېڭىپ ، سۇ-

---

① نىيازرۇجى : «شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1994 ـ يىلى 3 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى ، 137 ـ بەت .

② رەھمان تۇمۇر شاھ : «يەر ناملىرى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (تەبىئىي پەن قىسمى) ئۇيغۇرچە ، 1984 ـ يىلى 1 ـ سان ، 81 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لۇق جايغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان» كىشىلەرنىڭ كۆچۈش سەۋەبى ۋە كۆچۈش يۆنىلىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ ھال تەكلىماكاننىڭ قۇملى-شىشى ۋە تەكلىماكاندىكى قەدىمكى بوستانلىق، شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ قۇم ئاستىدا قېلىپ خاراب بولۇشىدەك ئەھۋال بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ چىقىدۇ.

تارىخىي خاتىرىلەردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قەدىمكى چاغدا ھا-زىرقى شىنجاڭنى مەركەز قىلغان غەربىي ئەل دائىرىسىدە 36 دىن ئارتۇق خانلىق - بەگلىكلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پارچە - پارچە بوستانلىقلارنى ئاساس قىلغان كىچىك خانلىق - بەگلىكلەر ئىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دەريا - ئېقىنلارنىڭ تىنىپ، سۇ مەنبەسىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى سەۋەبىدىن، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بوستانلىقلارنى قۇم يۇتۇپ كەتكەن. بۇ يەردىكى خانلىق - بەگلىكلەر قۇم ئاستىدا قېلىپ، خەلقلىرى ئەتراپتىكى بوستانلىقلاردىن پاناھ جاي ئىزدەپ كۆچ-كەن. بۇ قاراشتا بايان قىلىنغان قۇم بالاسى بەلكىم مۇشۇ ۋەقەنى كۆرسەتسە كېرەك. ئەمما، تارىخىي رېئاللىقتىكى بۇنداق ئوخشاشلىقتا ماس ھالدا «مەرتگېت» نامىدىكى تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ۋە ئالمى-شىش جەريانىنى ئىلمىي يوسۇندا چۈشەندۈرۈش مۇمكىنچىلىكىنى تې-پىشقا ئۇرۇنساقمۇ، بىرەر تارىخىي مەنبەگە ئىگە بولماي تۇرۇپلا بۇ ھەقتە ھۆكۈم چىقىرىش ئالدىراقسانلىق بولىدۇ. شۇڭلاشقا، «مەرت-گېت» مەكىت نامىنىڭ دەسلەپكى ۋارىيانتى دېيىشكە تولۇق ئاساسىمىز يوق.

ئىككىنچى خىل قاراشتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «مىكىت» — بايان قىلغۇچىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ جاينىڭ ئەسلىي نامى «دولان» نىڭ ئورنىنى ئالغان ھەم ئۇ (يۇقىرىقىدەك) تارىخىي ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن ئاستا - ئاستا ئېيتىشقا ئاسان بولغان «مەكىت» دېگەن ئاتالغۇغا ئۆز-گەرگەن. دېمەك، بۇ يەردە مۇجمەل بولغان بىر قاراش ئالغا سۈرۈلگەن بولۇپ، ئەگەر خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن «مىكىت گەۋرى»

ھەقىقىدىكى رىۋايەتنى ھەقلىق يوسۇندا قوبۇل قىلغىنىمىزدا، «مىكىت» نامى يەر ناملىرىنىڭ قويۇلۇش ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ، ئېيتىشقا ئاسان بولغان «مەكىت»كە ئۆزگەردى دېيىش ئانچە قايىل قىلارلىق يەكۈن بولمىسا كېرەك. چۈنكى، بۇ يەردىكى خەلق ئۆز قەھرىمانىنىڭ نامىنى يۇرت نامى قىلغانىكەن، ھېچقانداق ئالاھىدە بىر سەۋەب بولمىغان ئەھۋالدا باشقا بىر نامغا ئۆزگەرتىشى مۇمكىنمۇ؟ تىل نۇقتىسىدىن ئالغاندىمۇ «مەكىت»تىكى «ئە» سوزۇق تاۋۇشى «مىكىت»تىكى «ئى» سوزۇق تاۋۇشىغا قارىغاندا ئېيتىشقا تېخىمۇ ئاسان بولۇشى ناتايىن.

موڭغۇللارنىڭ مەكىتكە كېلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، دەرۋەقە، تارىخىي مەلۇماتلاردا جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ مەكىتتىن ئۆتكەنلىكى ھەققىدىكى خاتىرىلەر بار. بىراق، ئۇلار «دولان خەلقىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش» ۋە شۇ ئارقىلىق «مىكىت گەۋرى» نى مەيدانغا چىقىرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى جاھالەت جارچىلىرى بولغان پاسىق خوجا ـ ئىشانلارنىڭ ھامىيسى سۈپىتىدە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاشۇ خوجىلارغا تارتىپ ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرىدە «ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر بۆلىكى ئۈچتۇرپان، كەلپىن، مارالبېشى، كاتتايلاقتىن ئۆتۈپ ئاتۇشقا چۈشۈپ، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغان. يەنە بىر بۆلىكى ئاقسۇدىن ئۇدۇل غورۇچۆل، مەكىتنى كېسىپ ئۆتۈپ يەكەنگە ھۇجۇم قىلغان ۋە 170 يىلدىن ئارتۇق سەلتەنەت سۈرۈپ، ئۇيغۇرلار تارىخىدا پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان». بىراق، «1743 ـ يىلىدىن 1748 ـ يىلىغىچە …» ئەمەس، بەلكى 1678 ـ يىلى ئاپپاق خوجىنى قورچاق خان قىلىپ تىكلەپ جۇڭغار خانلىقىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن قايتىپ كېتىشكەن. «1732 ـ يىلى شەرقىي موڭغۇللارنىڭ سايىن نويانغا قاراشلىق قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقى سېرىن جۇنۋاڭ كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ 1745 ـ يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، جۇڭغار خانلىقى ئىچكى قالايمىقانچىلىق ئىچىگە كىرىپ قال-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



غان» . ئەنە شۇنداق بىر شارائىتتا ئۇلارنىڭ شۇنچە ئۇزۇن يولنى بېسىپ ئۆتۈپ ، ئاتايىن تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ غەربىي بۇرجىكىدىكى تارقاق ۋە نامىرات يېزىلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا كېلىشى ئەقىلگە سىغدىغان ئىش بولمىسا كېرەك . دېمەك ، 1743 - يىللاردا «موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى» نىڭ مەكىتكە ئاتايىن بۇلاڭ - تالاڭغا كەلگەنلىكىنى تارىخىي پاكىتلار رەت قىلىدۇ . شۇنداق ئىكەن ، ئاتالمىش تارىخىي شەخس مىكىت گەۋرى ۋە «مەكىت شۇ مىكىت گەۋرىنىڭ نامىغا قويۇلغان» دېگەن قاراشمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ ① .

ئۈچىنچى خىل قاراشتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ جاينىڭ تەبىئىي شەرت - شارائىت تەسۋىرى ئەمەلىي ئەھۋالغا ناھايىتى يېقىن بولغان ھەم ئۇنىڭدا بۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋالى تەسۋىرلەنگەن . بۇ ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەرنىڭ مۇئەييەن بىر دەۋرنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلمىسىمۇ ، لېكىن شۇ دەۋرنىڭ قىسمەن ئەھۋالىنى خەلقنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدىگە ماسلاشقان ھالدا تەسۋىرلەپ بېرىدىغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكىنىڭ گەۋدىلىنىشى بولسا كېرەك . ئەمما ، «مۆكۈپلەر» دېگەن نامنىڭ «مەكىت» كە ئۆزگىرىش جەريانىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ ، شۇنداقلا بۇ ھەقتە ئىشەنچلىك بىرەر تارىخىي مەنبەگىمۇ ئېرىشكىلى بولمايدۇ .

تۆتىنچى خىل قاراشقا كەلسەك ، ئۇلۇغ ئالىم ، تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا يالغۇز قەشقەر ئەتراپىدىكى «مەنكەنت» (مانكەنت ) قاتارلىق جايلارنىڭ نامىلا ئەمەس ، بەلكى خېلى نۇرغۇن يەر ناملىرى خاتىرىلەنگەن بولۇپ ، بۇلار بىزنى مول ۋە ئىنتايىن قىممەتلىك بولغان ئىشەنچلىك مەنبەلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ . مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «مەنكەنت»

---

① تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم : «مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئىسمى ھەققىدە» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ، 1996 - يىلى 4 - سان ، 26 - بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(مانكەنت) ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «مان كند — مانكەنت. قەشقەرگە يېقىن بىر شەھەرنىڭ نامى. كېيىن خاراب بولغان.»①

بۇ شەھەر خارابىسى ھازىرغىچە «مەنگەن»، «مەنكەنت» نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە، شۇ شەھەر يېنىدىكى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە توققۇزاق بازار ئىچى مەھەللىسىمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ («تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 - توم، 215 - بەتتىكى ئىزاھ).

«مەنكەنت» (مانكەنت) قەشقەرگە يېقىن بىر شەھەر بولۇش بىلەن بىز تىلغا ئېلىۋاتقان «مەكىت» بىلەن مۇساپە نۇقتىسىدىن پەرقلىنىدۇ. يەنى ھازىرقى مەكىت بىلەن قەشقەر شەھىرىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 400 چاقىرىم ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئەگەر ئات - ئۇلاغ بىلەن ئۇدۇل ماڭسا، قەشقەر بىلەن مەكىتنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن بەش كۈنلۈك يول بولۇپ، بۇ ئانچە يېقىن مۇساپە ھېسابلانمايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، مەھمۇد قەشقەرى تىلغا ئالغان «مەنكەنت» مەكىت بولغان بولسا، ھەرگىز ئۇنى «قەشقەرگە يېقىن بىر شەھەر» دېمىگەن بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە مەنكەنت ئۈچۈن بېرىلگەن ئىزاھاتمۇ يېتەرلىك تولۇقلىما بولۇپ تۇرۇپتۇ.

«مەنكەنت» نىڭ «مەكىت» كە ئۆزگىرىش جەريانى ئۈچۈن، تۈركچە شەھەر مەنىسىدىكى «كند — كەنت» سۆزى قوشۇلۇپ ياسالغانلىقىنى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا يەنە قەشقەر شەھىرىنىڭ «ئوردۇكەنت»، يەكەننىڭ «ياركەنت» دەپ خاتىرىلەنگەنلىكىنى مىسال ئېلىشقا بولسىمۇ، «مەن (مان)» سۆزىنىڭ ۋە ياكى «مەنكەنت (مانكەنت)» نامىنىڭ «مەكىت» نامىغا ئۆزگىرىشىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. مۇھىمى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ۋە قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى يەر - جايناملىرىنىڭ سېلىشتۇرۇلمىسىدىن مەلۇمكى،

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل 1 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 - توم، 215 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەيلى خاراب بولغان شەھەرنى كۆرسىتىدىغان مانكەنت بولسۇن ، مەيلى
كېنىشەھەر ناھىيىسى توققۇزاق بازىرى ئىچىدىكى مەھەللىنى كۆرسىتىد-
دىغان مەنكەنت (مانكەنت ) بولسۇن ، ھەر ئىككىسى توققۇزاق تەۋەسىدە
بولۇپ ، ھازىرقى مەكىتتىن خېلىلا يىراق .

ئالتىنچى خىل كۆزقاراشتىكى «مەنگەن» نىڭ «مەكىت» كە ئۆز-
گىرىشى بىر خىل خىيالىي تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇنى ھېچقاند-
داق ئىلمىي ئاساس بىلەن دەلىللەپ چىققىلى بولمايدۇ .

يەتتىنچى خىل كۆزقاراش بىر خىل ئىلمىي پەرەزدىن ئىبارەت
بولۇپ ، ئۇنى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا
دەلىللەشكە ، ھېچبولمىغاندا «مەكىت» دېگەن سۆزنىڭ تىل تەۋەلىك
مەسىلىسىنى ئىلمىي پەرەز بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئىلمىي پاكىت بىلەن
ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

بەشىنچى خىل قاراشتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «مەركىت» نىڭ «مە-
كىت» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىزنىڭچە قوبۇل قىلىشقا بولى-
دۇ . بىرىنچىدىن ، «مەركىت» فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش جەريانىدا «ر»
تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى بىلەن «مەكىت» نامىغا ئۆزگەرگەن . تۈر-
كىي تىل ، جۇملىدىن ئۇيغۇر تىلىدا «ر» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى
ئومۇمىي ئەھۋال بولۇپ ، ئېغىز تىلىدا بۇ ھال تېخىمۇ روشەن ئىپادىلى-
نىدۇ . مەسىلەن ، يەر - جاي ناملىرىدىن قەشقە (قەشقەر ) ، يوپۇغا
(يوپۇرغا )... قاتارلىقلارغا ئوخشاش . ھازىر ياشقا چوڭ بەزى كىشىلەر
مەكىتنى «مەركىت» دەپمۇ ئاتىشىدۇ . ئىككىنچىدىن ، مەركىتلەرنىڭ
كۆچلۈككە ئەگەشكەن قىسمى كۆچلۈك ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، يەكەن
دەرياسىنى بويلاپ مەكىت دائىرىسىگە كەلگەن ۋە ئولتۇراقلىشىپ يۇرت
بىنا قىلغان . تۆۋەندە مەركىت قەبىلىسى ۋە ئۇنىڭ جەنۇبقا — يەكەن
دەرياسىنىڭ باش ، ئوتتۇرا ئېقىنلىرىغا كۆچۈش جەريانى ھەققىدە قىسقى-
چە توختىلىمەن :

مەركىتلەر كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يايلاق
قوۋمى . ئۇ خەنزۇچە ماتېرىياللاردا 密儿纪 ، 梅里吉 ، 篾儿乞

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قاتارلىق ناملار بىلەن خاتىرىلەنگەن بولۇپ، تۆت قەبىلىدىن تەركىب تاپقان[1]. مەركىت قوۋمىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تارقالغان جايلىرىنىڭ، يەنى IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن چىڭگىزخان دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى موڭغۇل دالاسىنىڭ ئېتنوگرافىيىلىك ئەھۋالى مۇنداق ئىدى: «شەرقىي جەنۇبتا ئوڭغۇتلار، ئۇلارنىڭ شىمالىدا تاتارلار، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ شىمالىدا — بىر ئاز غەربكە سوزۇلغان قىسمىدا كېرەيتلەر، جالايىرلار ۋە موڭغۇللار ياشايتتى. بۇلاردىن باشقا، ئونون دەرياسى بىلەن كېرولېن دەريالىرىدىن ئېرتىش دەرياسى بويىغىچە نايمانلار، ئۇنىڭ شىمالىدىكى سېلىنگا دەرياسى بويىدا مەركىتلەر ياشايتتى. بەزى ئېتنوگرافلار بۇ قوۋملاردىن كېرەيت، نايمان، مەركىتلەرنىڭ تۈركىي قوۋم ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىزدەندى ۋە ئۇلارنىڭ تۈركىي قوۋم ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلدى»[2].

مەركىتلەر ئادەم سانى كۆپ، ئۇرۇشقاق، جەڭگىۋار خەلق بولۇپ، ئەتراپتىكى قەبىلىلەر بىلەن دائىم توقۇنۇشۇپ تۇراتتى. مەركىتلەرنىڭ موڭغۇللار بىلەن بولغان توقۇنۇشى خېلى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللار مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «تېمۇرچىن (چىڭگىزخان) دادىسى ياسۇگەي ئۆلگەن 1167 - يىلى 12 ياشتا ئىدى... ياسۇگەي ئوغۇللىرىنىڭ توپلىنىشى مەركىتلەر قوماندانلىرىنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلمىدى. بىر كېچىسى مەركىتلەر تېمۇرچىننىڭ قارارگاھىغا باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئانىسى ۋە خوتۇنىنى ئېلىپ قاچتى ھەم پۈتۈن مال - مۈلكىنى بۇلاپ - تالىدى. تېمۇرچىننىڭ ئۆزىمۇ ئاران قۇتۇلۇپ، ئامان قالغان موڭغۇللار بۇرھان خالدىن تېغىدا پاناھلاندى ۋە مەركىتلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن، كېرەيت خانى توغرۇلدىن ياردەم سورىدى. توغرۇل خان ياسۇگەينىڭ دوستى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ كۈچلۈك بىر قوشۇن بىلەن تېمۇرچىنغا ياردەم قىلدى. شۇنداق قىلىپ،

① راشىدىن: «جامىئۇتتەۋارىخ»، مودا نەشرىياتى، 1986 - يىلى خەنزۇچە نەشرى (2 - قېتىملىق نەشرى) 1 - قىسىم 1 - كىتاب، 186 - بەت.

② «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، ئەنقەرە، 1997 - يىلى تۈركچە نەشرى، 25 - توم، 153 - بەت، «نايمانلار ماددىسى».

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تېمۇرچىن ئانىسى، خوتۇنى ۋە باشقا مال ـ مۈلكىنى مەركىتلەردىن تارتىۋالدى.»① راشىدىن «جامىئۇتتەۋارىخ» دېگەن كىتابىدا بۇ ۋەقەنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «چىڭگىزخان ياش ۋاقتىدا مەركىتلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ئەسىرگە چۈشتى. ئۇ چاغلاردا ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرمەي، نەرسىگە ئالماشتۇرۇپ ئازاد قىلىدىغان بولغاچقا، بىر مەزگىلدىن كېيىن، چىڭگىزخاننىڭ ئۆيىدىكىلەر مەركىتلەرگە بىر بۆلەك نەرسىلەرنى بېرىپ، ئۇنى قايتۇرۇپ كەتتى. يەنە بىر قېتىم چىڭگىزخان بىلەن ۋاڭخاننىڭ مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇزۇلدى ۋە مەركىتلەر بىلەن كرەيتلەر چىڭگىزخاننى ئۇرۇشتا يېڭىۋالدى. مەركىتلەر ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە تەۋەلىكىنى تالان ـ تاراج قىلىپ، ئۇنىڭ ئايالى بورتاچىننى تۇتۇپ كېتىپ، ۋاڭخانغا تەقدىم قىلدى. چىڭگىزخان بۇنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بىر ئىشەنچلىك ئادىمىنى ئەۋەتىپ، ئايالىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى... يول ئۈستىدە جۇجىخان تۇغۇلدى.»② دەل مۇشۇ كېيىنكى ۋەقەنى باشقا بىر ماتېرىيالدا مۇنداق قەيت قىلىدۇ: «1176 ـ يىلى چىڭگىزخان بورتاغا ئۆيلەنگەن كېچىسى مەركىتلەر تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، بورتانى بۇلاپ كەتكەن. بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ 10 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، چىڭگىزخانغا سادىق بولغان بىر مەركىت بېگى بورتانى چىڭگىزخانغا ئەكېلىپ بەرگەن. بورتا شۇ كۈنى ئوغۇل تۇغقان. موڭغۇللار بالىغا جۇجىخان (مېھمان دېگەن مەنىدە) دەپ ئات قويغان ۋە بالىنىڭ چىڭگىزخاننىڭ ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلغان. چىڭگىزخان بۇ ھەقتە پىچىرلاشقان موڭغۇللاردىن 60 — 70 ئادەمنى ئۆلتۈرگەن، ئۆزىمۇ گۇمانغا چۈشۈپ، ئۇنى تەخت ۋارىسى قىلغاندا، كېيىنكى كۈنلەردە موڭغۇللار ئارىسىدا غوۋغا چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، يەنە بىر ئوغلى ئۆگدايىنى تەخت

① «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، ئەنقەرە، 1962 ـ يىلى تۈركچە نەشرى، 12 ـ توم، 56 ـ بەت، «چىڭگىزخان ماددىسى».

② راشىدىن: «جامىئۇتتەۋارىخ» سودا نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى (27 ـ قېتىملىق نەشرى)، 1 ـ قىسىم 1 ـ كىتاب، 186 ـ، 187 ـ بەتلەر.

uyghurkitap.com



ۋارىسى قىلىپ تەيىنلىگەن .»①

دېمەك ، مەركىتلەر موڭغۇللار باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان مەزگىللەردە ئۇلار بىلەن ئۈزۈلمەي قارشىلىشىپ تۇرغانىدى . بۇ ۋاقىتتا مەركىتلەرنىڭ باشلىقى توختىبەگ دېگەن كىشى بولۇپ ، چىڭگىزخان موڭغۇل دالاسىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ، ئاۋۋال نايمان ۋە كېرەيتلەر بىلەن بىرلىشىپ تاتار ۋە مەركىتلەرنى مەغلۇپ قىلدى . 1203 - يىلى نايمانلار بىلەن بىرلىشىپ كېرەيتلەرنى مەغلۇپ قىلدى . بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە موڭغۇل دالاسىدا چىڭگىزخانغا قارشى بىردىنبىر قودرەتلىك كۈچ نايمانلار بولۇپ قالغانىدى . شۇڭلاشقا ، 1204 - يىلى موڭغۇللار نايمانلارغا قارشى چوڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىدى . نايمانلارمۇ مەركىت ۋە باشقا قوۋملار بىلەن بىرلىشىپ قارشى تۇردى . لېكىن ، ئۇرۇشتا نايمانلارنىڭ خانى تاياڭخان ئۆلۈپ ، نايمانلار مەغلۇپ بولدى . چىڭگىزخاننىڭ 1206 - يىلىدىكى ھۇجۇمىدا تاياڭخاننىڭ ئوغلى كۈچلۈك مەركىتلەرنىڭ ئارىسىغا قېچىپ كەلدى . 1208 - يىلى چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئەسكەرلىرى مەركىت قوۋمىنىڭ باشلىقى توختىبەگ بىلەن نايمان قوۋمىنىڭ شاھزادىسى كۈچلۈك باشلىغان توپنى قوغلاپ ، ئېرتىش دەرياسى بويىدىكى جەڭدە توختىبەگنى ئۆلتۈردى .

مەركىتلەرنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ھەققىدىكى قاراشلار زىددىيەتلىك ، يەنى نەبىجان مۇھەممەتخان «قازاق تارىخى تەتقىقاتى» دېگەن كىتابىدا : «1208 - يىلى چىڭگىزخان... ئېرتىش دەرياسى بويىدىكى جەڭدە توختىبەگنى ئۆلتۈردى . بىراق ، توختىبەگنىڭ ئوغلى قودۇ كۈچلۈك بىلەن توپتىن بۆلۈنۈپ چىقىپ ، قارلۇق يېرىگە بېرىپ ئورۇنلاشتى » دەپ يازىدۇ .② جاقىپ مىرزاقان «مەركىتلەر موڭغۇللار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بايقال كۆلىنىڭ يېنىدىكى باغۇچىن ، توقۇم دېگەن يەرلەرگە كۆچۈپ

① «شىنجاڭ باشلىرى» ژۇرنىلى ، 1988 - يىلى 4 - سان .
② نەبىجان مۇھەممەتخان : «قازاق تارىخى تەتقىقاتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1988 - يىلى قازاقچە نەشرى ، 22 - بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كەلگەن» دەيدۇ.① «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»دا: مەركىتلەرنىڭ باشلىقى توختىبەگ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى قودۇ قاتارلىقلار ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قاڭلى ئارقىلىق قىپچاق يېرىگە كەتتى دەپ خاتىرىلەيدۇ.② راشىدىن بولسا «توختىبەگ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى دەپنە قىلالماي، كاللىسىنى ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۇيغۇر چېگرىسىغا كەلگەندە بوكان ئىسىملىك ئەلچىنى ئىدىقۇتقا ئەۋەتىدۇ. ئىدىقۇت ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلغاچقا، ئەلچىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ ۋە چىڭگىزخانغا خەۋەر قىلىدۇ» دېگەننى بايان قىلىدۇ.③ بۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە. ئەمما، مەركىتلەرنىڭ ئېرتىش دەرياسى بويىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، نايمان شاھزادىسى كۈچلۈككە ئەگىشىپ جەنۇبقا كۆچكەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. بۇ نۇقتىنى بارتولدمۇ قوللاپ: «1208 ـ يىلى چىڭگىزخان تاكى مەركىت ۋە موڭغۇللارنىڭ غەربىي قىسمىدىكى نايمانلارنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، موڭغۇللار رايونىدىكى كۆرەش ئاياغلاشتى. بۇ ئىككى مىللەت ئۆزىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار يېرىگە كۆچتى» دەيدۇ.④

كۈچلۈك ئېرتىش دەرياسى بويىدىن جەنۇبقا سۈرۈلگەندە، جەنۇبتىكى يەتتىسۇ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى، شىمالى قاتارلىق جايلار قاراقىتان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولۇپ، گورخان ئۇنۋانىنى ئالغان چۈلۈق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقانىدى. كۈچلۈك گورخاننىڭ يېنىغا كەلگەندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋالىدۇ ۋە ئەينى ۋاقىتتا زاۋاللىققا يۈز تۇتقان قاراقىتان ھاكىمىيىتىنىڭ ئاجىزلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، گورخانغا ياردەم بېرىش نامى بىلەن «بېشبا-

---

① جاقىپ مىرزاقان: «قازاقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1982 ـ يىلى 3 ـ سان، 73 ـ بەت.

② «قازاقلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 111 ـ بەت.

③ راشىدىن «جامىئۇتتەۋارىخ»، سودا نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى (2 ـ قېتىملىق نەشرى)، 1 ـ قىسىم 1 ـ كىتاب، 190 ـ بەت.

④ بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل 6 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 37 ـ بەت.

لىق ، ئېمىل ، قايالىق قاتارلىق جايلارغا تارقىلىپ كەتكەن نايمان ۋە مەركىتلەرنى يىغىپ كېلىپ ، ئۆز كۈچىنى ئاشۇردى ۋە خارەزىم شاھى مۇھەممەتخان بىلەن بىرلىشىپ ، سۇيىقەست بىلەن گورخاننىڭ تەختىنى تارتىۋالدى .»①

كۈچلۈك گورخاننىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن ، ناھايىتى تېزلا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشكە تىرىشىپ ، گورخان ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغالغان مۇسۇلمانلارنىڭ قوزغىلاڭلىرىنى باستۇردۇ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر ، يەكەن ، خوتەن ۋە تارىم بوستانلىقىدىكى شەھەرلەرنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدۇ . باشتا ئۇ خرىستىئان (نېستورىئان) دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولۇپ ، قاراقىتان قىزىغا ئۆيلەنگەندىن كېيىن ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ھەم يەرلىك خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇمنى كۈچەيتىپ ، مۇسۇلمان يەرلىك ئاھالىنى دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلىپ ، خەلقنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىغان ، ھەتتا ئۇ ھەربىر مۇسۇلمان ئۆيلىرىدە ئەسكەر تۇرغۇزغان .

1218 - يىلى موڭغۇل قوشۇنلىرىدىن 20 مىڭ كىشى موڭغۇل سەركەردىسى جەبە نويان قوماندانلىقىدا كۈچلۈككە ھۇجۇم قىلىدۇ . ئۇلار كۈچلۈك بىلەن يەرلىك خەلق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ خەلققە دىنىي ئەركىنلىك جاكارلىغانلىقى ئۈچۈن ، ھەممە يەردە خەلق كۈچلۈكنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ، موڭغۇللارغا ئەل بولىدۇ . كۈچلۈك قەشقەردىن پامىر ئارقىلىق بەدەخشانغا قاچقاندا ، موڭغۇل قوشۇنلىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ، پامىردىكى سارىقۇم دېگەن جايدا كاللىسىنى ئالىدۇ . «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دا بولسا «بەدەخشاندا ئۆلتۈرۈلگەن» دەپ قەيت قىلىنىدۇ .② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى . ئىسمائىل تەزكىرىسى» دە «سىرىققولدا ئۆلتۈرۈلگەن» دېيىلىدۇ .③

---

① «قازاقلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1987 - يىلى خەنزۇچە نەشرى ، 112 - بەت .

② «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، 1982 - يىلى 2 - سان ، 131 - ، 143 - بەتلەردە كەلتۈرۈلگەن نەقىل .

③ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1982 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى ، 275 - بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل .

«جامىئۇتتەۋارىخ»تا «كۈچلۈك بەدەخشانغا قېچىپ ، سارىقۇمدىكى جىلغىدا موڭغۇللار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى» دېيىلگەن .① بارتولد «سارىقولدا ئۆلتۈرۈلگەن» دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ .② ئومۇمەن ئالغاندا ، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «سارىقۇم ، سېرىققول ، سار قىيالىقى» دېگەنلەر بىر خىل نامنىڭ ھەرخىل ماتېرىياللاردا ھەرخىل ترانسكرىپسىيە قىلىنىشى بولۇپ ، يەرلىك خەلقنىڭ جانلىق تىلىدا «سارىقۇم» (سايقۇم ) دېيىلگەن بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا بەك يېقىن ، شۇنداقلا تاشقورغاننىڭ يەنە بىر نامى بولغان «ساريكوي»③ بولۇشىمۇ مۇمكىن .

كۈچلۈك ئۆلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ قوۋمى ھەر تەرەپكە تاراپ كەتكەن . كۈچلۈككە ئەگىشىپ قاچقان مەركىتلەرنىڭ ئامان قالغانلىرى بولسا ، ئاشۇ سارىقۇم (سايقۇم ) ياكى «سېرىققول» نىڭ يېنىدىن ئۆتكەن يەكەن دەرياسى (باش قىسمى زەرەپشان دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ )نى بويلاپ دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا كۆچكەن ۋە ھازىرقى مەكىتنىڭ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان . نەتىجىدە بۇ جاي شۇلارنىڭ نامى بىلەن مەركىت (مەكىت ) دەپ ئاتالغان .

قەدىمكى چاغدا كۆچمەن خەلقلەر ئۈچۈن سۇ ، ئوت - چۆپ قوغلىشىپ يۇرۇش بەك ئومۇمىي ئەھۋال بولۇپ ، جەنۇبتىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا كۆچكەن بىر قىسىم كۆچمەن خەلق ئولتۇراق دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن ماسلىشالىغان ، ئەمما ئەسلىدىكى تۇرمۇش ئادىتى يەنىلا ساقلىنىپ قالغان . بۇ يۇرت (مەكىت )نىڭ تەبىئىي شارائىتى ھەم كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىدىن قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ ساقىندىلىرىنى ھېلىھەم تېپىش مۇمكىن . مەسىلەن ، ئات مىنىپ قوي ، كالا باقىدىغان ، ئۇۋ قۇشلىرىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئاتلىق ئوۋ

① «قازاقلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1987 - يىلى خەنزۇچە نەشرى ، 114 - بەت .
② بارتولد : «يەتتىسۇ تارىخى ئوچېركى» ، ئۇيغۇر سايرانى رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغان ، 39 - بەت .
③ فېڭ چېڭجۈن : «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى ، 1980 - يىل 2 - ئاي خەنزۇچە 2 - قېتىملىق نەشرى ، 94 - بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇۋلايدىغان ئادەتلەر ھازىرمۇ بۇ يەردىكى خەلق ئارىسىدا مەۋجۇت. خەلق ئارىسىدا يەنە ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ كۆچۈپ كەلگەنلىكى ھەققىدە رىۋايەت-لەرمۇ ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

بەزىلەر: «XI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى سېلىنگا دەرياسى بويىدا چارۋىچىلىق قىلىغان مەركىت قەبىلىسى بۈگۈنكى دولانلارنىڭ ئەجدادى... مىلادىيە 1204 - يىلى موڭغۇل قەبىلىسىدىن تېمۇرچىن كرەيتلەرنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، نايمانلار بىلەن مەر-كىتلەرنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. بىرقىسىم مەركىتلەر چىڭگىزخانغا ئەل بولدى، يەنە بىرقىسىملىرى غەربتىكى ئالتاي تېغىغا كۆچۈپ، كۈچلۈك بىلەن بىرلەشتى. مىلادىيە 1208 - يىلى چىڭگىز-خان قوماندانلىقىدىكى چوڭ قوشۇن ئۇلۇنگۇر دەرياسى، ئېرتىش دەريا-سى بويىدا كۈچلۈكنى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ قىلدى، مەركىتلەر-نىڭ قېپقالغانلىرى قوچو ئارقىلىق تارىم ئويمانلىقىغا كىر-دى. ئۇلار ئوت - چۆپ، سۇ قوغلىشىپ چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈردى. بىر توپى يەكەن دەريا ئېقىنىدىكى قوملۇق ۋە توغراقلىقتا ئولتۇراقلاشتى. يەنە سۇلالىسىنىڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشى مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. مەر-كىتلەرنىڭ بىر قىسمى قازاقلارنىڭ كرەيت قەبىلىسىگە قوشۇلۇپ كەت-كەن بولسا، يەنە بىر قىسمى ئۇيغۇرلارغا قوشۇلدى، ئۇيغۇرلارغا قوشۇ-لۇپ كەتكەنلەر كېيىن كىشىلەر تەرىپىدىن دولانلار دەپ ئاتالدى» دەي-دۇ①. بۇ بىر مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشلىرى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەسەۋۋۇر بولۇپ، بۇ خىل قاراشتىكىلەرنىڭ نېمىگە ئاساسەن شۇنداق دېگەنلىكىنى ۋە قانداق ئىلمىي ئاساسىنىڭ بارلىقىنى بىلمەي-مىز. دولانلىقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ئۈستىدە بىرقىسىم تەتقىقاتچىلار ئىزدىنىپ كۆرگەندى. تېما ئېھتىياجىدىن ھالقىغان ھالدا بۇ مەسىلە

① يەن خېيا: «قاش دەرياسى بويىدىكى دولانلار»، «شىنجاڭ گېزىتى» (خەنزۇچە)، 1991 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، 4 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۈستىدە قايتا توختالمايمەن .

ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى ئىگىز ھارۋىلىقلار (قاڭقىللار )نىڭ ئال- تە ئۇرۇق ، 12 جەمەتى قاتارىدا «مەركىتلەر» دېگەن بىر جەمەتنىمۇ تىلغا ئالىدۇ .① بىرقىسىم تەتقىقاتچىلار دەل مۇشۇ مەلۇمات ئاساسىدا «مەكىت — ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولغان مەر- كىتلەرنىڭ ئىسمىدىن كەلگەن» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ② ھەمدە ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ :

مىلادىيە 907 ـ يىلى شەرقىي شىمالدا قىتان خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، تاتار قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ بەزى ئەزالىرى ئۇنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار «ئاق تاتار» ۋە «قارا تاتار» دېگەن ئىككى قىسىمغا بۆلۈندى . ئاق تاتارلار ئاساسەن تاتار ۋە تاتار قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى قونغىرات ، ئۇنغۇت ، جالايىر ، مېركىت ، تۆرە قاتارلىق قەبىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى . قارا تاتارلار بولسا ئاساسەن موڭغۇل قەبىلىسىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالاتتى... مىلادىيە XI ئەسىردە ئاق تاتارلار بىلەن قارا تاتارلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلەشتى . بۇ كۈرەشتە قارا تاتارلار ئۈستۈنلۈك قازىنىشقا باشلىدى ھەم بۇرۇنقى «تاتار» دېگەن نامنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، يەنە «موڭغۇل» دېگەن نامنى قوللىنىشقا باشلىدى... ئاق تاتارلار بارغانسېرى ئاجىزلاشتى ۋە پارچىلان- دى ، ھەتتا مېركىت ، تۆرە قاتارلىق ئاق تاتار قەبىلىلىرىمۇ موڭغۇللار- نىڭ يېڭى قەبىلە ئىتتىپاقىغا قاتناشتى . » يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىنلا ساپ قانلىق موڭغۇل قەبىلىلىرى بىر ـ بىرلەپ تىلغا ئېلىنىپ ، 13 قەبىلە كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مېر- كىت قەبىلىسى يەنىلا تىلغا ئېلىنمىغان ، ئەكسىچە «تۈرك ، قىرغىز ، قازاق ھەم خانلار شەجەرىسى» دېگەن باشقا بىر ماقالىدە مۇنداق قۇرلار ئۇچرايدۇ : «چىڭگىزخان دەسلەپىدىلا كرەيتلەرگە تايىنىپ ، موڭغۇللار-

① «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1990 ـ يىل 10 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى ، 391 ـ بەت .

② قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى ، ھالتاخۇن گەۋلاخۇن : «شىنجاڭ يەر ناملىرىنىڭ ئېتىمولو- گىيىسى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 2001 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى ، 182 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نى ئاز ـ ئازدىن يىغىپ ، تاتار ھەم مەركىت بىلەن دۈشمەنلىشىپ ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن نايمانغا تېگىش قىلىپ ھەم ئۇنى يېڭىپ ، ئاخىر پۈتكۈل موڭغۇللارنى يىغقان چاغدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان بىر تالاي تۈركلەر كۆچۈپ ، قېچىپ كېتىشكە يېرىدىن قىيالماي ، نەتىجىدە موڭغۇللارغا قاراشلىق بولۇپ قالدى . »

... مەركىت قەبىلىسىنىڭ زادى ئۇيغۇرلاردىكى قايسى ئۇرۇق ، قايسى جەمەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە كەلسەك ، ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا ، «مەركىتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادىدىن بولغان ئېگىز ھارۋىلىقلار (قاڭقىللار ) دىكى 12 جەمەتنىڭ بىرى بولۇپ» ، ئۇلار ئەڭ دەسلەپ ، يەنى IV ئەسىرلەردە بايقال كۆلى ئەتراپىدىن باشلاپ سىلىنگا ، ئورخۇن دەريا ۋادىلىرى ، ئالتاي ۋە تارباغاتاي تاغلىرى ئەتراپىدا ياشىغان . IV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ھازىرقى تۇرپاننىڭ غەربىگەھەمدە تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە غەربىدىكى يايلاقلارغا كۆچكەن . مەخسۇس مەركىت قەبىلىسى تىلغا ئېلىنغان تارىخىي مەلۇماتلاردىمۇ «مەركىت قەبىلىسى ئاساسەن كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلاتتى» دېگەن قۇرلار ئۇچرايدۇ . كۆچۈش — بارلىق قەدىمىي مىللەت ۋە قەبىلىلەرنىڭ تارىخىدا ئومۇمىي تۈس ئالغان بىر ئورتاق ھادىسە . ھەممىگە ئايانكى ، قەدىمكى تۈركىي مىللەتلەر ئاساسەن كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان . مۇقەررەركى ، چارۋىچىلىقنىڭ ئوتلاق ۋە پەسىل قوغلىشىش ئېھتىياجى كۆچۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرا ئاسىيادا تاكى XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋام قىلغان مىللەت ، قەبىلە ۋە مەزھەپ ـ گورۇھلار ئارىسىدىكى ئايىغى ئۈزۈلمەس ئۇرۇشلار بۇ كۆچۈشنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن . بۇنىڭغا ھەرخىل ئېغىر تەبىئىي ئاپەتلەرنى قوشقاندا ، كۆچۈش ئالدىنقى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى مىللەت ، قەبىلىلەر ئۇچۇن ئۇزىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ مۇھىم تەدبىرلىرىدىن بولۇپ قالغان دېيىلسە ھەرگىز ئارتۇق كەتمەيدۇ . يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا ، ھازىر مەكىت دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىلىۋاتقان جايلارنىڭ قەشقەر تەۋەسىدىكى مەكىت ناھىيىسىدىن باشقا ، يەنە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدىمۇ بولۇشى يۇقىرىقى پىكرىمىز-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



نى ، يەنى ئەسلىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولغان مەركىتلەرنىڭ تارىختىكى كۆپ قېتىملىق كۆچۈش داۋامىدا ئاشۇ جايلارغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقىنى مەلۇم ئاساسلار بىلەن تەمىنلەيدۇ . يەنە كېلىپ ھازىرقى جانلىق تىلىمىزغا مەكىت دەپ ئۆزلىشىپ قالغان بۇ ئىسىم تاكى يېقىنقى يىللارغىچە يېزىقتا ئەينەن ھالدا «مەركىت» دەپ يېزىلاتتى .

دېمەك ، مەكىت دېگەن بۇ ئىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ جەڭگىۋار قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولغان مەركىتلەرنىڭ نامىدىن كەلگەن . بۇ قەبىلىنىڭ موڭغۇل ۋە قازاقلاردىمۇ بولۇشى قىلچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس . چۈنكى ، يۇقىرىقى مىسال ئېلىنغان پاكىتلاردا ئېنىق سۆزلەنگەندەك ، ئەينى شارائىتتا «قارا تاتار» لاردىن يېڭىلىپ ، كۆچۈشنى خالىماي ، ئۇلارنىڭ قەبىلە ئىتتىپاقىغا قاتناشقانلار موڭغۇل قەبىلىسى بولۇپ ، ئالتاي ، تارباغاتايلاردا قالغانلار قازاق قەبىلىسى ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغا كۆچكەنلەر ئەسلىدىكى ھالىتى بويىچە ئۇيغۇر قەبىلىسى بولۇپ شەكىللەنگەن . تارىخىي پاكىتلار شۇنداق تۇرۇقلۇق ، يەنە ئاتالمىش «مىكىت گەۋرى» ۋە خاراب بولغان شەھەر «مانكەنت» تىن مەنبە ئىزدەش — خۇددى تۆگىگە مىنىۋېلىپ تۆگە ئىزدىگەنگە ئوخشاشلا بىر ئىش ① .

مەن بۇ قاراشنى ئىنتايىن ئالقىشلايمەن . گەرچە ئېگىز ھارۋىلىقلار (قاڭقىللار) ھەققىدە مەخسۇس يېزىلغان ئەسەرلەردە② مەركىتلەر ھەققىدىكى بۇنداق ئەھۋالنى ئۇچرىتالماي ، «ئېھتىمال بۇ ، ئاتالغۇ تەرجىمىسىدىكى پەرق بولۇشىمۇ مۇمكىن» دېگەن ئويدا بولسامۇ ، بىراق يەنىلا يۇقىرىقى قاراش ئاساسىدا مەركىتلەرنىڭ IX ، X ئەسىرلەردىن ئىلگىرىكى ئەھۋالى — ئېتنوگرافىيىسى ھەققىدە داۋاملىق ئىزدىنىش زۆرۈر دەپ قارايمەن ھەمدە ياخشى بىر نەتىجىنىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن .

---

① تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم : «مەكىت نامىنىڭ ئىسمى ھەققىدە» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ، 1996 ـ يىلى 4 ـ سان ، 28 ـ ، 29 ـ بەتلەر .

② دۈن ليەنچىن : «دىڭلىڭ ، گاۋچې ۋە تېلىلار» ، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى ، 1988 ـ يىل 6 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى ، 193 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# تارىخىي دەۋرلەردىكى مەكىت

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا جايلاشقان شىنجاڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول جاي. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئۆلكە رايونلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ يەر كۆلىمى تەخمىنەن 1 مىليون 650 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت يەر كۆلىمىنىڭ 1/6 نى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ شەرقىي شىمال، شىمال، غەربىي شىمال، غەرب، غەربىي جەنۇب تەرەپ-لىرى موڭغۇلىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئافغا-نىستان، پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىداش؛ شەرق، شەرقىي جەنۇب ۋە جەنۇب تەرەپلىرى گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلى-رى ۋە شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ.

شىنجاڭ قەدىمدە غەربىي يۇرت دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ جۇڭگونىڭ غەربىدىكى زېمىن دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ نام ناھايىتى ئۇزاق تارىختا ئىگە. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىن تارتىپ تاكى چىڭ سۇلالىسىگىچە بولغان تارىخىي دەۋرلەردىكى ئەسەرلەرنىڭ كۆپىن-چىسىدە «غەربىي يۇرت» دېگەن نام قوللىنىلغان.

قەدىمكى كىشىلەر «غەربىي يۇرت» دېگەن سۆزنى كەڭ ۋە تار ئىككى خىل مەنىدە قوللانغان. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ شىنجاڭ، ئۇنىڭ غەربىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقى ۋە ھىندىستاننىڭ شىمالىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ تار مەنىدىن ئېيتقاندا، يۈمېنگۈەن قوۋۇقى بىلەن ياڭگۈەن قوۋۇقىنىڭ غەربى، بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى، پامىرنىڭ شەرقى، يەنى مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى دەۋرىدىكى مەركى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ىزىي ھاكىمىيەت ۋە يەرلىك ھاكىمىيەتلىرى باشقۇرۇپ كەلگەن زېمىنلار-نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شىنجاڭ — تاغ، دەريالىرى كۆپ، ئويمانلىقلىرى بوستانلىقلار بىلەن بېزەلگەن، دەريا ۋادىلىرى ئوتلاق بىلەن قاپلانغان بىپايان بىر جاي. شەرقتىن غەربكە سوزۇلۇپ ياتقان تەڭرىتاغ تىزمىسى شىنجاڭنى تەبىئىي ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭ دەپ ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدۇ. شىنجاڭ يەر شەكلى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۈچ چوڭ تاغ بىلەن ئىككى چوڭ ئويمانلىقتىن ئىبارەت. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا جۇڭغار ئويمانلىقى، جەنۇبىدا تارىم ئويمانلىقى بار. تارىم ئويمانلىقىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 530 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا قۇملار توختىماي كۆچۈپ، غەلىتە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان تەكلىماكان قۇملۇقى جايلاشقان، بۇ قۇملۇق 330 مىڭ كۋادرات كىلو-مېتىر بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئىككىنچى چوڭ قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ تېگىدە نېفىت زاپىسى ئىنتايىن مول.

ئۈچ چوڭ تاغ تىزمىسىدىن باشلانغان دەريالار ئۆزىنىڭ ئىنتايىن مول سۇ بايلىقى بىلەن قاسناقتىكى مۇنبەت بوستانلىقلارنى سۇغىرىپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد باتۇر، ئەمگەكچان ھەر مىللەت خەلقىنى بېقىپ، ئۇزاق تارىختا ئىگە پارلاق قەدىمكى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلغان. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىن باشلىنىدىغان قايدۇ دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى ۋە كوئېنلۇن تاغلىرىدىن باشلىنىدىغان قەشقەر دەرياسى، يەكەن (دولان) دەرياسى، خوتەن دەرياسى قاتارلىق نۇرغۇن دەريالار بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ، مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ ئىچكى دەريا بولغان تارىم دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ. تارىم دەرياسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىنى بويلاپ غەربتىن شەرققە قاراپ ئېقىپ، لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلى-دۇ.

تارىم ئويمانلىقىدا ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىت تۈپەيلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لىدىن ھاۋا قۇرغـاق بولۇپ، ھۆل - يېغىن ئاز ياغىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاران 80 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. ئەمما، تەڭرىتاغ، كۇئېنلۇن تاغلىرىدىن باشلىنىدىغان دەريالارنىڭ سۇ بايلىقى مول بولغاچقا، تارىم دەرياسى ۋە ئۇنىڭ تارماق ئېقىنلىرىنىڭ ئىككى ياقىسى ياپيېشىل بوستانلىقلار بىلەن قاپلانغان. يىراق قەدىمكى دەۋردىن باشلاپلا ھەر مىللەت خەلقى مۇشۇ بوستانلىقلاردا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەرب ئەللىرىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرغان چوڭ يول — «يىپەك يولى» تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ياقىلىرىنى بويلاپ، شەرقتىن غەربكە قاراپ سوزۇلۇپ، بوستانلىق ۋە قەدىمىي شەھەرلەردىن ئۆتۈپ، پامىر ئېگىزلىكى ئارقىلىق غەربكە سوزۇلۇپ، قەدىمكى زاماندىكى ھەرقايسى ئەل، ھەرقايسى مـىـللەت خەلـقـلىرىنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان بەلۋاغ، شۇنىڭدەك دوستانە بېرىش - كېلىش ۋە ماددىي ئەشيا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرىدىغان مۇھىم يول بولۇپ قالغان.

مەكىت تارىم ئويمانلىقىغا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي چېتىگە، دولان (يەكەن) دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا جايلاشقان بوستانلىق بولۇپ، قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتىنىڭ ئوق يىلتىزلىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى.

## 1. تارىختىن ئاۋۋالقى دەۋردىكى مەكىت

تارىختىن ئاۋۋالقى دەۋر دېگىنىمىز، يېزىق ماتېرىياللىرى، يەنى يېزىق پەيدا بولۇپ، يازما تارىخىي ماتېرىياللار بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دەۋر «تارىـختـىـن ئاۋۋالقى دەۋر»، «تارىختىن ئاۋۋالقى ئارخېئولوگىيە» دېگەن خاس ئاتالغۇ بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇ دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ پـائالىيىتـى ئۇلار قالـدۇرۇپ كەتـكەن قەدىمكى ئىزلار ۋە قەدىمـكى ماددىـي بۇيۇمـلار ئارقىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ ياردىمىدە بىزگە يېتىپ كېلىدۇ ۋە تارىخشۇناسلىق ئىلمىنىڭ زور تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە ئىنسانىيەتنىڭ بىر پۈتۈن تەرەققىيات تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشتە كەم بولسا بولمايدىغان رول ئوينايدۇ①.

شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيە ـ مەدەنىيەت يادىكارلىقى تەتقىقات خىزمىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تارىختىن ئاۋۋالقى دەۋرگە مەنسۇپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆپلەپ بايقالدى ۋە بايقىلىۋاتىدۇ. بۇ شىنجاڭنىڭ يىراق قەدىمكى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، قەدىمدە شىنجاڭدا ياشىغان ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتىنى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى ھەمدە ئۇنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى، ئىزچىللىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئېنىقلاشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

1. يېڭى تاش قورال دەۋرى

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز — ئۇزاق تارىختا ۋە شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ماكانلىرىدىن بىرى. ھازىر تېپىلغان قەدىمكى ئىنسانلارغا دائىر يادىكارلىقلاردىن قارىغاندا، يۈننەن «يۈەنمۇ مايمۇنسىمان ئادىمى» بۇنىڭدىن 1 مىليون 700 مىڭ يىل ئىلگىرىلا ئەمگەك، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا ۋە تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن «لەنتيەن مايمۇنسىمان ئادىمى»، «بېيجىڭ مايمۇنسىمان ئادىمى» مۇ پەيدىنپەي تارقالغان. ئۇلار تەبىئەت دۇنياسى بىلەن بولغان ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش جەريانىدا چېنىقىپ، ئاستا ـ ئاستا تەرەققىي قىلغان. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئاددىي ئۇسۇل بىلەن ئۇرۇپ ـ سوقۇپ ياسالغان قوپال تاش قورال بولغاچقا، ئارخېئولوگىيە ئىلمىدە بۇ دەۋر كونا تاش قورال دەۋرى دەپ

---

① «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسى» (ئارخېئولوگىيە قىسمى)، جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى، 1986 ـ يىل 8 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 476 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاتالغان . ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك ماھارىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشى ۋە ئەقىل - پاراستىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياساش تېخنىكىسىمۇ ئۈزلۈكسىز ياخشىلانغان . بۇنىڭدىن تەخمىنەن 7000 — 8000 يىللار ئىلگىرى مەملىكىتىمىز يېڭى تاش قورال دەۋرىگە كىرىشكە باشلىغان . ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلما ماتېرىيالLاردىن ئىسپاتلىنىشىچە ، يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت خارابىلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تېپىلىدۇ . بۇ خارابە ۋە يادىكارلىقلار شۇ مەزگىلدىكى كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ، تۇرمۇش ، ئىدېئولوگىيە ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ ، ئۇلار ئەجدادلىرىمىزنى تەتقىق قىلىش ۋە چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ .

يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت خارابىلەر ئازادلىقتىن كېيىن ، ئالاھازەل شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن ، مەسىلەن قۇمۇل رايونىدىكى تارانچى ، يەتتەقۇدۇق ؛ تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئاستانە ، يارغول ، سىڭگىم ؛ ئۈرۈمچى ناھىيىسىدىكى سەيۋۇپۇ ؛ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى مورى ، گۇچۇڭ ، جىمسار ، ئارا تۇرۇك ، باركۆل ۋە ئىلى ۋادىسى ؛ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى كۇچا ، مارالبېشى ، مەكىت ، كەلپىن ؛ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى باغراش كۆلىنىڭ بويلىرى ، كوئېنلۈن ، قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئېتىكى ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىكى چەرچەن ، نىيە ، كېرىيە ، گۇما قاتارلىق جايلاردىن تېپىلدى① .

يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت خارابىلىرى شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە جايلاشقان ، ئەمما تاش قوراللارنىڭ شەكلى ، ياسىلىش تېخنىكىسى ، تۈرى ، ئىشلىتىلىش ئورنى ۋە تاش قوراللار بىلەن بىرگە ساقلانغان ساپال قاچىلارنىڭ رەڭگى ، گۈللىرى قاتارلىق جەھەتلەردىن

---

① «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1983 - يىل 6 - ئاي خەنزۇچە نەشرى ، 182 - ، 186 - ، 187 - بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قارىغاندا، ئۇلار ئىچكى موڭغۇل، نىڭشىيا، چىڭخەي، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان سىپتا تاش قورال مەدەنىيىتى بىلەن ئوخشاش. ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ تۇرۇشلۇق جايىنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، بەزىلىرى ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ، سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرگەن، ئۇلارنىڭ مۇقىم تۇرار جايى بولمىغان؛ بەزىلىرى دېھقانچىلىقنى ئاساس، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلىپ، نىسپىي هالدا ئولتۇراقلاشقان. دېھقان-چىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قول هۈنەرۋەنچىلىك ئايرىلغان. مەھسۇلات ئالماشتۇرۇش بارلىققا كېلىپ، ئىچكى رايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت قويۇقلاشقان. كىشىلەر ئۇرۇقداشلىق جەمئىيەت تۇرمۇشىنى كەچۈر-گەن. ئاۋۋال پاترىئارخاللىق سىستېمىدا بولغان، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ كېيىنكى مەزگىلدە پاترىئارخاللىق جەمئى-يىتىگە قەدەم قويغان.

بىرقىسىم ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار ۋە تېپىلمىلاردىن قارىغان-دا، مەكىتتە يېڭى تاش قورال دەۋرى (بۇنىڭدىن 6000 — 7000 يىللار ئىلگىرى) گە مەنسۇپ بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايقالغان بولۇپ، بۇ دەۋر (يېڭى تاش قورال دەۋرى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىپتا قورال دەۋرى) دىكى سىپتا تاش قوراللار، ئىش قوشۇش تېخنىكىسى بىلەن ياسالغان قوراللار (ئۇرۇپ - سوقۇپ ياسالغان ئىنچىكە پىچاق شەكلىدىكى تاش پارچىلىرى ۋە يونۇش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان كىچىك تىپتىكى تاش قوراللار)، بىۋاسىتە ياسالغان ئۆتكۈر قوراللار (ئوق بېشى، نەيزە ئۇچى، پىچاق، پالتا قاتارلىقلار) دىن ئىبارەت بولۇپ، ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى[①] ئىدى. 1913 - يىلى ئارخېئو-لوگ ئاۋرېل ستەيىن شىنجاڭغا قىلغان 3 - قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە-سىنى باشلاپ، 9 - ئايدا قەشقەردىن مەكىتكە كەلگەن ۋە مارالبېشى

---

① «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل 1 6 - ئاي خەنزۇچە نەشرى، 182 - بەت.

ئارقىلىق مازارتاغ (مەكىت ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالى تەرىپىدە بولۇپ، پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئىلگىرى مەكىت تەۋەسىدە بولغانىكەن. ھازىر مەكىت بىلەن مازارتاغ ئارىلىقىدا «كەندىرلىك» دېگەن بىر قەدىمىي شەھەر خارابىسى بايقالدى. گەرچە ھازىر تېخى بۇ قەدىمكى خارابە ئىزى تولۇق تەكشۈرۈلۈپ، ئېنىق بىر يەكۈن چىقىرىلمىغان بولسىمۇ، بىراق بىز دەسلەپكى ئىگىلىگەن ئەھۋاللار ۋە بىرقىسىم ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، مەكىت خەلقىنىڭ شەرقتىن غەربكە سۈرۈلگەنلىكى ۋە قەدىمكى چاغدا تەكلىماكان مەركىزىي رايونلىرى، مازارتاغ ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان، ھايات كەچۈرگەنلىكىنى جەزم قىلىشقا بولىدۇ. بۇ نۇقتا بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتتا تېخىمۇ ئېنىق ئېچىپ بېرىلگۈسى) ئەتراپىغا كېلىپ، بۇ جايدىن نۇرغۇن كىچىك خارابە ئىز، شەھەر خارابىلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپقان ۋە يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ ئوقيا ئۇچىنى بايقىغان[①]. يېقىندا ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق بىر ئەربابنىڭ «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلىنىڭ 1965 - يىلى 3 - سانىدا ئېلان قىلغان «شىنجاڭ مەكىتتىن قەدىمكى ئوقيا تېپىلدى (بايقالدى)» دېگەن تېمىدىكى ماقالىسىنىڭ ئۇچۇرىغا ئىگە بولدۇم[②].

2. مەكىتنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى

شىنجاڭ ئاسىيا قىتئەسىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، قەدىمكى زاماندا جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش تۈگۈنى ئىدى، شۇنداقلا تارىختىكى ھەرخىل ئىرق، مىللەتلەر كۆچۈپ كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان، قورallıق توقۇنۇشۇپ تۇرىدىغان ۋە ئۆز ئارا ئارىلىشىپ تۇرىدىغان جاي ئىدى. تەبىئىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەردىن ياكى يىغىلىق سەۋەبىدىن بەزى ئىرق، مىللەتلەر كۆچۈپ كېلىپ،

① جېيىنبىتتى مېرىسكىي «ستەيىن ئارخېئولوگىيىسى ۋە ئېكسپېدىتسىيىسى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1992 - يىل 1 - ئاي خەنزۇچە نەشرى، 4 - بۆلۈم، 329 - بەت.

② بۇ ماقالە ھەققىدىكى ئۇچۇر «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى»، (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل 6 - ئاي خەنزۇچە نەشرى، 793 - بەت) دە بېرىلگەن بولۇپ، ئەپسۇسكى، شۇنچە ئىزدەپمۇ ھازىرغىچە بۇ ماتېرىيالنىڭ ئەينى نۇسخىسىنى تاپالمىدىم.

كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئولتۇراقلىشىپ تېرىكچىلىك
قىلغان ۋە كۆپەيگەن؛ يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن ئۇلار باشقا
ئورۇنلارغا كۆچۈپ كەتكەن، يا بويسۇندۇرۇلغان ياكى بىر قىسمى شۇ
ئورۇنلاردا قېلىپ، كېيىن كەلگەن ئىرق، قەبىلىلەر بىلەن قوشۇلۇپ،
ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ، يېڭى ئىرق، مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن.
دېمەك، ھەرياقتىن كۆچۈپ كېلىش ۋە ھەر ياققا كۆچۈپ كېتىش شىن-
جاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىكى مۇرەككەپ ئاھالىلەر مۇناسىۋىتىنى
شەكىللەندۈرگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تېپىلغان شىنجاڭدىكى قە-
دىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئىسكىلىتلىرى، ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن يادىكار-
لىقلار، قەدىمكى يازما ماتېرىياللار، شۇنىڭدەك ئارخېئولوگ، تارىخشۇ-
ناس، تىلشۇناس ۋە ئىرقشۇناسلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا،
ئالىملار شىنجاڭنىڭ كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەدىمكى
قەبرىستانلىق، تەڭرىتاغدىكى ئالغۇي قەبرىستانلىقى، قۇمۇلنىڭ يانبۇ-
لاق قەبرىستانلىقى، كروران خارابىلىكىنىڭ شەرقىدىكى قەبرىستانلىق،
لوپ ناھىيىسىدىكى سامپۇل قەبرىستانلىقى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم
ناھىيىسىدىكى شامبابا قەبرىستانلىقى ۋە ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقى-
نىدىكى موڭغۇلكۈرە توپا دۆڭ قەبرىستانلىقلىرىدىن قېزىۋېلىنغان 186
قەدىمكى ئادەمنىڭ باش سۆڭىكىنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى ۋە ئىرقىي
تەۋەلىك سىستېمىسىنى ئۆلچەپ، تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنى
بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2000 — 3800 يىل بۇرۇنقى قەدىمكى ئاھالىلەر
دەپ قارىدى؛ كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەدىمكى قەبرىستان-
لىقتىن تېپىلغان ئادەمنىڭ باش سۆڭەكلىرىدە غەرب ئىرقلىرىنىڭ خۇ-
سۇسىيىتى ناھايىتى ئېنىق بولغاچقا، سوۋېت ئالىملىرى ئۇلارنى «ئىپ-
تىدائىي ياۋروپا ئادىمى» تىپى دەپ ئاتىدى. تەڭرىتاغدىكى ئالغۇي قەب-
رىستانلىقىدىن تېپىلغان ئادەمنىڭ سۆڭىكىدە غەرب ئىرقلىرىنىڭ شەك-
لىگە ئوخشايدىغانلىرى 85%نى تەشكىل قىلىدۇ، لېكىن ئۇلاردا بۇ
تىپتىن چەتلەشكە يۈزلىنىش ئالامىتى ئېنىق بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىككى خىل ياۋروپا ئىرقى تارمىقىنىڭ ئارىلىشىپ كېتىش ھادىسىسى كۆرۈلگەن . ئۇنىڭدىن باشقا ، بۇ قەبرىستانلىقتىن چىققان سۆڭەكلەردە يەنە ئاز ساندا موڭغۇل ئىرقى تارمىقى ياكى ئىككى چوڭ ئىرقنىڭ ئارىلاشما تىپىمۇ بار ؛ يانبۇلاق قەبرىستانلىقىدىن چىققان ئادەمنىڭ باش سۆڭىكىنىڭ كۆپ قىسمىدا شەرقىي موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكلە- رى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ ، يەنە ئاز ساندا غەرب ئىرقلىرىنىڭ ئامىل- لىرىمۇ مەۋجۇت . بۇ ئىككى خىل ئىرقنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 3:7 بولغان ؛ كروران خارابىلىكىنىڭ شەرقىدىكى قەبرىستانلىقتىن چىققان باش سۆڭەكلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا غەربىي ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ناھايىتى ئوچۇق ؛ لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇل قەبرىستانلى- قىدىن چىققان باش سۆڭەكلىرىدە ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي تارمىقىغا خاس تىپ ئالاھىدىلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . ھالبۇكى ، ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى موڭغۇلكۈرە توپادۆڭ قەبرىستانلىقىدىن چىققان ئا- دەمنىڭ باش سۆڭەكلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى غەربتىكى كاۋكاز ئىرقى تارمىقىغا كىرگۈزۈشكە بولىدۇ . ئۇلار ئىرقشۇناسلىق تىپى جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زاماندىش ساكلار ۋە ئۇيسۇنلارغا ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ ياكى ئۇلاردىن ئانچە كۆپ پەرقلەنمەيدۇ① .

بۇ ماتېرىياللارغا ئاساسەن ، تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر- نىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى تۆۋەندىكىدەك پەرەز قىلىشقا بولىدۇ :

(1) ئاز دېگەندە مىس قورال دەۋرىدە بەزى قەدىمىي شەكىل ۋە غەرب كاۋكاز ئىرقى تەركىبىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان ئاھالىلەر شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى لوپنۇر كۆلى رايونىغا ئىچكى- رىلەپ كىرگەن .

(2) تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى بىرقانچە ئەسىردە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرى چاغلاردا تەن قۇرۇلۇشى جەھەتتە ئوتتۇرا دېڭىز

① «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1992 - يىل 7 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى ، 10 - ، 12 - بەتلەر .

ئىرقىنىڭ شەرقىي تارمىقى تىپىغا يېقىن بولغان يەنە بىر خىل تەركىب ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن شىنجاڭنىڭ غەربىگە كىرگەن ھەمدە غەربتىن شەرققە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىنى بويلاپ پەيدىنپەي لوپنۇر كۆلى رايونىغا كۆچكەن ۋە شۇ يەردە بۇرۇن ماكانلاشقان ئاھالىلەرگە قوشۇلۇپ قەدىمكى كروران بەگلىكى خەلقىنىڭ ئاساسىي ئىرقى بولۇپ قالغان. يەنە بىر قىسىم ئوتتۇرا دېڭىز ئىرقى تەركىبى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىنى بويلاپ تەڭرىتاغ رايونىغا كىرگەن ۋە شۇ يەردە بۇرۇن ماكانلاشقان ئاھالىلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن (مەسىلەن، ئالغۇي قەبرىستانلىقى)[1].

شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ مىللەت تەۋەلىكى تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇلارنىڭ ئاساسىي تارمىقى جەنۇبقا كۆچۈپ كەشمىرگە كېتىۋاتقاندا، يول ئۈستىدە بۆلۈنۈپ «بىرنەچچە بەگلىك بولۇپ كەتكەن»، سۇلېنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئەركەشتام، جۈەندۇ بەگلىكلىرىنىڭ خەلقى ئەسلىدە ساك نەسلىدىن، جۈەندۇ بەگلىكىدىكى خەلقنىڭ «كىيىم ـ كېچەكلىرى ئۇيسۇنلارنىڭكىگە ئوخشايتتى، ئۇلار سۇ ۋە ئوت قوغلىشىپ، پامىر تېغىدا تايىنىپ ياشايدۇ، ئۇلارنىڭ نەسلىمۇ ساكلاردىن» دېيىلگەن. ئۇنىڭدا يەنە ئەركەشتام بەگلىكى ھەققىدىمۇ «خەلقلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بىلەن كىيىم ـ كېچەكلىرى ئۇيسۇنلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار سۇ ۋە ئوت قوغلىشىپ ياشايدۇ، ئۇلار ئەسلىدە ساك نەسلىدىن» دېيىلگەن[2]. دېمەك، جەنۇبقا كۆچكەن بۇ ساكلار يەنە شەرققە كېلىپ بۆلۈنۈپ كېتىپ، سەپەرباي، سۇلې، ساكارائول، ئىزدۇن قاتارلىق جايلاردىكى خەلقنىڭ ساكلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئايلىنىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان. يەنە توخرىلار غەربكە كۆچكەندە، كىنگىت، كۇسەن قاتارلىق جايلاردا تۇرۇپ ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، تارىم ئويمانلىقى-

---

① خەن كاڭشىن، «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى توغرىسىدىكى ئىرقىي ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تەن تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» (خەنزۇچە) 1991 ـ يىلى، 2 ـ سانى.

② «خەننامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل 12 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 872 — 885 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى www.uyghurkitap.com



نىڭ غەربىي چېتىدىكى ئاھالىلەر توخرىلار بىلەن قانداش بولۇپ قالغان[①] .

تىلشۇناسلىق جەھەتتىن ئالغاندا، شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر ھىندى - ياۋروپا تىلى سىستېمىسىغا، خەنزۇ - تىبەت تىلى سىستېمىسىغا ۋە ئالتاي تىلى سىستېمىسىغا كىرىدۇ.

ئارخېئولوگلار بىلەن تىلشۇناسلار تەتقىقاتىنىڭ جەنۇبىدىكى دەسلەپكى ئاھالىلەرنىڭ تىلىنى ھىندى - ياۋروپا تىلى سىستېمىسىغا تەۋە دەپ قارايدۇ. ئالىملار تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، بۇ خىل تىلنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ ساك تىلى ۋە كۇسەن - كىنگىت تىلىغا بۆلدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدا قوللىنىلغان تىل ساك تىلى، يەنى قەدىمكى ئۇدۇن تىلى دەپ ئاتالدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ۋە شىمالىدا قوللىنىلغان تىل كۇسەن - كىنگىت تىلى دەپ ئاتالدى، توخرى تىلى دەپمۇ ئاتالدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقىدىن دۇنخۇاڭغىچە بولغان جايلاردا سوغدى تىلى قوللىنىلغانىدى. خەنزۇ - تىبەت تىلى سىستېمىسىغا تەۋە خەلق چاڭلار بىلەن خەنزۇلار ئىدى. ئالتاي تىلى سىستېمىسىغا تەۋە خەلق ھونلار بىلەن ئۇيسۇنلار ئىدى[②] .

مۇشۇ چاغدا تەكلىماكاننىڭ غەربىي شىمالىي چېتىدىكى ھازىرقى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ تومشۇق رايونىدا ساك تىلىنى قوللىنىۋاتقان خەلق ياشايتتى[③] ، تەكلىماكاننىڭ غەربىي چېتىدىكى يەكەندە بولسا قەدىمكى غەربىي يۇرت بەگلىكلىرى ئىچىدىكى مەشھۇرراقلىرىدىن بىرى بولغان ساكارائول ( 莎车 )بەگلىكىنى ساكلار قۇرغانىدى[④] . بۇ

---

① خۇاڭ شىڭجاڭ : «شىنجاڭنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى ئاھالىلىرى، مىللەت تەۋەلىكى ۋە ئۇلار غەربىي يۇرتتا قۇرغان بەگلىكلەر»، («شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، 17 - بەتتىكى نەقىل).

② «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 - يىل 7 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 18 - بەت.

③ جى شيەنلىن : «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»نىڭ شەرھىسى. جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى. بېيجىڭ، 1985 - يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 12 - جىلد.

④ ئادىل مۇھەممەت تۇران : «قەدىمقى قەشقەرنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى» (1)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2001 - يىل 12 - ئاي نەشرى، 147 -، 148 - بەتلەر.

چاغدا تەكلىماكاننىڭ يەنىمۇ غەربىـدىكى ئەڭ چوڭ بوستانلىق — قەشقەر بوستانلىقىدا «سۇلې بەگلىكى» مەۋجۇت بولۇپ، تەتقىقاتچىلار بۇ بەگلىكنى ساكلار قۇرغانىدى دەيدۇ[①]. دېمەك، قەدىمكى چاغدا شىمال-دا مارالبېشى، جەنۇب، غەربىي جەنۇبتا يەكەن، غەربتە قەشقەر بىلەن تۇتاشقان ھەمدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سۇلې (قەشقەر)، ساكارائۇل (يەكەن) بەگلىكلىرىگە تەۋە بولغان مەكىت رايونىدا ياشىغان خەلق ساكلار ئىدى.

2. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەكىت

خەن سۇلالىسى دەۋرى غەربىي خەن سۇلالىسى بىلەن شەرقىي خەن سۇلالىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 206 - يىلى ليۇباڭ خەن سۇلالىسىنى قۇرۇپ، چاڭئەننى پايتەخت قىلدى. بۇ، تارىختا غەربىي خەن سۇلالىسى دەپ ئاتالدى. مىلادىيە 25 - يىلى ليۇشيۇ خەن سۇلالىسىنى قايتا قۇرۇپ، لوياڭنى پايتەخت قىلدى. بۇ، تارىختا شەرقىي خەن سۇلالىسى دەپ ئاتالدى. مىلادىيە 220 - يىلى ساۋپى ۋېي بەگلىكىنى قۇرغاندىن كېيىن، شەرقىي خەن سۇلالىسى يوقالدى. ئىككى خەن سۇلالىسى جەمئىي 426 يىل دەۋر سۈردى.

خەن سۇلالىسى دەۋرى مەملىكىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ تەرەققىي قىلغان مۇھىم باسقۇچ. غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقى بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىسى كۈنسايىن قويۇقلىشىش ئاساسىدا، خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرت خەن سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيىسىگە رەسمىي قوشۇلۇپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى[②].

① فاڭ يىڭكەي: «شىنجاڭنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تارىخى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 - يىل 8 - ئاي خەنزۇچە 1 - قىسىم، 25 - بەت.

② «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 - يىل 8 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



## 1 . غەربىي يۇرت بەگلىكلىرى ۋە مەكىت

«خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە ، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى غەربىي يۇرتتا ياشاۋاتقان ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۆلۈنمە ھالەتتىكى شەھەر بەگلىكى ۋە كۆچمەن ئەللەر بولۇپ ، ئۇلار تارىختا «36 بەگلىك» دەپ ئاتالغان . كېيىن 50 نەچچە بەگلىككە بۆلۈنۈپ كەتكەن . كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتەككى ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدا نوپچان ، كىروران (كېيىن پىشامشان دەپ ئۆزگەرتىلگەن) ، چۇرچان ، ئەندىر ، نىيە ، روڭلۇ ، ئۇزۇن تات ، توخارا ، ئۇدۇن ، پاسىان ، ساكارائول بەگلىكلىرى بولغان . تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي ياقىسىدا قۇرۇقتاغ بەگلىكى ، كىنىگىت ، ئۇشاق ، ۋائىرىيە ، چېدىر ، ئۇرۇياپ ، كۇسەن ، ئۇرىنسۇ ، قۇم ، سەپەرباي ، سۇلې بەگلىكلىرى بولغان .

تەبىئىي شارائىتنىڭ ئوخشاشماسلىقى تۈپەيلىدىن ، غەربىي يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى ئومۇمەن ئىككى خىلغا ئايرىش مۇمكىن . بىر خىلى ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئاساس قىلغان ، ئاھالىلىرى شەھەر ۋە يېزا - كەنتلەردە مۇقىم ئولتۇراقلاشقان رايونلار بولۇپ ، ئۇلار تارىخىي كىتابلاردا «شەھەر دۆلەتلىرى» دەپ ئاتالغان . تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى پىشامشان ، روڭلۇ ، ئۇزۇن تات ، ئۇدۇن ، ساكارائول ، سۇلې ، چېدىر ، كىنىگىت ، كۇسەن ، قۇم ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدىكى قۇس ، پامىرنىڭ غەربىدىكى پەرغانە قاتارلىق جايلار مانا شۇنداق «شەھەر دۆلەتلىرى» ھېسابلىنىدۇ . بۇ جايلاردىن بۇغداي ، تېرىق ، سۆك ، پۇرچاق ، بېدە ، ئۈزۈم ، ئانار ۋە قوغۇن - تاۋۇز قاتارلىق مەھسۇلاتلار چىقاتتى . يەنە بىر خىلى ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئاساس قىلغان ، ئاھالىلىرى سۇ ۋە ئوت قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرگەن رايونلار بولۇپ ، ئۇلار تارىخىي كىتابلاردا «كۆچمەن ئەللەر» دەپ ئاتالغان . تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئۇيسۇن ، ئوغۇز ، ئارقا قۇس ؛ پامىر ئېگىزلىكىدىكى سارىقول ، يولئېرىق قاتارلىقلار ، كوئېنلۇننىڭ شىمالىي ئې-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



تىكىدىكى نوپچان قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى «كۆچمەن ئەل» لەر بولۇپ، ئات، كالا، قوي، ئېشەك، تۆگە قاتارلىق چارۋا ماللارنى باقاتتى.

بۇ چاغلاردا غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا قاشتاشچىلىق، ساپالچىلىق، كۆنچىلىك، مەيزاپ ئىشلەش، يۇڭ توقۇمىچىلىق، مېتال تاۋلاش قاتارلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بولۇپ، ھەممىسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە راۋاج تاپقان. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى ئاساسىدا سودا- تىجارەتمۇ پەيدىنپەي تەرەققىي قىلغان. سۇلېدا «سودا بازىرى» بار ئىدى؛ پەرغانىلىكلەر «سودىغا بەك ماھىر، بىر مىسقال نەرسىنىمۇ كەتكۈزۈۋەتمەيدۇ». دېمەك، بازار ئىگىلىكى خېلى جانلانغان، تاۋار ئالماشتۇرۇشتا مېتال پۇل ئىشلىتىلگەن[1].

بۇ مەزگىلدە مەكىت رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ دولان دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا جايلاشقانلىرى يېرىم ئولتۇراق، يېرىم چارۋىچىلىق قىلغان بولسا، تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن دولان (يەكەن) دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېپتىدائىي ئورمان - توغراقلىقلارغا جايلاشقانلىرى چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

2. ھونلار دەۋرىدىكى مەكىت

ھونلار قەدىمكى زاماندا مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي رايونىدا ياشىغان بىر مىللەت. ئۇلار ئەمىنىيە دەۋرى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 770 - يىلىدىن 476 - يىلىغا قەدەر بولغان دەۋر تارىختا چۈنچيۇ، يەنى ئەمىنىيە دەۋرى دەپ ئاتالغان)، ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر (جۇ سۇلالىسى يۈەنۋاڭ پادىشاھىنىڭ تۆنجى يىلىدىن چىن شىخۇاڭ پۈتۈن جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەنگە قەدەر بولغان دەۋر، يەنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 468 — 221 - يىللاردا بەگلىكلەر زومىگەرلىك تالىشىپ ئۇزاق ۋاقىت

---

[1] «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 - يىل 7 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 26 -، 27 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com



توختىماي ئۇرۇشقانلىقى ئۈچۈن ، بۇ دەۋر تارىختا جەنگو ، يەنى ئۇرۇش-قاق بەگلىكلەر دەۋرى دەپ ئاتالغان ) دەۋرىدە موڭغۇل ئېگىزلىكىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان . ئەينى زاماندا ھەرقايسى بەگ-لىكلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ھاكىمىيەت تالىشىش بىلەن بەند بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ شىمالغا قاراشقا چولىسى تەگمىگەن . ھونلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جەنۇبقا قاراپ كېڭىيىپ ، چوغاي تېغى ۋە خېتاۋ رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان . بۇ ، ھاۋاسى مۆتىدىل ، يېرى مۇنبەت ۋە كەڭ ، ئوت – چۆپ ، دەل – دەرەخلىرى ئۆسكىلەڭ ، ئېچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا ئەپلىك رايون ئىدى . ھونلار مۇشۇنداق پايدىلىق شارائىت-لارغا تايىنىپ ، كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئار-قىلىق ناھايىتى تېز كۈچەيگەن . ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە سىنىپنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئەگىشىپ ، ھونلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن قۇللۇق تۈزۈمگە قەدەم قويغان . مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى III ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ھونلارنىڭ تۈمەن تەڭرىقۇتى موڭغۇل ئېگىزلىكىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن . تۈمەنبا-لىق (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ۋۇيۈەن ناھىيىسى ئەتراپى ) ئۇنىڭ سىياسىي مەركىزى ئىدى .

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 209 – يىلى مودۇن ئۆز دادىسىنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزى تەڭرىقۇت بولدى[1] ، جۇملىدىن ئۇ ھونلارنىڭ قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلىتىنىڭ ياراتقۇچىسى بولۇپ قالدى .

مودۇن تەڭرىقۇت دەۋرىدە ھونلار ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ شەر-قىي جۇلارنى يوقاتتى ، غەربتە توخرىلارنى مەغلۇپ قىلدى ، شىمالدا خۇنيۇ ، چۈشى ، دىڭلىڭ ، گېكۇن ، شىنلى قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇردى ، ئارقىدىنلا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 176 — 117 – يىلى (غەربىي خەن

① سىماچيەن : «تارىخىي خاتىرىلەر» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1987 – يىل 9 – ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى ، 399 – بەت .

سۇلالىسى ۋېندى پادشاھى چەنيۇەن 4 ـ يىلى ) ئۇڭ قول بىلىكخانىنى ئەۋەتىپ غەربكە كەڭ كۆلەملىك يۈرۈش قىلدۇرۇپ ، خېشى كارىدورىدىكى توخرىلارنى يوقاتتى .

ھونلار خېشى كارىدورىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ، غەربكە كەڭ كۆلەمدە يۈرۈش قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ ، كروران ، ئۇيسۇن ، ئوغۇزلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى مىللەتلەرنى بويسۇندۇردى ، شۇنىڭ بىلەن تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى بەگلىكلەر ھونلار تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىندى .

شۇنداق قىلىپ ، ھونلار شەرقتە لياۋخې دەرياسىدىن غەربتە پامىر ـ غنچە ، جەنۇبتا سەددىچىن سېپىلىدىن شىمالدا بايقال كۆلىگىچە بولغان كەڭ زېمىننى كونترول قىلدى . ئېلىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ئارىسىدىكى بىر ـ بىرىگە بېقىنمايدىغان تارقاق ھالەتنى تۈگىتىپ ، شىمالىي رايوننىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ، جوڭگونىڭ كېيىنكى مەزگىلدىكى چوڭ بىرلىكى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىدى .

تەڭرىقۇت مودۇن بۇ كەڭ زېمىننى ئوتتۇرا ، ئۇڭ ، سول دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلدى . تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ جايلار ھونلار تېررىتورىيىسىنىڭ ئۇڭ قىسمىغا تەۋە ئىدى . باتىسقان بۇ رايوننىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى قىلىپ ئەۋەتىلدى . «چاكارلار كاھىبگى» ( «مالاي تۇتۇق مەھكىمىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) تەسىس قىلىپ ، غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلدى① . مەكىت رايونى ئەنە شۇ مەھكىمىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ ؛ ھونلارغا قارام بولدى .

3 . غەربىي يۇرت باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ۋە مەكىت

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى (خەنشۈەندىنىڭ شېنجۆ 2 ـ يىلى ) ھونلارنىڭ روشات تەڭرىقۇتى ئۆلگەندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ

① «خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1994 ـ يىل 8 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى ، 849 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىچكى قىسمىدا تەخت تالىشىش كۈرىشى كەسكىنلەشتى. غەربىي يۇرتتا تۇرۇشلۇق باتىسقان بىلگى تەگرىقۇت ئۆز بېشىدىن قورقۇپ، جېڭ جىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جېڭ جى دەرھال كۆسەن، چېدىر قاتارلىق بەگلىكلەردىن 50 مىڭ لەشكەرنى باشلاپ باتىسقان بىلگى تەگرىقۇتنى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى 12 مىڭ ئادەمنى قارشى ئالغان ۋە ئۇلارنى قوغداپ پايتەخت چاڭئەنگە ئاپىرىپ قويغان. خەن سۇلالىسى بىلگى تەگرىقۇتقا «بەيئەتچى بەگ» دېگەن ئۇنۋاننى بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ھونلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى «چاكارلار كاھىبېگى» ئەمەلدىن قالغان. ھونلار بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ، غەربىي يۇرتقا يېقىن كېلەلمەيدىغان بولۇپ قالغان.①

ئارقىدىنلا خەن سۇلالىسى جېڭ جىنى قوسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى جايلارنى قوغداشقا ھەم جەنۇب ۋە شىمالدىكى جايلارنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشقا تەيىنلىگەن. بۇ «باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى» دەپ ئاتالغان. جېڭ جى كۆرسەتكەن تۆھپىسى ئۈچۈن «يىراقتا ئەمىنلىك ئورناتقۇچى تۆرە» دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەن. جېڭ جى ئۆز مەھكىمىسىنى ئۇرۇياپ شەھىرى (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسى تەۋەسىدە) گە قۇرغان. غەربىي يۇرت باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتتا تولۇق تىكلەنگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەربىي يۇرت خەن سۇلالىسى تېررىتورىيىسىگە رەسمىي قوشۇلۇپ، بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان②.

غەربىي يۇرت باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ 70 نەچچە يىلغىچە خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا مۇھىم ۋە ئۈنۈملۈك ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى پادى-

---

① «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىل 8 - ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى، 851 - بەت.

② «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 - يىل 7 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 60 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شاھىنىڭ شىرەم تۇغقىنى ۋاڭ، ماڭ ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋې-لىپ ، ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلىغان . ئۇ مىللىي كەمسىتىش ئەكسى-يەتچىل سىياسىتىنى يولغا قويۇپ ، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىغان . ھونلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قايتا باش كۆتۈرۈپ چىققان . شۇ چاغدا ھونلارغا ئەڭ ئاۋۋال ساكارائولنىڭ بېگى يەن قارشىلىق كۆرسەتكەن . شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىل-لىرى ساكارائول بېگى كاڭ خېشى كارىدورىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ، شەرقىي خەن سۇلالىسى بىلەن ئالاقە ئورناتقان . خېشى رايونىنىڭ باش سانغۇنى دۇرۇڭ شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن كاڭغا «خەن سۇلالىسى ئۈچۈن ساكارائولدا خىزمەت كۆرسەتكەن غەربىي يۇرتتىكى پەزىلەتلىك ئۇلۇغ كاھبەگ» دەپ نام بەرگەن .

كاڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئىنىسى شيەن تەختكە ۋارىس-لىق قىلغان . مىلادىيە 41 ـ يىلى ساكارائول بېگى شيەن شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ، ئۆزىنى غەربىي يۇرت باش قورۇقچىبېگى قىلىپ تەيىنلەشنى ئىلتىماس قىلغان . گۇاڭ ۋۇدى لىيۇشيۇ شيەننى باش قورۇقچىبەگ قىلىپ تەيىنلىگەن ھەمدە ئۇنىڭغا تامغىلىق لاتا ئىنئام قىلغان . كېيىن دۇنخۇاڭ ۋالىيسى پېي رۇن شيەن باش قورۇقچىبەگلىككە تەيىنلەنسە ، باشقا بەگلىكلەرنىڭ خەن سۇلالى-سىگە بولغان نارازىلىقىنى قوزغاپ قويۇشى مۇمكىن دېگەچكە ، بۇرۇنقى قارارىنى ئۆزگەرتىپ ، شيەنگە «خەن سۇلالىسىنىڭ بۈيۈك سانغۇنى» دېگەن ئۇنۋاننى بەرگەن . شيەن بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ ، ئۆزىنى غەربىي يۇرتنىڭ باش قورۇقچىبېگى دەپ جاكارلاپ ، ھەرقايسى بەگلىكلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرگەن .

مىلادىيە 45 ـ يىلى (گۇاڭ ۋۇدى جيەنۋۇنىڭ 21 ـ يىلى ) ئالدى قۇس ، پىشامشان ، كىنگىت قاتارلىق 18 بەگلىكنىڭ بەگلىرى ئوغۇللى-رىنى مۇلازىملىققا ئەۋەتىپ ، شەرقىي خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈ-مىتىدىن باش قورۇقچىبەگ تەيىنلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ، لېكىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا بۇنىڭغا تېخى چامىسى يەتمەيتتى . ساكارائول بېگى شيەن شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ باش قورۇقچىبەگ ئەۋەتمىگەنلىكىگە قاراپ ، مىلادىيە 46 - يىلى پىشام-شاننى بېسىۋالغان . شۇ يىلى يەنە كۇسەن بېگىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۆزىنىڭ ئوغلىنى كۇسەنگە بەگ قىلىپ تىكلىگەن . مىلادىيە 50 - يىلى شيەن ئولپان بىلەن باجنى ئاز تاپشۇردى دېگەننى باھانە قىلىپ ، ئۆزى بىرنەچ-چە بەگلىكنىڭ بىرنەچچە تۈمەن كىشىلىك قوشۇنىنى باشلاپ بېرىپ پەرغانىنى بېسىۋالغان . مىلادىيە 55 - يىلى ساكارائول بېگى قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇدۇننى بېسىۋالغان . ئىككىنچى يىلى ئۇ يەنە ئۇدۇن ، ئۇزۇن تات ، قۇم ، لىچخەۋىز قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ خانلىرىنى ساكارائولغا چاقىرتىپ كېلىپ ، ھەممىسىنى نابۇت قىلدى ھەمدە بۇ بەگلىكلەرگە قايتا بەگ تىكلەتكۈزمەي ، ئۇ يەرلەرنى ساقلاشقا ئۆزىنىڭ سانغۇنلىرىنى ئەۋەتكەن . ساكارائول بېگى شيەننىڭ باشقىلارنى يەم قىلىشى ۋە قىرغىن-چىلىق قىلىشى غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغىغان . كېيىنرەك ئۇدۇننىڭ لەشكەر بېشى شۇمۇمبا ئۇدۇن بەگلى-كىنى قايتا تىكلىگەن . مىلادىيە 62 - يىلى ئۇدۇن بېگى گۇاڭدې قوشۇن باشلاپ بېرىپ ساكارائولنى مەغلۇپ قىلىپ ، ساكارائولنىڭ بېگى شيەننى ئۆلتۈرگەن . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇدۇن توخارا ، پاسئان ، يولئېرىق ، لىچخەۋىز ، سارىقول ، ئۇزۇن تات قاتارلىق كىچىك بەگلىكلەرنى ئارقا - ئارقىدىن يۇتۇۋالغان . نەتىجىدە غەربىي يۇرت ۋەزىيىتى بىر مەھەل قالايمىقانلىشىپ كەتكەن . مىلادىيە 61 - يىلى ھونلار قۇس ، كىنگىت ، كۇسەن ، قۇم ، سۇلې قاتارلىق 15 بەگلىك قوشۇنىنى باشلاپ بېرىپ ئۇدۇننى تەسلىم قىلغان . ئۇدۇن بېگى گۇاڭدې ئۆزىنىڭ شاھزا-دىسىنى شىمالىي ھونلارغا تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولغان . شۇنىڭ بىلەن شىمالىي ھونلار پۈتۈن غەربىي يۇرتنى يەنە كونترول قىلغان .

مىلادىيە 74 - يىلى خەن سۇلالىسى ئەۋەتكەن قوشۇن دۇنخۇاڭدىن

www.uyghurkitap.com



چىقىپ، ئالدى قوس ۋە ئارقا قوس قەبىلىلىرىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، غەربىي يۇرتتىكى كۆپ سانلىق بەگلىكلەر هونلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغان. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى ۋە ۋۇ جىي چېرىكچىبەگ (غەربىي يۇرتقا خاس مەنسەپ نامى، ئېكىنچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەڭ چوڭ ئەمەلدار) مەھكىمىسىنى قايتىدىن تەسىس قىلىپ، چىن مۇ غەربىي يۇرت باش قورۇقچىبېگى قىلىپ تەيىنلەنگەن.

غەربىي يۇرت باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر قاتارىدا ئۇنىڭغا قارام بولغان مەكىت رايونى، كېيىنكى قالايمىقانچىلىق مەزگىللىرىدە ساكارائول، ئۇدۇن، هونلار ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرگەن غەربىي يۇرت باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قاتارلىقلارنىڭ تەۋەلىكىدە بولۇپ، قولدىن قولغا ئۆتۈپ تۇرغان.

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەر شامان دىنى، زوروئاستېر دىنى، بۇددا دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. بۇ دىنلار مەكىت رايونىغىمۇ تارقالغان بولۇپ، هازىر مەكىت رايونىدا شامان، زوروئاستېر، بۇددا قاتارلىق قەدىمكى دىنلارنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىنى كۆپلەپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ[1].

«يىپەك يولى» قەدىمكى زاماندا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرىسىدىن شەرقتىن غەربكە كېسىپ ئۆتىدىغان، جۇڭگو بىلەن غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا سودا ئالاقىسى ئېلىپ بېرىلىدىغان قۇرۇقلۇقتىدىكى چوڭ كارۋان يولى ئىدى. جۇڭگونىڭ يىپەك بۇيۇملىرى غەربكە مۇشۇ يول ئارقىلىق زور مىقداردا توشۇلغانلىقتىن، كىشىلەر بۇ مۇھىم قاتناش لىنىيىسىنى «يىپەك يولى» دەپ ئاتىغان.

«يىپەك يولى» دېگەن نام گېرمانىيىلىك گېئوگراف فېردىناند ۋون

---

① ئادىل مۇھەممەت تۇران: «مەكىت رايونىدىكى قەدىمكى دىنلارنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2001 ـ يىلى 4 ـ سان، 70 — 74 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



رىچتوفېن تەرىپىدىن مىلادىيە 1877 ـ يىلى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، خەلقئارالىق بىر ئىلمىي ئاتالغۇ سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىپ، ئەسلىدىكى «كارۋان يۈيۈك»، «شاھرايى ئەبرىشىم» دېگەن نامىلارنىڭ ئورنىنى ئالغاندىن كېيىنمۇ، بۇ يول — يىپەك يولى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن، توغرىسى، ئۇ كۆرسىتىدىغان لىنىيە ھەققىدىكى قاراشلار ھەرخىل بولۇپ كەلدى. پەقەت ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 — 90 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلگەن ئۇچۇرلار، XX ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىكى غەرب ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلىرى ۋە يېقىنقى يىللاردا قولغا كەلگەن قەدىمكى يىپەك يولى ئەتراپىدىكى خارابە ـ ئىزلارنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشنىڭ نەتىجىلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، يىپەك يولى ھەققىدە بىرقەدەر ئومۇمىيراق بولغان قاراش بارلىققا كەلدى.

يىپەك يولى غەربىي خەن خاقانلىقىنىڭ پايتەختى چاڭئەندىن باشلىنىپ خېشى كارىدورىدىن ئۆتۈپ، دۇنخۇاڭدىن چىقىپ تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ چاقىلىق، چەرچەن، نىيە، كېرىيە، خوتەن گۇما ئارقىلىق قاغىلىق، يەكەنگە كېلىپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى. بىرى يەكەندىن چىقىپ تاشقورغان ئارقىلىق پامىردىن ئۆتۈپ، باكتېرىيە (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمى)گە كىرىپ ئىرانغا باراتتى، يەنە بىرى، يەكەندىن چىقىپ قەشقەرگە كېلىپ، ئاندىن پامىردىن ھالقىپ ئىرانغا باراتتى. بۇ جەنۇبىي يول دەپ ئاتىلاتتى. ئىككىنچى يول دۇنخۇاڭدىن چىقىپ، تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىنى بويلاپ غەربكە سۈرۈلۈپ، قۇمۇل، تۇرپان، كىنگىت، كۇسەن، ئاقسۇ (ئەردىنۇل دەپمۇ ئاتالغان)، مارالبېشى ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىپ، ئاندىن تەڭرىتاغنىڭ ئېگىز ئومۇرتقىلىرىدىن ۋە تېرەك داۋانىدىن ھالقىپ، پەرغانە ۋادىسى ئارقىلىق ئىرانغا باراتتى. بۇ ئوتتۇرا يول دەپ ئاتىلاتتى. ئۈچىنچى يول دۇنخۇاڭدىن چىقىپ قۇمۇل، يەتتە قۇدۇق ئارقىلىق تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ، مورى ۋە جىمسار (قەدىمدە بېشبالىق دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاتالغان ) ئارقىلىق سانجى (يېڭىبالىق دەپ ئاتالغان ) ئەتراپىغا كېلىپ، ھازىرقى ئۈرۈمچى - ئىلى يولىنى بويلاپ جۇڭغار ئويمانلىقىدىن ئۆتۈپ، تەڭرىتاغ ئېغىزى (تەلكە ئېغىزى ) ئارقىلىق ئىلى ۋادىسىدىكى ئالمىلىققا كېلىپ، ئاندىن غەربكە مېڭىپ، كاسپىي دېڭىز بويى ئارقىلىق غەرب ئەللىرىگە باراتتى. بۇ يول شىمالىي يول دەپ ئاتىلاتتى. شىمالىي يول بىلەن ماڭغان كارۋان يەنە ئاقسۇغا كېلىپ، ئۇچتۇرپان ئارقىلىق بەدەلئارت داۋىنىدىن ئۆتۈپ، ئىسسىقكۆلگە بېرىپ، ئۇ يەردىن داۋاملىق غەربكە سۈرۈلۈپ، كاسپىي دېڭىزى ۋە غەرب ئەللىرىگە باراتتى. ئادەتتە، شىمالىي يول يەنە «يايلاق يولى» دەپمۇ ئاتىلاتتى. مانا بۇ، يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئاساسىي يول لىنىيىلىرى بولۇپ، قەشقەر ئېلىمىزدىن غەربكە سۈرۈلگەن يىپەك يولىنىڭ غەربتىكى ئاخىرقى ئۆتكىي، غەربتىن ئېلىمىزگە سۈرۈلگەن يىپەك يولىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئىدى①.

ئەينى زاماندا «بۇ يولدا ئەلچىلەر ھەمىشە ئۇچراپ تۇراتتى»، «ھەربىر ئەلچىلەر ئۆمىكىدە كۆپ بولغاندا نەچچە يۈز، ئاز بولغاندا يۈز نەچچە ئادەم بولاتتى». بىر يىل ئىچىدە «ئەلچىلەر ئۆمىكى ئاز دېگەندە 5 — 6 تۈركۈم، كۆپ بولغاندا ئون نەچچە تۈركۈم بولاتتى». مەپىرى يىراق ئەلچىلەرنىڭ بىر قېتىملىق كېلىپ - كېتىشى ئۈچۈن 8 — 9 يىل كەتسە، يېقىندىكىلىرى ئۈچۈن بىرقانچە يىل ۋاقىت كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئەلچىلىرىمۇ ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى.

ھۆكۈمەت سودىسىدىن تاشقىرى، خەلق ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇئامىلىسىمۇ ئىنتايىن كۆپ ئىدى. جۇڭگو ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى يىپەك سودىسىدىن كېلىدىغان غايەت زور پايدىنى كۆزلەپ، يولنىڭ يىراق، جاپالىق، خەتەرلىك بولۇشىدىن قورقماي، ئۇزۇن مۇساپىلەرنى

① ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى» (1)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2001 - يىل 12 - ئاي نەشرى، 44 — 46 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



بېسىپ ، قاتار ـ قاتار تۆگە كارۋانلارغا ئەگىشىپ ، جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ چوڭ يولدا ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇراتتى. تۈركۈم ـ تۈركۈم سودىگەرلەر «ئۆتەڭلەردىكى دەڭلەرگە توشۇپ كېتەتتى ، يىل بويى ئايىغى ئۈزۈلمىگەن سودىگەرلەر ۋە ئېلىپ ـ ساتارلار ھەركۈنى قورۇللاردا سودا ـ تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولاتتى»[1] . بۇنىڭدىن يىپەك يولىنىڭ گۈللەنگەنلىكى ئايان ئىدى.

قەدىمكى «يىپەك يولى» نىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى جەنۇبىي لىنىيىسى ساكارائول (يەكەن) گە كەلگەندىن كېيىن ، بىردە تاغ يوللىرى ئارقىلىق سارىقول (تاشقورغان) غا چىقىپ غەربكە سۇرۇلگەن بولسا ، يەنە بىردە قەشقەر (سۇلې) گە كېلىپ ئوتتۇرا يول بىلەن تۇتاشقان. ئۇنىڭدىن باشقا ، يەكەن (دولان) دەرياسىنى بويلاپ بارچۇق (مارالبېشى) قا كېلىپ ، يەنە ئوتتۇرا ، شىمالىي يوللار بىلەن تۇتاشقان. دولان دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا جايلاشقان مەكىت بۇ ئوتتۇرىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان.

3 . ۋېي ، جىن ۋە جەنۇبىي ، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى مەكىت

ۋېي ، جىن ۋە جەنۇبىي ، شىمالىي سۇلالىلەر 220 ـ يىلى ساۋپېي قۇرغان ۋېي پادىشاھلىقىدىن 581 ـ يىلى ياڭ جيەن قۇرغان سۈي سۇلالىسىگە قەدەر بولغان تارىخىي دەۋرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ 360 يىلدىن ئارتۇق تارىخىي جەرياندا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھاكىمىيەتلەر تولا ئالماشقان ، ۋېي ، شۇ ، ۋۇدىن ئىبارەت ئۈچ پادىشاھلىق ، قىسقا مۇددەت بىرلىككە كەلگەن غەربىي جىن سۇلالىسى ، جەنۇب بىلەن شىمال تىركىشىپ تۇرغان مەزگىلدىكى 16 پادىشاھلىق ۋە شەرقىي جىن سۇلالىسى ، شۇنىڭدەك جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى سۇڭ ، چى ، لياڭ ، چېن پادىشاھلىقلىرى ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى شىمالىي ۋېي ، شەر-

[1] «كېيىنكى خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» («شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» 97 ـ بەتتىكى نەقىل).

www.uyghurkitap.com



قىي ۋېي ، غەربىي ۋېي ، شىمالىي چى ، شىمالىي جۇ پادىشاھلىقلىرى قاتارلىق فېئودال سۇلالىلەر ئۆتكەن . بۇ مەزگىل ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە چوڭ داۋالغۇش ، چوڭ بۆلۈنۈش ۋە مىللەتلەر ئارا چوڭ قوشۇلۇش بولغان دەۋر ئىدى .

بۇ دەۋردە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھاكىمىيەت-لەرمۇ بىر - بىرىنى يۇتۇۋېلىش ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بارغانلىقتىن ، يەتتە بەگلىك تىركەشكەن ۋەزىيەت شەكىللەنگەن . سىيانپىي ، جۇجان ، قاڭقىل ، ئېفتالىت قاتارلىق مىللەتلەر غەربىي يۇرتتا خېلى ئۇزاققىچە زومىگەرلىك ، خوجىلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ ، مىللەتلەرنىڭ كەڭ تۈردە ئارىلىششى ۋە قوشۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرگەن .

شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىل-غان ھونلار تەۋەلىكىدىكى كەڭ رايونلاردا ئۇدا بىرقانچە يىل چېكەتكە ئاپىتى ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ ، نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدى-غان كەڭ زېمىندا ئوت - چۆپ ۋە دەل - دەرەخلەر قۇرۇپ كېتىپ ، ئادەم ۋە چارۋا ماللار ئاچارچىلىق ۋە كېسەل سەۋەبىدىن كۆپلەپ قىرى-لىپ كەتكەن ، بۇنىڭ بىلەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان ھون ھاكىمىيىتى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان ئىدى . بۇنداق مۇشكۇل ئىقتىسادىي ۋەزىيەتتە ھون ئاقسۆڭەك ، ھۆكۈمرانلىرى گۇرۇھى ئىچىدە يەنە يېغىلىق يۈز بېرىپ ، ھاكىمىيەت جەنۇب ، شىمال دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن . جەنۇبىي ھونلار شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ كەتكەن .

جەنۇبىي ھونلارنىڭ خەن سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈشى بىلەن شىمالىي ھون ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ ، قۇلدارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى سىنىپىي زىددىيەت بىلەن مىللىي زىددىيەت-نى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەنلىكتىن ، ئۇزاقتىن بۇيان ھونلار تەرە-پىدىن قۇل قىلىنىپ كەلگەن ئوغانلار ، دىڭلىڭلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەر قوزغىلىپ ھونلارغا قارشى كۈرەش قىلغانىدى . بۇ ۋاقىتتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شەرقىي خەن سۇلالىسى ھاكىمىيىتى شىمالىي ھونلارغا سىياسىي جەھەتتىن پارچىلاش ، ھەربىي جەھەتتىن ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسىنى ئۇنۇملۇك يولغا قويغانلىقتىن ، ھون ھاكىمىيىتى مىلادىيە 91 - يىلى (پادىشاھ خې دىنىڭ يۇڭيۈەن 3 - يىلى ) ئۇزۇل - كېسىل يىمىرىلگەن . شىمالىي ھونلار «ئەسلىگە كېلەلمەي ، يىراققا كەتتى» . ئۇلارنىڭ بىر قىسمى جەنۇبقا بېرىپ ، جەنۇبىي ھونلارغا قوشۇلدى ، يەنە بىر قىسمى غەربكە كۆچۈپ ، «ئۇيسۇنلار تەرەپكە كەتتى» . قالغان بىر قىسمى كاڭگىيىگە باردى ، شىنجاڭ رايونىدا تۇرۇپ قالغان ھونلار بولسا غەربىي يۇرتلۇقلار تەرىپىدىن «كۈەيخۇ» دەپ ئاتالدى① .

184 - يىلى (پادىشاھ لىڭدىنىڭ گۇاڭخې 7 - يىلى ) كەڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە داغدۇغىلىق سېرىق ياغلىقلىقلار قوزغىلىڭى پارتلاپ ، شەرقىي خەن سۇلالىسى دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىنىڭ زەربىسىدە لىڭشىپ قالغان . ۋېي ، شۇ ، ۋۇدىن ئىبارەتئۈچ پاراللېل بۆلۈنمە ھاكىمىيەت بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھالەت شەكىللىنىپ ، ئۈچ پادىشاھلىقتىن كېيىن ، بىرلىككە كەلگەن غەربىي جىن سۇلالىسى تىكلەنگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۆمرى بەك قىسقا بولغان . ئۇنىڭ كەينىدىنلا بەش غۇز ، 16 بەگلىك ۋە ۋېي ، جىن ، جەنۇبىي ، شىمالىي سۇلالىلەر مەيدانغا كېلىپ ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە 300 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان چوڭ داۋالغۇش ۋە چوڭ بۆلۈنۈش ۋەزىيىتى كېلىپ چىققان . شۇڭا ، غەربىي يۇرتتىكى بىرقانچە ئون يەرلىك ھاكىمىيەتلەرمۇ بىر - بىرىنى يۇتۇۋېلىش يولىدا كەسكىن ئۇرۇش ئېلىپ بارغان . نەتىجىدە ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا ئۇيسۇن بىلەن قۇس بەگلىكى ، جەنۇبىدا كىنگىت ، كۇسەن ، پىشامشان ، ئۇدۇن ۋە سۇلې بەگلىكلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولۇپ ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىدا يەتتە بەگلىكنىڭ تىركىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن . بۇ خىل سىياسىي ۋەزىيەت سىياپىي ،

① «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1992 - يىل 7 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى ، 105 - بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



جۇجان ، قاڭقىل ، ئېفتالىت قاتارلىق كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىن ئىبارەت بۇ سىياسىي ، تارىخىي سەھنىدىكى پائالىيىتى ۋە قوراللىق جاڭجاللىرى ئۇچۇن شارائىت يارىتىپ بەرگەن .

مۇشۇ مەزگىللەردە مەكىت سۇلىي ، ئۇدۇن ، كۇسەن قاتارلىق بىر-قەدەر كۈچلۈك بەگلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ تۇرغان ۋە خېلى ئۇزاق مەزگىل سۇلىي بەگلىكىنىڭ تەسىرىدە بولغان .

## 4 . غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى مىللەتلەر ۋە مەكىت

ۋېي ، جىن ۋە جەنۇبىي ، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە سىيانپىي ، جۇجان ، قاڭقىل ، ئېفتالىت بەگلىكلىرى غەربىي يۇرتنى تىزگىنلەش ھوقۇقىنى تالىشىپ ، مۇشۇ تارىخىي سەھنىدە بىر ئەسىردىن كۆپ ۋاقىت قوراللىق ئۇرۇشقان .

ئېفتالىتلار يەنە يەنىدا (嚈哒 ) ، يى دان ( 挹怛 ) ، يى تيەن ( 悒阗 ) دەپمۇ ئاتالغان . دەسلەپتە خۇاگو بەگلىكى دەپ ئاتالغان . ئۇلارنىڭ خان جەمەتىنىڭ فامىلىسى ئېفتالىت بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ۋاڭ جەمەتىنىڭ فامىلىسىنى دۆلەت نامى قىلىۋالغان[1] . ئېفتالىتلار ھىندىستان ۋە شەرقىي رىم تارىخچىلىرى تەرىپىدىن ئاق ھون دەپمۇ ئاتالغان . V ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇلار ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا ئورۇنلاشقان . 484 ـ يىلى پېرسىيىنى مەغلۇپ قىلىپ ، دۆلەت نامىنى ئېفتالىت دەپ ئاتاپ ، بەدەخشان (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى فەيزئاباد ) شەھىرىنى پايتەخت قىلغان .

غەربىي يۇرتقا ئەڭ ئاۋۋال سىيانپىيلار كىرگەن بولۇپ ، ئۇلار مىلادىيە I ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان . سىيانپىيلار قۇرغان شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بىر چوڭ دۆلەت بولغانلىقتىن ، ئۇلارمۇ غەربىي

---

① «قانۇنلار قامۇسى . جېگرا مۇداپىئە قامۇسى» ، «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» ، ئۇيغۇرچە ، 110 ـ بەتتىكى نەقىل .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرمەكچى بولغان . ئەمما ، بۇنىڭغا جۇجانلار ئەڭ زور توسالغۇ بولغان . 402 - يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تيەنشىڭ 5 - يىلى ) جۇجانلارنىڭ باشلىقى يۇ جۇلۈي سەللان قاغان بولغاندا ، ئۇنىڭ تەسىر كۈچى كىنگىتنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا يېتىپ بارغان ، 414 - يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسى مىڭ يۈەندىنىڭ شېن رۇي 1 - يىلى ) غا بارغاندا ، جۇجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھەربىي ھاكىمىيىتى غەربىي يۇرتتىكى ئېپۇرغول ، قوچو ، قۇس ، كىنگىت ، كۇسەن ، قۇم قاتارلىق جايلارنى كونترول قىلغان . V ئەسىرنىڭ 20- يىللىرىدا شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شىمالىي چۆللۈكتە ھەربىي جەھەتتە جۇجانلار ئۈستىدىن بىرقانچە قېتىم غەلىبە قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما جۇجانلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقىنى تەۋرىتەلمىگەن .

460 - يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ خېپىڭ 1 - يىلى ) جۇجانلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غەربىي يۇرتقا قايتا ھەربىي ھۇجۇم باشلىدى . 470 - يىللارغا كەلگەندە جۇجان قوشۇنلىرى ئۇدۇنغا قىستاپ كېلىپ ، غەربىي يۇرتتىكى نۇرغۇنلىغان جايلارغا قايتىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلدى .

487 - يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيخې 11 - يىلى ) قاڭقىللارنىڭ پۇۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئاپۇرغۇر بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى چۇڭچى تۇرپان ئويمانلىقىدا قاڭقىل بەگلىكىنى قۇردى . شۇنىڭدىن باشلاپ قاڭقىللار بىلەن جۇجانلار بىر - بىرى بىلەن 30 يىل ئۇرۇشتى . قاڭقىللار بىلەن جۇجانلار ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى سىياسىي كۈچلەرنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇپ ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئېفتالىتلارغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى . ئېفتالىتلار پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ ، V ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى شەرققە قاراپ كېڭىيىپ ، جۇجانلارنىڭ قولىدىن كۇسەن ، قۇم ، سۇلې ، جۇجۇق (ھازىرقى قاغىلىق ناھىيىسى دائىرىسىدە ) ، ئۇدۇن قاتارلىق جايلارنى تىزگىنلەش ھوقۇقىنى بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەھەل تارتىۋالدى ھەمدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا قاڭقىللارنى مەغلۇپ قىلدى. مانا شۇ چاغدىن باشلاپ مەكىت ئېفتالىتلارنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە بولدى.

VI ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا كەلگەندە شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شەرقىي ۋېي ۋە غەربىي ۋېي دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكتىن، دۆلەت كۈچى ئاجىزلاپ كەتتى. بىر مەزگىل قۇدرەت تاپقان جۇجان خانلىقىنىڭ كۈچىمۇ ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشقان ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ئاجىزلىشىپ، قۇتقۇزغۇسىز دەرىجىگە يېتىپ قالغان. بۇ چاغدا جۇجانلارغا قۇل بولۇپ كېلىۋاتقان تۈرك قەبىلىلىرى بۇنداق پايدىلىق ۋەزىيەتتە ئۆزىنىڭ كۈچىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جۇجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن تېزلا قۇتۇلۇپ، يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن بىر كۈچكە ئايلانغان. 546 ـ، 555 ـ، 563 ـ يىللىرى ئۇلار غەربىي يۇرتتا ئۇرۇشقان قاڭقىل، جۇجان ۋە ئېفتالىتلارنى ئىلگىرى ـ كېيىن يوقاتقان.

سىيانپىي، جۇجان، قاڭقىل، ئېفتالىت ھاكىمىيەتلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتا بىر ئەسىردىن ئارتۇق داۋام قىلغان خوجىلىق تالىشىش ئۇرۇشلىرى بۇ رايوننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى قاتتىق ئېگىز ـ پەس قىلدى، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ ئىنتايىن ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. ئەمما، شۇنى كۆرۈش كېرەككى، دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار پەۋقۇلئاددە مۇھىت ۋە ۋەزىيەت شارائىتىدا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ۋە ئالماشتۇرۇشنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. بۇ ھال مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى، تىل ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى، بىر ـ بىرىنىڭكىنى قوبۇل قىلىشى، ھەتتا قانداشلىق جەھەتتە ئۆزئارا قوشۇلۇپ كېتىشىگە تۈرتكە بولدى. مانا بۇلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى مىللەتلەر ئارىسىدىكى بىر قېتىملىق تەبىئىي چوڭ قوشۇلۇشقا ۋە مەلۇم دەرىجىدىكى ئاسسىمىلياتسىيىلىشىشكە سەۋەب بولدى①.

① «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىل 7 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 116 — 117 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



تۈركلەر قەدىمكى دەۋردە مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالى بىلەن غەربىي شىمالىدا ياشىغان مۇھىم بىر مىللەت. ئۇلار مىلادىيە V ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھاكىمىيەت تىكلەپ، VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنگەنگە قەدەر تۈرك خانلىقى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 200 يىلدىن ئارتۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ئۇ ئەڭ قۇدرەت تاپقان چاغدا موڭغۇل يايلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى، ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدىن ئىبارەت كەڭ زېمىننى ئىگىلىگەن بولۇپ، مەملىكىتىمىز ۋە دۇنيا تارىخىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن كۈچلۈك بىر خانلىق ئىدى.

تۈركلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا، ئۇلارنىڭ ئەجدادى «ئاشنا» نى فامىلە قىلغان (تۈرك خانلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئۇرۇقنى مەنبە قىلغان)، بۆرىنى توتېم① قىلغان قەبىلە دەپ خاتىرىلەنگەن. تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى دەسلەپ يېنسەي دەرياسىنىڭ باش تەرىپىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان، ھونلارنىڭ زۇلمى ۋە پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلىدىن، تەڭرىتاغنىڭ ئاساسىي چوققىلىرىدىن بولغان بوغدا تېغى ئەتراپىغا كۆچۈپ كېلىشكە مەجبۇر بولغان. V ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇجانلارنىڭ تەسىر كۈچى جۇڭغار ئويمانلىقىغا كىرگەن. تۈركلەر ئالتۇنتاغ (بۈگۈنكى ئالتاي تېغى) نىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. ئالتۇنتاغنىڭ شەكلى دۇبۇلغىغا ئوخشىغاچقا، كىشىلەر دۇبۇلغىنى «تۈرك» دەپ ئاتىغان. «تۈرك» دېگەن نام مانا مۇشۇنىڭدىن كەلگەن. تۈركلەر جۇجان ئاقسۆڭەكلىرى ئۈچۈن تۆمۈر تاۋلاپ، تۆمۈر قورالLLرىنى ياسىغاچقا، جۇجان خانى تەرىپىدىن «بازغانچى قۇللار» دەپ ئاتالغان.

جۇجان ئاقسۆڭەكلەر ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ئۇلار قۇل قىلىپ كەلگەن مىللەتلەر ئۇلارغا قارشى ئۇزلۇكسىز كۈرەش قىلغان،

---

① توتېم — ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر تەبىئىي نەرسىنى ئەجدادلىرىنىڭ ياكى قەبىلىسىنىڭ چوقۇنۇش بەلگىسى قىلىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولۇپمۇ قاتتىقلار بىلەن جۇجانلار ئوتتۇرىسىدا 30 يىل داۋام قىلغان ئۇرۇش جۇجان ھاكىمىيىتىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى زور دەرىجىدە خوراتقان . تۈركلەرنىڭ مەشھۇر باشلىقى ئاشنا تۇمەننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە ، تۈركلەر ئىقتىسادىي جەھەتتە جۇجانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بىلەنلا قالماي ، يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانىدانلىقلار ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەگلىكلەر بىلەنمۇ قويۇق ئالاقە قىلغان . غەربىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ ، ئىككى تەرەپ يىپەك ۋە ئات سودىسى مۇناسىۋىتىنى ئورناتقان . 546 - يىلى تۈركلەر ئالدى بىلەن جۇڭغار ئويمانلىقى ئەتراپىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تېلېلارنى بويسۇندۇرغان ھەمدە ئۇلارنىڭ 50 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئاھالىسىنى قوشۇۋېلىپ ، تۈركلەرنىڭ كۈچىيىشىگە ئاساس سالغان . 552 - يىلى (ۋېي سۇلالىسىنىڭ فېيدى 1 - يىلى ) تۇمەن قوشۇن باشلاپ جۇجانلارنى مەغلۇپ قىلىپ ، تۇمەن ئۆزىنى ئىل قاغان دەپ ئاتاپ ، تۈرك خانلىقىنى رەسمىي قۇرغان . كېيىن مۇقان قاغان (553 — 572 - يىللار ) ئاۋۋال جۇجان خانلىقىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يوقىتىپ ، قۇملۇقنىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن . كېيىن يەنە غەربتە ئېفتالىتلارنى ، شەرقتە قىتانلارنى مەغلۇپ قىلغان ، شىمالدا خاككاسلار (قىرغىزلار ) نى ئۆزىگە قوشۇۋالغان . مۇقان قاغان قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە تۈرك خانلىقىنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ ، شىمالىي قۇملۇقتىكى ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۆتۈكەن تېغىدا ئوردا قۇرغان . ئۇ ۋاقىتتا تۈرك خانلىقىنىڭ زېمىنى «شەرقتە لياۋخېنىڭ غەربىدىن باشلىنىپ ، غەربتە ئابىسكون دېڭىزى (بۈگۈنكى كاسپىي دېڭىزى )غىچە بولغان 10 مىڭ چاقىرىم ، جەنۇبتا قۇملۇقنىڭ شىمالىدىن ، شىمالدا بايقال كۆلىگىچە بولغان 5000 — 6000 چاقىرىم» يەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، ھونلاردىن كېيىن مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر قۇرغان يەنە بىر قۇدرەتلىك خانلىق بولۇپ قالغان .

تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئىگە . ئۇ II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيان مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن غەربىي قىسمىدا داۋام قىلىپ كەلگەن مالىمانچىلىق ، بۆلۈنمىچىلىككە خاتىمە بېرىپ ، مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن غەربىي قىسمىنىڭ سىياسىي جەھەتتە بىرلىككە كېلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي قىسىملىرىدىكى چېگرا رايونلىرىنى كېڭەيتىشتە غايەت زور تۆھپە قوشقان .

تۈرك خانلىقى قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي قاغان تومەن ئۆز ئىنىسى ئىستەمىنى 567 - يىلى 100 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇنغا باش قىلىپ غەربكە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتكەن . ئىستەمى غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنى بويسۇندۇرۇپ ۋە ئېفتالىتلارنى مەغلۇپ قىلىپ ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋارائۇننەھر رايونىنى ئىشغال قىلغان . ئامۇ دەرياسى تۈرك خانلىقى بىلەن پېرسىيىنىڭ پاسىلى بولۇپ قالغان ، كېيىن ئىستەمى ئۆزىنى خان قىلىپ تىكلەپ ، مۇستەقىل بىر سىياسىي گەۋدە شەكىللەندۈرگەن . شۇنىڭدىن تارتىپ تۈرك قاغانلىقى ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈرك قاغانلىقى ۋە غەربىي تۈرك قاغانلىقى دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن . 576 - يىلى ئىستەمى ئۆلۈپ ، ئورنىغا ئوغلى تامكوت ۋارىسلىق قىلىپ ، ئۆزىنى تاردۇش قاغان دەپ ئاتىغان . 583 - يىلى شەرقىي تۈركلەرنىڭ قاغانى ئىشبارا 400 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇن بىلەن سۈي سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىپ ، تيەنشۈي ، يەنئەن قاتارلىق جايلارنى تالان - تاراج قىلغان . سۈي سۇلالىسى ياڭ خۇڭ ، گاۋجيۇڭ قاتارلىقلارنى تەرەپ - تەرەپتىن ئۇرۇشقا ئاتلاندۇرۇپ ، ئىشباراغا زەربە بەرگەن . غەرب تەرەپتىكى تاردۇش قاغان ئىشبارانىڭ قوشۇنلىرىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىدىن پايدىلىنىپ غەربىي يۇرتتىكى جايلارنى ئىگىلەپ ، ئىشبارا قاغان بىلەن پۈت تېپىشكەن . بۇنىڭ بىلەن تۈركلەر شەرقىي تۈرك خانلىقى ۋە غەربىي تۈرك خانلىقى دەپ ئىككىگە رەسمىي بۆلۈنگەن . شەرقىي تۈركلەر بىلەن غەربىي تۈركلەر ئاساسەن ئالتۇنتاغنى پاسىل قىلغان . مۇشۇ مەزگىللەردە مەكىت ئاۋۋال تۈرك قاغانلىقىنىڭ ، كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



غەربىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان . غەربىي تۈركلەر تۇن يابغۇ قاغاننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە ئىنتايىن كۈچىيىپ ، ئۇقيالىق ئەسكىرى نەچچە يۈز مىڭغا يەتكەن ، سۇياپ شەھىرى (ھازىرقى توقماق ئەتراپى ) دە چوڭ قارارگاھ قۇرغان . تۇن يابغۇ قاغان ئۆلگەندىن كېيىن ، غەربىي تۈركلەر ئۇزاققىچە بۆلۈنۈش ، مالىمانچىلىق ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار زاۋاللىققا يۈزلەنگەن .

## 5 . سۇي ، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى مەكىت

سۇي سۇلالىسى (581 — 618 ) ئاران 38 يىل دەۋر سۈرگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ ، ئەمەل ـ مەنسەپ ، قانۇن ـ تۈزۈملەرنى تەسىس قىلىپ ، چېگرا رايوننى ئاكتىپلىق بىلەن ئېچىپ ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۈللىنىپ روناق تېپىشى ۋە غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن ئاساس سالغان .

300 يىلغا يېقىن دەۋر سۈرگەن لى جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى تاڭ سۇلالىسى (618 — 907 ) دەۋرى — جۇڭگو فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى . تاڭ سۇلالىسى سىياسىي ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئەينى زاماندا دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى . پۈتۈن دۇنيا تاڭ سۇلالىسىگە ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قارايتتى . تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى چېگرا رايوننىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ، ئىناقلىقى ۋە دوستلۇقى جەھەتتە شانلىق تارىخىي سەھىپە قالدۇرغانىدى .

581 ـ يىلى شىمالىي جۇ بەگلىكىنىڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي ھوقۇقىنى كونترول قىلىۋالغان باش ۋەزىر ياڭ جيەن جۇ بەگلىكىنىڭ سەككىز ياشلىق پادىشاھى جىڭ دىنى تەختتىن چۈشۈرۈۋېتىپ ، ئۆزىنى پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى ، دۆلەت نامىنى سۇي دەپ ئاتىدى ، يىلنامىنى كەيخۇاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com


قىلىپ ئۆزگەرتتى ، چاڭئەننى پايتەخت قىلدى .

سۈي سۇلالىسى چېن سۇلالىسىنى يوقىتىپ ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، جۇڭگودا نەچچە يۈز يىل داۋاملاشقان بۆلۈنمە ۋەزىيەتكە خاتىمە بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدىمۇ ئاكتىپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى .

583 - يىلى (كەيخۇاڭنىڭ 3 - يىلى ) تۈركلەر شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك دەپ ئىككى بۆلەككە رەسمىي بۆلۈنۈپ كەتتى . 599 - يىلى تۈرك قاغانى قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئىچىدە زور قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى . غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى تاردۇش پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىلتەبىرنى ئۆز قەبىلىسىنى باشلاپ شىمالىي چۆللۈكنى ئىشغال قىلىشقا ئەۋەتىپ ، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەرنى بىرلىككە كەلتۈردى ، ئۆزىنى بىلگە قاغان دەپ ئاتاپ ، تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ قاغانى بولۇۋالدى .

603 - يىلى غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەت ئىنتايىن كەسكىنلەشتى ، تېلې ، ئىزگىل ، بارغۇت قاتارلىق ئون نەچچە قەبىلە بىرلىكتە قوزغىلىپ قارشى چىقتى . بۇنىڭ بىلەن تاردۇش يۇت تىرەپ تۇرىدىغان زېمىندىن مەھرۇم قېلىپ ، قالدۇق قىسىملىرىنى باشلاپ غەربتىكى تۇيغۇنلار تەرەپكە قېچىپ كەتتى . غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا زور مالىمانچىلىق يۈز بەردى . نەتىجىدە تۈركلەرنىڭ هۆكۈمرانلىق كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتى .

تېلې قەبىلىلىرى قىبئار قەبىلىسىنىڭ باشلىقى قىبئار غالىبنىي ئۇۋش باغا قاغان قىلىپ سايلاپ ، سىر - تاردۇشلارنىڭ باشلىقى ئىلدىرىنى كىچىك قاغان قىلىپ سايلاپ ، تېلې خانلىقىنى قۇردى .

605 - يىلى (سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې 1 - يىلى ) سۈي ياڭدى تەختكە چىقىپ ، غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇش ھەرىكىتىنى پائال قانات يايدۇردى ۋە تېلېلار بىلەن بىرلىشىپ تۇيغۇنلارنى مەغلۇپ قىلىپ ، سۈي سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئىناۋىتى ، تەسىرىنى يۇقىرى كۆتۈردى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



شېكۆي غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى بولغاندىن كېيىن، نەچچە تۈمەن ئوقياچى لەشكەرگە ئىگە بولۇپ، ئىستەمى ۋە تاردۇش قاغان دەۋرىدىكى قۇدرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، غەربىي تۈركنى ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرگە ئېلىپ كىردى.

سۈي سۇلالىسى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ قاقشاتقۇچ زەربىسى بىلەن ھالاكەتكە يۈزلەندى. بۇ چاغدا تەييۈەننى مۇداپىئە قىلىۋاتقان گۇەنلۇڭ (گۇەنجۇ — لۇڭشى رايونى) لۇق ئاقسۆڭەك لى يۈەن 617 - يىلى تەييۈەندە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ تەييۈەندىن ئۇدۇل چاڭئەنگە باستۇرۇپ كىردى. 618 - يىلى سۈي ياڭدى جياڭدۇدا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، لى يۈەن چاڭئەندە ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئاتاپ، تاڭ سۇلالىسىنى قۇردى، يىلنامىنى ۋۇدې دەپ ئۆزگەرتتى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇ پادىشاھى لى يۈەن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە (618 — 626) تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنىڭ ئىشلىرىغا قارىغۇدەك مادارى يوق ئىدى. 626 - يىلى لى يۈەننىڭ ئىككىنچى ئوغلى لى شىمىن «شۈەن ۋۇمېن ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن پادىشاھ بولدى، ئۇ تارىختا تاڭ تەيزوڭ دەپ ئاتالدى، يىلنامىسى جېنگۈەن دەپ ئاتالدى. تاڭ تەيزوڭ يىراقنى كۆرىدىغان، دانا ۋە ئىستىبداتلىق پادىشاھ ئىدى. ئۇ ئىچكى سىياسەتنى ئىسلاھ قىلىش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش بىلەن بىر ۋاقىتتا زېمىن دائىرىسىنى پائال كېڭەيتىپ، غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە كىرىشتى. 630 - يىلى شەرقىي تۈرك خانلىقى يوقالدى. 657 - يىلى تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرگە قارىتا كەڭ كۆلەمدە جازا يۈرۈشى قوزغىدى. غەربىي تۈرك خانلىقى يوقىتىلىپ، تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلتۈردى.

640 - يىلى تاڭ سۇلالىسى قوچۇدىكى چۇ جەمەتى خانلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com



تىنچىتقاندىن كېيىن ، غەربىي ئايماق بىلەن بېشبالىق ئايمىقىنى تەسىس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا غەربىي ئايماق (ھازىرقى تۇرپان ) دا تەگرى- تاغنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەر بەگلىكلىرىنى ھەم كىنگىت ، كۇسەن ، سۇلې ، ئۇدۇن قاتارلىق جايلاردىكى تۆتتۇق بەگ مەھكىمىلىرىنى باشقۇرى- دىغان ئەنشى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغان .

ئەنشى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى : «ئەنشىدىكى تۆت قورغان» ۋە پامىرنىڭ غەربى ، پېرسىيىنىڭ شەرقى ، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى 20 تۇتۇق مەھكىمىسىگە قاراشلىق رايون- لار ، يەنى پامىرنىڭ شەرقىدىكى كىنگىت ، كۇسەن ، سۇلې ، كېرىيىدىن ئىبارەت تۆت تۇتۇق مەھكىمىسى ۋە پامىرنىڭ غەربى ، پېرسىيىنىڭ شەرقى ، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى توخرى ، قۇم ، پېرسىيە قاتارلىق 16 تۇتۇق مەھكىمىسىدىن ئىبارەت ئىدى[1] . مەكىت سۇلې تۇتۇق مەھكە- مىسىنىڭ دائىرىسىدە بولۇپ ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەنى- دى .

ھالبۇكى ، مەكىت رايونىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بو- لۇشى قىسقا بىر مەزگىللىك بولۇپ ، تۈبۈتلەرنىڭ غەربىي يۇرتقا بېسىپ كىرىشى بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى .

1 . تۈبۈتلەر ۋە مەكىت

تۈبۈت خەنزۇچە 图伯特 ، 退摆特 ، 条拜提 دەپمۇ ئاتالغان . ئۇلار زاڭزۇ مىللىتىنىڭ ئەجدادى بولۇپ ، ئاساسەن چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىگە ئورۇنلاشقان . تۈبۈتلەر گەنسۇ ، چىڭخەيدىن جەنۇبقا كۆچ- كەن غەربىي چاڭلارنىڭ بىر تارمىقى بولغان فاچاڭلار بىلەن يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىسىدا تەرەققىي قىلىپ شەكىللەنگەن . VI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى لاڭرىلۇنزەن دۆلەت قۇرغان . 629 - يىلى (جېنگۇەننىڭ 3 - يىلى ) لاڭرىلۇنزەننىڭ 13 ياشلىق ئوغلى چىسۇڭزەن

---

[1] «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1992 - يىل 7 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى ، 164 — 165 - بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



(چىنئۇگزەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) زەنپۇ (خان ) لىق تەختكە ئولتۇرغان
چىسۇگزەن قۇرامىغا يەتمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئىنتايىن باتۇر ،
دانالىق بىلەن شىزاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، پايتەختنى لوشې (هازىر
قى لاسا ) غا يۆتكىگەن . ئۇ پۇختا ھەربىي تەشكىلىي تۈزۈم بەرپا قىلىپ
خىل لەشكەرنى 400 مىڭغا يەتكۈزگەن . يېزىق ئىجاد قىلغان ، قانۇن
تۈزۈپ چىققان . تاڭ سۇلالىسى مەلىكىسى ۋېنچېڭ بىلەن توي قىلىپ
تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرغان . ئ
ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، كىشىلەر ئۇنىڭ تۆھپىسىنى تەرىپلەپ ، ئۇنى
«گەنبۇ» ، يەنى پەزىلەتلىك خان دەپ ئاتىغان . سۇگزەن گەنبۇ دېگەن
سۆز «سەلتەنەتلىك ، پەزىلەتلىك» دېگەنلىك بولىدۇ .

650 - يىلى (تاڭ گاۋزۇ يۇڭخۇينىڭ 2 - يىلى ) سۇگزەن گەنبۇ
ۋاپات بولغان . ئۇنىڭ ئوغلى بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەچكە ، ئۇنىڭ نارەسىدە
نەۋرىسى ماڭ سۇگماڭزەن خانلىق تەختكە ئولتۇرغان . شۇنىڭ بىلەن
تۇبۇت خانلىقىنىڭ چوڭ ھوقۇقى ۋەزىر غالدۇڭزەن جەمەتىنىڭ قولىغا
چۈشۈپ كەتكەن . ئۇلار تۇبۇت خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ دوستانە
بىللە ياشاش مۇناسىۋىتىگە تامامەن ئاسىيلىق قىلىپ ، سۇگزەن گەنبۇ-
نىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ ئىش قىلغان . 662 - يىلى (لۇڭسونىڭ 2 -
يىلى ) تۇبۇتلەر غەربىي تۈرك گۇڭيۇ قەبىلىسىنىڭ ۋە سۇلېنىڭ باشلىق-
لىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۇدۇن رايونىغا ھۇجۇم قىلىپ ، 663 - يىلى
تۇبۇتلەر تۇيغۇنلارنى مەغلۇپ قىلىپ ، چىڭخەينى ئىگىلەپ ، بۇ مۇھىم
ئىستراتېگىيىلىك جاينى كونترول قىلغان . ئۇزاق ئۆتمەيلا تۇبۇتلەر يەنە
ئالتۇنتاغدىن ئۆتۈپ ، پىشامشان ۋە چۇرچان رايونلىرىنى بېسىۋالغان .
670 - يىلى تۇبۇتلەرنىڭ غەربىي يۇرتتا ئىگىلىگەن ئايماقلىرى 18 گە
يېتىپ ، ئۇدۇن تۇبۇتلەرگە تەسلىم بولغان ۋە ئۇلار بىلەن بىرلەشمە
قوشۇن تەشكىللەپ كۇسەنگە ھۇجۇم قىلغانىدى . 675 - يىلى تاڭ
سۇلالىسى ئۇدۇندا كېرىيە تۇتۇق مەھكىمىسى ، سۇلېدا سۇلې تۇتۇق
مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ ، 679 - يىللىرىغا بارغاندا تۇبۇتلەر ئاخىر

تۈت قورغاننى ئىشغال قىلغان . شۇنىڭ بىلەن ئەنشىدىكى بۇ تۈت قورغان تەۋەسىدىكى جايلار ، سۇلې قورغىنى تەۋەسىدىكى مەكىت قاتارلىق جايلار تۇبۇتلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەن .

2 . ئورخۇن ئۇيغۇر (回纥)خانلىقى ۋە مەكىت

هازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەجدادى 605 - يىلىدىن 788 - يىلىغىچە بولغان تارىخىي مەزگىلدە خەنزۇچە خۇيخې (回纥) دەپ ئاتالغان . ئۇيغۇر دېگەن سۆز «بىرلەشمەك» ، «ئۇيۇشماق» ، «ئىتتىپاقلاشماق» دېگەنلىك بولىدۇ . ئۇيغۇرلار دۆلىتىمىزدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى . بۇ مىللەتنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن دىڭلىڭلار ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن تېلېلارنىڭ ئالتە قەبىلىسىنىڭ بىرى بولغان يۈەنخې قەبىلىسىگىچە سۈرۈشكە بولىدۇ① . مىلادىيە V ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تېلېلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ لەشكەر تۇتۇشىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدە يۈەنخې قەبىلىسى پەيدىنپەي ئۆز كۈچىنى نامايان قىلىپ ، تېلېلار ئارىسىدا بىرقەدەر كۈچلۈك قەبىلە بولۇپ تونۇلغان . VI ئەسىردە تۈركلەر زورايغاندىن كېيىن ، تېلې قەبىلىلىرى تۈركلەرگە بويسۇنغان . 605 - يىلى (سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې 1 - يىلى ) غەربىي تۈرك قاغانى چۇلو قاغان تېلې قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرىدىن بىرنەچچە يۈز كىشىنى يىغىپ كېلىپ «ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن» ② . تېلېلار ئىچىدىكى ۋېيخېلار (ئەينى زاماندا يۈەنخېلار دەپ ئاتالغان ) «بارغۇت ، تونگرا ، بايىرقۇ قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ، تۈركلەردىن يۈز ئۆرۈپ ، ئۆزىنى ئېركىن دەپ ئاتىدى ، كېيىن يەنە ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر (خۇيخې ) دەپ ئاتىغان»③ . بۇ ، ئۇيغۇرلار

① لىن گەن ، گاۋزىخۇ : «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2000 - يىل 12 - ئاي ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 7 — 8 - بەتلەر .

② «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى . تۈركلەر ، تېلېلار تەزكىرىسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2002 - يىل 12 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى ، 570 - بەت .

③ «كونا تاڭنامە» ، 195 - جىلد ، «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» 5195 — 5196 - بەتلەر (ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق : «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2005 - يىل 11 - ئاي نەشرى ، 66 - بەتتىكى نەقىل ) .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تارىخىدىكى زور ۋەقە ئىدى .

744 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى كۆل بويلا (گۇربالا ) قارلۇق قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ بېشبالىقنىڭ يېنىدىكى باسمىل قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىپ ، باسمىللارنىڭ قاغانى ئىلتەرىشنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۆزىنى قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان دەپ جاكارلىغان ۋە ئورخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئۆتۈكەن تېغى ئېتىكىدە بارگاھ تىكىپ ، ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان . تاڭ شۈەنزۇڭ بىلگەكۆل قاغانغا سۈيىنكىل (رەھىمدىل ) قاغان دەپ نام بەرگەن① .

ئۇيغۇر خانلىقى تۇمەت قاغاندىن تارتىپ قوغۇشات قاغاندا خانلىق يوقالغانغا قەدەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 200 يىل دەۋران سۈرگەن .

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسى ھەققىدە خەنزۇچە كلاسسىك تارىخنامىلەردىن «يېڭى تاڭنامە . ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە : «زېمىنى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ ، شەرقتە شىرۋىيلار ( 室韦 ) دىن غەربتە ئالتۇنتاغقىچە يېتىپ باراتتى ، جەنۇبتا چوڭ چۆللۈكنى ئىگىلىگەن بولۇپ ، قەدىمكى ھونلارنىڭ بارلىق زېمىنلىرىنى ئىگىلىگەنىدى» دېيىلگەن . «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە : «ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ ، شەرقتە شىرۋىيلاردىن غەربتە ئالتۇنتاغقىچە يېتىپ بارىدۇ ، جەنۇبتا چوڭ چۆللۈكتىن ھالقىغان بولۇپ ، تۈركلەرنىڭ ئەسلىدىكى بارلىق زېمىنلىرىنى ئىگىلىگەن» دېيىلگەن . لېكىن ، بەزى تەتقىقاتچىلار تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ : «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زېمىنى خانلىققا قارام بولغان قەبىلىلەر (يەنى غەربتىن شەرققە قاراپ قارلۇق ، قىرغىز ، شاداپىت ، بارغۇت ، بايىرقۇ ، شىرۋىي ، قۇمۇق ، قىتان قاتارلىقلار ) نىڭ زېمىنلىرىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا ، شەرقتە ھىنگان تاغلىرىغا يېتىپ بارغان ، غەربتە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى ئۆز ئىچىگە

① لىن گەن ، گاۋزىخۇ : «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2000 ـ يىل 12 ـ ئاي ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 21 ـ ، 22 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئالـغان ، جەنۇبتا ئوردۇس ( 河套 ) نى كونترول قىلغان ، شىمالدا بايقال كۆلىگە يېتىپ بارغان بولۇپ ، خانلىقنىڭ غەربىي كۈچى ئەڭ كۈچەيگەن چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىياغىمۇ يېتىپ بارغان » ، «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەسىر كۈچى شىنجاڭدىكى بېشبالىق ، قوچو ، كۇسەن ، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسسىقكۆل رايونلىرىغىچە يەتكەن » ، «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلدە بېشبالىق ، قوچو ، ئاگنى ، كۇسەن قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەپلا قالماستىن ، بارخان (ئاقسۇ ) ، يەكەن ، ئۇدۇن ، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى ، يەنە پەرغانە ۋە سۇيئاب قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىگەن . غەربىي يۇرتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم رايونلىرى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن » دەپ قاراشماقتا . فرانسىيىلىك ج . ر . خامىلتون ئۆز ئەسىرىدە : «قۇتلۇق بىلگەكۆل قاغاننىڭ ھۆكۈمرانلىق زېمىنى شەرقتە مانجۇرىيىدىن باشلىنىپ ، غەربتە ئالتاي تېغى ۋە تەڭرىتاغدىكى قارلۇقلار رايونىغا يېتىپ باراتتى » دېگەن . ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز قولى بىلەن پۈتۈلگەن مەڭگۈ تاش يازما يادىكارلىقلىرىدىن تەخمىنەن 753- يىلى (يىلان يىلى ) دىن سەل كېيىنرەك تىكلەنگەن «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» دا بولسا ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان تىلىدىن ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزىي رايونى ۋە زېمىن دائىرىسىنىڭ ئەھۋالى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ سۈرەتلەپ بېرىلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭدا : «مەن تەڭرىدىن بولغان ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان بىلەن تەڭرىدىن بولغان ئەل بىلگە قاتۇن قاغان ۋە قاتۇن ئاتاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ ، شۇ چاغدا ئۆتۈكەننىڭ غەربىي چېتىدە ، تەز دەرياسىنىڭ بېشىدا بارگاھ قۇرغۇزدۇم . شۇ يەردە يولۋاس يىلى ۋە يىلان يىلى ئىككى يىلنى ئۆتكۈزدۈم . ئەجدىھا يىلى ئۆتۈكەن ئوتتۇرىسىدىكى سۈگۈر - باسقان مۇقەددەس چوققىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە يايلىدىم ، شۇ يەردە بارگاھ قۇرغۇزدۇم ، سېپىل سوقتۇردۇم ، 1000 يىللىق ، تۈمەن كۈنلۈك پۈتۈكۈمنى ، تامغامنى شۇ يەردە سىلىق تاشقا ئويدۇردۇم ، يوغان تاشقا ئورناتقۇزدۇم ،

يۇقىرىدا كۆك تەڭرىنىڭ بۇيرۇشى، تۆۋەندە قوڭۇر يەرنىڭ بېقىشى بىلەن ئېلىمنى قۇردۇم، تۈزۈملىرىمنى تىكلىدىم. ئالدىمدا كۈنچىقىشتىكى خەلقلەر، ئارقامدا ئايچىقمىشتىكى خەلقلەر، دۇنيانىڭ تۆت بۇلۇڭىدىكى خەلقلەر (ئۆزلىرىنىڭ) كۈچلىرىنى ماڭا بېرۇر. سەككىز دەريا ئارىلىقىدا چارۋام ۋە تېرىلغۇ يەرلىرىم بار. سېلىنگا ئورخۇن، تۇغلا سەككىز دەريا مېنى سۆيۈندۈردى. مەن قارغا ۋە بۇرغ دەريا بويلىرىدىكى ئاشۇ يەرلەردە تۇرىمەن، ئىككى دەريانىڭ ئارىلىقىدا كۆچىمەن، يايلىقىم ئۆتۈكەننىڭ غەربىي ئۇچىدا، تەز دەرياسىنىڭ بېشىنىڭ شەرقىدە، مەن شۇ يەردە تۇرارمەن، كۆچۈرمەن... مېنىڭ خاھىشىم بويىچە ئونغى ئۆتۈكەندىن ئاتلاندى. «قوشۇن تارت، خەلقنى يىغ (دېدىم)... جەنۇبىي چېگرىنى، ئالتۇنتاغدىكى غەربىي چېگرىنى، كۆگمەندىكى شىمالىي چېگرىنى قوغدا...» دېگەن خاتىرىلەر بار. يۇقىرىدىكى قەدىمكى خەنزۇچە خاتىرىلەردە بولسۇن ياكى مەڭگۇ تاشلاردىكى خاتىرىلەردە بولسۇن، ھەممىسىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى ھەم ئوغلى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان (مويۇنچۇر) تەرىپىدىن قايتا تەشكىل قىلىنغان دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىكى ھۆكۈمرانلىق رايونلىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. «يېڭى تاڭنامە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دىكى خاتىرىلەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنباۋ 5 - يىلى (مىلادىيە 745 - يىلى) دىكى مەلۇماتلاردۇر. «تېرخىن مەڭگۇ تېشى» دىكى خاتىرىلەر بولسا ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان يېڭىدىن تەختكە چىققان يىللارغا، كېيىن بولغاندىمۇ مىلادىيە 753 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ. «ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىقى مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن زېمىن دائىرىسى ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ پايتەختىنى مەركەز قىلغان، نىسبەتەن مەركەزلەشكەن رايونلىرىنى كۆرسىتىدۇ»...

ئورخۇن - يېنسەي مەڭگۇ تاشلىرىدىكى خاتىرىلەرگە، ئەرەب - پارس مەنبەلىرىدىكى مەلۇماتلارغا ۋە كونا، يېڭى تاڭنامىلەردىكى خاتىرى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com



لەرگە ئاساسلانغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى كۆچىيىپ، شىمالىي ئاسىيا يايلاق رايونىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ قالغان. VIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن IX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىكىچە بولغان تارىخي جەرياندا ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى پۈتكۈل چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، يەنە گەنسۇ يايلاقلىرى، جەنۇبىي سىبىرىيە، جۇڭغارىيە ۋادىسى، تارىم ۋادى-سى، شەرقىي تەڭرىتاغ ئېتەكلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئېرتىش دەرياسى، يەتتىسۇ ۋادىسى، چۇ دەرياسى، ئىسسىقكۆل ۋادىلىرىغىچە يېتىپ بارغان[1]. 839 - يىلى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ۋەزىرى ئىنەيۇنكۇل بىلەن شاھزادە سايغا پادىشاھلىق تەختىنى تارتىۋېلىش قەستىدە بولغاندا، ئىناۋەتمەن قاغان قوت تېكىن تەرىپىدىن سېزىلىپ قېلىپ ئۆلتۈرۈل-گەن. شاھزادە سايغا بىلەن يېقىن ئۆتكەن مۇئاۋىن ۋەزىر قارا قوۋۇ قوشۇن باشلاپ سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىناۋەتمەن قاغاننىڭ ئىنەيۇنكۇل بىلەن سايغانى ئۆلتۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ئات سوۋغا قىلىش ئارقىلىق ساتار (شاداپىت) لاردىن قوشۇن ئارىيەت ئېلىپ، ئىناۋەتمەن قاغانغا بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلغان. ئىناۋەت-مەن قاغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. قارا قوۋۇ شاھزادە قوۋۇ تېكىننى قوۋۇشات قاغان قىلىپ تىكلىگەن. شۇ يىلى ئۇيغۇرلار رايونىدا ۋابا كېسىلى تارقالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتتىق جۇدۇن بولۇپ، ئات - ئۇلاغلار كۆپلەپ قىرىلىپ كەتكەن. ئادەم ۋە چارۋا ماللارغا كەلگەن بۇ ئاپەتتە پۇقرالار تەرەپ - تەرەپكە تاراپ كەت-كەن، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت كۈچى جىددىي تۈردە زەئىپلەشكەن. 840 - يىلى (كەيچېڭنىڭ 5 - يىلى) ئۇيغۇر سانغۇنى كۈلۈگ باغا قارا قوۋۇدىن قاتتىق رەنجىپ، خاكاسلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن.

---

[1] ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق: «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 - يىل 11 - ئاي نەشرى، 142 — 145 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com



خاككاسلار قاغانى ئارىز 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بارگاھىغا ھۇجۇم قىلغان. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بارگاھى قارابالغاسۇن ئىشغال قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ قاغانى قوۋۇشات ھەم قارا قوۋۇ ئۆلتۈرۈلگەن، ئۇلارنىڭ قوشۇنى ۋە پۇقرالىرى ۋەيران بولۇپ، ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرىز بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. ئۇيغۇرلار ئومۇمىيۈزلۈك كۆچۈشتە، بىر بۆلىكى جەنۇبقا، بىر بۆلىكى غەربكە كۆچكەن.

غەربكە كۆچكەنلىرى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن: بىر بۆلىكى خېشى كارىدورىغا كېلىپ، ۋۇ زېتيەن دەۋرىدە چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ خېشى كارىدورىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇ بىر بۆلەك ئۇيغۇرلار خېشى كارىدورىغا كەلگەندىن كېيىن، گەنجۇ (ھازىرقى گەنسۇنىڭ جاڭيې شەھىرى) دا بارگاھ قۇرغان، شۇڭا ئۇلار گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ياكى خېشى ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتالغان. گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى دەسلەپكى مەزگىلدە تۇبۇتلەرگە بېقىنغانىدى. 848 - يىلى (تاڭ شۈەنزۇڭ داجۇڭنىڭ 2 - يىلى) خېشى رايونىنىڭ يەرلىك ئاقسا-قىلى شاجۇ (گەنسۇدىكى دۇنخۇاڭ) لۇق جاڭ يىچاۋ قوشۇن توپلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، تۇبۇتلەرنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، ھازىرقى شىنجاڭ، گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق ئۈچ ئۆلكە (رايون) دىكى شاجۇ، يىجۇ، گۇاجۇ، شىجۇ، گەنجۇ، سۇجۇ، لەنجۇ، مىنجۇ، كوجۇ قاتارلىق 11 ئايماقنى ئىشغال قىلغان، خېشى ئۇيغۇرلىرى يەنە جاڭ يىچاۋنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بېقىنغان. كېيىنكى يىللاردا خېشى ئۇيغۇرلىرى سەر-گەردان بولۇپ يۈرۈپ، پۇقرالىرىنى يىغىپ كۈچ توپلاپ، پەيدىنپەي قۇدرەت تېپىشقا باشلىغان. 872 - يىلى (شيەنتۇڭنىڭ 2 - يىلى) خېشى ئۇيغۇرلىرى گەنجۇنى ئىشغال قىلىپ، ئۆز ئالدىغا خان تىكلەپ، X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە دەۋران سۈرگەن. بۇ چاغلاردا تۇبۇتلەر-نىڭ كۈچى زەئىپلىشىپ كەتكەنىدى، ئۇيغۇرلار شۇ چاغدا خېشى رايونى بويىچە ئەڭ كۈچلۈك ئىدى. ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسى شەرقتە لىڭجۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(ھازىرقى نىڭشيادىكى لىڭۋۇ ) دىن تارتىپ غەربتە دۇنخۇاڭ ، يۇمېن ،
ئەنشىگىچە بولغان رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، غەربىي يۇرت
بىلەن ئىچكى رايون ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش يولىنىڭ مۇھىم ئۆتكەللىرى-
نى كونترول قىلىشۋالغانىدى . XI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خېشى
ئۇيغۇرلىرى تاڭغۇتلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈم-
رانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان . 1227 - يىلى موڭغۇللار تاڭغۇتلارنى
يوقاتقاندىن كېيىن ، خېشى ئۇيغۇرلىرى يەنە موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلى-
قىدا بولغان ، خېشى ئۇيغۇرلىرى بۇ جايدا ئۇزاق مۇددەت ئىشلەپچىقى-
رىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ، كۆپىيىپ روناق تاپقان . ھازىرقى گەنسۇ
ئۆلكىسىدىكى يۇگۇ مىللىتى ئەنە شۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر .

يەنە بىر بۆلەك ئۇيغۇر قەبىلىلىرى باركۆل يايلىقى ئارقىلىق تەڭرى-
تاغنىڭ شىمالىغا كېلىپ جايلىشىپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان .
بۇ مەزگىلدە بېشبالىق ، غەربىي ئايماق تۇبۇتلەرنىڭ كونتروللۇقىدا
بولۇپ ، ئۇيغۇرلار بۇ رايونغا كىرەلمىگەن . كېيىنكى مەزگىلدە ئۇيغۇر-
لارنىڭ ئاقساقىلى بۆكۈتېكىن بېشبالىقتا تۇبۇتلەرنى مەغلۇپ قىلى-
نىپ ، ئاندىن يەنە غەربىي ئايماق (يەنى قوچو ، ھازىرقى تۇرپان
ئويمانلىقى ) ، ئۇرۇمتاي (ھازىرقى مىچۇەن ناھىيىسى تەۋەسىدە ) قاتار-
لىق جايلارنى ئىشغال قىلغان . بۇ بىر بۆلەك ئۇيغۇر قەبىلىلىرى كۈرەش
قىلىش داۋامىدا كۈنسايىن قۇدرەت تېپىپ ، ئاخىر غەربىي ئايماق (قو-
چو ) نى مەركەز قىلغان ھالدا قوچو ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنى قۇرغان .
ئۇلار تارىختا غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى (شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ) ياكى
قوچو ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتالغان . غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى كۆچمەن
چارۋىچىلىقتىن تېزلا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ۋە مۇقىم ئولتۇ-
راقلىشىشقا ئۆزگەرگەن . بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كۈچى تېخىمۇ زوراي-
غان . قوچو خانلىقىنىڭ زېمىنى شەرقتە قۇمۇلدىن غەربتە ئاقسۇ ، شى-
مالدا ئىلى دەرياسىدىن جەنۇبتا تۇبۇتكىچە (ھازىرقى خوتەن بىلەن دۇن-
خۇاڭنىڭ ئارىلىقى ) بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خانلىق تۇرپان ، تارىم ۋە جۇڭغارىيىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئويمانلىقنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن ھاكىمىيەت بولۇپ قالغان . غەربىي ئايماق ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى تاكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان . ئۇيغۇر مىللىتى شۇ يەردىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىللە ياشاپ ، بىللە ئەمگەك قىلىپ كۆپىيىپ ، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ، پەيدىنپەي سىڭىشىش ئارقىلىق راۋاجلىنىپ ، ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىگە ئايلانغان .

غەربكە كۆچكەن ئۈچىنچى بۆلەك ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىغا كىرىپ ، ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى بۇ رايونغا كۆچۈپ كەلگەن قارلۇق قەبىلىسىگە قوشۇلغان . ئۇلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى پامىرنىڭ غەربىدە بولغاچقا ، ئۇلار تارىختا غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتال-غان① . بۇ بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار قۇدرەتلىك قاراخانىيلار خانىدانلىقىنى قۇرغان② . بۇ خانلىق دەسلەپRANA بالاساغۇن (ھازىرقى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى چۇ دەرياسى باشلىنىدىغان يەرنىڭ غەربىي جەنۇبى ) نى ، كېيىن قەشقەرنى پايتەخت قىلغان . بۇ خانلىق كۆچەيگەن مەزگىل-لەردە ، ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى زېمىن — شەرقىي جەنۇبتا ھازىرقى شىنجاڭنىڭ چاقىلىق ناھىيىسىگە يەتكەن ، شەرقتە ئاقسۇ شەھىرى بىلەن باي ناھىيىسىنىڭ ئارىلىقىغىچە بولغان قاقاس تاغ ، چۆللۈكلەرنى چېگرا قىلغان ، شەرقىي شىمالدا ئالتاي تېغىدىن تاكى جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغىد-چە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ، ئەمما قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن تۇتاشقان چېگرىسى ئېنىق ئەمەس . شىمالدا بالقاش كۆلى ئەتراپلىرىغىچە يەتكەن ، غەربىي شىمالدا ئارال دېڭىزىغىچە بولۇپ ، ئامۇ دەرياسى ۋە سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى خارەزىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان . غەرب ۋە غەربىي جەنۇبتا ئامۇ دەرياسىنى پاسىل قىلىپ ، غەزنەۋىلەر

① ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئۈچۈن قاراڭ : «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1992 - يىل 7 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى ، 229 — 232-بەتلەر .

② ۋېي لياڭتاۋ : «قاراخانىيلار خانلىقى تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1986 - يىلى خەنزۇچە نەشرى ، 27 — 30 - بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يېزىق ئىشلىتىلگەنىدى . بىر خىلى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ، يەنە بىر خىلى ئەرەب يېزىقى بولۇپ ، ئۇيغۇر تىلى ئەرەب يېزىقى بىلەن ئىپادىلەنگەنىدى[①] .

مەشھۇر «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەرەب يېزىقى ئىككى خىل يېزىقتا كۆچۈرۈلگەن . 1907 ـ يىلى فرانسىيە ئالىمى پېللىئوت ھازىرقى شىنجاڭنىڭ يەكەن ناھىيىسىدىن قاراخانىيلار خاندانلىقى مەزگىلىدىكى بىرقانچە ھۆججەتنى تاپقان ، ئۇنىڭ ۋاقتى مىلادىيە 1096 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ . ھۆججەتتە ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىمزاسى بولۇپ ، بەزىلىرى ئەرەب يېزىقىدا ، بەزىلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ئىدى[②] . بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىغان «ئاتالمىش يەكەندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار» ئەمەلىيەتتە ھازىرقى مەكىت ناھىيىسىنىڭ قىزىلئاۋات يېزىسى قىزىلچى كەنتىدىن تېپىلغان بولۇپ ، ئەينى دەۋرلەردە بۇ جاي يەكەنگە تەۋە زېمىن بولغاچقا ، ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بۇ جايدىن تېپىلغان يازما ماتېرىياللارنى شۇ نام بىلەن ئاتاشقانىدى[③] .

بەشىنچى ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلارنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، ھەرقايسى بوستانلىقلار ۋە شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە كۈچەيدى . دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىشى ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ، ھەرقايسى جايلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن سودىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى . ھەرقايسى شەھەرلەر ۋە بوستانلىقلارنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتى تەرەققىي قىلىپ ، سودىنىڭ تېخىمۇ جانلىنىشىغا تۈرتكە بولدى . بۇ مەزگىلدە شىمالدا بارچۇق ، غەربتە قەشقەر ، جەنۇبتا يەكەندىن ئىبارەت ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ، سودا

① لىن گەن ، گاۋزىخۇ : «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2000 ـ يىل 12 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى ، 237 ـ ، 238 ـ بەتلەر .

② گېڭ شىمىن : «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە يازما يادىكارلىقلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1983 ـ يىلى نەشرى ، 44 ـ بەت .

③ لىن مېيسۈن : «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» ، شەرق نەشرىياتى ، 1995 ـ يىل 12 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى ، 474 ـ ، 475 ـ بەتلەر ؛ نيۇ رۇجى : «ئالتاي مەدەنىيىتى ۋە غەربىي يۇرت» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 2003 ـ يىل 10 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى ، 182 ـ ، 183 ـ بەتلەر .

خانىدانلىقىنىڭ خۇراسان رايونىغا يېقىنلاشقان، جەنۇبتا پامىر ئېگىزلىد-كىنىڭ جەنۇبىغىچە بولۇپ، پامىر ئېگىزلىكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان①.

## 6. سۇڭ، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى مەكىت

840 - يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ، پان تېكىن ئۆز قەبىلىلىرىنى باشلاپ غەربكە قاراپ كۆچۈپ، غەربىي يۇرتقا كىرگەندىن تارتىپ 1678 - يىلى يەكەن خانلىقى يىمىرىلگەنگە قەدەر 800 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى.

بۇ ۋاقىت ئىچىدە غەربىي يۇرتتا غەربىي ئايماق ئۇيغۇر ھاكىمىيد-تى، قاراخانىيلار خانىدانلىقى، ئۇدۇن پادىشاھلىقى، قارا قىتان (غەر-بىي لياۋ)، يۈەن سۇلالىسى، چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ غەربىي يۇرت-تىكى ھۆكۈمرانلىقى ۋە يەكەن خانلىقى قاتارلىقلار بارلىققا كەلدى. ئۇلار ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ تارىخ سەھىپىلىرىنى يېزىپ قالدۇردى، غەربىي يۇرتنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، مىللەتلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە قوشۇلۇشىنى تېزلەتتى. ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋەتنى داۋاملىق ساقلاپ كەلدى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە ياراتتى ۋە بېيىتتى.

### 1. قاراخانىيلار خانلىقى ۋە مەكىت

قاراخانىيلار خانلىقى تەخمىنەن IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى (مىلا-دىيە 850 - يىللار) قۇرۇلۇپ، X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يېتىل-گەن، XII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى (مىلادىيە 1221 - يىللار) غا كەلگەندە مۇنقەرز بولغان. ئۇنىڭ تەۋەسىدىكى ئاھالىلەر ئاساسەن قار-

---

① ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2000 - يىل 12 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 93 — 101 - بەتلەر؛ لىن گەن، گاۋزىخۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل 12 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 196 — 197 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



لۇق، تۈركەش، ياغما، چىگىل، ئۇيغۇر، سوغدى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى غەربتە قاراقۇم چۆللۈكىدىن شەرقتە لوپنۇر كۆلىگىچە؛ شىمالدا بالقاش كۆلىدىن جەنۇبتا ئامۇ دەرياسىغىچە يېتىپ باراتتى. خانلىقنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىدىكى ھۆكۈمرانلىق مەركەزى چۇ دەرياسىنىڭ ئەتراپىدىكى بالاساغۇن (ھازىرقى ئىسسىقكۆلنىڭ غەربى)دا ئىدى، كېيىن قەشقەرگە كۆچۈرۈلدى.

840 - يىلى ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، غەربكە كۆچكەن بىرقىسىم ئۇيغۇر قەبىلىلىرى جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا يايلىقىغا كىرىپ قارلۇقلار تەرەپكە باردى. IX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بۇ ئۇيغۇرلار قارلۇق خانلىقى ئاساسىدا قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇردى.

قاراخانىيلار خانلىقى خانلىقنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ، خاننىڭ چوڭ ئوغلى بىلەن كىچىك ئوغلى بۆلۈپ سورىدى. چوڭى چوڭ خاقان بولۇپ، ئارسلانخان (شىرخان) دەپ ئاتالدى. ئۇ خانلىقنىڭ ئەڭ ئالىي باشلىقى بولۇپ، بالاساغۇندا تۇردى؛ كىچىكى ئورۇنباسار خاقان بولۇپ، بۇغراخان دەپ ئاتالدى. ئۇ دەسلەپ تالاستا تۇردى، كېيىن قەشقەرگە كۆچۈپ كەلدى.

يازما ھۆججەتلەردە بايان قىلىنىشىچە، قاراخانىيلار خانلىقىغا ئاساس سالغۇچى بىلگە قادىرخان ئىكەن، بىلگە قادىرخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ زېمىننى تەڭ بۆلۈشۈۋالغان. چوڭ ئوغلى بازىر ئۆزىنى ئارسلانخان (شىرخان) دەپ ئاتاپ، بالاساغۇندا تۇرۇپ، خانلىقنىڭ شەرقىي قىسىم رايونىنى سورىغان؛ ئىككىنچى ئوغلى ئوغۇلچاق ئۆزىنى بۇغراخان دەپ ئاتاپ، تالاستا تۇرۇپ، خانلىقنىڭ غەربىي قىسىم رايونىنى سورىغان. ئوغۇلچاق سامانىيلار خانلىقى بىلەن كەسكىن كۈرەش قىلغان. 893 - يىلى سامانىيلار خانلىقى تالاسنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئوغۇلچاق قەشقەرگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوغۇلچاق ۋاپات بولغاندىن كېيىن، جىيەنى سۇتۇق تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى بۇغراخان دەپ ئاتىغان. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ھاياتىدىكى مۇھىم ئىش شۇ بولدىكى، ئۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ سىياسىي پائالىيىتىنىڭ ئاساسىغا ئايلاندۇردى. سۇتۇق خان دەۋرىدە قاراخانىيلار خانلىقى پەيدىنپەي قۇدرەت تېپىپ، سامانىيلار خانلىقى ئىسىدۇالغان تالاسنى قايتۇرۇۋالدى ۋە 944 - يىلى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان بالاساغۇندىكى چوڭ خانغا قارشى كەسكىن جەڭ قىلىپ، بالاساغۇننى ئىشغال قىلىپ، قاراخانىيلار خانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈردى ۋە قەشقەرنى پايتەخت قىلدى.

955 - يىلى سۇتۇق ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى مۇسا تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى ئارسلانخان دەپ ئاتاپ، قەشقەردە تۇردى، ئىككىنچى ئوغلى سۇلايمان بالاساغۇندا تۇردى.

مۇسا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە بۇددىزمنىڭ مەركىزى بولغان ئۇدۇننى ئىستېلا قىلىش ئۈچۈن دىنىي ئۇرۇش قوزغىدى. مۇسا 977 - يىلى باشلىغان ئۇدۇنغا قارشى دىنىي ئۇرۇشنى 1001 - يىلى يۈسۈپ قادىرخان ئاياغلاشتۇردى. بۇ ئۇرۇش ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋام قىلدى. ئىستېلا قىلىنغان ئۇدۇن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى.

1041 - يىلى قاراخانىيلار خانلىقى ئامۇ دەرياسى رايونىنىڭ ھۆكۈمرانى بۆرتېكىن بىلەن ئىبراھىم شەرق قىسىم چوڭ خانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل بولدى ۋە ئۆزىنى «تابغاچ» خان دەپ ئاتىدى. بىرلىككە كېلىپ بولغان خانلىق شۇنىڭدىن باشلاپ يەنە شەرقىي خانلىق بىلەن غەربىي خانلىققا بۆلۈنۈپ كەتتى. شەرقىي خانلىقنى ھەسەن جەمەتىنىڭ ئەۋلادلىرى سورىدى، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى تالاس، ئىسپىجاپ، تاش قەلئە (ھازىرقى تاشكەنت)، پەرغانىنىڭ شەرقىي قىسمى، يەتتىسۇ ۋادىلىرى ۋە قەشقەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. غەربىي خانلىقنى ئەلى جەمەتى ئەۋلادلىرى سورىدى، ئۇنىڭ تېررىتورى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يىسى ئامۇ دەرياسى رايونى ۋە پەرغانىنىڭ غەربىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، بۇخارا پايتەخت بولدى.

مەكىت ئەينى دەۋردە قەشقەرنى پايتەخت قىلغان شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىگە قاراشلىق جاي بولدى. بۇ دەۋردە مەكىتنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى قاتارلىقلاردا ناھايىتى زور بۇرۇلۇش يۈز بەردى.

بىرىنچى، تارىخىي جەھەتتىن، قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلار قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولۇپ، ئەسلىدىكى تارقاق ھالەتتىن بىرلىككە كېلىش، بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىش ھالىتىگە ئۆتتى. تەكلىماكان بويىدىكى مەكىت قاتارلىق بوستانلىقلار قاراخانىيلارنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسى — قەشقەرگە بىۋاسىتە قارايدىغان مۇھىم جايلارغا ئايلاندى. ئەڭ مۇھىمى، بۇ چاغدا پۈتكۈل تارىم ۋادىسى مىللىي تەركىب جەھەتتىن بىرلىككە كېلىپ، ئۇيغۇرلار بۇ جايدىكى ئاساسلىق مىللەتكە ئايلاندى.

ئىككىنچى، ماددىي مەدەنىيەت جەھەتتىن، قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار مۇنتىزىم ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئۆتۈپ، خانىدانلىقنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىشى كۆچمەن چارۋىچىلىق، ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق، سودا ۋە شەھەرلەشكەن مۇنتىزىم قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىن ئىبارەت تۈرلۈك شەكىلگە، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان، ئۇنىۋېرسال ماددىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، خانلىق تەۋەسىدىكى ھەرقايسى بوستانلىق، يۇرتلار ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە ئۆز جايىغا ماس كەلگەن ماددىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى يولغا قويۇپ، ئۆزىگە خاس ماددىي تۇرمۇش شەكلىنى بەلگىلىگەنىدى. مۇشۇ قاتاردا دولان دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاياغ ئېقىنىغا جايلاشقان مەكىت قاتارلىق جايلار ئۆزىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە ماس كەلگەن ماددىي ئىشلەپچىقىرىش شەكىللىرىنى — يېرىم كۆچمەن چارۋىچىلىق ۋە يېرىم ئولتۇراق دېھقانچىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى بىللە ئېلىپ بارىدىغان، كۆندىلىك تۇرمۇشىدا چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى بىرگە ئىستېمال قىلىدىغان ھالەت بارلىققا كەلگەنىدى.

ئۈچىنچى، قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردىلا ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ھەمدە ئىسلام دىنى خانلىقنىڭ دۆلەت دىنىغا ئايلانغانىدى. تارىم بوستانلىقىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى، خانلىقنىڭ ئىسلام دىنىنى زور كۈچ بىلەن تارقىتىشى ئارقىسىدا مەكىت قاتارلىق جايلاردىكى خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى دىنىي ئېتىقادلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. ئەمما، مەكىت رايونىدىكى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئىسلام دىنىدىن ئاۋۋالقى قەدىمكى دىنلارنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى داۋاملىق ساقلاندى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە - ئەھكاملىرىغا سىڭىپ كەتتى.

تۆتىنچى، تىل - يېزىق جەھەتتە، قاراخانىيلار قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىن باشلاپلا خانلىق تەۋەسىدە ئۇيغۇر تىلىنى قوللىنىشقا باشلىدى. بۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر تىلى فونېتىكا، گراممatika ۋە لېكسىكا جەھەتلەردە ئورخۇن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، يەنە يېڭى تەرەققىياتلارغا ئىگە بولغانىدى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەرەب، پارس تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئەرەب، پارسچە سۆزلەر ئۇيغۇر تىل تەركىبىگە قوشۇلۇشقا باشلىدى. بىراق، مەكىت رايونى ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى بويىچە سىرتنىڭ تەسىرىگە ئاز ئۇچرىغان بولغاچقا، چەت تىلنىڭ تىل تەركىبلىرىنىڭ بۇ جايدىكى خەلقنىڭ تىلىغا بولغان تەسىرى ئانچە چوڭ بولمىغانىدى. شۇڭا، ھازىر مەكىتتىكى ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ تىلىدا — مەكىت (دولان) شېۋىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تىل ئېلېمېنتلىرى خېلى كۆپ ھالدا ئەسلىدىكى ھالەتنى ساقلاپ قالغانىدى[①]. مۇشۇ مەزگىلدە خانلىق تەۋەسىدە ئىككى خىل

① كۇرەش تاھىر، ئادىل مۇھەممەت تۇران: «مەكىت (دولان) شېۋىسى ھەققىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2006 - يىللى 2 - سان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



تەرەققىي قىلغان شەھەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان مەكتت رايوندىنىڭ ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي ئەھۋالىمۇ ياخشىلىنىپ ، ئۆزگىچە خاس سودا ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتى بارلىققا كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى .

ھالبۇكى ، 1089 - يىلى سالجۇقىيلار خانلىقى بۇخارانى بېسىۋالدى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەربىي خانلىق سىياسىي جەھەتتە سالجۇقىيلار خانىدانلىقىنىڭ بېقىندىسى بولۇپ قالدى . 1128 - يىلى يوللىغ تاشىن قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدا شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خاقانى ئەھمەدنى مەغلۇپ قىلدى . قەشقەر قاتارلىق جايلار قاراقىتانلارغا تەۋە بولدى . 1137 - يىلى قاراقىتانلار خوجەند (ھازىرقى تاجىكىستاندىكى خوجەند ) تە غەربىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قوشۇنىنى تارمار قىلدى ، ئەسلىدىكى قاراخانىيلار خانلىقىغا تەۋە تېررىتورىيىمۇ قاراقىتانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى .

قاراقىتان خانلىقى — لياۋ سۇلالىسى (907 — 1125 ) گۇمران بولۇش ھارپىسىدا قىتان ئاقسۆڭەكلىرىدىن يوللىغ تاشىن ئۆز قەبىلىلىرىنى باشلاپ غەربكە كۆچۈپ بېرىپ ، ئېمىل دەرياسى ۋە بالاساغۇندا قۇرغان ھاكىمىيەت . قىتانلار شەرقىي غۇز ، سىيانپىي يۈۋېن قەبىلىلىرىنىڭ بىر تارمىقى . تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا قىتانلارنىڭ ئاقساقىلى يوللىغ ئاباگى قىتان قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ، كۈندىن - كۈنگە قۇدرەت تېپىپ ، 907 - يىلى خانلىق تەختىگە چىقتى . 916 - يىلى ئۇ ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلىدى ، يىلنامىنى شېنشى ، دۆلەت نامىنى قىتان دەپ ئاتىدى . 947 - يىلى دۆلەت نامىنى بۈيۈك لياۋغا ئۆزگەرتتى ؛ 983 - يىلى يەنە بۈيۈك قىتانغا ئۆزگەرتتى ؛ 1066 - يىلى يەنە بۈيۈك لياۋ دېگەن نامنى ئەسلىگە كەلتۈردى .

پادىشاھ تيەنزۇ دەۋرىدە خېيلۇڭجياڭ ۋە سۇڭخۇاجياڭ دەريالىرى ئەتراپىدىكى جۇرجىتلار كۈنسېرى قۇدرەت تاپتى . 1122 - يىلى قەبىلە باشلىقى ئاگۇدانىڭ قوماندانلىقىدا ئۆزلۈكسىز جەنۇبقا سۈرۈلۈپ ، قىتان-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ىلارغا ھۇجۇم قىلدى. 1123 ـ يىلى قىتانلارنىڭ پايتەختى نەنجىڭ (يەنجىڭ) نى بېسىۋالدى. 1124 ـ يىلى يولۇغ تاشىن قىتان قوشۇنىنى باشلاپ غەربكە كەتتى.

1128 ـ يىلى قاراقىتان قوشۇنلىرى ئىلى دەرياسى ۋادىسى ئارقىلىق تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ، توپتوغرا تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىدىكى جايلارغا كىردى. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى قاغانى ئەھمەد قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قوشۇنىغا ئۆزى باشچىلىق قىلىپ، قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدا قاراقىتان قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلدى. قاراقىتان قوشۇنلىرى قاراخانىيلار خانلىقى قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. ئەھمەد جەڭدە قازا تاپتى. قاراقىتان قوشۇنلىرى ئارقىدىنلا يەنە يەكەن، ئۇدۇن قاتارلىق جايلارنى ھۇجۇم بىلەن بېسىۋالدى.

1132 ـ يىلى يولۇغ تاشىن ماۋارائۇننەھر رايونىدىكى كىرمان شەھىرىدە ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلاپ، گورخان دەپ ئاتىدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا تيەنيوخان (تەڭرى ساقلىغان خان مەنىسىدە) غا، يىلنامىسىنى يەنچىڭغا ئۆزگەرتتى. ئۆز بوۋىسىنى تۇنجى ۋارىس پادىشاھ، مومىسىنى ئادالەتچى خانىش دەپ ئاتىدى. يولۇغ تاشىن بەرپا قىلغان بۇ ھاكىمىيەت تارىختا «غەربىي لياۋ» ياكى «قاراقىتان خانلىقى» دەپ ئاتالدى.

قاراقىتاننىڭ چېگرىسى شىمالدا بالقاش كۆلىنىڭ شىمالىدىكى باقىت تاغلىرىغىچە، غەربتە خارەزىمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئارال دېڭىزىغىچە؛ شەرقتە بېشبالىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھازىرقى شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغىچە، شەرقىي جەنۇبتا خوتەنگىچە، غەربىي جەنۇبتا ئامۇ دەرياسىغىچە يېتىپ باردى.

ئەينى زاماندا قۇدرەت تاپقان موڭغۇللارنىڭ سەركەردىسى تېمۇرچىن موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش داۋامىدا 1204 ـ يىلى نايمان قەبىلىسىنى يوقىتىپ، قەبىلە باشلىقى تايانخاننى ئۆلتۈردى. تايانخاننىڭ ئوغلى كۈچلۈك قاراقىتانلار تەرەپكە قېچىپ باردى. 1211 ـ يىلى كۈچلۈك جى گۇلۇنىڭ خانلىق تەختىنى تارتىۋالدى.

مەكىت ئاۋۋال قاراقىتان خانلىقىنىڭ، كېيىن نايمان شاھزادىسى كۈچلۈكنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى.

2. موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەكىت

XI ئەسىردە موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى ئونان دەرياسى بىلەن كىرولىن دەرياسى ئارىلىقىغا جايلاشقان موڭغۇل قەبىلىلىرى قۇدرەت تېپىشقا باشلىغان. بۆرە تېكىن قەبىلىسىنىڭ ئاقسۆڭەكى تېمۇرچىن ئەينى زامانىدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ بىرلىشىش ئىستىكىدىن ئىبارەت تارىخىي يۈزلىنىشكە ماسلىشىپ، باشقا قەبىلىلەرنى يۈتۈۋېلىش يولىدا ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، بىر - بىرلەپ يوقىتىش سىياسىتى ئارقىلىق، ئاۋۋال كۈچلۈكرەك بولغان كېرەي قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئونغان ۋە جاتالان قەبىلىسىنىڭ باشلىقى جامۇقە بىلەن بىرلىشىپ تاتار، مېركىت، تايجىئۇت قاتارلىق قەبىلىلەرنى مەغلۇپ قىلدى. 1201 - يىلى تېمۇرچىن يەنە ئونغان بىلەن بىرلىشىپ جامۇقەنى مەغلۇپ قىلدى. 1202 - يىلى ئونغاننىڭ كۈچلىرىنىمۇ يوقاتتى. 1204 - يىلى قۇدرەتلىك نايمان قەبىلىسىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇنىڭ باشلىقى تايانخاننى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن قۇڭغۇرات قەبىلىسى بىلەن ئونغۇت قەبىلىسى ئارقا - ئارقىدىن ئەل بولدى. 1206 - يىلى موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى ئونان دەرياسى بويىدا قۇرۇلتاي ئېچىپ، 44 ياشلىق تېمۇرچىننى پۈتۈن موڭغۇللارنىڭ چوڭ قاغانى قىلىپ كۆتۈردى. ئۇنىڭ ھۆرمەت نامى چىڭگىزخان («تەڭداشسىز ئۇلۇغ خان» مەنىسىدە) دەپ ئاتالدى.

چىڭگىزخان پۈتۈن موڭغۇللارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى بەرپا قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە ئەۋلادلىرىنى يەر - زېمىنغا، بايلىق ۋە مەرتىۋىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، موڭغۇل دالاسى تەۋەسىنىڭ سىرتىدىكى ھاكىمىيەتلەرنى بويسۇندۇرۇش قارارىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەتراپىدىكى قوشنا ئەللەرگە قارىتا غايەت زور تالان - تاراج ھەم ۋەيران-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چىلىق خاراكتېرىدىكى ئۇرۇشنى قوزغىدى . ئۇ ئالدى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى رايونلارنى بىرلىككە كەلتۈردى . XII ئەسىرنىڭ بېشىدا غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا قاراقىتانلار خانلىقىغا تەۋە ئىدى . غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقى قىتانلارنىڭ زۇلمى ئاستىدا قاتتىق ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەنىدى . مىلادىيە 1212 ـ يىلى كۈچلۈك قاراقىتان سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جى گۇلۇنىڭ خانلىق تەختىنى تارتىۋالغان (جى گۇلۇ كۈچلۈكنىڭ قېيناتىسى ) ئىدى . كۈچلۈك تەختكە چىققاندىن كېيىن ، ئۇدۇن ، قەشقەر ، يەكەن ، مەكىت قاتارلىق جايلار بىۋاسىتە قاراقىتاننىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان . كۈچلۈك ئۇدۇن ، قەشقەر ، يەكەن ، مەكىت قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنى بۇددا دىنىغا قايتىشقا مەجبۇرلىغان . خاتىرىلەردىن قارىغاندا ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئەسكەر كىرگۈزۈپ ، ئۇلارنى دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلغان ، بويسۇنمىغانلارنى ئۆلتۈرگەن . ئۇدۇن ، قەشقەر ، يەكەن قاتارلىق جايلاردا قارشىلىق قىلغان بولسىمۇ ، باستۇرۇۋېتىلگەن .

شىمالدا باش كۆتۈرگەن تېمۇرچىن (چىڭگىزخان ) مىلادىيە 1218 ـ يىلى شەرق ۋە غەربكە قاراپ كېڭەيمىچىلىك لەشكەر چىقارغان ، جەبە نويان باشچىلىق قىلغان غەربىي يول قوشۇنىنىڭ بىر تارمىقى كۈچلۈك ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇدۇن ، قەشقەر ۋە يەكەن خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلىپ ، ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە قىلغان . جەبەنويان قوشۇنىنىڭ ئەزىمەتلىرىدىن كېيىمەل سارىكول (تاشقورغان ) دا كۈچلۈكنى تۇتۇپ ئۆلتۈرگەن ، قەشقەر ، يەكەن ، مەكىت ، ئۇدۇنلارنىڭ ھەممىسى چىڭگىزخانغا بويسۇنغان[1] . شۇنىڭ بىلەن بۇ جايلار موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان .

1227 ـ يىلى چىڭگىزخان تاڭغۇتلارغا ھۇجۇم قىلىش سەپىرىدە ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ھاكىمىيەتنى ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى تۆلۈخان

---

[1] «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2005 ـ يىل 10 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى ، 50 ـ ، 51 ـ بەتلەر .

ۋاقىتلىق باشقۇرۇپ تۇردى . 1229 - يىلى موڭغۇللارنىڭ خان جەمەتى-دىن بولغان ئوگىداي چوڭ خان بولدى .

1271 - يىلى قۇبلاي يۈەن سۇلالىسىنى قۇرۇپ ، خانبالىقنى پاي-تەخت قىلدى . 1279 - يىلى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى يوقىتىپ ، مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈردى . شۇنىڭ بىلەن بەش دەۋر ، ئون سۇلالە زامانىسىدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن بۆلۈنمە ھالەتكە خاتىمە بەر-دى .

3 . چاغاتاي خانلىقى ۋە مەكىت

چاغاتاي خانلىقى چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاينىڭ سۇ-يۇرغاللىقى ۋە ئۇنىڭ شۇ سۇيۇرغاللىقتا بەرپا قىلغان ھاكىمىيىتىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇنىڭ زېمىنى ھازىرقى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي شىمال قىسى-مىدىكى ئىلى ۋە بورتالا رايونى ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى قەشقەر ، خوتەن رايونى ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەتتىسۇ ۋە ماۋارائۇننەھر رايونىغا توغرا كېلىدۇ . چاغاتاي سۇيۇرغاللىقى چىڭگىزخان سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن زېمىن ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ سۇيۇرغاللىق ۋە ئىرق ، قەبىلە ئەڭ مۇرەككەپ بولغان رايون بولۇپ ، ئۇ ئاۋات شەھەرلەرنى ، شۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان دېھقانلارنى ، سۇ ۋە ئوت قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدىغان كۆچمەن چارۋىچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئۇنىڭ مەركىزى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى ئالمالىق ئىدى . 1241 - يىلى چاغاتاي ۋاپات بولدى .

1314 - يىلى چاغاتاي خانلىقى شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى . شەرقىي قىسىم ئالمالىقنى ئۆزىگە مەركەز قىلدى ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى قەشقەر ، تۇرپان قاتارلىق جاي-لارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى ، ئېسەن بۇقا بۇ يەردە ھۆكۈمران بولدى ؛ غەربىي قىسىمنىڭ مەركىزى سەمەرقەند بولدى ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى ماۋارائۇننەھر رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى ، بۇ يەردە كوبەك ھۆكۈمران بولدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



1321 ـ يىلى ۋە 1330 ـ يىلى كوبەك خان بىلەن ئېسەن بۇقا ئارقا ـ ئارقىدىن ۋاپات بولدى . موڭغۇل قەبىلىلىرى سەركىسىز قې- لىپ ، پاتىپاراق بولۇپ كەتتى ، ھەرقايسىسى ئۆز سەنىمىگە دەسسەپ ، بىر ـ بىرىگە ھۇجۇم قىلىپ قىرغىنچىلىق قىلىشتى . 1348 ـ يىلى ھوقۇقلۇق ۋەزىر بۇلاجى 18 ياشلىق تۇغلۇق تۆمۈرنى ئېسەن بۇقىنىڭ ئوغلى دەپ جاكارلىدى ۋە ئۇنى ئاقسۇدا خان قىلىپ تىكلىدى . تۇغلۇق تۆمۈر ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلار تارىختا شەرقىي چاغاتاي خان- لىقى دەپ ئاتالدى .

تۇغلۇق تۆمۈر 1361 ـ يىلى ماۋارائۇننەھر رايونىغا ئۈزلۈكسىز ئەسكەر ئەۋەتىپ ، ماۋارائۇننەھر رايونىنى قايتۇرۇۋالدى ، چاغاتاي خان- لىقى يەنە ۋاقتىنچە بىرلىككە كەلدى . تۇغلۇق تۆمۈر چاغاتاي خانلىقى جەمەتى ئىچىدە ئىسلام دىنىنى بىرىنچى بولۇپ قوبۇل قىلغان شەخس ئىدى . ئۇ ئىسلام دىنىنى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي قىسمىدا زورلۇق ۋاسى- تىسى بىلەن كېڭەيتىپ ، 160 مىڭ موڭغۇلنى زورلۇق بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇردى . 1363 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈر ئۆلدى ، ھەرقاي- سى جايلاردا توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى ، ھەرقايسى جايلاردا بۆلۈنمە ھالەت شەكىللەندى .

XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موڭغۇللارنىڭ ئويرات قەبىلىسى باش كۆتۈرۈپ چىقتى ۋە بېشبالىقنى ، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسى- مىنى ھەم باركۆل يايلاقلىرىنى بېسىۋالدى .

خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۆلۈنمىچىلىك تۈپەيلىدىن ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى كۇنسېرى زاۋاللىققا قاراپ ماڭدى .

مەكىت قاتارلىق تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىدىكى جايلار ئاۋۋال چاغاتاي خانلىقىنىڭ ، كېيىن شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ۋە بۆلۈنمە كۈچلەرنىڭ تەسىر دائىرىسىدە قالدى .

4 . يەكەن خانلىقى ۋە مەكىت

1514 ـ يىلىدىن 1678 ـ يىلىغىچە بولغان بىر يېرىم ئەسىر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ۋاقىت ئىچىدە يەكەننى مەركەز قىلىپ، شەرقتە قۇمۇلدىن غەربتە پامىر ئېگىزلىكىگىچە، جەنۇبتا شىزاڭ چېگرىسىدىن شىمالدا تەڭرىتاغقىچە سوزۇلغان چوڭ خانلىق تىكلەندى، بۇ مەشھۇر يەكەن خانلىقى ئىدى.

يەكەن خانلىقى سەئىدخان تەرىپىدىن قۇرۇلۇپ، ئىسمائىلخان ئە-سىرگە ئېلىنغانغا قەدەر جەمئىي ئالتە ئەۋلاد، 11 خانلىق دەۋرنى باشتىن كەچۈرۈپ، 165 يىل داۋاملاشتى. «خانلىق ئەڭ قۇدرەت تاپقان ۋاقىت-لاردا پۈتكۈل تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئىلكىگە ئالغاندىن تاشقى-رى، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى، ئىسسىقكۆل رايونى، پەرغانە ئويمانلىقى، بەدەخشان ۋە ۋاھان تاغلىق رايونى قاتارلىق جايلارنى ئۆزى-نىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئەمەلىي زېمىننى باشقۇردى»①.

يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدا سەئىد ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇرەشىد، نەۋرىسى ئابدۇكېرىم ۋە سۇلتان ماخمۇد جەسۇر، ئىستىبداتلىق، سىيا-سىي جەھەتتە تەرەققىيپەرۋەر ۋە تۆھپىكار چوڭ خانلار ئىدى، شۇنداقلا يەكەن خانلىقىنى قۇرغان ۋە قۇدرەت تاپقۇزغان ھۆكۈمرانلار ئىدى.

يەكەن خانلىقىغا ئاساس سالغۇچى سەئىدخان 1490 - يىلى تۇرپاندا تۇغۇلغان. 1514 - يىلى ئاكىسى بابۇر بىلەن بىللە سەمەرقەند شەھىرى ئەتراپىدا جەڭ قىلىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قوشۇنىنى باشلاپ تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ قەشقەر رايونىغا كىردى. جاپالىق، شىددەتلىك جەڭلەرنى قىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يېڭىسار، يەكەن ۋە قەشقەرنى ئىشغال قىلدى. 1514 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى خانلىق تەختىگە ئولتۇردى، يەكەننى پايتەخت قىلىپ، يەكەن خانلىقىنى قۇر-دى. 1533 - يىلى سەئىدخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇرەشىدخان تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئابدۇرەشىدخان دوغلات قەبىلىسى ئەمىرلىرىنىڭ قار-شىلىقىنى باستۇرۇپ، خانلىق تەختىنى مۇستەھكەملىدى، سىرتتا ئۆز-

① لىيۇزشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - قىسىم، 717 -، 718 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



بېكلەرنىڭ شايبانىيلار خانىدانلىقى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، قۇدىلاشتى. 1560 ـ يىلى ئابدۇرەشىدخان جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە چىققاندا، خوتەندە ۋاپات بولدى.

ئابدۇرەشىدخان ۋاپاتىدىن كېيىن، سەئىدخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇكېرىم تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئابدۇكېرىمخاننىڭ ئاساسىي تۆھپىسى تۇرپان رايونى بىلەن قۇمۇل رايونىنى يەكەن خانلىقىنىڭ زېمىنىغا قوشۇپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن كېيىن تەڭرىتاغىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي بۆلەككە بۆلۈنۈپ تۇرغان سىياسىي ۋەزىيىتىگە خاتىمە بەردى.

1592 ـ يىلى ئابدۇكېرىمخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى مۇھەممەد تەختكە ۋارىسلىق قىلدى، ئۇنىڭ دەۋرىدە خانلىق ئىنتايىن گۈللىنىپ قۇدرەت تاپتى.

مۇھەممەدخان ئۆلگەندىن كېيىن، تەختكە ئۇنىڭ ئوغلى ئەھمەد ۋارىسلىق قىلدى. بۇ چاغدا خانلىق سىرتتا قىرغىزلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىدى، ئىچكى جەھەتتە ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى كېلىپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن بۆلۈنمە ھالەت شەكىللىنىشكە باشلىدى. ئۆز ئارا ھوقۇق تالىشىش ئۇرۇشىدا ھەرقايسى تەرەپ سىرتنىڭ ياردىمىگە ئىنتىلىپ، شۇنىڭ بىلەن قىرغىزلار، قازاقلار، ئويراتلار ۋە خوجىلارنىڭ كۈچى بۇ ئۇرۇشلارغا ئارىلاشتى. 1678 ـ يىلى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىدىن قونتەيجى غالدان 12 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق ئەسكەر چىقىرىپ تەڭرىتاغىنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى ئېلىپ، خانلىقنىڭ پايتەختى يەكەنگىچە يېتىپ باردى؛ يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمائىلخان ئەسىرگە چۈشۈپ، ئىلىغا ئېلىپ كېتىلدى، شۇنىڭ بىلەن يەكەن خانلىقىنىڭ زېمىنى جۇڭغارلارنىڭ تەۋەسىگە ئايلاندى.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە خانلىقنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ماس ھالدا مەكىت رايونىنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت، ئىقتىسادىي

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com



تەرەققىياتىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى .

بىرىنچى ، يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ، خانلىق تەۋەسىدىكى مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇشى تاماملاندى . تارىم ۋادىسىدىكى پارچە بوستانلىقلارنىڭ ئىلگىرىكى بۆلۈنمە ، يەككە ھالىتىگە خاتىمە بېرىلىپ ، مىللەت تەركىبى ئېنىق ، مۇقىم بولغان ، بىر پۈتۈن زېمىن تېررىتورىيىسىگە ئىگە بولغان ھالەت بارلىققا كېلىپ ، جەمئىيەتتە ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي جەھەتتە گۈللىنىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى . مەكىت خانلىقىنىڭ مەركىزى يەكەن شەھىرىگە قاراشلىق جايلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە مۇھىم رولالارنى ئويناشقا باشلىدى .

ئىككىنچى ، يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب - شىمالىنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە ئىسلام دىنىنىڭ پۈتكۈل خانلىق تەۋەسىدە تارقىلىشىغا ، دۆلەت دىنىلىق ئورنىنى تىكلىشىگە شارائىت يارىتىپ بەردى . بۇنىڭ بىلەن خانلىق تەۋەسىدىكى خەلقلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىرلىككە كېلىپ ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ياخشى شارائىت يارىتىلدى .

ئۈچىنچى ، يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتى غايەت زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن ، بولۇپمۇ يازما ئەسەرلەر ۋە مۇزىكا باشقا ھەرقانداق دەۋردىكىدىن كۆپ بولۇپ قالماي ، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى مەدەنىيەت ۋە سەنئىتىگىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن . مۇقام ئۇستازى ، شائىرە ئامانىساخانىنىڭ تۇغۇلغان ، بالىلىق چاغلىرىنى ئۆتكۈزگەن يۇرتى مەكىت ئەينى دەۋر ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىغان ھەم ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرغاندى .

«ئون ئىككى مۇقام» نى رەتلەپ چىقىش يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى مۇھىم مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۈگۈنكى كۈندە مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدىكىلەر «مۇقام» نى رەتلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چىقىش يەكەن خانلىقىنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيىتى دەپ ئېتىراپ قىلىماقتا. «مۇقام» نى رەتلەپ چىقىش ئىشى ئەنە بۇرۇن يەكەن خانلىقىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد خانى ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە ئېلىپ بېرىلغان.

بىر تاسادىپىي پۇرسەتتە شىكارغا چىققان ئابدۇرەشىدخان دولان دەرياسى بويىدا (ھازىرقى مەكىت ناھىيىسى غازكۆل يېزىسى قومۇش مەھەللە كەنتى ئەتراپىدا) ئامانىنىساغا يولۇقۇپ قالىدۇ. ئامانىنىسا مەھمۇد ئىسىملىك نامرات ئوتۇنچىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، دولان دەرياسى بويىدا چوڭ بولغان. دولان دەرياسى ۋادىسى ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى ئاپىرىدە بولغان جايلارنىڭ بىرى ئىدى. ياخشى مۇھىت ۋە ئوبدان ئائىلە تەربىيىسى ئامانىنىسانىڭ مۇزىكا ساھەسىدە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. ئامانىنىسا ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى، پەزىلىتى ۋە گۈزەللىكى بىلەن جەمئىيەتتە تونۇلغان، بولۇپمۇ ئۇ دادىسى مەھمۇدنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشىدە شۇ يەردە ئومۇملاشقان چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ ھەممىسىنى چالالايدىغان بولغان. ئۇ قىز ۋاقتىدىلا «ئەخلاقىي جەملە»، «شۇرۇھۇلقۇلۇب» دېگەن مەزمۇندا شېئىرلار يازغان. ئامانىنىسانىڭ گۈزەل جامالى ئابدۇرەشىدخاننى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئابدۇرەشىدخان ئامانىنىسانىڭ پەزىلىتىدىن تەسىرلىنىپ، بولۇپمۇ ئامانىنىسانىڭ مۇزىكا قابىلىيىتىدىن ھەيران بولۇپ، تۇرلۇك توسالغۇ ۋە پۇتلىكاشاڭلارغا قارىماي ئامانىنىسا بىلەن توي قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئامانىنىساخاننىڭ مۇقامنى رەتلەپ چىقىش ئىشلىرىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىشى ئۈچۈن زۆرۈر شەرت ھازىرلىنىدۇ①.

ئابدۇرەشىدخان ئامانىنىساخاننىڭ تەسىر كۆرسىتىشى ۋە تۈرتكە بولۇشى ئارقىسىدا، ھەرقايسى جايلاردا تاشلىنىپ قالغان ئۇيغۇر سازەندىلىرى، غەزەلچىلىرى ھەم شائىرلىرىنى تاپتۇرۇپ كېلىدۇ. بۇنىڭ

① ليۇ زىشياۋ: «يەكەن خاندانلىقى ۋە مۇقام»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، (ئۇيغۇرچە) 1993 ـ يىلى 1 ـ سان، 69 ـ، 70 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورپكتى www.uyghurkitap.com



بىلەن ئوردىغا نۇرغۇن تالانتلىق شەخسلەر ، خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن «مۇقام» مۇزىكىلىرى مۇشۇ كىشىلەر بىلەن بىللە ئوردىغا توپلىنىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن «مۇقام» نى رەتلەپ چىقىش ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت ھازىرلىنىدۇ① .

تۆتىنچى ، يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىق ۋە شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ، سودا ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈردى ، ھەرخىل قول ھۈنەر - سەنئەت كەسىپلىرى تەرەققىي قىلدى ، يېڭى شەھەرلەر بارلىققا كەلدى . بۇ مەزگىلدە مەكتەپ خانلىقنىڭ مەركىزى بولغان يەكەن شەھىرىگە يېقىن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى .

## 5 . خوجىلار ۋە مەكتەپ

خوجىلار ئۆز نەسەبلىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە بۇۋى پاتىمە بىلەن ئەلى ئىبنى تالىپقا باغلايدۇ ، بولۇپمۇ مىلادىيە XIV ئەسىردە ئۆتتەندى (مىلادىيە 1317 — 1389 - يىللار ) تەرىقەتچىلىرى ئۆز نەسەبلىرىنى ، سىلسىلىلىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئەلىگە باغلايدۇ. شۇڭلاشقا ، بۇ مەسلەكنىڭ باشلامچىلىرى «خوجا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

تەرىقەتچىلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تۆرەلمىسى بولغان زاھىتلار مىلادىيە XIV ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئەرەب ئۇمەييە خەلىپىلىكىنىڭ (مىلادىيە 661 — 750 - يىللار ) باغداد ، بەسرە شەھەرلىرىدە مەيدانغا كەلگەن .

مىلادىيە 750 - يىلى ئۇمەييە خەلىپىلىكى ئاغدۇرۇلۇپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكى (مىلادىيە 750 — 1258 - يىللار ) تىكلەنگەندىن كېيىن ، زاھىتلارنىڭ ھەرىكەتلىرى تېخىمۇ كۈچەيدى . ئۇلار يەنىلا باغداد ، بەسرە ۋە ئىراننىڭ شىراز ، ئىسپاھان قاتارلىق شەھەرلىرىنى مەركەز قىلىپ ، ئالاھىدە زور بىر كۈچكە ئايلان-

① لىۋ زىشياۋ : «ئۇيغۇر تارىخى» ، 1 - قىسىم ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1988 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى ، 784 - بەتكە قاراڭ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دى ، شۇنداقلا ئۇلار ئۆزلىرىنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قوي يۇڭىدىن بىر خىل قىلىپ تىكىلگەن جەندىلەرنى كىيىدىغان بولدى قا ، زاھىتلار بۇ چاغدا ئومۇميۈزلۈك «سوپىلار» (قوي يۇڭىدىن ئىش. لەنگەن جەندە كىيگۈچىلەر ) دېگەن نام بىلەن ئاتالدى .

سوپىلارنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەت ۋە ئەقىدىلىرىنى چۈشەندۈرىدىغان «ئەھلى تەسەۋۋۇپ» ياكى «ئەھلى تەرىقەت» ئېقىملىرىمۇ ئاشكارا باش كۆتۈرۈپ چىقىپ ، ئىسلام دىنىدىكى باشقا مەسىلەكلەر بىلەن بەس - مۇنازىرىگە چۈشتى . شۇنداق قىلىپ بۇرۇنقى زاھىتلار ۋە سوپىلارنىڭ ئەقىدىلىرى ئالاھىدە بىر پەلسەپىۋى نەزەرىيە ئېقىمى بولۇپ شەكىللەندى .

مىلادىيە IX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تەسەۋۋۇپچىلار بىر قېتىم ئېغىر زەربىگىمۇ ئۇچرىدى . ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ باغداد ۋە ئىراندا زەربىگە ئۇچرىغان تەسەۋۋۇپچىلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ ماۋارائۇننەھر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى ۋە بۇ رايوندا يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى . كېيىنچە بۇ رايونلار ئاساسەن قادىرىيە گۇرۇ. ھىنىڭ ئاساسلىق قورغىنىغا ئايلاندى .

مىلادىيە 1224 - يىلى چاغاتاي ئۇلۇسى شەكىللەنگەندىن كېيىن ، قادىرىيىچىلەر ئۇلۇسى سىياسىي ، دىنىي ئىشلاردا مۇھىم روللارنى ئوي. ناشقا باشلىدى ، بولۇپمۇ موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ مۇسۇلمانلىشىشىدا ئالاھىدە رول ئوينىدى . بۇ چاغدا قادىرىيىچىلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللى. رىدىن مەۋلانا شەيخ جالالىدىن قاتارلىقلار ماۋەرائۇننەھر رايونىنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان ئاقسۇ شەھىرىگە كېلىپ ، بۇ ئېقىمنىڭ ئەقىدىلىرىنى تارقىتىشقا باشلىدى . ئاقسۇغا تەۋە ئايكۆل رايونى قادىرى. يىچىلەرنىڭ ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى بىر قورغىنىغا ئايلاندى . مىلادىيە 1348 - يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخان موغۇلىستان خانلىقى (شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ) نى قۇرغاندىن كېيىن ، مەۋلانا شەيخ جالالىدىننىڭ ئوغلى شەيخ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەرشىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىپ، قادىرىيە ئېقىمىنىڭ كەڭ تارقىلىشىغا يول ئاچتى.

مىلادىيە XIV ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا بۇخارالىق خوجا باھا-ئىددىن نەقشبەندى (مىلادىيە 1318 — 1389 - يىللار) بۇ جايدا تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ «نەقشبەندىيە ئېقىمى» نى تۇرغۇزدى. بۇ ئېقىم ناھايىتى تېز ئارىدا كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، ھەتتا مىلادىيە 1370 - يىلى تېمۇرىيلار خانلىقىنى تىكلىگەن ئاقساق تۆمۈرمۇ نەقشبەندىيىچىلەرنى قوللىدى. شۇڭا، بۇ ۋاقىتتىن باشلاپ نەقشبەندى-يىچىلەر تېمۇرىيلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا باش-لىدى ۋە بۇ جايدا خېلى كەڭ تارقالغان قادىرىيىچىلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. قادىرىيە ئېقىمىنىڭ بىرمۇنچە ۋەكىللىرى نەقشبەندىيە گۇ-رۇھىغا قاتناشتى.

مىلادىيە 1514 - يىلى يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى تەسەۋۋۇپچى-لارنىڭ، بولۇپمۇ نەقشبەندىيە ئېقىمىنىڭ بۇ رايوندا كەڭ تارقىلىشى ئۈچۈن كەڭ يول ئاچتى. چۈنكى، يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى ھۆكۈم-رانلىرى سەئىدخان ۋە ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە جەمئىيەت ھەرقايسى تەرەپلەردە گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويۇپلا قالماي، بەلكى دىن ۋە دىنىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەركىن بەس - مۇنازىرىلەر بارغانسې-رى كۈچىيىشكە باشلىدى. شۇڭلاشقا، ئەنە شۇ دەۋردىن باشلاپ نەقش-بەندىيە تەرەپدارلىرى بۇ رايونغا كۆپلەپ ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى.

تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، مىلادىيە 1521 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا نەقشبەندىيە تەرەپدارلىرىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بولغان خو-جا مۇھەممەد يۈسۈپ بىننى ئابدۇللا ۋە خوجا ئەھرارى (مىلادىيە 1490 - يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ ئوغلى خوجا مۇھەممەد ئابدۇللا قاتار-لىقلار يەكەن خانلىقىغا كېلىپ، بۇ ئېقىمنىڭ ئەقىدىلىرىنى مەخپىي تارقىتىشقا كىرىشتى. مىلادىيە 1525 - يىلى نەقشبەندىيىچىلەرنىڭ يەنە بىر ۋەكىلى خوجا خۇۋەندى يەكەنگە كەلدى. سەئىدخان ئۇنىڭغا قول

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com



بېرىپ، مەخپىي مۇرىت بولدى.

مىلادىيە 1533 - يىلى ئابدۇرەشىدخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، نەقشبەندىيە تەرەپدارلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى كۈچىيىپ، مەخپىي ھالەتتىن ئاشكارا ھالەتكە ئۆتتى. يەكەن خانلىقىنىڭ پايتەختى يەكەن ۋە قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەردە ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرى تېز كۆپىيىشكە باشلىدى.

مىلادىيە 1537 - يىلى يەكەن خانلىقى نەقشبەندىيە تەرەپدارلىرىنىڭ پىر - ئەۋلىياسى، خوجا ئەھرارنىڭ شاگىرتى مەخدۇم ئەزەم (خوجا ئەھمەد بىننى خوجا بۇرھانىددىن) يەكەنگە قايتىپ كەلدى. ئابدۇرەشىدخان ۋە باشقا دۆلەت ئەركانلىرى ئۇنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇ يەكەندە نەقشبەندىيە ئېقىمىنىڭ ئەقىدىلىرىنى ئاشكارا تەرغىب قىلىپ، مىلادىيە 1542 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كاسان شەھىرىنىڭ دەھبىد دېگەن يېرىگە قايتىپ ۋاپات بولدى. دەھبىد بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا نەقشبەندىيچىلىرى يەنە «كاسان خوجىلىرى» «دەھبىد ئىشانلىرى» دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتالغان. مىلادىيە 1543 - يىلى كاسان خوجىلىرىنىڭ يەنە بىر پىرى خوجا مۇھەممەد شېرىپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سايرام رايونىدىن يەكەنگە كەلدى.

ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭغا قول بېرىپ مۇرىت بولدى، ھەتتا ئۇنىڭغا «دۆلەت ئۇستازى» مەرتىۋىسىنى بەردى①.

خوجا مۇھەممەد شېرىپ يەكەنگە كېلىپلا ئۆزىنى «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ 23 - بوغۇن نەۋرىسى» دەپ ئېلان قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ رايىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ ۋە: «پۈتۈن دىنىي ئىشلارنىڭ ھوقۇقى پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نەسەبلىرىگىلا خاستۇر» دېگەن «پەتىۋا» بىلەن يەكەننىڭ ھەممە دىنىي ئىشلار ھوقۇقىنى يەرلىك ئۆلىمالار بىلەن ئەھلى شەرىئەت مۆتىۋەرلىرىدىن تارتىۋالىدۇ. 1534 - يىلى سەئىدىيە

---

① ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 - يىل 11 - ئاي نەشرى، 960 -، 973 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خانلىقىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر خانى ئابدۇرەشىدخان جەمەتىنىڭ «باش شەيخۇلئىسلام» لىقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ھەربىر ۋىلايەت، ئايماق، يۇرتلاردا دەرىجىلەر بويىچە دىنىي مەھكىمىلەر (قازىخانا ۋە سوراقخانىلار) نى تەسىس قىلىپ، ئۆزىنىڭ دىنىي ھۆكۈمرانلىقى (ئاساسەن سوپىلىق تۈزۈمى) نى خانلىق نامى بىلەن كېڭەيتىدۇ، مۇستەھكەملەيدۇ. ئابدۇرەشىدخاننى «مۇرىت» لىققا قوبۇل قىلىپ، «پىر» لىق «سالاپىتى» بىلەن تىزگىنلەشكە باشلايدۇ. «يەكەن تارىخى» دا بۇ توغرۇلۇق مۇنداق يېزىلغان: «... ئابدۇرەشىدخان خوجا مۇھەممەد شېرىپقا قول بېرىپ مۇرىت بولىدۇ. شۇ تارىخىي شارائىتتا ئابدۇرەشىدخاننىڭ شۇنداق قىلماسلىققا ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. چۈنكى، سۇلتان سەئىدخان زامانىسىدا (سۇلتان سەئىدخان ئابدۇرەشىدخاننىڭ دادىسى — ئا) كەلگەن ئۆچ ئالغان سوپىلار پىتنىسى ئابدۇرەشىدخانغا تۈرلۈك تۆھمەت - بەتنامىلارنى چاپلاش بىلەن خاراكتېرلىنىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئابدۇرەشىدخان خوجا مۇھەممەد شېرىپ بىلەن مازارلارغا بېرىپ، خانىقالاردا تۈنەپ، «ياھۇ - يامەنھۇ»، دەپ جار سېلىپ يۈرگەن سوپىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ ئەسكەرلىككە ئېلىشى، ئۆزىگە ئىشەندۈرۈشى لازىم ئىدى... ئابدۇرەشىدخان خوجا مۇھەممەد شېرىپنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئاتۇش مەشھەتتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىدا بىرنەچچە كۈن يېتىپ مازارغا تاۋاپ قىلىپ، سوپىلاردىن قوشۇن توپلىدى...»

خوجا مۇھەممەد شېرىپ يۇقىرىقىدەك چارە - ئاماللارنى قوللىنىپ، ئاخىرى ئابدۇرەشىدخان ھاكىمىيىتىنىڭ ئىدېئولوگىيە، دىنىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ھەربىي ۋە باشقا ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىگە قول تىققالايدىغان، دېگىنىنى قىلالايدىغان بىردىنبىر ھۆكۈمران «پىر» بولۇپ مەيدانغا چىقىدۇ. ئابدۇرەشىدخان تەۋەلىكىدە (كەشمىر، شەرقىي ئافغانىستان، شىمالىي تىبەت، قازاق يۇرتلىرى، يەنى ئالتاي تاغلىرى، ئىسسىقكۆل، بالقاش كۆلى ۋادىلىرى، پەرغانە ۋە ئارا يۇلتۇزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سەئىدىيە خانلىقى تەۋەلىكىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



سوپى ـ ئىشانلىق ھەرىكىتىنى كۈچەپ قانات يايدۇرۇۋېتىدۇ. يەنى نام، مەنپەئەت ۋە دىنىي «شەپقەت» چېلىكنى ۋەدە قىلىش، تەرغىبات مەدداھلىقى بىلەن ئىشەندۈرۈش ئارقىلىق مۇرىت بىلەن، سوپى بىلەن سوپى، ئىشان بىلەن ئىشان كۆپەيتىپ، پۈتۈن خانلىق تەۋەسىدە مەلۇم جامائەت قاتلاملىرىنى، خەلق كۈچلىرىنى، توپلىرىنى پەيدا قىلىپ ۋە ئۆزىگە تارتىپ، ئاخىر ئابدۇرەشىدخان ھاكىمىيىتىنى ئۆزىنى مەركەز قىلغان سوپى ـ ئىشانلار شېرىكچىلىكىدىكى (ئۇلارنىڭ ھالاكەتلىك تەسىرلىرىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن بولمىغان) ھاكىمىيەتكە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ تارىختىكى جەددى ـ جەمەتى، ئىران ھەمەدانلىق مەشھۇر سوپى ئوبۇل ياقۇل يۇسۇف ئەلپۇزەنجىر ئەل ھەمەدانىنىڭ سوپىلىق يولى — «ئىشقىيە سۇلۇكى» نى خانلىق مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەمەل قىلىدىغان دىنىي مىزانى، ئىدېئولوگىيە پرىنسىپى قىلىپ، جەمئىيەتتە بۇ سۇلۇكنى يولغا قويۇش، كېڭەيتىش كويىغا چۈشىدۇ. ئۇ «پىر» ئەجدادلىرىنى باشلاپ كىرگەن «ئىشقىيە سۇلۇكى» نىڭ ئىبادەت پرىنسىپى مۇنداق ئىدى: «ئىشقىيە» چىلەرنىڭ يېتەكچىلىرى ئۆز سۇلۇكىنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى «ئىبادەت» دېگەن بىرلا سۆزگە يەغىنچاقلايدۇ، مۇرىتلىرىنى تەركىدۇنيا بولۇشقا تەرغىب قىلىدۇ. ئۇلارنى جاھاندىن قول ئۈزۈپ، ئۆي ـ جاي تۇتماي، خوتۇن ئالماي، بالا ـ چاقىلىق بولماي، بىر جايدا ماكانلاشماي، جايدىن جايغا يۆتكىلىپ يۈرۈپ جاھاننى كېزىپ، بۈگۈن تاپقاننى ئەتىگە قالدۇرماي قولدىن چىقىرىۋېتىپ ياكى يەپ تۈگىتىپ ھايات كەچۈرۈشنى تەرغىب قىلىدۇ. بۇ سۇلۇكنىڭ مۇرىتلىرى توپلانغان جايلىرىدا ياكى يەككە ـ يېگانە يۈرگەندە قانغۇچە چېلىم تارتىپ نەشە چېكىشنى «ئىبادەت» دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ ئارقىلىق «خۇدا» غا ئاشىقلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى چاچلىرىنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈپ، ساراڭلارچە ھاياتقا قەدەم قويغانلىقىنى «خۇدانىڭ ئىشقىغا ئۆزىنى پىدا قىلغانلىق» دەپ قارايدۇ. ئۇلار مۇشۇ خىل ئۇسۇلنى «خۇداغا يېقىنلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى www.uyghurkitap.com



شىش» دەپ بىلىپ ، ئۆزلىرىگە مۇرىت توپلاپ ، ئۇلارغا ئالدى بىلەن تو‌ۋا - ئىستىغپار ئېيتقۇزۇپ ، ئۆزلىرىگە شەرتسىز بويسۇنۇشنى ، دا- ۋاملىق «پىر» نى ياد ئېتىپ تۇرۇشنى ئۆگىتىدۇ . بۇ يولدا ئوبدانراق خىزمەت قىلغۇچى سوپىلارنى ئۆزىگە ۋەكىل قىلىپ تەيىنلەپ ، مۇرىت توپلاش ئۈچۈن جايلارغا ئەۋەتىپ ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ[1] ...

يەكەن خانلىقى گەرچە دىن بىلەن سىياسەت ئايرىلغان بىر خانلىق بولسىمۇ ، لېكىن خوجا مۇھەممەد شېرىپ پىر دۆلەتنىڭ بارلىق مۇھىم ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ، ھەتتا ھەربىي يۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىش ئىشلىرىغىمۇ قاتناشتى . شۇنىڭدىن باشلاپ نەقشبەندىيچىلەر يەكەن خانلىقىنىڭ ئوردىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا مۇستەھكەم ئاساس ئورناتتى .

مۇشۇ مەزگىلدە بۇ «ئۇلۇغ پىر» لار تارىخىمىزدىكى ئەڭ قاباھەت- لىك ھادىسىلەرنى پەيدا قىلىپ ، ئۆزئارا نىزا - تەپرىقىچىلىك ، سۇيىد- قەست ، ھىيلە - مىكىر ، ئىستىبداتلىقنى چىقىش قىلغان قىساسكارلىق ۋە خوتۇنپەرەسلىك ئەۋج ئالدى . ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا گۇرۇھ توپلاپ ، بىر - بىرىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى . بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي مەزھەپ ۋە ئىچكى نىزا كۆرەشلىرى ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى . نەتىجىدە ئۇلاردىن خوجا مۇھەممەت شېرىپ كۈچلىرى مەخدۇم ئەزەم تەرىقەتچىلىرىگە قارشى قوزغىلىپ ، مىلادىيە XVI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھازىرقى يوپۇرغا ناھە- يىسىنىڭ ئاخۇنلۇقۇم ، يەكەننىڭ تېرەك لەڭگەر (خاڭدى) ، مەكىتنىڭ شوردۆڭ (ھازىرقى شېھىتدۆڭ) قاتارلىق جايلىرىدا قاتتىق مەزھەپ ئۇرۇشلىرى ئېلىپ باردى ھەم مەخدۇم ئەزەمنى كەلگەن يېرىگە كېتىش- كە مەجبۇر قىلدى[2] . خوجا مۇھەممەد شېرىپ پىر ھىجرىيە 973 - يىلى (مىلادىيە 1565 — 1566 - يىلى) 95 يېشىدا يەكەندە ۋاپات بولدى .

---

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ، 1987 - يىلى 3 - سان ، 34 — 35 - بەتلەر .
② «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ، 1988 - يىلى 6 - سان ، 60 - بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مىلادىيە XVI ئەسىرنىڭ 70 ـ ، 80 ـ يىللىرى كاسان خوجىلىرى، بولۇپمۇ مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدە دادىسىنىڭ ئىشانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدە كەسكىن زىددىيەتلەر پەيدا بولدى، بولۇپمۇ باشقا ـ باشقا ئانىدىن تۇغۇلغان خوجا مۇھەممەد ئىمىن (ئىشان كالان) بىلەن خوجا ئىسھاق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ناھايىتى كەسكىن بولدى. خوجا ئىسھاق يەكەن خانلىقى تەۋەسىدە، بولۇپمۇ تەڭرىتاغ قىرغىزلىرى ئارىسىدا كەڭ دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللاندى. يەكەن خانلىقىنىڭ يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، مەكىت رايونلىرىدا كۆپلىگەن مۇرىتلارنى توپلاپ، جەمئىي 12 يىل تۇرۇپ، ئۆزىگە مۇستەھكەم ئاساس ئورناتتى.

ئىشان كالان خوجا مۇھەممەد ئىمىن مىلادىيە 1587 ـ يىلى قەشقەرگە كېلىپ، خوجا ئىسھاققا قارشى ئۆز ئالدىغا مۇرىت توپلىدى. شۇنىڭ بىلەن مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادى ئىككى گورۇھقا بۆلۈندى. خوجا ئىسھاق تەرەپدارلىرى «ئىسھاقىيە»، ئىشان كالان خوجا مۇھەممەد ئىمىن تەرەپدارلىرى «ئىشقىيە» دەپ ئاتالدى ۋە بۇ ئىككى گورۇھ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەشلەر بولدى. دىنىي مۇراسىملار ۋە باشقا ئاممىۋى ھەرىكەتلەردە بىر ـ بىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، «ئىسھاقىيە» تەرەپدارلىرى قارا تاقىيا (قارا دوپپا)، «ئىشقىيە» تەرەپدارلىرى بولسا ئاق تاقىيا كىيىدىغان بولدى. شۇڭلاشقا، ئۇلار تارىختا يەنە «قارا تاقىيالىقلار» ۋە «ئاق تاقىيالىقلار» دەپ ئاتالدى.

مىلادىيە 1619 ـ يىلى (ئابدۇلەتىپخان تەختكە چىققان يىلى) ئىشان كالان خوجا مۇھەممەد ئىمىننىڭ ئوغلى خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ مەككە، مەدىنە ۋە ئەرەب دۆلەتلىرىدە ئۇزاق مۇددەتلىك دەرۋىشلىك تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزۈپ قەشقەرگە كەلدى. ئابدۇلەتىپخان دەسلەپتە ئۇنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، قەشقەرنىڭ ياغدۇ ۋە قارا ساقال دېگەن يېرىنى ۋەخپە قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كېلىشى بىلەنلا «ئىسھاقىيە» ۋە «ئىشقىيە» گورۇھىنىڭ قارىمۇقارشىلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئوردا ۋە ۋىلايەتلەردىكى بەزى ئەمەلدارلارنى ئۆز تەرىپىگە تارتىپ، «ئىسھاقىيە» تەرەپدارلىرىنى باستۇرۇپ، «ئىشقىيە» تەرەپدارلىرىنى كۆپەيتىشكە باشلىدى، شۇنداقلا يەكەن خانلىقىنىڭ يۇقىرى ھۆكۈمران گۇرۇھىنى كۈچەپ پارچىلاشقا كىرىشتى. شۇڭا، مىلادىيە 1624 - يىلى ئابدۇلەتىپخاننىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى مەھمۇد سۇلتان (قىلىچ خان) خوجا مۇھەممەد يۇسۇپنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقاردى. ئۇ، ئۇچ (ئۇچ-تۇرپان)، ئاقسۇ، كۇسەن (كۇچا)، كورلا، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا بىر مەزگىل دەرۋىشلىك تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزۈپ، ئاخىر قامۇلغا (قۇمۇلغا) كېلىپ ئورۇنلاشتى.

مىلادىيە 1625 - يىلى خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ ئەسلىدە قەشقەر بەشكېرەم رايونىدىن قۇمۇلغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان مىرسەيىت جېلىل كاشغىرى ناملىق بىر چوڭ ئاقسۆڭەكنىڭ قىزى زۇلەيخا بېگىمگە ئۆيلەندى. مىلادىيە 1626 - يىلى ئۇنىڭدىن خوجا ھىدايىتۇللا (كېيىن ئاپپاق خوجا دەپ ئاتالدى) تۇغۇلدى. مىلادىيە 1638 - يىلى «ئىشقىيە» گۇرۇھىنىڭ پېشۋاسى مۇھەممەد يۇسۇپ ئۆزىنىڭ قۇمۇلدا زۇلەيخا بېگىمدىن تۇغۇلغان 12 ياشلىق ئوغلى خوجا ھىدايىتۇللانى ئېلىپ قەشقەرگە كەلدى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ «ئىشقىيە» گۇرۇھى بىلەن «ئىسھاقىيە» گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق كۈرەش باشلىنىپ، يەكەن خانلىقىنىڭ ئوردىسىنى مەركەز قىلغان، پۈتكۈل تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى قاپلىغان بىر مەيدان قىرغىنچىلىق يۈز بەردى.

1670 - يىلى ئىسمائىلخان يەكەن خانلىقى تەختىگە چىققاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن «ئىسھاقىيە» گۇرۇھىنى قوللاپ، «ئىشقىيە» گۇرۇھىنى قانلىق باستۇردى. شۇ يىلى خوجا ھىدايىتۇللانى يەكەن خانلىقىدىن قوغلاپ چىقاردى، «تەزكىرەئى خوجاكان» ۋە «ھىدايەتنامە» ناملىق كىتابلارنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، خوجا ھىدايىتۇللا دەھبىد، كاسان، بەدەخشان، كەشمىر، تىبەت، چىڭخەي (كۆكنۇر) قاتارلىق جايلاردا 12 يىللىق دەرۋىشلىك تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزۈپ، مىلادى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



يە 1682 ـ يىلى ئۆزىنى دالاي V نىڭ ياردەمچىسى ساڭجىيەجاسونىڭ قولتۇقىغا ئاتتى. بۇ چاغدا دالاي V ۋاپات بولغانىدى. ساڭجىيەجاسو جەسىتىنى يوشۇرۇن ساقلاۋاتقان دالاي V نىڭ نامىدا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا قۇرۇلغان جۇڭغار خانلىقىنىڭ خانى غالدانغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭ خوجا ھىدايىتۇللاغا ياردەملىشىپ، يەكەن خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ بېرىشىنى ئۆتۈندى.

خوجا ھىدايىتۇللا بۇ خەتنى ئېلىپ ئىلى شەھىرىگە بېرىپ، ئۆزىنى غالداننىڭ ئېتىكىگە تاشلىدى. ئۇزاقتىن بۇيان يەكەن خانلىقىنى يوق قىلىش ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى ئىگىلەشنى تەمە قىلىپ كەلگەن غال-دان 12 مىڭ لەشكەر تەييارلاپ، خوجا ھىدايىتۇللاغا يول باشلىتىپ، مۇز داۋان ئارقىلىق قەشقەرگە بېسىپ كىردى. ئىسمائىلخاننىڭ ئىنىسى بابا سۇلتان ئۇرۇشتا قۇربان بولدى. خوجا ھىدايىتۇللا ئۇنىڭ بارلىق ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى قانلىق قىرغىن قىلدى. غالدان باشلىغان جۇڭ-غار قوشۇنلىرى ھەشەمەت بىلەن يەكەنگە كىرىپ، ئىسمائىلخان ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى تۇتقۇن قىلىپ، ئىلىدىكى قاش دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان ئىرەن قابۇرغا تېغىغا ئاپىرىپ نەزەربەند قىلدى. پەقەت ئىسما-ئىلخاننىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى مۇھەممەد ئىمىن سۇلتان ۋە ئەبۇلمۇ-ھەممەد خاننىڭ سىڭلىسى خانىم پادىشاھ (جالالات خانىم)، ئاپئاق سۇلتان قاتارلىقلار بۇ پاجىئەدىن ئامان قالدى. چۈنكى، مۇھەممەد ئىمىن سۇلتان بۇ چاغدا ئۇچتۇرپاندا ئىدى. خانىم پادىشاھ بولسا خوجا ھىدايىتۇللاغا ياتلىق قىلىنغانىدى. نەتىجىدە، يەكەن خانلىقىنىڭ 165 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى ئاياغلاشتى. جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى خوجا ھىدا-يىتۇللانى خان قىلىپ كۆتۈرۈپ، يەكەن خانلىقىنىڭ بارلىق زېمىنىنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ يەكەن خانلىقىنىڭ بۇ زې-مىنىدا، بولۇپمۇ ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە تەخمىنەن بىر ئەسىرگە سوزۇلغان جاھالەت دەۋرى باشلاندى. جەمئىيەت تەرەققىياتى تۇرغۇنلۇقتا قالدى. تەسەۋۋۇپچە-

لارنىڭ ئۆز ئارا قانلىق كۈرەشلىرى ئەۋجىگە چىقتى. يۇرت ۋە يۇرت مۇتىۋەرلىرى ئېغىر دەرىجىدە بۆلۈندى. كىشىلەردە بىر - بىرىگە ئىشەنچ قالمىدى، ھەتتا ئۇلار ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر» دېگەن نامىنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۆزلىرىنى «قەشقەرلىق»، «يەكەنلىك» ياكى «ئالتە شەھەرلىك»، «يەتتە شەھەرلىك» دەپ ئاتايدىغان دەرىجىگە چۈشۈپ قالدى.

مىلادىيە 1678 - يىلى خوجا ھىدايىتۇللا تەختكە چىقىپ، «ئافاق خوجا» (ئاپپاق خوجا) دېگەن نام بىلەن ئاتالدى. ئۇنىڭ تەختكە چىقىشى تارىم ۋادىسىدىكى خەلقلەر — ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ناھايىتى زور ئاپەت بولدى. ئۇ ئۆزىدىن باشقا مەزھەپلەرگە قاتتىق قوللۇق بىلەن زەربە بېرىپ، ئۆزىگە قارشى ھەرقانداق ئىدىيە ئېقىمىنىڭ بولۇشىغا يول قويمىدى، شۇنداقلا موللا، ئالىملارنى قورالسىزلاندۇرۇش ئۈچۈن، قۇرئان، ھەپتىيەك ۋە تەپسىرلەردىن باشقا كىتابلارنى كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ كۆيدۈرگەننىڭ سىرتىدا، كىتاب ساقلىغان ساندۇقلارنىمۇ كۆيدۈردى. كىتابنى يوشۇرۇپ قالغۇچىلارنى قاتتىق جازالىدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋەيران بولدى. كىشىلەر ئوقۇي دېسە كىتابى يوق، ئەركىن سۆزلىشىشكىمۇ ئىمكانى يوق ھالەتتە قالدى①.

مىلادىيە 1688 - يىلى «ئىسھاقىيە» گۇرۇھىنىڭ پېشۋاسى خوجا شادى خوجىنىڭ نەۋرىسى خوجا شۇئەيب قاغىلىق ۋە پوسكام ئەتراپىدىكى ئەگەشكۈچىلىرىنى باشلاپ كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

ئاپپاق خوجا تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن چۇقان - سۈرەنلەرنىڭ ئىچىدە قالدى. قوزغىلاڭچىلار ناھايىتى تېز ئارىدا ئاقتۇ قورغانىنى (ھازىرقى ئاقتۇ ناھىيىسى)نى ئىشغال قىلىپ، ئىسمائىلخاننىڭ پامىر تاغلىرىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن بىر تۇغقان قېرىندىشى ئاپئاق سۇلتاننى («ئاق باش خان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئېلىپ كېلىپ، خان قىلىپ كۆتۈر-

---

① ئابدۇقادىر داۋۇت: «قەشقەر قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى» (ئىچكى ژۇرنال)، 1984 - يىلى 1 - سان، 90 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەكچى بولدى . لېكىن ، ئاپپاق خوجا بولسا ئاپئاق سۇلتاننىڭ ئانا بۆلەك قېرىنداشى مۇھەممەد ئىمىن خاننى تۇرپاندىن ئالدۇرۇپ ، ئۆز ئورنىغا ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بەردى .

مۇھەممەد ئىمىن سۇلتان تەختنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ، «ئىشقىيە» ۋە «ئىسھاقىيە» گۇرۇھلىرىنىڭ زىددىيىتىنى كېلىشتۈردى . كەڭ ئاممىنىڭ نارازىلىقىنى باستى ، شۇنىڭدەك ئۇ ئاپپاق خوجىنىڭ ئوي - مەقسەتلىرىگە قارشى ئىش كۆرۈپ ، مىلادىيە 1690 - يىلى غالداننىڭ ئىچكى موڭغۇل ۋە شىمالىي جۇڭگو رايونىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇرغۇن قوشۇن باشلاپ ، مۇز داۋان ئارقىلىق ئىلى تەۋەسىگە ئۆتۈپ ، جۇڭغار خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش باشلىدى . لېكىن ، دەل مۇشۇ چاغدا قەشقەردىكى «ئىشقىيە» تەرەپدارلىرى توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ، مۇھەممەد ئىمىن سۇلتان ھاكىمىيىتىنى يىقىتتى . مۇھەممەد ئىمىن سۇلتان ئىلى شەھىرىگە قىلغان ئۇرۇشنى توختىتىپ ، دەرھال قەشقەرگە قايتتى . لېكىن ، ئۇ «ئىشقىيە» تەرەپدارلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ، قەشقەرنىڭ غەربىدىكى بىر تاغ ئىچىگە قاچقاندا ، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ئادىمى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى .

ئاپپاق خوجا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تېزدىن يەكەنگە يېتىپ كېلىپ ھاكىمىيەتنى يەنە ئۆز قولىغا ئالدى . لېكىن ، مىلادىيە 1594 - يىلى خوجا شۇئەيب يەنە «ئىسھاقىيە» تەرەپدارلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى . ئۇلار قاغىلىق ، پوسكام ، ئاقتۇ ، يېڭىسار قەلئەلىرىنى قولغا ئېلىپ ، توپتوغرا يەكەن شەھىرىگە بېسىپ كىرىپ ؛ مىلادىيە 1694 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپپاق خوجىنى ئۆلتۈردى . نەتىجىدە ، مىلادىيە 1682 - يىلى غالداننىڭ ياردىمى ئاستىدا تىكلەنگەن «ئىشقىيە» تەرەپدارلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى ئەمدى «ئىسھاقىيە» تەرەپدارلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى . خوجا شۇئەيب خوجىنىڭ بىر تۇغقان قېرىنداشى خوجا دانىيال كاساندىن قايتىپ كېلىپ ، بۇ ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىغا ئالدى . ئۇ ئاپئاق سۇلتاننىڭ ياردىمى ئاستىدا ئاپپاق خوجا تەرىپىدىن

ۋەيران قىلغان ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرىنى قايتا تىكلىدى ، شۇنداقلا «ئىشقىيە» تەرەپدارلىرىنى قاتتىق قىرغىن قىلدى . ئاپپاق خوجىنىڭ ئوغۇللىرى خوجا يەھيا ۋە خوجا مەھرى قاتارلىقلار ئۆلتۈرۈلدى ، ھەتتا ئاپپاق خوجىنىڭ خانىشى خانىم پادىشاھمۇ ئاپپاق خوجىنىڭ بۇرۇنقى دولاندىكى يانچىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى①.

ئەينى چاغدا «جاھالەت پىرلىرى» دەپ ئاتالغان خوجىلار شىنجاڭ تارىخىدا خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل مالىمانچىلىق چىقىرىپ ، ناھايىتى زور سەلبىي تەسىرلەرنى پەيدا قىلغان بولسا ، دولان دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا جايلاشقان مەكىت بوستانلىقى خوجىلارنىڭ ئاشۇ بىر مەزگىللىك ھايات پائالىيىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانىدى .

تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە ، يەكەن خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى سۇلتان سەئىدخان زامانىسىدا (مىلادىيە 1514 — 1533 - يىللار ) پەرغانە ، سەمەرقەند ، بەلخ ، ئەھرار قاتارلىق جايلاردىن تۇنجى قېتىم يەكەن ، قەشقەر ، قاراشەھەر (كورلا ) تەرەپلەرگە تەرىقەت تەرغىباتچىلىقى ئۈچۈن ھىجرەت (سەپەر ) قىلىپ پەيدا بولغان چوڭ تەرىقەت روھانىيلىرىدىن بۇخارالىق خوجا ئەرشىدىن ، شەيخ شاھىبىددىن ، پەرغانىلىك خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ ، ھىراتلىق مەخدۇم ئەزەم (خوجا ئەھمەد كاسانى ) ، ئەھرارلىق خوجا مۇھەممەد ئىمىن ، سەمەرقەندلىك خوجا مۇھەممەد شېرىپ ··· قاتارلىق «سەككىز ۋەلى» ياكى «سەككىز ئەۋلىيا» دەپ ئاتالغان تەرىقەت پېشۋالىرى يەكەن ، قەشقەرنى مەركەز قىلىپ ، جەنۇبىي شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ئۆز ئېتىقادلىرىدىكى «تەرىقەت» لىرىنى ، يەنى «قادىرىيە» ، «نەقشىبەندىيە»··· لەرنى تارقىتىش ، كېڭەيتىش بىلەن مەشغۇل بولۇشقان . ھازىرقى يەكەن ، قاغىلىق ، مەكىت ، گۇما ، قاراقاش ، لوپ ، ئىلچى (خوتەن ) قاتارلىق 15 ناھىيە تەۋەلىرىدە يۇقى-

---

① ئەنۋەر بايتۇر ، خەيرىنىسا سىدىق : «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1991 - يىل 11 - ئاي نەشرى ، 990 — 992 - بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ـرىقى «تەرىقەت» مەركەزلىرىنى بەرپا قىلىشقان①.

ئاپپاق خوجا (ھىدايىتۇللا ئىشان) مىلادىيە 1633 ـ يىلى دادىسى خوجا مۇھەممەد يۇسۇپكە ئەگىـشـىـپ قەشقەرگە كەلگەن. مىلادىيە 1660 ـ يىلى 34 يېشىدا يەكەندە مەكىتلىك ئوبۇل ھادى بەگنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن②. ئاپپاق خوجىنىڭ مەكىتتىكى پائالىيىتى ھەققىدە بىرقە-ىسىم تارىخ ـ تەزكىرىلەردە مۇنداق مەلۇماتلار تىلغا ئېلىنغان:

«ھىدايىتۇللا ئاپپاق خوجا ياغدۇ قەبرىستانلىقىدا گۆردە ياتقان مەر-ھۇم دادىسى مۇھەممەد يۇسۇپ ئىشان بىلەن يىغلاپ خوشلاشقاندىن كې-يىن، مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ مەكىت ـ دولان تەرەپلىرىگە باش ئېلىپ چىقىپ كەتتى! ئۇ بۇ دىياردا «خۇدا چاچقان رىزىق، ئىزدەپ، دۇنيانى دوست تۇتمايدىغان خۇدايى ئىشان قىياپىتىدە مەكىتنىڭ شېھىتدۆڭ دېگەن يېرىدە پەيدا بولدى...»

بۇ شېھىتدۆڭنىڭ ئەسلىي نامى شوردۆڭ دەپ ئاتالسىمۇ، ئەمما بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى بۇ يەردە يۈز بەرگەن دىنىي مەزھەپ غازىتىدا ئەسلىدىكى شوردۆڭ دېگەن يۇرت نامى «شېھىتدۆڭ» دەپ ئۆزگىرىپ كەتكەندى!

مىلادىيە 1533 ـ يىلى (يىلان يىلى) كۈزدە بۇ يەردە مەخدۇم ئەزەمنىڭ مۇرىتلىرى بىلەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى سەئىدخاننىڭ ئۇستازى، شەيخۇلئىسلام خوجا مۇھەممەد شېرىپ ئىشاننىڭ ئوتتۇ-رىسىدا بىر قېتىملىق قانلىق دىنىي مەزھەپ سوقۇشى يۈز بەردى. بۇ چاغدا سۇلتان سەئىدخان تىبەت، كەشمىرلەرنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئېلىش ئۈچۈن قاراقورۇم تاغلىرىدا جەڭ قىلىۋاتقانىدى. ئىككى مەزھەپ ئوتتۇ-رىسىدا يۈز بەرگەن بۇ قانلىق سوقۇشتا مەخدۇم ئەزەمنىڭ مەشھۇر خەلىپىسى ۋە يېقىن ئادىمى، «ئۇزۇن قولاق زات» دەپ نام ئالغان مەككە خوجا باشلىق 40 كىشى مۇھەممەد شېرىپ ئىشاننىڭ سوپىلىرى تەرىپە-

---

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1988 ـ يىلى 6 ـ سان، 52 ـ، 53 ـ بەتلەر.
② «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1987 ـ يىلى 4 ـ سان، 18 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دىن ئۆلتۈرۈلدى . ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى مۇشۇ شوردۆڭگە دەپنە قىلىنغانلىقتىن ، بۇ يەر كېيىنكى چاغلاردا «شېھىتدۆڭ» دەپ ئاتالدى① . 500 تۈتۈنلۈك بۇ يۇرت چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ مەكىتلىك ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئوبۇل هادى بەگ دېگەننىڭ تارخانلىقى ئىدى .

ئاپپاق خوجا شېھىتدۆڭگە كەلگەندە ، دەسلەپتە ئوبۇل هادى بەگنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ تەرغىباتىنى تەۋرىتىپ يۈردى . ئوبۇل هادى بەگ ئىخلاسمەن ئىشقىيە مۇرىتى بولغاچقا ، ھىدايىتۇللا ئاپپاق خوجىغا ھەددىدىن زىيادە ئەقىدە ۋە ئىخلاس قىلىپ ، ئۇنى ھەممىدىن يۇقىرى مەرتىۋىلىك زات دەپ ھېسابلايتتى . بۇ چاغلاردا ئاپپاق خوجا 36ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ ، «سۇلۇك تۇتۇپ ئىشقىيە تەرىقىتىنى تەۋرىتىمەن» دەپ يۈرۈپ ، تېخى نىكاھلىق بولمىغانىدى .

ئوبۇل هادى بەگنىڭ چىنارخان ئىسىملىك بويىغا يېتىپ قالغان بىر قىزى بار ئىدى . بۇ قىزنىڭ كېلىشكەن قەددى - قامىتى گۈزەللىك بېغىدىكى چىنار دەرىخىنىڭ ئۆزى ئىدى . ئۇنىڭ تال - تال ئۆرۈم چاچلىرى گوياكى تىرىكلىك بويىنىغا سېلىنغان ئەجەل سىرتمىقى ئىدى !

ئاپپاق خوجا ئادىتى بويىچە كۈن چۈش بولغاندا خالايىققا مەسنەۋى خاراباتتىن دەرس ئۆتۈش ئۈچۈن شېھىتدۆڭ خانىقاسىغا كەلدى . بۈگۈنكى دەرسكە ئوبۇل هادى بەگمۇ قاتناشقانىدى . ئاپپاق خوجا مەسىلە-مەرۇپ قىلغاندا سۆزلىگەن پاساھەتلىك سۆزلىرىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ئوبۇل هادى بەگمۇ باشقىلارغا ئوخشاش بىھوش - خاراموش بولۇپ كەتتى . ئۇمۇ باشقىلاردەكلا رەققىسى - ساماغا چۈشۈپ ، ئۆزىنىڭ ئىشتان - كۆڭلەكلىرىنى سېلىپ تاشلىغانلىقىنى سەزمەيلا قالدى . ھوشيار ۋاقتىدا شەرىئەت - تەرىقەتتىن سۆزلەيدىغان ، تون - سەللىسىنى زادىلا يەشمەيدىغان بۇ ئىخلاسمەن مۇسۇلمان شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاپپاق خوجا ئىشانىنى كۆرگىنىدە ، تەندە جان ، قەلبىدە ئىماندىن بىخەۋەر بو-

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ، 1987 - يىلى 3 - سان ، 39 - ، 71 - بەتلەر ؛ ئادىل مۇھەممەت تۇران : «مەكىت تارىخىدىن تېزىسلار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2001 - يىل 10 - ئاي نەشرى ، 47 - ، 48 - بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


لۇپ ، خۇدىنى بىلمەيدىغان ، جەررە ـ سۆھبەت قىلىۋاتقان چاغدا خانىقا نىڭ ئىچىدىكى ئۇنىڭ كۆزىگە نەچچە خىل رەڭدە كۆرۈنىدىغا بولۇپ قالدى .

مۇرىتلار خانىقادا زىكرى ـ سۆھبەت قىلىشقاندا ، ھەلىقە سېلىشقاندا ، نەشە چېكىپ كەيپ قىلاتتى . ئاپپاق خوجا بۇنداق ناشايان ئىشلارنى چەكلىمەيلا قالماستىن ، بەلكى مەدەت بېرەتتى :

— ئادەم مەست بولغان چاغدا ، — دەيتتى ئۇ ھەمىشە ، مەسلە-مەرۇپ قىلىغاندا ، — ئەررائى ئىلاھتىن بىخەۋەر بولىدۇ . ھەر كېچە بىدار بولۇپ ، ئىشقىنىڭ شەھەرىستانىدىن يول ئالىدۇ . ۋادەرىخ ، بۇ پەلەك غەددار ـ مەككار ، بۇ دۇنيا سېھىرگەرلەرنىڭ سېھىرگە ئوخشاي-دۇ . بىرنى دۇنياغا ئاشىق قىلدى ، بىرنى خوتۇنغا ئاشىق قىلدى . بەندىلەر ئەنە شۇ ۋەجىدىن بىر ـ بىرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ ، خۇدانىڭ ئىشقىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشىدۇ ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ، ئادەم مەستۇ ـ مۇستەغرەق بولۇپ يۈرگەندە ، ئاندىن خۇداغا يېقىنلىشالايدۇ !

— ۋاي ھەسرىتا ! — دەپ پۇشايمان ئىلكىدە قولىنى چىشلەيتتى ئوبۇل ھادى بەگ ئاپپاق خوجىنىڭ بۇ مەسىلە ـ مەرۇپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، — نېمە ئۈچۈن پىرىمنىڭ سۇلۇكى تەرىقىتىگە بالدۇرراق ئەگەشمىگەن بولغىيتتىم؟ نېمىشقا پىرىمنىڭ ئاي ، يۇلتۇزلۇق چېھرى-دىن بالدۇرراق بەھرە ئالمىغان بولغىيتتىم؟ نېمىشقا پىرىمنىڭ نەسەب ـ ھەسەبلىرىگە ، ئۆز ۋۇجۇدى شېرىنلىرىگە بالدۇرراق مۇيەسسەر بولماي ، ئۇلۇغ نەزەرلىرىدىن يىراق قالغان بولغىيتتىم؟ نېمىشقا پىرىم-نىڭ قەند ـ قەندالەتلىك شېرىن سۆزلىرىنى بۇرۇنراق ئىشىتىپ ، تېتىمىغان بولغىيتتىم؟ پىرىمنىڭ زىكرى ـ سۆھبەتلىرىگە بۇرۇنراق داخىل بولمىغانلىقىم ئۈچۈن ئاخىرەتلىك ئىشىم تەس بولارمۇ؟

ئوبۇل ھادى بەگ مۇشۇنداق پۇشايمان ئىلكىدە كېچە ـ كۈندۈز ئىزتىراپقا چۈشۈپ قېلىپ ، يېگىنى زوقۇم ، ئۇيقۇسى ھارام بولدى . ئاخىر ئۇ : «ئەمدى بىز تىلىگەن ۋە ئارزۇ قىلغان خوجامغا — پىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەزەمگە ئۆلىشىپتۇق !» دەپ ئاپپاق خوجىغا ناھايىتى يۇقىرى ئەقىدە باغلىدى ۋە ئۆزىنىڭ پۈتۈن يەر ـ زېمىن ، سۇ كۆللىرىنى ، مال ـ چارپايلىرىنى ئاپپاق خوجىغا ئاتاپ ، ئاتلىرىنى يىلقا ـ ئۇيۇرى بىلەن ، كالىلىرىنى ئېغىلى بىلەن ، قويلىرىنى بولسا قوتىنى بىلەن ئىشقىيە سۇلۇكىگە خۇدايى ۋەخپە قىلىۋەتتى . قىزى چىنارخاننى بولسا قىزلىق ئېپپىتى بىلەن ئېلىپ كېلىپ ، ئاپپاق خوجىغا نىكاھلاپ چېتىپ دۇئا-سىنى ئالدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نوقانچى خوجا ـ ئىشانلارغا ، گۇرەنلىك مۇشتۇمزورلارغا ، قالماق ـ مانجۇلارغا مال ـ چارۋىلىرىنى يىلقا ـ ئېغىلى بىلەن ، قىز ـ چوكانلىرىنى ئىپپەت ـ سېكىلەكلىرى بىلەن دۇئا قىلدۇرۇۋېتىدىغان ئوسال ئادەت ، يامان قىلىقلار شەكىللىنىپ تاراشقا باشلىدى .

كېيىنكى چاغلاردا سوپى ئاللا يار ئۆزىنىڭ «سۇباتىل ئاجىزىن» دېگەن كىتابىدا مۇنداق بىر مەسنەۋىنى يېزىپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇنداق يامان قىلىق ، ئوسال ئادەتلىرىنى ئۆتكۈر ھەجۋىي تىل بىلەن راسا قامچىلىغانىدى :

«بولۇپتۇ ھەم تەقى بىر فىرقە پەيدا ،
ئاتى مۆمىن ۋەلى ، نەفسىگە شەيدا ،
يىغۇرلەر پارە ۋە بويىنى يوغاننى ،
سالۇرلەر ئوتتۇرغا قىزۇجۇۋاننى ،
ئالىپ بارسا كىشى ئەھلى ئايالىن ،
كۆتەرۇر بىھىمەتلىك ۋەبالىن .
ھارام ئىشنىكى تائەت بىلسە ئىنسان ،
ئىرۇر بول ئېتىقادى نامۇسۇلمان ،
بۇ ئايغان فىرقە كىم زاللى مۇزىلدۇر ،
شەرىئەت ئەھلى بۇ ئەلدىن خىجىلدۇر[1] .»

---

① موللا مۇسا سايرامى : «تارىخى ھەمىدى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1986 ـ يىلى 1 ـ نەشرى ، 1988 ـ يىلى 2 ـ باسمىسى ، 244 ـ بەت . (ئابدۇۋەلى ئەلى : «ئاپپاق خوجا» ، 1 ـ قىسىم ، 94 ـ بەتتىكى نەقىل) .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دېمەك ، ئاپپاق خوجا تەرغىب قىلغان ئاشۇ دەستەكسىز دۇئالارنى كاساپىتىدە ئۇيغۇر خەلقى بۇ پايپېتەك قەشقەر خوجىلىرىنىڭ سىياسىي ئىقتىسادىي مەنپەئىتى ئۈچۈن كەتمەن چېپىشتىن تەدرىجىي يوسۇندا كېيىنكى چاغلاردا جۇڭغار ، مانجۇ باسقۇنچىلىرىنىڭ مەنپەئىتى ھېسابىغا كەتمەن چاپىدىغان بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى دىنىي مەزھەپكە مەنپەئەتلىرى پۈتۈنلەي قەشقەر خوجىلىرى ۋە قالماق - مانجۇ خوجىلىرىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن ئايرىلىدىغان ئىككى سەپكە پارچىلاپ تاشلاندى باشقا ئەللەردىكى خەلق بۇ چاغدا بىر قوۋم ، بىر نىيەت ۋە بىر مەقسەتتە ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مەركەزلىرىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ ، زىچ ئىستتىپاقلاشقانلىقتىن ، تېز روناق تېپىپ ، راۋاجلاندى . ئەمما ، جۇڭغار - مانجۇ باسقۇنچىلىرىنىڭ چېنىكىدىن چىقالمايدىغان بۇ زاكا غالچا قەشقەر خوجىلىرى سەئىدىيە زېمىنىنى روناق تاپقۇزۇش ئورنىغا ، بۇ گۈزەل يۇرت - ماكانىنى بارلىق بايلىق - غەنىيمەتلىرى ، ئەزىز پەرزەنت ، ئوغۇل - قىزلىرى ، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ئەھلى خوتۇنلىرى ، ئىنگچە - سىڭىللىرى بىلەن قوشۇپ ، قىلچە ئويىالماستىن جۇڭغارلارغا سۇڭلاپ بېرىشتى ! يەنە تېخى «ھەممىنى - قەدەر» دېيىشىپ ، بەدەل - شەپقەت ھېسابىدا قالماق - مانجۇ خوجىلىرىدىن ئالغان خەنجەر ، قامچىلىرى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنى داۋاملىق «تەربىيىلىدى» .

شۇنداق قىلىپ ، شېھىتدۆڭ ئاپپاق خوجىنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيىدە ئىشقىيە سۇلۇكى تەرغىباتىدا قەشقەر بەشكېرەمدىن قالسىلا ئىككىنچى سىياسىي ، ئىقتىسادىي مەركەزگە ئايلاندى . ئاپپاق خوجا مۇشۇ يەردە پۈتۈن سەئىدىيە دۆلىتىگە تونۇلۇشقا باشلىدى . . .①

ئاپپاق خوجا مىلادىيە 1694 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۆزىنىڭ تاغىسى خوجا ئىسھاقنىڭ كۆكۈن نەۋرىسى (ئابدۇللا خوجىنىڭ

---

① «تەزكىرەئى ھىدايەت» (قوليازما) ؛ ئابدۇۋەلى ئەلى : «ئاپپاق خوجا» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2000 - يىل 4 - ئاي نەشرى ، 1 - قىسىم ، 90 — 95 - بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئوغلى ) شۇئەيب خوجىنىڭ قاتىلى سۈپىتى بىلەن ئابدۇللا خوجا جەمەتلىرى تەرىپىدىن يەكەندە مەخپىي زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈلگەن . ئاپپاق خوجا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ خوتۇن ، بالا - چاقىلىرى ئارىسىدا تەخت تالىشىش جېدىلى كۆتۈرۈلگەن . ئاپپاق خوجىنىڭ كىچىك خوتۇنى مۆھتەرەم خېنىم ئۆزىنى «خانىم پادىشاھ» دەپ ئېلان قىلىپ ، ئوغلى خوجا مەھدىنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ ، «پادىشاھ ئىشان» لىق تونىنى كىيدۈرگەن . بۇنىڭغا نارازى بولغان خوجا يەھيا (ئاپپاق خوجىنىڭ مەكتىلىك چوڭ خوتۇنىدىن بولغان ، مۆھتەرەم خېنىمغا ئۆگەي چوڭ ئوغلى ) «تەخت» تالىشىپ ئوردىدا سوپىلار ئۇرۇشىنى قوزغىغان . نەتىجىدە ، ھاكىمىيەتنىڭ نوختىسىنى تۇتۇۋالغان «خانىم پادىشاھ» ئۆز ئەتراپىدىكى كۈچلىرى بىلەن خوجا يەھيانى ئىككى ئوغلى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن . «تارىخىي نادىرىيە» دە «خانىم پادىشاھ» توغرىسىدا مۇنداق يېزىلغان : «... خېنىم پادىشاھ ۋاقتىدا شۇنداق خۇنرىزلىق (خۇنخورلۇق ) بولدىكى ، ئىككى كىشى ئۇرۇشۇپ كىرسە ، ھەر ئىككىسىنىلا ئۆلتۈرەر ئەردىلەر... ھەممە خەلق ئۇنىڭدىن ۋەھشەتناك (ۋەھشىيلىكتە سەسكىنىپ ) بولۇپ ، ئۇنى ‹جاللات خېنىم› دەپ ئاتىدىلەر... » ، «جاللات خېنىم» مىلادىيە 1697 - يىلىغىچە «خان» لىق قىلىپ ، شۇ يىلى كۈزدە يەكەندە مەكتىلىك سوپىلار (ئاپپاق خوجىنىڭ چوڭ خوتۇنىنىڭ تۇغقانلىرى ، خوجا يەھيانىڭ قىساسى ئۈچۈن ) تەرىپىدىن يوشۇرۇن پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈلگەن... قەشقەر سوپىلىرى خوجا يەھيانىڭ 3 - ئوغلى خوجا ئەھمەدنى قەشقەرگە «خان» قىلىپ تىكلىگەن[1] .

XX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 10 - يىللىرىغىچە يەرلىك خوجا - ئىشانلارنىڭ قۇترىتقۇلۇقى ، باشلامچىلىقى ئاستىدا قەشقەرلىك «ئاق تاغلىقلار» («ئاق تاقىيالىقلار» ) بىلەن يەكەنلىك «قارا تاغ-

---

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ، 1987 - يىلى 4 - سان ، 28 - ، 29 - بەتلەر .

لىقلار » ( «قارا تاقـىـيالـىـقلار » ) ، مەكىتلىك سوپىلار بىلەن قاغىلىقلىق «سوپىلار » ، يەكەن ئىلىشقۇلۇق سوپىلار بىلەن بازارلىق سوپىلار ، يەكەن قوشراپلىق سوپىلار بىلەن قاغىلىق چوپانلىق «مۇرىت»لار ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن قەبىھ مەزھەپ جېدەللىرى كېلىپ چىقىپ ، نۇرغۇن مۇرىتلار ، پىرلار جانلىرىدىن ئايرىلغان . قاراقاش زاۋالىق خوجىلارنىڭ «تەزكىرە» ناملىـىق قوليازمىـىسىدا كۆرسىتىلىشىچە : «1898 ـ يىلىدىن 1908 ـ يىلىغىچە بولغان ئون يىلدا مەكىتلىك سوپىلار بىلەن قاغىلىقلىق سوپىلار ھەرقايسىلىرى ئۆز ‹پىر › لىرىغا يان بېسىپ ، مەكىتنىڭ قۇمقىسار دېگەن يېرىدە تۆت قېتىم ، قاغىلىقنىڭ لالىملار دېگەن يېرىدە تۆت قېتىم چوڭ ‹غازات › ئېچىپ ، سەككىز قېتىمدا ئىككى تەرەپتىن جەمئىي 20 ئادەم قازا تاپقان . قاغىلىقلىق سوپىلار ئۆچ ئېلىش ھېسابىدا قاغىلىق زېمىنىدىن مەكىت زېمىنىغا سۇ بارىدىغان تىزناپ ئېقىنىنى بىرقانچە قېتىم بوغۇپ تاشلاپ ، مەكىت خەلقىگە ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈرگەن[1] . »

يەنە بىرقىسىم تارىخىي مەنبەلەردە مەكىت — دولانلار بىلەن خوجىلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئائىت مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن :

«دولانلار ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ ئۆيي قۇللىرى بولۇپ ، يەر تېرىش ، ئات ـ ئۇلاغ ۋە قـۇش بېقىـش ئىـشلىرىـنى قـىلىـپ بېرەتتى[2] .

دولانلارنىڭ كۆپ قىسمى خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئاپپاق خوجا تەرىپىدىن مەيدانغا كەلگەن سوپىزم (تەسەۋۋۇپ ) نىڭ «ئاق تاغلىق » مەزھىپىگە ناھايىتى ئىخلاس قىلغان... دولانلارنىڭ ئاغزاكى مەلۇماتىدىن قارىغاندا ، ئۇلار «ھەزرىتى ئىشان » بىزگە «دولان » نامىنى بەرگەن دەيدۇ... دولانلار تارىختا چـوڭ ـ كـىچـىك خوجىلار — خوجا بۇرھانىدىن ۋە خوجا جاھانلارغا ئەگىشىپ ، ئاق تاغلىق مۇرىت ئېتىقاد-

---

① «شىنجاڭ مەدەنىيتى » ، 1987 ـ يىلى 6 ـ سان ، 33 ـ بەت .
② «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1982 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى ، 511 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



چىلىقنى داۋاملاشتۇرغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئات - چارۋىلىرىنى ۋە ئۆۋ قۇشلىرىنى بېقىپ بېرىدىغان يانچىلار بولغانلىقى بۇنى ئىسپاتلىسا كېرەك. دولانلارنىڭ يەنە قەشقەردىكى ئاپپاق خوجا مازىرىغا بولغان ھۆرمەت - ئېتىقادى ناھايىتى كۈچلۈك. ئۇلار ھەر يىلى يازدا 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بىر ئاي داۋام قىلىدىغان «ھەزرەت سەيلىسى» گە قاتنىشىپ ئاپپاق خوجىغا بولغان ھۆرمىتىنى چىن دىلى بىلەن ئىپادىلىگەن، ھەتتا دولانلار قىز ياتلىق قىلغاندا قىزنى ئاپپاق خوجا مازىرىغا بىر قېتىم ئاپىرىپ سەيلە - زىيارەت قىلدۇرۇشنى قىز ئاتىسىنىڭ ئوغۇل تەرەپكە قويىدىغان مۇھىم تويلۇق شەرتلىرىدىن بىرى قىلغان①.

ئۇنىڭدىن باشقا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركولوگى تېنىشېف XX ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى دولانلار ئولتۇراقلاشقان يېزىلارغا بېرىپ تەكشۈرۈش قىلغان ۋە «دولانلار ۋە ئۇلارنىڭ تىلى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «... دولان دېگەن ئاتالغۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى يېزىپ ئالالىدۇق. سۆزمۇسۆز مەنىسى ‹تەمە خەلق، كۆچمەنچى›، دېگەنلىك بولىدۇ. 200 يىل ئىلگىرى ھەزرىتى ئىشان شۇ خەلققە ‹دولان›، دەپ نام بەرگەن. بۇ دېگەنلىك، ‹ئوبدانلىرىم›، مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ②.»

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، مەكىت خەلقى ئارىسىدا دولان خوجىلىرى توغرىسىدا بىر تۈركۈم مەلۇماتلار ساقلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېيتىشىدىچە: «بۇنىڭدىن 487 يىل (يەنە بەزىلەر 570 يىل) ئىلگىرى دەرۋىت (توغرىسى دەھبىد) دېگەن يەردىن خوجا ھاشىمخان خوجا ئىسىملىك بىر كىشى كەلگەن بولۇپ، بۇ كىشىنىڭ رۇقىيە ئاغىچا ئىسىملىك سىڭلىسى بولغانىكەن. مەكىتلىكلەر بۇ كىشىگە ‹خان خوجام›، دەپ ئېتىقاد قىل-

① ھۇسەيىن كېرىم باھادىر: «دولان ئۇيغۇرلىرى ۋە دولان مۇقاملىرىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2006 - يىلى 1 - سان، 36 - ، 37 - بەتلەر.

② تېنىشېف: «دولانلار ۋە ئۇلارنىڭ تىلى»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1988 - يىلى 4 - سان، 49 — 52 - بەتلەرگە قارالسۇن.

غان . ئۇ مەكتەپتە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن باشقا جايغا كەتمەكچى بولغان (بەزىلەر يۇرتتىن پالانغان دېيىشىدۇ) دا «قىزىلارىمىنىڭ چاچۇۋ-قى (جۇۋان تويى) نى قىلىپ، مەشرەپ قىلىۋالاي»، دەپ، مەكتەپتە 40 كېچە - كۈندۈز مەشرەپ قىلغان. بۇ چاغدا يەكەنلىكلەر ئۇنى چىللاپ ئېلىپ كەتكەن. ئۇ يەكەندە 40 كېچە - كۈندۈز مەشرەپ قىلغاندىن كېيىن، يەنە مەكتەپكە قايتىپ كېلىپ، 40 كېچە - كۈندۈز مەشرەپ قىلغان. مەكتەپتىن مارالبېشىغا بېرىپ 40 كېچە - كۈندۈز مەشرەپ قىلغان. مارالبېشىدىن يەنە ئاقسۇنىڭ ئاۋاتقا بېرىپ 40 كېچە - كۈندۈز مەشرەپ قىلغان. بۇ چاغدا دولان خەلقى خوجا ھاشىمخان خوجىغا ئەگە-شىپ ماڭغان، دولانلار دولان دەرياسىنى بويلاپ ماڭغان ۋە دەريا بويلە-رىغا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، كېيىن دولانلارنى ئەسكەرلىككە تۇتقاندا، قارا ئۇجىمنى ئىرغىتىپ، «جىم تۇرغىنى تۇرۇپ تۇرسۇن، قاچقىنىنى ئاۋۋال يەيلى» دەپ، كېتىۋاتقان قوڭغۇزلارنى ئاغزىغا سالغان. ئەسكەر-لىككە تۇتقۇچىلار بۇلارنى ئەقلى يوق ئىكەن دەپ، قايتۇ-رۇۋەتكەن[1].

## 8. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەكتەپ

XVII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرى مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شى-مالىدىكى جورجىتلار (كېيىن مانجۇ دەپ ئاتالغان) كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ كەتتى. مىلادىيەنىڭ 1616 - يىلى نۇرخاچ جورجىت قەبىلە-لىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، «كېيىنكى جىن (金)» ھاكىمىيىتىنى قۇردى. 1636 - يىلى قۇنتەيجى پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، «كېيىنكى جىن» نى «چىڭ (清)» دېگەن نامغا ئۆزگەرتىپ، شېنياڭنى پايتەخت قىلدى. 1644 - يىلى لى زىچېڭ رەھبەرلىكىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى قوشۇنلىرى بېيجىڭنى ئىشغال قىلىپ، مىڭ سۇلالىسىنى يوقاتتى. مىڭ

---

① شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى «مەكتەپ ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ئېچىش ھەققىدە تەتقىقات» تېما گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈش ماتېرىيالى (2005 - يىل 3 - ئاي) دىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


سۇلالىسى شەنخەيگۇەن قوۋۇقىنىڭ باشبۇغى ۋۇسەنگۈي چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنىغا تەسلىم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە باشلاپ كىردى. شۇنجى پادشاھ پايتەختنى بېيجىڭغا يۆتكەپ، پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كۈرىشىنى باشلىدى.

1653 - يىلى باتۇر قۇنتەيجى كېسەل بىلەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى سىڭگې تەختكە ۋارىسلىق قىلدى (1653 — 1671 - يىللىرى ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان). 1671 - يىلى سىڭگې ئىچكى يېغىلىقتا ئۆلدى، ئۇنىڭ باشقا ئانىدىن بولغان ئىنىسى غالدان جۇڭغارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا ئېلىۋالدى. 1678 - يىلى ئۇ يەكەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھى ئىچىدىكى دىنىي مەزھەپ كۈرىشىدىن پايدىلىنىپ، ئاپپاق خوجىنىڭ يول باشلىشى ئارقىسىدا جەنۇبقا قوشۇن تارتىپ، يەكەن شەھىرىنى ئىشغال قىلدى، يەكەن خانى ئىسمائىل خاننى ئەسىر ئېلىپ غۇلجىغا ئېلىپ كەتتى، ئاپپاق خوجىنى قورچاق خان قىلىپ تىكلىدى. شۇنىڭ بىلەن تارىم ئويمانلىقى جۇڭغارلارنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئايلاندى.

يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ھۆكۈمران گۇرۇھلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى دىنىي مەزھەپ كۈرىشى بارغانسېرى كەسكىنلەشتى، ھەتتا تەرەققىي قىلىپ، بىر - بىرى بىلەن قەتئىي سىغىشالمايدىغان سىياسىي رەقىبلەرگە ئايلاندى. يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمائىلخان (61670 — 1678 - يىللارغىچە تەختتە ئولتۇرغان) قارا تاغلىقلارنى زور كۈچ بىلەن يۆلەپ، ئاق تاغلىقلارنىڭ باشلىقى ئاپپاق خوجىنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىن ھەيدەپ چىقاردى. 1678 - يىلى ئاپپاق خوجا جۇڭغار قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ يەكەن خانلىقىنى يوقاتتى، جۇڭغارلار ئاپپاق خوجىنى يۆلەپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا قورچاق خان قىلىپ تىكلىدى.

1700 - يىلى ئاپپاق خوجىنىڭ ئۆز نەۋرىسى ئەھمەد خوجا ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى، غالدان سېرىن ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ ۋە تۇتۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com


ئىلىغا ئاپىرىپ نەزەربەنتتە ئالدى. ئەھمەد خوجا ئىلىدا ئىككى ئوغۇل پەرزەنتلىك بولدى، چوڭىنىڭ ئىسمى بۇرھانىدىن، كىچىكىنىڭ ئىسمى خوجاجاھان (يەنە خان خوجا دەپمۇ ئاتىلىدۇ). ئۇلار تارىختا «چوڭ ـ كىچىك خوجىلار» دەپ ئاتالغان. 1755 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى داۋاچىنى تىنچىتىپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، بۇرھانىدىننى يەكەنگە يولغا سېلىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا، خوجا جاھاننى ئىلىدا قالدۇرۇپ، شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنى باشقۇرۇشقا قويغانىدى. بۇرھانىدىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا ئاق تاغلىقلارنىڭ كۆچىگە تايىنىپ، قارا تاغلىقلارنى مەغلۇپ قىلىپ، تارىم ئويمانلىقىنى كونترول قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، كىچىك خوجا ئامۇرساناغا ئەگىشىپ توپىلاڭ كۆتۈردى، توپىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن كىچىك خوجا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا قېچىپ بېرىپ، «غەيرىي دىندىكىلەرگە قارشى تۇرۇش» دېگەن شوئار ئاستىدا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتقۇلۇق قىلدى. چوڭ خوجا دەسلەپتە چىڭ سۇلالىسى مېنى مەھبۇسلۇقتىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانى قىلدى، «ۋاپاغا جاپا قىلماق دۇرۇس ئەمەس» دەپ ئىككىلىنىپ ئارىسالدى بولۇپ قالغانىدى، لېكىن كىچىك خوجا ناھايىتى تېزلا ئەتراپىغا بىر تۈركۈم ھەربىي ـ مەمۇرىي مۆتىۋەرلەرنى ھەمدە ئاق تاغلىقلار مۇرىتلىرىنى توپلاش ۋە مەجبۇرلاش ئارقىلىق ئۆزىنى يادرو قىلغان ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولغاچقا، چوڭ خوجا دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاخىر ئۇمۇ توپىلاڭنىڭ قاتناشچىسى بولۇپ قالدى.

1757 ـ يىلى كىچىك خوجا كۇچادا «باتۇرخان» دېگەن ۋۇۋىسكىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۆزىنى «باتۇرخان» دەپ ئاتىدى ھەمدە پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇپ توپىلاڭ قوزغىدى. قەشقەر، يەكەن، مە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەت، خوتەن، ئاقسۇ، باي، سايرام، كۇچا قاتارلىق جايلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ توپىلاڭغا سۆرەپ كىرىلدى.

1758 - يىل 8 - ئايدا جاۋ خۈي چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئاقسۇغا يېتىپ باردى، ئاقسۇنىڭ ھاكىم بېگى خوجىس چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا قوشۇلدى. 9 - ئايدا جاۋخۈي خوجىسنى خوتەننى ئەل قىلىشقا ئەۋەتتى، خوتەن چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىغا بەيئەت قىلدى. 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى يەكەن شەھىرىنىڭ سىرتىدا توپىلاڭچىلار بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلدى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئۈچ قېتىملىق جەڭنىڭ ھەممىسىدە غەلىبە قىلدى، توپىلاڭچىلار شەھەر ئىچىگە كىرىۋالدى. چوڭ خوجا شەھەردىن 5000 كىشىلىك توپىلاڭچى قوشۇننى يەكەنگە ياردەمگە ئەۋەتتى. جاۋخۈي يەكەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا بارگاھ قۇرۇپ پۇختا مۇداپىئەلەنگەندى. بۇ دەريا ئۇيغۇر تىلىدا قاراسۇ دەرياسى دەپ ئاتالغاچقا، جاۋخۈينىڭ بۇ بارگاھى «قاراسۇ بارگاھى» دەپمۇ ئاتالغان. چوڭ - كىچىك خوجىلار «قاراسۇ بارگاھى» غا توپتوغرا ئۈچ ئايدىن ئارتۇق قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «قاراسۇ بارگاھى» نى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ياردەمگە ئۈچ تۈركۈم قوشۇن ئەۋەتتى. 1759 - يىل 1 - ئايدا «قاراسۇ بارگاھى» مۇھاسىرىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بۆسۈپ چىقىپ، ياردەمچى قوشۇن بىلەن ئۇچرىشىپ، قوشۇننى دەم ئالدۇرۇش ۋە تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن ئاقسۇغا چېكىندى.

1759 - يىلى يازدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ سانغۇنلىرىدىن فۇدې 15 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئاقسۇدىن يولغا چىقىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىدىن ئۆتۈپ، ئۇدۇللا خوتەنگە چۈشۈپ، يەكەنگە شەرق تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى؛ جاۋخۈي 15 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئۈچتۇرپاندىن قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى. چوڭ - كىچىك خوجىلار ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ھالىنىڭ خاراب بولىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ، شۇ جايلاردىكى ھ مىللەت خەلقىنىڭ چارۋا ۋە باشقا مال - مۈلكىنى غالجىرلىق بىلـ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ ، بەدەخشانغا قاراپ قاچتى . چىڭ سۇلالىـ قوشۇنلىرى يەكەن بىلەن قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ، 7 — ئاينىڭ 28 - كۈنى بەدەخشان ئاقساقىلى سۇلتان شاھ چىڭ سۇلالىسـ ئەلچى ئەۋەتىپ ، چوڭ - كىچىك خوجىلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرىدىغانلىقـ ھەمدە چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . شۇنىـ بىلەن چىڭ سۇلالىسى چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتىپ شىنجاڭنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئورۇندىدى .

XIX ئەسىرنىڭ 60 - ، 70 - يىللىرى جۇڭگونىڭ ۋەزىيىتىدە ئىنتايىن زور ئۆزگىرىش بولدى . ئەنگلىيە ، رۇسىيە ، فرانسىيە قاتارلىق كۈچلۈك كاپىتالىستىك دۆلەتلەر تەڭسىز «بېيجىڭ شەرتنامىسى» دىن پايدىلىنىپ ، جۇڭگودىكى ھوقۇق - مەنپەئەتىنى جېنىنىڭ بارىچە كېڭەيتىش بىلەن بىللە جۇڭگونىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا ۋەقە پەيدا قىلىپ ، جۇڭگو زېمىنىنى زورلۇق بىلەن بېسىۋالدى . بۇنىڭدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەند خانلىقى ۋە چاررۇسىيىنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ ، غەربىي شىمال چېگرا رايونىدا پەيدا قىلغان خەۋپىنىڭ داۋاملاشقان ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق ، كەلتۈرۈپ چىقارغان جاراھىتى ئەڭ ئېغىر ، زىيىنى ئەڭ زور بولدى .

بۇ مەزگىلدە يەكەندە ئىش بېجىركۈچى ئامبال ( 办事大臣 ) مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، مەكىت بارچۇقتىن ئايرىلىپ چىققان 6 - دەرىجىلىك ھاكىمبەگنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغانىدى . بىراق ، مىلادىيە 1867 - يىلى قوقەندلىك ياقۇپبەگ قەشقەردە «يەتتە شەھەر خانلىقى» (بەدۆلەت ھاكىمىيىتى) نى قۇرۇپ ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى مەكىت قاتارلىق جايلارنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئالدى[1] .

---

① ئادىل مۇھەممەت تۇران : «مەكىت تارىخىدىن تېزىسلار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2001 - يىل 10 - ئاي نەشرى ، 22 - بەت .

1884 - يىل 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى ئۆلكە قىلىپ قۇرۇشنى رەسمىي قارار قىلدى. ئەتىسى شىنجاڭنىڭ ئۆلكە قىلىپ تەسىس قىلىنغانلىقى پۈتۈن مەملىكەتكە جاكارلاندى ھەمدە ليۇ جىنتاڭنى شىنجاڭنىڭ تۇنجى باش مۇپەتتىشلىكىگە، ۋېي گۇاڭتاۋنى شىنجاڭنىڭ پەرمانبەردارلىقىغا تەيىنلەپ، ئۈرۈمچىنى ئۆلكە مەركىزى قىلىپ بېكىتتى. شىنجاڭنىڭ ئۆلكە قىلىپ قۇرۇلۇشى ئىچكى - تاشقى قاتمۇقات قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارنى يېڭىپ، ئاخىر ۋۇجۇدقا چىقتى. پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، قەشقەر، ئىلى، تارباغاتايدىن ئىبارەت تۆت داۋ، ئۇنىڭغا قاراشلىق ئالتە فۇ، ئون تىڭ، ئۈچ ئايماق، 23 ناھىيە ياكى شۆبە ناھىيە تەسىس قىلىندى.

## 8. جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدىكى مەكىت

1911 - يىل 10 - ئۆكتەبىر ۋۇچاڭ قوزغىلىڭى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى ئوقىنى ئاتتى، 1912 - يىل 1 - يانۋار جۇڭخۇا مىنگو ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، سۇن جۇڭشەن مۇۋەققەت باش زۇڭتۇڭ بولدى.

1912 - يىل 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى رەسمىي تەختتىن چۈشتى. ئىككىنچى كۈنى يۈەن شىكەي جۇمھۇرىيەتنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، سۇن جۇڭشەن مۇۋەققەت باش زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەنلىكىنى جاكارلىدى. نەنجىڭ ۋاقىتلىق كېڭەش پالاتاسى يۈەن شىكەينى مۇۋەققەت زۇڭتۇڭلۇققا، لى يۈەنخۇڭنى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇققا سايلىدى. مەملىكەت بويىچە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدىكى بۇ خەۋەر ئىلى ئارمىيىسى ۋە خەلقىنى ناھايىتى روھلاندۇردى. 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى يۈەن داخۇا پوچتا تېلېگراف مىنىستىرلىقىنىڭ چىڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ تەختتىن چۈشكەنلىكى، شىنجاڭنىمۇ جۇمھۇرىيەتنى ئېتىراپ قىلىشى لازىم ئى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەنلىكى توغرىسىدىكى تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. لېكىن، يۈەن داخۇا بۇ خەۋەرنى ئېلان قىلماي، ۋەزىيەتتە بىرەر ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى مەركىزىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت شىنجاڭغا باش مۇپەتتىشنى تۇتۇپ تۇرۇشقا ئۆزگەرتىش توغرىسىدا بۇيرۇق تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى يەنە «ئۇرۇشنى دەرھال توختىتىش» توغرۇلۇق بۇيرۇق تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. يۈەن داخۇا ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاندىن جۇمھۇرىيەتنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى جاكارلاشقا مەجبۇر بولدى ۋە ئىككى تەرەپ ئۇرۇشنى توختىتىپ، چۆچەكتە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى ئۇقتۇردى. بۇ چاغدا گېلاۋخۇيىنىڭ پائالىيەتلىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا كەڭ ئەۋج ئالغانىدى، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ئىدى. يۈەن داخۇا ئامالسىز قېلىپ، 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەنلىكىنى جاكارلاپ، قەشقەرنىڭ ۋالىيسى يۈەن خۇڭيۇنى تۇتۇپ تۇرۇشقا كۆرسەتتى. 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى يۈەن خۇڭيۇ گېلاۋخۇي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. يۈەن داخۇا ئىنتايىن ئالاقزادە بولۇپ، يەنە شىنجاڭنىڭ تەپتىش بېگى، قوشۇمچە باركۆل - ئۇرۇمچى ۋالىيسى ياڭ زېڭشىننى تۇتۇپ تۇرۇشقا كۆرسەتتى. 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى يۈەن شىكەي ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭنىڭ تۇتۇپ تۇرۇشقا تەيىنلەپ، ئۇنىڭ ئىلى تەرەپ بىلەن سۈلھ سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە رىياسەتچىلىك قىلىشىنى ئۇقتۇردى.

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، 1912 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ 1913 - يىلىنىڭ باشلىرىغىچە خۇيزۇ يىڭجاڭ لى شۇفۇنىڭ قولىغا خەت يېزىپ بېرىپ، ئۇنى تاغقا چىقىپ تۆمۈر خەلىپە بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ئەۋەتتى. 1907 - يىلىدىكى قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى رەھبەرلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى ساۋاق تۆمۈر خەلىپە قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئېسىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار مۇرەسسەلىشىشنى رەت قىلدى. 1913 -

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



يىل 3 - ئايدا ياڭ زېڭشىننىڭ يولىيورۇقى بويىچە لى شۇفۇ مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتى بىلەن ئىككىنچى قېتىم تاغقا چىقىپ تۆمۈر خەلىپە بىلەن كۆرۈشتى ، دىندارلىق مۇناسىۋەتنى سۇيىئىستېمال قىلىپ ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى ئالدىدى ، لى شۇفۇ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىپ ، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندۇ ، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھاشىرى ھەر ئايدا ئىككى كونگە قىسقارتىلىدۇ ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئۆلكە قوشۇنىنىڭ چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى ئاتلىق قوشۇنىنىڭ 3 - يىڭى قىلىپ ئۆزگەرتىلىدۇ ، تۆمۈر خەلىپە يىڭجاڭلىققا تەيىنلىنىپ ئۈرۈمچىدە تۇرىدۇ ، قېپقالغان قوزغىلاڭچى دېھقانلار پۈتۈنلەي دېھقانچىلىق قىلىشقا قايتۇرۇلىدۇ ، دەپ ۋەدە بەردى . تۆمۈر خەلىپە بۇ شەرتلەرنى قوبۇل قىلىپ ، 200دىن كۆپرەك ئادەمنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە كەلدى ، قالغان قوزغىلاڭچى دېھقانلار يۇرتلىرىغا قايتۇرۇلدى .

ياڭ زېڭشىن تۇرپاننىڭ قوزغىلاڭچى دېھقانلىرىغىمۇ ئاشۇنداق ئۇسۇل قوللاندى . مۇھەممەت خەلىپىمۇ تۆمۈر خەلىپىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ، «نەسىھەت بىلەن كۆندۈرۈلدى» . ياڭ زېڭشىن تۇرپان قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى ئۆلكە قوشۇنىنىڭ بىر يىڭى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ ، مۇھەممەت خەلىپىنى يىڭجاڭلىققا تەيىنلىدى ھەمدە ئۇلارنىمۇ ئۈرۈمچىدە تۇرىدىغان قىلىپ يۆتكەپ كەلدى . 1913 - يىل 9 - ئايدا تۆمۈر خەلىپە بىلەن مۇھەممەت خەلىپە ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى ، قالغان ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى تارقىتىۋېتىلدى .

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ، 1912 - يىلىدىن 1928 - يىلى يازغىچە بولغان 17 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭ بيۇروكرات مىلىتارىست ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولدى . ياڭ زېڭشىن تەختكە چىققاندا ، شىنجاڭ مۇرەككەپ سىياسىي ، ھەربىي ۋەزىيەتكە دۇچ كەپقالغانىدى . غەربتە ئىلىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرى ياڭ زېڭشىن بىلەن تىركىشىۋاتقانىدى ، شەرقتە قۇمۇل ، تۇرپاندىكى قوزغىلاڭچى دېھقانلار قوشۇنى كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى ، جە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com



نۇبىي شىنجاڭدا گېلاۋخۇي ئەزالىرىنىڭ ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈشنى مەر-كەز قىلغان قوزغىلاڭلىرى داۋام قىلماقتا ئىدى ، شىمالدا چاررۇسىيە بىلەن تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ توپىلاڭچى قوشۇنلىرى ئارقا - ئارقىدىن تاجاۋۇز قىلىپ پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتاتتى . ياڭ زېڭشىن ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش كۆرۈش ھىيلە ـ مىكىرى ئىشلىتىپ يۇقىرىقى مەسىلىلەر-نى بىر - بىرلەپ ھەل قىلدى . ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەت كۆز-سېرى كەسكىنلەشتى ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى ما فۇشىڭ-نىڭ ئاسىيلىق قىلىشنى پىلانلاش ۋەقەسى ئىدى . ما فۇشىڭ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە گېلاۋخۇينى باستۇرۇشتا ياڭ زېڭشىن ئۈچۈن زور خىزمەت كۆرسەتتى . ياڭ زېڭشىن 1914 - يىلى ما فۇشىڭنى 20 نەچچە يىگىتنى باشلاپ قەشقەردە تۇرۇشقا ئەۋەتتى . ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنى قەشقەرنىڭ تىدۇلىقىغا (باشبۇغلىقىغا ) ، ئوغلى ما جىۋۇنى ياردەمچى سانغۇنلۇققا ئۆستۈردى . ما فۇشىڭ ئاتا - بالا ئىككىيلەن قەشقەردە خالىغانچە ئەسكىلىك قىلىپ ، تەپ تارتماستىن قەشقەرنىڭ دوتىيى ياڭ زېڭبىڭ (ياڭ زېڭشىننىڭ ئىنىسى ) نى چەتكە قېقىپ ، قەشقەرنى ئۆزى-نىڭ مۇستەقىل پادىشاھلىقىغا ئايلاندۇرۇۋالدى . كېيىن ما فۇشىڭ تەكەببۇرلۇقتا تېخىمۇ چېكىدىن ئېشىپ ، ئۆزىنى «پادىشاھ» دەپ ئاتىدى ھەمدە ياڭ زېڭشىننى ئاغدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن يوشۇرۇن ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ ، ياڭ زېڭشىننىڭ ئورنىغا دەسسەشكە ئۇرۇندى . ياڭ زېڭشىن بۇ خەۋەرنى ئۇققاندىن كېيىن ، ما فۇشىڭ ئاتا - بالا ئىككىسىنى ئۇجۇقتۇ-رۇۋېتىش نىيىتىگە كەلدى . ئۇ ما شاۋۋۇنى 12 يىلى ئەسكەر بىلەن قەشقەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى . ئۇلار ما فۇشىڭنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ ، ئوغلى ما جىۋۇنى ئېتىپ ئۆلتۈردى .

1928 - يىلى جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ ، شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى غۇلاپ چۈش-تى . دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىدە يۈز بەرگەن بۇ چوڭ ئۆزگىرىشكە

قارىتا ياڭ زېڭشىن شۇ يىلى 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تېلېگرامما يوللاپ ، جياڭ جيېشىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ياڭ زېڭشىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى رەسمىي ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەنگە ئېلىشىغا مەلۇم قىلدى ھەمدە 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىنى ، قوشۇمچە باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى . مەركەزىي ھاكىمىيەتتىكى بۇ قېتىمقى ئۆزگىرىش شىنجاڭغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى . 1928 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى فەن ياۋنەن ياڭ زېڭشىننى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن زور ۋەقە يۈز بەردى ، بۇ ۋەقە «7 - ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دەپ ئاتالدى .

سىياسىي ئۆزگىرىش تىنچىتىلغاندىن كېيىن ، جىن شۇرېن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇۋەققەت رەئىسى ، قوشۇمچە باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى ھەمدە تېلېگرامما ئارقىلىق نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىدى . 1928 - يىل 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنىگە كەلگەندە نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئاندىن ئۇنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە رەسمىي تەيىنلىدى . 1931 - يىل 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى يەنە ئۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ، قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە تەيىنلەپ ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويدى . جىن شۇرېن تەختكە چىقىپ ئۈچ يىل بولمايلا پۈتۈن شىنجاڭ داۋالغۇش ۋە يېغىلىق ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى ھەمدە 1933 - يىلىدىكى «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» گە سەۋەب بولۇپ ، شېڭ شىسەينى ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىقاردى .

### 1 . XIX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىكى چوڭ داۋالغۇش مەزگىلىدىكى مەكىت

1932 - يىلىنىڭ ئاخىرى ، 1933 - يىلىنىڭ باشلىرىدا پارتلىغان تۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ بىۋاستە تەسىرى بىلەن كۇچادا تۆمۈر ئېلى (تۆمۈر سىجاڭ ) باشچىلىقىدا بارلىققا كەلگەن قوراللىق كۈچلەر ناھايە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تى تېزلا جەنۇبىي شىنجاڭغا يۇزلىنىپ ، كۇچا ، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ، قەشقەرگە قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ . بۇ ئەھۋال-دىن خەۋەر تاپقان قەشقەر ئامبىلى ما دوتەي ھەربىي قوماندان ياڭ تۈەنجاڭ (ياڭ چىڭمىن ) نىڭ باشچىلىقىدا بىر بۆلەك ئەسكەرنى مارالبې-شى تۇمشۇقتا تۆمۈر سىجاڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇشقا ئەۋەتىدۇ . ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بىر ئايدىن ئارتۇقراق ئۇرۇش بولغاندىن كېيىن ، ياڭ تۈەنجاڭنىڭ قىسىملىرى بەرداشلىق بېرەلمەي ، ئاۋۋال مارالبېشىغا ، كېيىن مارالبېشىنىڭ غەربىي جەنۇبى بىلەن يەكەن دەريا-سىنى بويلاپ قەشقەرگە چېكىنىشكە باشلايدۇ .

ئەينى ۋاقىتتا مەكىتتە «قۇمۇل ، تۇرپانلاردىن غوجاملار ئىسلام ئاچقىلى كېلىۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر كەڭ تارقىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن خەلق نوپۇزلۇق يۇرت چوڭلىرىدىن تۆرىخان غوجام باشچىلىقىدا قوزغى-لىپ ، ئاۋۋال ناھىيە بازىرىدىكى گۆرۈكەش خەنزۇلارنىڭ گۆرۈخانىلىرى-نى بۇلاپ ، داڭزىلىرى (ئالدى ـ بەردىنى تىزىملايدىغان دەپتىرى ) نى كۆيدۈرىدۇ . ئۇلار يەنە «قۇمۇل ، تۇرپانلاردىن كەلگەن غوجاملار تۇم-شۇقتا كۇپار (دىنسىز ) لار بىلەن ئۇرۇشۇۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ، قوللىرىغا يەرلىك ئوۋ مىلتىقى ، قىلىچ ، نەيزە ، چوماق قاتار-لىق نەرسىلەرنى ئېلىپ ، «غوجاملارنىڭ ئالدىغا بارىمىز» دېيىشىپ ، تەخمىنەن 3000 — 4000 كىشى يۇسۇپخان غوجام ، سايىمبەگ قاتار-لىق يۇرت چوڭلىرىنىڭ باشلىشى بىلەن مارالبېشىغا قاراپ يولغا چىقى-دۇ . ئۇلار ئوقالىق (مارالبېشى تەۋەسى ) دېگەن جايغا كەلگەندە ياڭ تۈەنجاڭنىڭ تۇمشۇقتىن چېكىنىپ ماڭغان قىسىملىرىغا يولۇقىدۇ ۋە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش باشلىنىدۇ . ياڭ تۈەنجاڭنىڭ زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان قوشۇنى ئاددىي ، يەرلىك قوراللار بىلەن قوراللانغان خەلقنى ئېغىر پىلىموت بىلەن ئوققا تۇتىدۇ . لېكىن ، خەلق بىرى يىقىلسا ، بىرى ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدۇ . مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە سايىمبەگ ئوۋ مىلتىقى بىلەن پىلىموتچىنى ئېتىۋېتىدۇ . خەلق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شۇئان ئۇرۇنلىرىدىن تۇرۇپ ، «دوست ، دوست» دېيىشىپ ، ئاتلىق ۋە پىيادە دۈشمەنگە ئېتىلىدۇ . نەتىجىدە ياڭ تۈەنجاڭنىڭ قوشۇنى بەرداشلىق بېرەلمەي قاچىدۇ . شۇ مالىمانچىلىقتا سايىمبەگ بىلەن نۇرغۇن كىشى ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ . ئۇلار مەكتىكە قايتۇرۇپ كېلىنىپ ، چوڭ داغدۇغا بىلەن يەرلىككە قويۇلىدۇ . ئۇرۇش جەريانىدا ياڭ تۈەنجاڭنىڭ قىسىملىرىدىن خېلى كۆپ قورال ئولجا ئېلىنغانلىقتىن ، زامانىۋى ۋە يەرلىك قوراللار بىلەن قوراللانغان بىر قوشۇن بارلىققا كېلىدۇ . ئۇلارنىڭ ئادەم سانى 200 ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ ، يۈسۈپخان غوجام تۈەنجاڭ بولىدۇ .

1934 - يىلى ماجۇڭيىڭ شېڭ شىسەي بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ، ئۈرۈمچىدىن چېكىنىپ جەنۇبقا يۈزلىنىدۇ . بۇ ۋاقىتتا خوجىنىياز ھاجى بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ ئىتتىپاقى ئاللىقاچان بۇزۇلۇپ ، ئۇلارمۇ ئۆزئارا ئۇرۇشۇش ھالىتىگە كېلىپ قالغانىدى . شۇڭا ، ما جۇڭيىڭنىڭ بۇ قېتىمقى چېكىنىشى قارىماققا خوجىنىياز ھاجىنى ما جۇڭيىڭ قوغلاۋاتقان ، ما جۇڭيىڭنى شېڭ شىسەي قوغلاۋاتقاندەك ھالەتتە ئىدى . شۇ يىلى 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خوجىنىياز ھاجى قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ . لېكىن ، ئۇ قەشقەرگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا مافۇيۈەن قىسىملىرىنىڭ قەشقەرگە قىلغان ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالماي ، يېڭىسار ، يەكەن قاتارلىق جايلارغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ . ئەسلىدە قەشقەر يېڭىشەھەر مۇھاسىرىسىدە قامىلىپ قالغان ماجەنساڭمۇ قەشقەرگە كېلىپلا ھەدەپ خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا باشلىغانىدى . خوجىنىياز ھاجى ۋە مامۇت سىجاڭلار مەكتىكە كېلىپ تۇرۇشىغا ، ماجەنساڭمۇ قوشۇننى باشلاپ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن ۋە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا يەكەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقى بويىدىكى ياخۇمدان دېگەن يەردە قاتتىق ئۇرۇش بولغانىدى . خوجىنىياز ھاجى يېڭىلىپ ، مارالبېشى ئارقىلىق ئاقسۇغا كېتىدۇ . مەكىت بولسا ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى ئىچىدە قالىدۇ . ماجەنساڭ قوشۇنلىرى يەرلىك ئاممىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولاپ ۋە ئاياغ ئاستى قىلىپ، مىنىشكە يارايدىغانلىكى ئات ۋە ئەسكەر-لىككە يارايدىغانلىكى ئەرلەرنى ئېلىپ كېتىدۇ.

1934 ـ يىلى ما جۇڭيىڭ ئەركەشتام ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قوشۇنى ما خۇسەننىڭ باشچىلىقىدا خوتەنگە بېرىپ ئورۇنلىشىدۇ. خوجىنىياز ھاجى مەكىت ئارقىلىق ئاق-سۇغا بارغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىپ ئۈرۈمچىگە قايتىدۇ. مامۇت سىجاڭ بولسا جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىپ، قەشقەرگە ئورۇنلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا نىسپىي تىنچ ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ.

1937 ـ يىلى مامۇت سىجاڭنىڭ ۋەزىيەتنىڭ بېسىمى ئاستىدا لاداخ ئارقىلىق ھىندىستانغا چىقىپ كېتىشى شىنجاڭنىڭ، جۇملىدىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدە يەنە بىر قېتىم چوڭ داۋالغۇش پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى، مامۇت سىجاڭ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئابدۇنىياز سىجاڭ بولىدۇ. ئۇ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىغا بېقىنماي، يەكەندە ئۆز ئالدىغا ئىش ئېلىپ بارى-دۇ. بۇ ۋاقىتتا يەكەن، پوسكام، مەكىت قاتارلىق جايلار شۇنىڭغا قاراشلىق ئىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئابدۇنىياز سىجاڭ خوتەندىكى ما خۇسەن بىلەن شېڭ شىسەيگە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئاۋۋال قەش-قەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ، ئاندىن شېڭ شىسەي قوشۇنلىرىنى كۈچاغىچە قىستاپ بارىدۇ.

ئەمما، شېڭ شىسەينىڭ زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان قى-سىملارنى كۆپلەپ يۆتكەپ كېلىشى ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەۋەتىل-گەن «ئالتايىسكى» ناملىق رۇس قىسىملىرىنىڭ بىرلىكتە باستۇرۇپ كېلىشى بىلەن ئابدۇنىياز سىجاڭ قىسىملىرى يېڭىلىپ، يەكەن دەريا-سىنى بويلاپ غەربكە، يەنى مەكىتكە چېكىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەكىت ئابدۇنىياز سىجاڭ بىلەن ما خۇسەن «ئىتتىپاقى» نىڭ ئاقسۇغا يۈرۈش باشلىغان چاغدىكى ئارقا سەپ ھەربىي بازىسى بولۇپ قالىدۇ. بۇ يەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاساسەن تۇتقان قوشۇنلىرى ئورۇنلىشىپ ، مەكىت ۋەزىيىتىنى قالايمى-
قانلاشتۇرۇۋېتىدۇ . ئابدۇنىياز سىجاڭمۇ مەكىتكە كېلىپ ئۇزاق تۇرال-
مايدۇ . چۈنكى ، شېڭ شىسەينىڭ تەلىپى بويىچە ، سوۋېت ھۆكۈمىتى
تورغات ئارقىلىق كىرگۈزگەن قوشۇننىڭ ئاتلىق قىسىملىرى مارالبېشى
ئارقىلىق ئابدۇنىياز سىجاڭنى قوغلاپ مەكىتكە كېلىدۇ ، كېيىن يەنە
يەكەن ئارقىلىق تانكا قىسىملىرىمۇ مەكىتكە كېلىدۇ .

رۇس ۋە قىرغىزلاردىن تەشكىللەنگەن سوۋېت قوشۇنى مەكىتكە شۇ
يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا كېلىپ ئورۇنلىشىپ ، 10 ـ ئاينىڭ باشلىرى-
غىچە تۇرىدۇ . ئۇلار ئىككى پولك بولۇپ ، رۇس پولكى ئوغۇللار مەكتى-
پى (ھازىرقى تۈرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ ئورنى ) گە ئورۇنلىشىدۇ .
ئۇلاردا زامانىۋى قوراللاردىن بەش دانە برونېۋىك ، 20 نەچچە زەمبە-
رەك ، 30 گە يېقىن ئېغىر پىلىموت بېكىتىلگەن تاچانكا ھارۋىسى بار
ئىدى . سوۋېت قوشۇنى بۇ جايدا تۇرۇش جەريانىدا تۇتقانلار توپلىغان
بېدە ، ئوتۇن قاتارلىقلار ئۇلار ئۈچۈن مول تەمىنات مەنبەسى بولىدۇ .
ئۇلار ئابدۇنىياز سىجاڭ ۋە ما خۇسەن قوشۇنلىرىدىن تارتىۋالغان ھەر-
خىل قوراللارنى بۇزۇپ كېرەكسىز تۆمۈرگە ئايلاندۇرۇپ ، يەرلىك تۆ-
مۈرچىلەرگە سېتىپ پۇل توپلايدۇ ؛ تىزناپ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى
چوڭ سازلىقتا ئايرودروم ياساپ ، ھەربىي ئايروپىلانلىرىنى ئىشقا سېلىپ
تۇرىدۇ ؛ 40 قا يېقىن بەگ ، ئاخۇن ۋە يۇرت چوڭلىرىنى قولغا ئېلىپ ،
شېڭ شىسەيگە تاپشۇرۇپ پۇل ئۈندۈرىدۇ ، شۇنداقلا ئۇرۇش جەريانىدا
ئولجا ئالغان 200 — 300 گە يېقىن ياخشى ئاتنى ئېلىپ كېتىدۇ .

1937 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئابدۇنىياز سىجاڭ ۋە ماخۇسەن-
لەرنىڭ تىنچىتىلىشى بىلەن ۋەزىيەتتىكى داۋالغۇش پەسىيىپ ، شېڭ
شىسەينىڭ سىياسىي ھېساب ئېلىشى باشلىنىدۇ . ئابدۇنىياز سىجاڭ ،
ما خۇسەنلەرنىڭ شېڭ شىسەيگە قارشى كۆرىشى مەكىت خەلقىنىڭ ۋە
شۇ ۋاقىتتىكى مەكىت ھاكىملىرىنىڭ (ئىككى ھاكىم ئۆتكەن ) قوللى-
شىغا ، قىزغىن ياردەم بېرىشىگە ئېرىشكەنىدى . ۋەقە جىمىققاندىن كې-

www.uyghurkitap.com



يىمن ، شىرك شىسەي مەكىت خەلقىدىن ھېساب ئېلىپ ، 1938 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئىككى ھاكىم باشلىق 72 كىشىنى تۇتۇپ ، ھېممىتىنىڭ سېپىدا توك سوقتۇرۇش يولى بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ . بۇ پاجىئەلىك ۋەقە خەلقنىڭ يادىدىن مەڭگۈ كۆتۈرۈلمەيدۇ[1] .

2 . «11 بىتىم» مەزگىلىدىكى مەكىت

1944 ـ يىلى كۈزدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىدى . 1945 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرىدىن رەھىمجان ، ئوبۇلخەيرى ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ بىلەن دىخۇا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى) دا تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزدى . 1946 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئىككى تەرەپ 11 ماددىلىق تىنچلىق كېلىشىمى (تولۇق ئاتىلىشى «مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىتىم» ) نىڭ تېكىستىنى ۋە بىرىنچى قوشۇمچە ھۆججىتىنى ئىمزالىغان ، 6 ـ ئايدا ئىككىنچى قوشۇمچە ھۆججىتىنى ئىمزالىدى . ئاساسلىق مەزمۇنى : شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى سايلاش ھوقۇقىغا ئىگە ؛ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئىگە ؛ شىنجاڭدىكى مەمۇرىي ئورگان ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ھۆججەتلىرىدە خەنزۇ يېزىقى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى تەڭ قوللىنىلىدۇ ، خەلقنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا سۇنغان ھۆججەتلىرىدە ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىنىلا قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ ؛ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ ؛ مىللىي مەدەنىيەت ۋە سەنئەتنىڭ ئەركىن تەرەققىياتى ، خەلقنىڭ نەشر قىلىش ، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ، پىكىر قىلىش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ ؛ باج نىسبىتى ، تاشقى سودا جەھەتلەردىمۇ مۇناسىپ بەلگىلىمىلەر چىقىرىلىدۇ ، دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى . بىرىنچى قوشۇمچە

---

① ئادىل مۇھەممەت تۇران : «مەكىت تارىخىدىن تېزىسلار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2001 ـ يىل 10 ـ ئاي نەشرى ، 36 — 40 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھۆججەت ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىنىشىگە ئائىت بەلگىلىمىلەر بولۇپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت 25 نەپەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزاسىنى تەيىنلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئون كىشىنى مەركەز بىۋاسىتە ئەۋەتىدۇ (ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەت تەشكىللەنگەندە يەتتە كىشى ئەۋەتكەن)، رەئىس ۋە باش كاتىپنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئۈچ ۋىلايەت ئالتە نامزات كۆرسىتىدۇ (ئەمەلىيەتتە سەككىز نامزات كۆرسەتكەن)، مۇئاۋىن رەئىس ۋە مۇئاۋىن باش كاتىپنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ قالغان يەتتە ۋىلايەت توققۇز نامزات كۆرسىتىدۇ (ئەمەلىيەتتە ئون نامزات كۆرسەتكەن)، مۇئاۋىن رەئىسنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېيىلگەن. ئىككىنچى قوشۇمچە ھۆججەت ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنى ئۆزگەرتىشكە ئائىت بەلگىلىمىلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۈچ ۋىلايەت قىسىملىرىنى دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ شتاتى بويىچە ئۈچ ئاتلىق تۈەن، ئۈچ پىيادە تۈەن قىلىپ تۈزۈش، ئەسكەرلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 12 مىڭدىن ئاشماسلىق، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتە تۇرۇش، غۇلجا تەرەپ بىر باش قوماندان قويۇش ھەم ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولۇش، دەپ بەلگىلەنگەن[①]. 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەسمىي تەشكىللەندى. جاڭ جىجۇڭ رەئىس، ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدى مۇئاۋىن رەئىس بولدى. شۇ ۋاقىتتا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى كومپارتىيىگە، خەلققە قارشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغاپ، شىنجاڭدا تىنچلىق بىتىمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ۋەقە تۇغدۇرۇپ ئۈچ ۋىلايەت كادىرلىرىنىڭ خىزمىتىگە توسقۇنلۇق قىلدى ۋە ھەر مىللەت دېموكراتىك كۈچلىرىگە زەربە بەردى، ئاخىرىدا مەسئۇدنى يۆلەپ ئۆلكە رەئىسى قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت كادىرلىرى غۇلجىغا چېكىندى. بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئۈزۈل - كېسىل يىمىرىلدى.

---

① «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 - يىل 8 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، 112 — 113 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com



«11 بىتىم» ئىمزالانغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئۇندىن ئاساسلىق مەزمۇنى بويىچە پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە دېموكرا-تىك سايلام ئېلىپ بېرىش پائالىيىتى باشلىنىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈ-مەت تەركىبىدىكى ئاساسلىق رەھبىرىي يولداشلار مەسئۇللۇقىدا كىچىك گۇرۇپپىلار تەشكىللىنىپ، ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە ئەۋەتىلدى. شۇ قا-تاردا 1946 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بۇرھان شەھىدى باشچىلىقى-دىكى گۇرۇپپا مەكىت ناھىيىسىگە يېتىپ كېلىپ، مەكىت ناھىيىسى-نىڭ ھاكىمىنى سايلاشقا رىياسەتچىلىك قىلغان. سايلام باشلىنىشىنىڭ ئالدىدا ناھىيە مەركىزىدە چوڭ كۆلەملىك يىغىن ئېچىلىپ، يىغىندا بۇرھان شەھىدى مۇنداق سۆز قىلغان:

*«قەدىرلىك قېرىنداشلار، يۇرتداشلار!*

*ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جاڭ جىجۇڭ، مۇئاۋىن رەئى-سى ئەخمەت ئەپەندى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق ھەيئەت ئەزالىرى سىلەرگە سالام يوللىدى.*

*بۈگۈن ھەممىڭىزلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، مۇشۇنداق سۆز-لەش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ناھايىتى بەخت-لىك ھېس قىلماقتىمەن، شۇنداقلا ناھايىتى ھاياجانلانماقتىمەن. بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمىزدە ئىككى مەقسەت بار: بىرى، بۇ يەردىكى سايلام خىزمىتىنى نازارەت قىلىش؛ يەنە بىرى، ئاممىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇش، ئەگەر قانۇنغا خىلاپ ئىشلار، قىيىنچىلىقلار بولسا، ئۇنى ھەل قىلىش، ئاممىغا ھازىرقى دېموكراتىك سىياسەت-نى چۈشەندۈرۈش، ئاممىنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلاش.*

*سايلام مەسىلىسى توغرىسىدا ئەڭ ئاۋۋال نېمە ئۈچۈن سايلام ئۆتكۈزىدىغانلىقىمىز ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن. ھەممىگە مە-لۇم، ئۆتمۈشتە ئادالەتسىز ئىشلار بەك كۆپ بولدى. خەلقىمىز نۇرغۇن ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتىپ، نۇرغۇن ئېزىلىشكە ئۇچرىدى،*

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com



ئەمما دەرد ـ ئەھۋالىنى ئېيتىدىغان يەر تاپالمىدى . كونا ھۆكۈمەت-
نىڭ باشلىقلىرى تورلۇك زۇلۇم ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىپ
خەلقنىڭ قېنىنى شوراپ ، خەلقنى چىدىغۇسىز ھالەتكە كەلتۈرۈپ
قويدى . شۇنىڭ بىلەن جايلاردا قوزغىلاڭلار كۆتۈرۈلدى . بۇ قوز-
غىلاڭلارنىڭ كۆلىمى ئەڭ زور بولغىنى ئىلى ، تارباغاتاي ۋە ئالتاي
ۋىلايەتلىرى بولدى . ئۈچ ۋىلايەتتىكى قېرىنداشلار كۆتۈرگەن قوز-
غىلاڭ مۇستەبىتچىلەرگە قارشى تۇرۇپ ، پۈتۈن ئۆلكىدىكى ئېزىل-
گەن 4 مىليون 500 مىڭ خەلقنى ئازادلىققا چىقىرىش يولىدىكى
بىر خىل ھەرىكەتتۇر . ئۈچ ۋىلايەتنىڭ خەلق ۋەكىللىرى مەركىزىي
خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ، يەنى ھازىرقى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت-
نىڭ رەئىسى جاڭ جىجۇڭ بىلەن سەككىز ئاي مۇھاكىمە ئۆتكۈ-
زۈپ ، «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» نى ئىمزالىدى . خەلقىمىز-
نىڭ نۇرغۇن يىللاردىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ۋە تەلەپ قىلىپ
كەلگەن ھوقۇقى ئاشۇ بىتىمنىڭ ئىچىگە تولۇق كىرگۈزۈلدى .

ھازىر مۇشۇ تىنچلىق بىتىمىنىڭ 1 ـ ماددىسىغا ئاساسەن ،
خەلققە ئۆزى ئىشىنىدىغان ئادىل كىشىلەردىن كېڭەش تەشكىللەپ
چىقىش ۋە ناھىيىنىڭ ھاكىمى ، مۇئاۋىن ھاكىمىنى سايلاپ چىقىش
ھوقۇقى بېرىلدى . ئىچكىرى ئۆلكىلەردە خەلققە ناھىيىلىك كېڭەش-
نىڭ ئەزالىرىنى سايلاش ھوقۇقى بېرىلگەن بولسىمۇ ، ناھىيىنىڭ
ھاكىمىنى سايلاش ھوقۇقى بېرىلمىگەن . ۋاھالەنكى ، ئۆلكىمىزدە
بۇنداق ھوقۇق ھەممىدىن ئاۋۋال يولغا قويۇلماقتا . بۇ تىنچلىق
بىتىمدە بەلگىلەنگەن ھوقۇق . ئۇ ئاسان قولغا كەلمىدى ، بەلكى
مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن ئادەملەرنىڭ قان ئاققۇزۇپ قۇربان بېرىشى
بەدىلىگە كەلدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بىز ئۇنى قەدىرلىشىمىز ، ئامىد-
غا كۆڭۈل بۆلىدىغان ، ئامما ئىشىنىدىغان ، ئامما ياخشى كۆرىدىغان
كىشىلەرنى خىزمەتنى باشقۇرۇشقا ئەستايىدىل سايلاپ چىقىشىمىز
كېرەك .

بىز بارغانلا يەردە ئاممىدىن نەچچە يۈزلىگەن تەلەپنامىلەرنى تاپشۇرۇۋالدۇق، بۇ تەلەپنامىلەردە: ئېزىلىشكە ئۇچراپ، ئېغىر ئازاب تارتقانلىقىدىن شىكايەت قىلىنغان، ئۇنى بىر ئامال قىلىپ ھەل قىلىپ بېرىش، بۇنىڭدىن قۇتۇلدۇرۇش تەلەپ قىلىنغان. بۇنىڭدىن كېيىن، بەختكە ئېرىشىش ھوقۇقى ئۆز قولۇڭلاردا. ئەگەر سىلەر ئادىل، ۋىجدانلىق، ئەخلاقلىق، بىلىملىك ۋە خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئادەملەرنى سايلاپ چىقىدىغان بولساڭلار، سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر سىلەر نامۇۋاپىق ئادەملەرنى، مەسىلەن خىيانەتچى، قىمارۋاز ۋە ۋىجدانسىز ئادەملەرنى سايلاپ قويىدىغان بولساڭلار، ئۇ ھالدا، بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان بالايىئاپەتنىڭ دەردىنى ئۆزۈڭلار تارتىسىلەر، ئەلۋەتتە. خەلقتە يامان ئادەملەرنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاش ھوقۇقىمۇ بولىدۇ. خەلق ئاشۇنداق يامان ئادەملەرنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاپ، باشقىدىن سايلىسا بولىدۇ. ئەمما، كونىلار: «بېكىڭگە يەتكۈچە بېلىڭ سۇنۇپتۇ» دەپ ياخشى ئېيتقان. سەن ئۇنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىغۇچە، ئۇ قىلىدىغان ئەسكىلىكلىرىنى قىلىپ بولىدۇ، شۇڭا خەلق ئاممىسىغا غەمخورلۇق قىلىدىغان ياخشى ئادەملەرنى سايلاش كېرەك.

بىز قەشقەر، يەكەنلەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. پوسكام ناھىيىسىنىڭ كاتتىۋاشلىرى «مۇئاۋىن رەئىس كېلىدىكەن» دېگەن نام بىلەن خەلقتىن نۇرغۇن توخۇ ۋە تۇخۇم يىغىۋاپتۇ، بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خاپا بولدۇم. چۈنكى، بىز بۇ يەرگە خەلقنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ ئۈستىدىكى سېلىقلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن كەلدۇق. مەن پوسكام ناھىيىسىدە ئېچىلغان ئاممىۋى يىغىندا سۆزلىگەن سۆزۈمدە: سىلەر توخۇ ۋە تۇخۇملىرىڭلارنى ئېلىپ كېتىڭلار! دەپ جاكارلىدىم. ئۇنىڭدىن قالسا، تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، بەزىلەر جايلاردا تۇرۇشلۇق ھەربىيلەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



گە كېرەكلىك قۇرۇق گوت - چۆپ، يەم - خەشەكلەرنى ئارتۇق ئالىدىكەن. 100 باغ بېدە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولسا، 150 باغ بېدە ئېلىنىدىكەن؛ بىر دادەن كۆممىقوناق ئېلىشقا تېگىشلىك بولسا، بىر يېرىم دادەن كۆممىقوناق ئېلىنىپ، ئارتۇق ئېلىنغان كۆممىقوناق، يەم - خەشەكلەرنى ئۆز چۆنتىكىگە سالىدىكەن. هۆكۈمەت بەرگەن پۇل مال ئىگىسىنىڭ قولىغا تەگمەيلا باشقىلار خىيانەت قىلىپ كېتىدىكەن.

يەنە بەزى جايلاردىكى كاتتىۋاشلار هۆكۈمەتكە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئەزەلدىن ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ئالمايدىكەن. بۇلار قانۇنغا خىلاپ، شۇنداقلا دىنىي ئەقىدىلەرگىمۇ مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىدە ئاممىغا زۇلۇم سېلىشقا، ئاممىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ. مەسىلەن، مېنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم مەن مۇئاۋىن رەئىس بولغانلىقىم ئۈچۈن، تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئالۋان - ياساقنى تاپشۇرمىسا، بۇ توغرا بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە، توغرا بولمايدۇ. مېنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم مۇئاۋىن رەئىسكە تۇغقان ئەمەس، بەلكى بۇرهانغا تۇغقان، مۇئاۋىن رەئىس بىرنەچچە ئادەمنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، هاكىم، شاڭجاڭ، باۋجاڭلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى تۆلەشكە تېگىشلىك ئالۋان - ياساقنى باشقىلارنىڭ زىممىسىگە ئارتىپ قويسا، ئۇنداق ئادەم هۆكۈمەت ئالدىدا، ئامما ئالدىدا ۋە خۇدا ئالدىدا گۇناهكار بولىدۇ. هۆكۈمەت بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە هەرگىز يول قويمايدۇ. ئەگەر تەكشۈرۈپ تېپىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇنداقلار قانۇن بويىچە جازالىنىدۇ.

بۇرۇن ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنىڭ بىر رەئىس بىلەن قوشۇلۇپ 13 هەيئەت ئەزاسى بار ئىدى. هازىر «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» نىڭ 9 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، هۆكۈمەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



هەيئەت ئەزالىرى 25 بولىدۇ . ئۇنىڭ ئۇنىنى مەركەز تەيىنلەيدۇ ، ئۇن بەشى يەرلىك زاتلاردىن تەيىنلىنىدۇ . هازىر بىر رەئىس ، ئىككى مۇئاۋىن رەئىس بار . جاڭ جىجۇڭ رەئىس ، ئەخمەت ئەپەندى بىلەن ئىككىمىز مۇئاۋىن رەئىس . ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنىڭ هەيئەت ئەزالىرى ئۆلكىمىزدىكى 4 مىليون 500 مىڭ خەلققە ۋەكىللىك قىلالايدۇ ، شۇنداقلا ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە كۆڭۈل بۆلەلەيدۇ . بۇ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بىز خىزمەتكە ئولتۇرغان ۋاقتىمىزدا ، خەلق ئۇچۇن ئادىل خىزمەت قىلىمىز ، خەلقنىڭ خاتىرجەم ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۇچۇن ساداقەتلىك بىلەن ئىشلەيمىز ، پۈتۈن ئۆلكىمىزدىكى 4 مىليون 500 مىڭ خەلقنىڭ تاپشۇرۇقىنى يەردە قويمايمىز ، دەپ قەسەم بەردۇق .

ئۆلكىلىك هۆكۈمەت تىنچلىق بىتىمىنىڭ روهىغا ئاساسەن «سىياسىي پروگرامما» نى تۈزۈپ چىقتى . بىز مۇشۇ پروگرامما بويىچە ئىشلەيمىز . هازىر خەلققە سۆز ، مەتبۇئات ، تەشكىللاتلارغا ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكى بېرىلدى . بۇنىڭدىن كېيىن ، بىز ئۆز پىكىرلىرىمىزنى ئاشكارا بېرىپ ، كۆپچىلىكنىڭ تەلەپ ۋە پىكىرلىرىنى گېزىتلەردە ئېلان قىلالايمىز . مەسىلەن ، جايلاردىكى مەسئول كىشىلەر ئەگەر خىيانەتچىلىك قىلسا ياكى قىمار ئوينىسا ، ئەپيۇن ، نەشە چەكسە ، سىلەر ئۇلارنىڭ قانۇنسىز هەرىكەتلىرىنى پاش قىلىش ھەمدە گېزىتلەردە ئېلان قىلىشقا هوقۇقلۇق ، بۇنى هەرقانداق كىشىنىڭ توسۇش ھەققى يوق . ئەمدى كىشىلەرنى يولسىز ، قانۇنسىز سولاپ قويۇشقا ، قانۇنسىز جەرىمانە قويۇشقا يول قويۇلمايدۇ . ئەمدى سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ نەقەدەر چوڭ هوقۇققا ئىگە بولغانلىقىڭلارنى بىلىشىڭلار كېرەك . ئالايلۇق ، سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا يوغان لىگەندە پولۇ كەلتۈرۈلسە ، ئەگەر سىلەر شۇ پولۇنى يېسەڭلار قورسىقىڭلار تويىدۇ ، يېمىسەڭلار ئاچ قالىسىلەر . هازىر سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا پولۇ كەلتۈرۈلدى ، ئەمدى سى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



*لەر ئۇنى يەپ قورسىقىنىڭلارنى تويغۇزالايسىلەر . بىز مەكتىتە ئون كۈندەك تۇرۇپ ، سايلام خىزمىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن قايتىپ كېتىمىز . مۇشۇ ئون كۈن ئىچىدە تەشۋىق خىزمىتىنى تولۇق ئىشلەپ ، خەلقنىڭ كېڭەش ئەزالىقىغا ۋە ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىغا ياخشى ئادەملەرنى سايلىشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ، بەش كىشىلىك سايلام ھەيئىتى سايلاپ چىقتۇق ، ھەربىر يېزىدا ئۈچ كىشىلىك شۆبە ھەيئەت تەشكىل قىلىنىدۇ .*

*شۇڭا ، سىلەرنىڭ سايلام ھوقۇقۇڭلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى ئىشلىتىپ ، كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىدىغان ئادەملەرنى سايلاپ چىقىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» ①.*

1946 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مەكىت ناھىيىسىدە سايلام ئۆتكۈزۈلۈپ ، مۇھەممەت ھاجى ، قادىر خەلىپە قاتارلىقلار كېڭەش ئەزاسى ، مويىدىن نىياز ھاكىم بولۇپ سايلانغان . بىراق ، ئۆلكىدىن كەلگەن سايلام گۇرۇپپىسىدىكىلەر قايتىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي يەكەننىڭ ۋالىيسى جۇ فاڭگاڭ زورلۇق بىلەن مويىدىن نىيازنى ھاكىملىقتىن ئېلىپ تاشلاپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ يېقىن كىشىسىنى ھاكىم قىلىپ تەيىنلىگەن②.

## 9 . مەكىتنىڭ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇشى

نۆۋەتتە ، مەكىتنىڭ قايسى يىلى ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغانلىقى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت . بۇ قاراشلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا ، ئاساسلىق مۇنداق ئىككى خىلغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ :

بىرىنچى ، «شىنجاڭنىڭ تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر نام-

---

① بۇرھان شەھىدى : «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1986 - يىل 5 - ئاي نەشرى ، 646 ~ 650 - بەتلەر .

② «مەكىت ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1994 - يىل 5 - ئاي خەنزۇچە نەشرى ، 10 - بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دېگەن ئەسەرلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «مەكىت مىنگونىڭ 11 ـ يىلى (مىلادىيە 1922 ـ يىلى) ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان» دېگەن قاراش.

ئىككىنچى، «شىنجاڭ يىلنامىسى» (1986 ـ يىلى) بىلەن «مەكىت ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «مەكىت مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيە 1928 ـ يىلى) ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان» دېگەن قاراش.

تۆۋەندە مەكىت ناھىيىسىنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار ئاساسىدا، مەكىتنىڭ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان ۋاقتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزمەكچى.

«شىنجاڭدىكى بوران ـ چاپقۇن» دېگەن ئەسەرنىڭ 1 ـ جىلد 607 ـ بېتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «مىنگونىڭ 11 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى مەكىت ناھىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغىمۇ رۇخسەت قىلىندى». «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 6 ـ جىلد «نوپۇس- يەر بېجى بابى» دا: «مىنگونىڭ 11 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ھەربىي قوماندانى ياڭ زېڭشىن مارالبېشىنىڭ يەكەن دەرياسى (ئەسلىي ئەسەردە بۇ نام خەنزۇچە «玉河» دەپ ئېلىنغان. مەن ئۇنى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن «يەكەن دەرياسى» دەپ ئالدىم) نىڭ جەنۇبىدىكى يەرلىرىنى مەكىت ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىشنى، قاغىلىق، يەكەن قاتارلىق ئىككى ناھىيىنىڭ مەكىتكە يېقىن كەنت ـ مەھەللىلىرىنى مەزكۇر ئورۇن (مەكىت ناھىيىسى) نىڭ باشقۇرۇشىغا بۆلۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى» دېيىلگەن. يەنە شۇ ئەسەرنىڭ 9 ـ جىلد «ئۆلكە، ناھىيىلەرنىڭ قۇرۇلۇش بابى» دىكى «مەكىت ناھىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىلتىماس قىلىش» دېگەن ئىلتىماسنامىنىڭ ئاخىرىغا «شىنجاڭنىڭ ئۆلكە باشلىقى، قوشۇمچە ھەربىي قوماندانى ياڭ زېڭشىن. مىنگونىڭ 11 ـ يىلى 6 ـ ئاي» دەپ يېزىلىپ، تامغا بېسىلغان. مانا بۇ مەكىت ناھىيىسى مىنگونىڭ 11 ـ يىلى (مىلادىيە 1922 ـ يىلى) قۇرۇلغان دېگۈچىلەرنىڭ ئاساسى.

ھالبۇكى، «شىنجاڭدىكى بوران ـ چاپقۇن» ۋە «شىنجاڭنىڭ خە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



هالبۇكى ، «شىنجاڭدىكى بوران - چاپقۇن» ۋە «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىكى مەكىت ناھىيىسىنىڭ مىنگونىڭ 11- يىلى (مىلادىيە 1922 - يىلى ) قۇرۇلغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇمات ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى ، قوشۇمچە ھەربىي قوماندانى ياڭ زېڭشىن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە يوللىغان مەكىت ناھىيىسىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى ئىلتىماسنامىسىدىكى ۋاقىتنى ئاساس قىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ بىرمۇنچە مۇجمەل تەرەپلىرى بار . دەرۋەقە ، مىنگونىڭ 11 - يىلى 6 - ئايدا ياڭ زېڭشىن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى مەمۇرىي پالاتاسى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا ئىلتىماس يوللاپ ، مەكىت ناھىيىسىنى قۇرۇشنى تەلەپ قىلغان ھەمدە ئىلتىماسنامىدە مەكىتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ، ئاھالىسى ، كۈنسېرى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ، ئۇنىڭ باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى ۋە بۇ جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلار ، شۇنداقلا ناھىيە قۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى قاتارلىق تەرەپلەر ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ، بۇنىڭ (ئىلتىماسنامىدە دېيىلگەن ناھىيە قۇرۇش تەلىپىنىڭ ) بىر لايىھە ئىكەنلىكى ، مەزكۇر مىنىستىرلىقنىڭ تەستىقلاپ ، تېلېگرامما بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتىدىغانلىقى بايان قىلىنغان . بىراق ، بۇ بىر ئىلتىماسنامە بولۇپ ، ناھىيە قۇرۇش توغرىسىدىكى رەسمىي تەستىقنامە ئەمەس . ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنگو ھۆكۈمىتى مەمۇرىي پالاتاسى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى مىنگونىڭ 11 - يىلى 6 - ئايدا يوللانغان بۇ ئىلتىماسنامىگە رەسمىي تەستىق سالغان بولسا ئېنىقكى ، بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي ماتېرىياللار ئىلتىماسنامە بىلەن بىرلىكتە يۇقىرىدىكى ئىككى ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن بولاتتى . شۇڭا ، مەكىت ناھىيىسىنى مىنگونىڭ 11 - يىلى 6 - ئايدا قۇرۇلدى ، دېيىش كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ . ئەگەر ئىلتىماسنامە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا تەستىقلانغان بولسىمۇ ، بۇ پەقەت ناھىيە قۇرۇش تەستىقلانغان ۋاقىتتىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇنى ناھىيە قۇرۇلغان ئەمەلىي ۋاقىت دەپ قاراشقا بولمايدۇ . چۈنكى ، بىرنەچچەدىن ، پېشقەدەملەرنىڭ ئەسلىشىچە ، مىنگونىڭ 17 - يىلى (مىلادىيە 1928 - يىلى ) دىن ئىلگىرى مەكىتتە مەسلىھەتچى ئىش بېجىرگۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چى ( 县知事 ) ياكى ھاكىم بولغانلىقىنى ئاڭلىمىغان. مىنگونىڭ 17 - يىلىدىن بۇرۇن مەكىتتىكى دېھقانلارنىڭ يەر بېجى ۋە ھەرخىل باج - سېلىقلىرى مارالبېشى ناھىيىسىگە تاپشۇرۇلغان. خەلقنىڭ ئەرز - شىكايەت ئىشلىرىمۇ مارالبېشى ناھىيىسى تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنغان. ئىككىنچىدىن، «شىنجاڭدىكى بوران - چاپقۇن» دېگەن ئەسەرنىڭ 1 - جىلد 607 - بېتىدە «مىنگونىڭ 11 - يىلى 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى مەكىت ناھىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغىمۇ رۇخسەت قىلىندى» دېيىلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە شۇ ئەسەرنىڭ 616 - بېتىدە مىنگونىڭ 13 - يىلىدىكى پوسكام ناھىيىسىنىڭ مەسلىھەتچى ئىش بېجىرگۈچىسى ( 县知事 ) نىڭ ئىسمى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، شۇ قاتاردا مىنگونىڭ 11 - يىلى قۇرۇلدى دېيىلىۋاتقان مەكىت ناھىيىسىنىڭ مەسلىھەتچى ئىش بېجىرگۈچىسىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان. ناھىيە قۇرۇلدى دېيىلسىمۇ، ھاكىم قاتارلىق ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ بولماسلىقى، ناھىيە قۇرۇلغان تۇرۇقلۇقمۇ يەنە مارالبېشى ناھىيىسىگە غەللە - پاراق، باج تاپشۇرۇش ھەمدە ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ بېجىرىشىنى چۈشىنىش قىيىن، كىشىنى ئويغا سالىدىغان بىر مەسىلە.

مىنگونىڭ 30 - يىلىدىن 38 - يىلىغىچە بولغان بىرقانچە يىللىق ئارخىپ ماتېرىياللىرىدا مەكىتنىڭ مىنگونىڭ 17 - يىلى 8 - ئايدا ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. مىنگونىڭ 30- يىلىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىسى مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن مۇھىم ئىشلار مەلۇماتنامىسىدە: «ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈشىمىزچە، مەكىت ناھىيىسى ئەسلىي مارالبېشى ناھىيىسىگە قاراشلىق چوڭ بىر كەنت (خەلق بۇنى بەگلىك دەپ ئاتايدۇ) بولۇپ، مىنگونىڭ 17 - يىلى 8 - ئايدا 3 - دەرىجىلىك ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان» دېيىلگەن.

يېقىنقى يىللارغىچە مەكىت ناھىيىلىك ئارخىپ بۆلۈمىدە ساقلىنىپ كەلگەن، شىنجاڭ مالىيە نازارىتى تارقاتقان ئىككى پارچە يەر خېتىدە يەر ئېلىم - سېتىم ئىشلىرىغا ئائىت مۇنداق ئەھۋال بايان قىلىنغان: «مارالبېشى ناھىيىلىك مۇئامىلىدار مۇسا ئاۋۇت قارىينىڭ چوڭقۇرچاق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


تمكى بىر مو يېرىنى سېتىۋالدى . . . جۇڭخۋا مىنگونىڭ 17 - يىلى 6 - ئاي» . يەنە بىر يەر خېتىدە : «مەكىت ناھىيىلىك مۇئامىلىدار مۇسا ئاۋۇت قارىيىنىڭ چوڭقۇرچاقتىكى ئىككى مو يېرىنى سېتىۋالدى . . . جۇڭخۋا مىنگو 20 - يىلى 5 - ئاي» . يۇقىرىدىكى ئىككى پارچە ھۆججەت بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى ، مىنگونىڭ 17 - يىلى 6 - ئايدىن ئىلگىرى مەكىت مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان . مىنگونىڭ 20 - يىلى 5 - ئايدا مەكىت ناھىيىسى ئاللىقاچان قۇرۇلۇپ بولغان . چۈنكى ، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان چوڭقۇرچاق دېگەن يەر مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى چوڭقۇرچاق يېزىسى بولۇپ ، مەكىت ناھىيىسى قۇرۇلغاندا چوڭقۇرچاق مەكىت ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلگەن . مىنگونىڭ 25 - يىلى (مىلادىيە 1936 - يىلى ) 10 - ئايدا يەنە مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن .

دېمەك ، مەكىت ناھىيىسىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى ئومۇملاشتۇرغاندا ، مەكىت ناھىيىسى مىنگونىڭ 11 - يىلى (مىلادىيە 1922 - يىلى ) قۇرۇلغان دېگۈچىلەر ئاساس قىلغان «شىنجاڭدىكى بوران - چاپقۇن» ۋە «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دېگەن ئەسەرلەردە گەرچە بۇ ھەقتە خېلى تەپسىلىي مەلۇماتلار بولسىمۇ ، بىراق ئۇ مەلۇماتلارنىڭ ئەمەلىي ئاساسى كەمچىل بولۇپ ، مۇجمەل تەرەپلىرى كۆپ . ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋاقىتنى مەكىت ناھىيىسى قۇرۇلغان ۋاقىتنىڭ دەل ئۆزى دەپ قوبۇل قىلغاندىن كۆرە ، مەكىت ناھىيىسىنى قۇرۇشقا ئىلتىماس يوللانغان ۋاقىت دەپ قوبۇل قىلغان ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلىدۇ . مەن مەكىت ناھىيىسى مىنگونىڭ 17 - يىلى (مىلادىيە 1928 - يىلى ) 8 - ئايدا رەسمىي قۇرۇلغان ، دېگەن قاراشنى قوبۇل قىلىمەن . چۈنكى ، مەكىت ناھىيىسىنىڭ چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسىنى ئىشلەش جەريانىدا ، يازما ماتېرىيال مەنبەلىرىدىن پېشقەدەملەر (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مەكىتنىڭ يەرلىك تارىخىنى پىششىق بىلىدىغان ، بۇرۇن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە خىزمەت قىلغان ، يېشى 80 دىن ئاشقان كىشىلەر ) نىڭ ئەسلەپ بېرىشىدىن مەكىت ناھىيىسىگە مىنگو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نىڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيە 1928 ـ يىلى) دىن ئىلگىرى ھاكىم بولغان بىر ەر كىشىنىڭ ئىسمىنى تېپىشقا ئىمكانىيەت بولمىدى. مىنگو-نىڭ 17 ـ يىلى 8 ـ ئايدا مەكىت ناھىيىسى قۇرۇلغاندا، مەكىت ناھىيىسىگە لىيۇ فامىلىلىك بىر كىشى تۇنجى ھاكىملىققا تەيىنلەنگەن بولۇپ، ناھىيە قۇرۇلغان دەسلەپكى ۋاقىتتا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تۇرۇ-دىغان ئورۇن بولمىغاچقا، ئۇلار ئابدۇرېھىم كازىم دېگەن كىشىنىڭ قورۇسىنى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىپ تۇرغان. مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (مىلادىيە 1930 ـ يىلى) جۇباشۇي (جۇيۇلىڭ) دېگەن كىشى مەكىتكە يېڭىدىن ھاكىم بولۇپ كېلىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ئىلتىماس سۇ-نۇش ئارقىلىق، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسى (يامۇل) نى سالدۇر-غانىكەن.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


1. «شىنجاڭ يىلنامىسى» (1986 ـ يىلى).

2. «جۇڭگونىڭ تارىخىي خەرىتىلەر توپلىمى»، جۇڭگو خەرىتىلەر نەشرىياتى، خەنزۇچە، 1975 ـ يىلى نەشرى، 2 ـ قىسىم، 24 ـ، 25 ـ بەتلەر.

3. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلى-رى كومىتېتى تۈزگەن، 1989 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

4. ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى.

5. يۈۋېيچىڭ: «شىنجاڭنىڭ تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر نامىلىرى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى.

6. «مەكىت ناھىيىسى يەر ـ جاي نامىلىرىنىڭ خەرىتىلىك تەزكى-رىسى»، خەنزۇچە نەشرى.

7. «مەكىت ناھىيىسىنىڭ تەزكىرىسى» (پىكىر ئېلىش نۇسخى-سى).

8. «مەكىت ناھىيىسىنىڭ تەزكىرىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتې-تى نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

## مەكىتنىڭ قەدىمكى مەدەنىيتى

### قەدىمكى ئىجتىمائىي فورماتسىيە

مەكىت شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي چېتىگە، يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرقى ئېقىنى ۋە تىزناپ دەرياسى (بۇ دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىنى يەرلىك كىشىلەر «خالاستان دەرياسى» دەپ ئاتايدۇ) نىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان. مەكىت ناھىيىسى چەكسىز كەتكەن قۇم بارخانلىرى، ئېپتىدائىي توغراق ئورمانلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئىككى دەريا گىرەلەشكەن بىر بەلۋاغقا جايلاشقان بولغاچقا، بۇ خىل تەبىئىي شارائىت ناھايىتى قەدىمدىن تارتىپ مەكىت تەۋەسىدە ئىنسانلارنىڭ ھايات كەچۈرۈشى، پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن قولاي شارائىت ھازىرلىغان.

بىرقىسىم ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار ۋە تېپىلمىلاردىن قارىغاندا، مەكىتتە يېڭى تاش قورال دەۋرى (بۇنىڭدىن 6000 — 7000 يىل ئىلگىرى)گە مەنسۇپ بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايقالغان. بۇ دەۋر (يېڭى تاش قورال دەۋرى)دىكى سىپتا تاش قوراللار، ئىش قوشۇش تېخنىكىسى بىلەن ياسالغان قوراللار (ئۇرۇپ - سىرقۇپ ياسالغان ئىنچىكە پىچاق شەكلىدىكى تاش پارچىلىرى ۋە يونۇش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان كىچىك تىپتىكى تاش قوراللار)، بىۋاسىتە ياسالغان ئۆتكۈر قوراللار (ئوق بېشى، نەيزە ئۇچى، پىچاق، پالتا قاتارلىقلار)دىن ئىبارەت بولۇپ، ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى[①] ئىدى. 1913 - يىلى ئارخېئولوگ ئاۋرېل ستەيىن شىنجاڭغا قىلغان 3 -

---

① «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل 6 - ئاي خەنزۇچە نەشرى، 182 - بەت. ۋۇ جېن: «شىنجاڭنىڭ تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىنى باشلاپ، 9 ـ ئايدا قەشقەردىن مەكىتكە كەلگەن ۋە مارالبېشى ئارقىلىق مازارتاغ (مەكىت ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالى تەرىپىدە بولۇپ، پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئىلگىرى مەكىت تەۋەسىدە بولغانىكەن. بىرقىسىم تارىخىي مەنبەلەر ۋە ئەمەلىي تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، مەكىت خەلقى ئەسلىي تەكلىماكاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمكى شەھەر ـ قەلئەلەردە ياشىغان بولۇپ، كېيىنكى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ تەدرىجىي غەربكە كۆچۈپ، ھازىرقى يەكەن، تىزناپ دەريا بويلىرىدىكى سۇيى ئەلۋەك، تەبىئىي شارائىتى ياخشى جايلارغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. ھازىر مەكىت بىلەن مازارتاغ ئارىلىقىدا «كەندىرلىك» دېگەن بىر قەدىمىي شەھەر خارابىسى بايقالدى. گەرچە ھازىر تېخى بۇ قەدىمكى خارابە ئىزى تولۇق تەكشۈرۈلۈپ ئېنىق بىر يەكۈن چىقىرىلمىغان بولسىمۇ، بىراق دەسلەپكى ئىگىلىگەن ئەھۋاللار ۋە بىرقىسىم سېلىشتۇرما ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، مەكىت خەلقىنىڭ شەرقتىن غەربكە سۈرۈلگەنلىكىنى جەزم قىلىشقا بولىدۇ. بۇ نۇقتا بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتتا تېخىمۇ ئېنىق ئېچىپ بېرىلگۈسى) ئەتراپىغا كېلىپ، بۇ جايدىن نۇرغۇن كېچىلىك خارابە ئىز، شەھەر خارابىلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپقان① ۋە يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ ئوقيا ئۇچىنى بايقىغان. يېقىندا ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق بىر ئەربابىنىڭ «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلىنىڭ 1965 ـ يىل 3 ـ سانىدا ئېلان قىلغان «شىنجاڭ مەكىتتىن قەدىمكى ئوقيا تېپىلدى (بايقالدى)» دېگەن تېمىدىكى ماقالىسىنىڭ ئۇچۇرىغا ئىگە بولدۇم② (ئەپسۇسكى، شۇنچە ئىزدەپمۇ ھازىرغىچە بۇ ماتېرىيالنىڭ ئەينى نۇسخىسىنى تاپالمىدىم).

مەلۇمكى، ئىنسانلار جەمئىيىتى يېڭى تاش قورالغا ئىگە بولغان ياكى ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى بىلەن تاش قورال ياساپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ مەقسەتلىك ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان دەۋر

---

① جېننبىتتى مېرسكىي: «ستەيىن ئارخېئولوگىيىسى ۋە ئېكسپېدىتسىيىسى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1992 ـ يىل 1 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 4 ـ بۆلۈم، 329 ـ بەتلەر.

② «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل 6 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 793 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە «يېڭى تاش قورال دەۋرى» دەپ ئاتالغان. ئىنسانلار كونا تاش قورال دەۋرىدە (بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىللار ئىلگىرى) تەبىئىي تاشلاردىن پايدىلانغان ياكى تەبىئىي تاشلارنى ئازراق ئۇرۇپ - سوقۇپ مەلۇم شەكىلگە كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامدىغان بولسا، يېڭى تاش قورال دەۋرىگە كەلگەندە ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىدىن ھالقىپ، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش مەقسىتىدە ھەرىكەت قىلغان ھەم ئىنچىكە، سىپتا بولغان، مۇقىم شەكىلگە ئىگە تاش قوراللارنى ياسىغان. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن «ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى» مانا شۇ يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى ئاساسلىق تاش قوراللاردۇر. ئۇقىيانىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ئىنسانلارنىڭ يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ئۇلۇغ كەشپىياتى بولۇپ، ئۇقىيا ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش ياسىدى. يەنى ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئىنسانلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىپ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى.

قەدىمكى چاغدا تەكلىماكان ناھايىتى ئاۋات بىر جاي بولغان. نۇرغۇن بەگلىك، خانلىقلار قۇرۇلۇپ، ئۆز ھاكىمىيەتلىرىنى تىكلەشكەن. خەلقنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا شەھەردىكىلەر دېھقانچىلىق، سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، دەريا بويىدىكى، تاغ باغرىدىكى خەلقلەر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق قاتارلىق ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. مەكىتكە ئوخشاش دەريا بويى، توغراق ئارىسىدىكى خەلقلەر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. مەكىتتىن تاش ئوقيا ئۇچىنىڭ تېپىلىشى مەكىت خەلقىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئوۋچىلىقنى ئاساس قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھازىرمۇ مەكىتتە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەخسۇس كەسپىي ئائىلىلەر بار. خەلقنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرىدە ئوۋچىلىققا ئائىت ئېتىقاد ئادەتلىرىمۇ كەڭ ساقلانغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## قەدىمكى قەبرىلەر

مەكىت ناھىيىسىدە ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى تېخى مۇنتىزىم ئېلىپ بېرىلغىنى يوق. پەقەت 1990 - يىلى ئۆكتەبىردە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى 2- قېتىملىق ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ئىشخانىسى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنى دەسلەپكى قەدەمدە پۈتۈن ناھىيىدە (بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش پەقەت ناھىيە ئىچى ۋە ناھىيىگە يېقىن جايلار بىلەن چەكلىنىپ، ناھىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى قۇملۇق، توغراقلىق بەلۋېغى چالا قالغان) گە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ناھىيە بويىچە بەش ئورۇننى نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى قىلىپ بېكىتكەن. بۇ ئورۇنلار ئىچىدە يانتاق يېزىسىدىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەرنىڭ مەدەنىيەت خاراكتېرى ئالاھىدىرەك بولۇپ، ئۇنى نوقۇل ھالدا مەلۇم بىر مەدەنىيەت تىپىغا مەنسۇپ قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ خىلدىكى ياغاچ ۋە ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەر ئىلگىرى باشقا جايلاردىمۇ تېپىلغان. بىراق، ئۇلار بىلەن مەكىت يانتاق يېزىسىدىكى ياغاچ ۋە ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەرنىڭ ياسىلىشى، دەپنە قىلىش ئادەتلىرىدە مەلۇم پەرق بار. بىز كۆرگەن باشقا جايلار (كۆنچى دەريا ۋادىسىدىكى قەبرىلەر، چەرچەن زاغۇنلۇقتىكى قەدىمكى قەبرىلەر، نىيە ۋە خوتەن ئىمام مۇسا كازىم قەبرىستانلىقىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر)دىكى قەبرىلەردە مەيلى دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى يەرلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن بولسۇن، ئېنىق بىر خاراكتېرى ئىپادە قىلىنغان. لېكىن، مەكىتتىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەردە قەبرىلەرنىڭ ياسىلىشى باشقا جايلارغا ئازراق يېقىن كەلسىمۇ، دەپنە قىلىش ئۇسۇلى بەك ئاددىي بولۇپ، ئېنىق بىر ئالاھىدىلىكنى بىلگىلى بولمايدۇ. قەبرىلەرنىڭ ياسىلىش شەكلى ۋە ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، ئۇنىڭ يىل دەۋرىنى بۇددا دىنى

www.uyghurkitap.com



مەدەنىيەت دەۋرىگە مەنسۇپ دەپ قاراشقا بولىسىمۇ، بىراق دەپنە قىلىش ئۇسۇلى ھەمدەپنە بۇيۇملىرىغا قاراپ، ئۇنى ئىسلامىيەت دەۋرىگە مەنسۇپ دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەن بۇ مەسىلىنى مەكىتنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ تۇرۇپ مۇھاكىمە قىلساق دېگەن ئويدا. چۈنكى، مەكىت جۇغراپىيىلىك مۇھىت جەھەتتىن ھەم قۇرغاق، ھەم زەي. قۇرغاق بولغاندا، قۇملۇق ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغان قۇملۇق رايونلاردىكى جايلارنىڭ ھەممىسىدە (يۇقىرىدا بىز ئىسمىنى ئاتىغان جايلار) قەبرىلەرنىڭ قېزىلىشى ھەم ياسىلىشى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، قەبرە قېزىلغاندىن كېيىن، ياغاچ بىلەن مۇداپىئە كۈرۈش ياكى ياغاچ ۋە ياغاچ تاختىلار بىلەن گىرۋەك ياساش ئومۇمىي ئەھۋالدۇر. ئۇنىڭ يىل دەۋرىمۇ خېلى بالدۇر بولۇپ، ئەڭ كېيىن بولغاندىمۇ 1500 يىلدىن كەم ئەمەس. مەكىتتىكى يانتاق قۇم مازار قەبرىستانلىقى مۇشۇ خىلغا كىرىدۇ (بىراق دەپنە قىلىشى ئاددىي). نەم (زەي) رايونلاردىكى قەبرىلەرنىڭ قېزىلىشى ھەم ياسىلىشى بىردەك ئەمەس. يەنى مەكىتتىكى كۆكتاللىق ئاتام مازىرى جايلاشقان ئورۇن بىر قەدەر نەم (زەي) بولۇپ، قەدىمكى قەبرىلەردىكى جەسەتلەر توغراق كاۋىكى (يوغان توغراقنىڭ غولى) ئىچىگە قويۇلغان. دەپنە قىلىنىشىمۇ نىسبەتەن ئاددىي بولۇپ، جەسەت يېنىدا ھېچقانداق ئالاھىدە ھەمدەپنە بۇيۇملىرى يوق. بۇ خىل ھالەت خوتەن ئىمام مۇسا كازىم قەبرىستانلىقىدىمۇ ئوخشاش بولۇپ، ئۇ يەردە كىچىك باللار مۇشۇ خىل قەبرىگە دەپنە قىلىنغان. دەپنە قىلىنىش ئۇسۇلىمۇ نىسبەتەن مۇرەككەپ بولۇپ، قەبرىگە دەپنە بۇيۇملىرى بىللە كۆمۈلگەن (بۇ خىل جەسەت، ھەمدەپنە بۇيۇملاردىن بىرسى ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزېيدا كۆرگەزمە قىلىنىۋاتىدۇ). مارالبېشى شاقۇدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتا يۇقىرىدىكى قۇرغاق ھەم زەي يەرگە ياسالغان قەبرىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇچرايدۇ. دەپنە قىلىنىشى بولسا ئوخشاشلا ئاددىي. دېمەك، بۇ قەبرىلەردىن مۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



1 . مەكىتتىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەر ياسىلىش شەكلى ۋە ئۇسۇ-لى جەھەتتىن ئەجدادلارنىڭ قەدىمكى قەبرە ياساش ئادىتىگە ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك مۇھىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە قەبرە-لەر مۇھىتقا ماسلاشتۇرۇپ ياسالغان . قەبرىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇي-غۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى قەبرە ياساش ئادىتىگە ماس بو-لۇپ، مەكىتتىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەرنىڭ ياسىلىش شەكلى جەھەت-تىن يىل دەۋرى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ، دەپ قاراشقا بولىدۇ .①

2 . قەبرىلەردىكى دەپنە قىلىش ئادىتى بەك ئاددىي بولۇپ، ھېچقان-داق ئالاھىدە بىر ھەمدەپنە بۇيۇم ئۇچرىمايدۇ . جەسەتلەرنىڭ دەپنە قىلىنىشىدا ئىسلام دىنىنىڭ دەپنە قىلىش ئادىتى كۈچلۈك . بۇنىڭدىن قارىغاندا، مەكىت رايونىدىكى خەلق ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ ئەجدادلارنىڭ ئىلگىرىكى قەبرە ياساش ئادىتىگە ۋارىسلىق قى-لىپ (بۇنىڭغا ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىت سەۋەب بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن)، ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەرگە ئىسلام دىنى ئادىتى بويىچە دەپنە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان بولۇشى مۇمكىن .

مەكىت ناھىيىسىنىڭ قىزىلئاۋات يېزىسىدا «قىزىلچى خېنىم مازى-رى» دېگەن بىر قەدىمىي مازار بار . مازارنىڭ تەزكىرىسىنى ئاغزاكى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ بايانلىرىدىن قارىغاندا، بۇ مازارلىقتا قاراخانىيلار خانلىقى (مىلادىيە 850 — 1212 ـ يىللار) خان جەمەتىدىكى بىر مەلىكە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى دەپنە قىلىنغان ئىكەن . ئەينى چاغدا ئۇلار مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كۇپپارلار (دىنسىزلار) تەرىپىدىن قەتل قىلىن-غان . مازارلىق شۇ خېنىمنىڭ نامى بىلەن «قىزىلچى خېنىم مازىرى» دەپ ئاتالغان . يەنە بىر رىۋايەتتە، مەلىكە ئۆز مۇرىتلىرى بىلەن ئىسلام دىنىنى تارقىتىپ يۈرۈپ، مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ۋاپات بولغان ئىكەن .

---

① ئادىل مۇھەممەت تۇران : «ياتتاق يېزىسىدىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1994 ـ يىلى، 1 ـ، 2 ـ سان، 31 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۇزاقتىن بېرى يىراق - يېقىندىكى كىشىلەر كېلىپ بۇ مازارنى تاۋاپ قىلىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنى خاتىرىلەپ كەلمەكتە.① قىزىلجى خېنىم نامى بىلەن ئاتىلىدىغان مازارلىق پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە 7 — 8 دىن ئاشىدۇ. لېكىن، قىزىلجى خېنىم نامىدىكى مازارلارنىڭ كۆپ بولغىنى بىلەن، بۇ مازارنىڭ يازما تەزكىرىسى ھەققىدە ھازىرغىچە بىرەر مەلۇماتلارغا ئىگە بولغىنىمىز يوق.

## قەدىمكى تىل - يېزىق

تەخمىنەن مىلادىيە 1898 - يىلى ئىبراھىمخان (依不拉罕) دېگەن كىشى ھازىرقى قىزىلئاۋات يېزىسى قىزىلجى كەنتىدىن بىر تۈركۈم ھۆججەت ماتېرىيال تاپقان. كېيىن بۇ يازما يادىكارلىق ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ماكارتنېيىنىڭ قولىغا ئۆتكەن. بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ يىل دەۋرى قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇپ، يازما يادىكارلىق جەمئىي 19 پارچە. فرانسىيىلىك ئالىم خۇئارت ۋە ئەنگلىيىلىك ئالىم گرونكى سېلىشتۇرۇپ بېكىتكەن ئەرەب يېزىقىدىكى سەككىز پارچە يادىكارلىق، ئەنگلىيە ئالىمى ئېردال سېلىشتۇرۇپ بېكىتكەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن تۈرك تىلىدا خاتىرىلەنگەن بەش پارچە يادىكارلىق ۋە ئەرەب يېزىقى بىلەن تۈرك تىلىدا خاتىرىلەنگەن بىر پارچە يادىكارلىق ھازىر كىشىلەرگە مەلۇم بولدى. قالغان بىرقانچە پارچىسى ئەرەب يېزىقى بىلەن تۈرك تىلىدا خاتىرىلەنگەن ھەم ئەرەب يېزىقىدىكى يادىكارلىق بولۇپ، تېخى رەتلەنمىگەن. بۇ ماتېرىياللار تېپىلغان جاي — مەكىت قىزىلئاۋات يېزا قىزىلجى كەنتى ئىلگىرى يەكەن خانلىقى تەۋەسىدىكى زېمىنلار بولغاچقا، ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بۇ يازما ماتېرىياللارنى «يەكەن يازما يادىكارلىقلىرى» دەپ ئاتاشقان.②

---

① ئادىل مۇھەممەت تۇران: «مەكىت ناھىيىسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1995 - يىلى 4 - سان، 95 -، 96 - بەتلەر.

② «مەكىت ناھىيىسى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 - يىل 5 - ئاي خەنزۇچە نەشرى، 490 - بەت. نيۇرۇجى: «ئالتاي مەدەنىيىتى ۋە غەربىي يۇرت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 - يىل 10 - ئاي خەنزۇچە نەشرى، 183 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇ ماتېرىياللار تېپىلغاندىن كېيىن ، دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەت ئالىملىرىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى تارتقان بولۇپ ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ھازىرغىچە نۇرغۇن ئالىملار بۇ يازما يادىكارلىقلار ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى . مىلادىيە 1898 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك سانسكرىتشۇناس خوئېرنلې تۇنجى بولۇپ «ئەنگلىيە قولىغا چۈشۈرگەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يادىكارلىقلىرى ھەققىدە دوكلات»تا مەلۇمات بېرىپ ، شىنجاڭدىن تېپىلغان قاراخانىيلار خانلىقىغا ئائىت يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى . بىراق ، بۇ نۆۋەت ئۇ ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى باش كونسۇلى ماكارتنېي خوتەندىن يىغىۋالغان يازما يادىكارلىقلارنى تونۇشتۇرۇش بىلەن چەكلەندى .

1914 ـ يىلى فرانسىيىلىك ئالىم خۇئارت «يەكەندىن تېپىلغان ئەرەب يېزىقىدىكى ئۈچ پارچە توختامنامە» ناملىق ماقالىسىدە پېللىئوت ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۈرگەن مەزگىل (1906 — 1908 ـ يىللار) دە قولىغا چۈشۈرگەن ئەرەب يېزىقىدىكى ئۈچ پارچە يازما يادىكارلىقلارغا سېلىشتۇرۇپ دەلىللىدى . بۇ يازما يادىكارلىقتىكى مىلادىيە يىلىغا ئاساسەن ھېسابلىغاندا ، ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1106 ـ يىلى ، 1112 ـ يىلى ۋە 1114 ـ يىلى يېزىلغان بولۇپ ، قاراخانىيلار خانلىقى يەكەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە تەئەللۇق يازما يادىكارلىقلار ئىكەن . ئۇلارنىڭ ئىككىسى يەكەننىڭ مەلۇم كەنتىدىكى ئۈزۈمزارلىق ۋە يەرلەرنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا دائىر توختامنامە بولۇپ ، خۇئارت بۇ نۇقتىغا ئاساسەن ئۇلارنى «يەكەندىن تېپىلغان ئەرەب يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىق» دەپ ئاتىغان .① كېيىن يەنە پېللىئوت يىغقان ئۈچ پارچە يازما يادىكارلىقنىڭ يەكەندىن تېپىلغان قاراخانىيلار خانلىقىغا ئائىت يازما يادىكارلىقلارنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ماكارتنېينىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئايان بولدى . ئەنگلى-

---

① لىن مېيسۇن : «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» ، شەرق نەشرىياتى ، 1995 ـ يىل 12 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى ، 474 ـ ، 475 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى



يىلىنىڭ ئالىم روسىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، 1911 - يىلى يەكەن شەھىرى ئەتراپىدىكى بىر باغدىكى دەرەخ تۈۋىدىن ئەرەب يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قانۇنغا ئائىت بىر تۈركۈم يازما يادىكارلىقلار تېپىلغان. بۇلار ئۇزاق ئۆتمەي ماكارتنېيغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن.

1984 - يىلى ئەنگلىيىلىك ئالىم ئېردال «يەكەندىن تېپىلغان تۈركچە يازما يادىكارلىقلار» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، قەدىمكى ئۇيغۇرچە، تۈركچە يازما يادىكارلىق ۋە ئەرەب يېزىقى بىلەن تۈرك تىلىدا خاتىرىلەنگەن يازما يادىكارلىقلارنى سېلىشتۇرۇپ دەلىللىگەن. 1986 - يىلى ئەنگلىيىلىك ئالىم گرونكى «يەكەندىن تېپىلغان ئەرەبچە يازما يادىكارلىق ھەققىدە مۇھاكىمە» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ماكارتنېي توپلىغان يازما يادىكارلىقلار ئىچىدىكى ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان يادىكارلىقلارنى قايتىدىن رەتلەپ چىققان.① شۇنداق قىلىپ، ئاتالمىش يەكەندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار ھەققىدىكى تەتقىقاتلار ئاساسىي جەھەتتىن تامام بولۇپ، بۇ يازما يادىكارلىقلار ھەققىدە ئومۇمىي بىر چۈشەنچە ھاسىل بولدى. بىراق، ئىلگىرى بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ تېپىلغان ۋاقتى ۋە تېپىلغان ئورنى ھەققىدە بىرقىسىم مۇجمەللىكلەر بولۇپ، پىكىر بىرلىككە كەلمىگەنىدى. يېقىندا بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ، ئېنىق بىر جاۋابقا ئىگە بولدۇق. ئەسلىي ئەھۋال مۇنداق ئىكەن:

1908 - يىل 12 - ئايدا روس ھىندىستاندا ستەيىنگە ماكارتنېي يىغىۋالغان يەكەن يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى كۆرسەتكەن. روسىنىڭ تەمىنلىگەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، ستەيىن ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان 3 - قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسى ئارىلىقىدا يەكەن يازما يادىكارلىقلىرى تېپىلغان جاينى تەكشۈرگەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، 1913 - يىل 6 - ئايدا ئۇ بۇ يازما يادىكارلىقلارنى بايقىغان ئىبراھىمنىڭ

---

① لىن مېيسۈن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىياتى، 1995 - يىل 12 - ئاي خەنزۇچە نەشرى، 475 — 477 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



يول باشلىشى بىلەن يادىكارلىق چىققان ئورۇنغا بارغان . ئۇ يەكەننىڭ
شەرقىدىكى تىزناپ دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقى (شەرقىي قىرغىقى )دىكى
باغجىگدە (هازىرقى باياۋات بازىرى ) كەنتىدىكى ئىبراھىم دېگەن دېھقان
بىلەن تىزناپ دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقى ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ
غەربىي چېتى ئارىلىقىدا شىمالغا قاراپ تەخمىنەن 9 ئىنگلىز مىلى (13
كىلومېتىر ئەتراپىدا ) مېڭىپ ، قىزىل مازار (هازىرقى قىزىلچى كەنتە-
دىكى «قىزىلچى خېنىم مازىرى» )غا كەلگەن . يەكەن يازما يادىكارلىق-
لىرى مۇشۇ كەنتنىڭ غەربىي شىمالىدىن 0.5 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان
تەكلىماكاننىڭ چېتىدىكى بىر قۇم بارخاننىڭ يېنىدىكى قەدىمىي دەرەخ
ئاستىدىن چىققان . ئەمما ، ستەيىن بۇ يەردىن ھېچقانداق قەدىمكى ئىزنى
بايقىمىغان . پەقەت بۇ يەرنىڭ شىمالىدىن تەخمىنەن 2 ئىنگلىز مىلى
كېلىدىغان جايدا قەدىمكى ئولتۇراق جاي ئىزى ، تېرىلغۇ يەر ۋە سۇغى-
رىش سىستېمىسىنى بايقىغان . بۇ بىر قەدىمكى كەنت بولۇشى
مۇمكىن[①] .

بىز مەكىت قىزىلئاۋات يېزىسى قىزىلچى كەنتىنىڭ غەربىي شىما-
لىدىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار بىلەن 1976 ـ يىلى يەنە شۇ قىزىلئا-
ۋات يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى قازانكۆل جاڭگىلىدىن تېپىلغان ، يىل
دەۋرى قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرى (دەسلەپكى قەدەمدە شۇنداق بېكىتىل-
دى )گە تەئەللۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم باغلى-
نىشلىق بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمىز .

يەكەندىن تېپىلغان قاراخانىيلار خانلىقىغا ئائىت بولغان يازما يادى-
كارلىقلار قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىلىرى ياغما-
لار ، قارلۇقلار ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە ، شۇنداقلا ئۇلاردىن باشقا ، خەنزۇ-
لار ، تەزىكلەر (تاجىكلار ) ، يەھۇدىيلار ۋە باشقا مىللەتلەر ، جۈملىدىن
سوغدىلار ، سامانىيلار ھەققىدە بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەي-

---

① لىن مېيسۇن : «غەربىي يۇرت مەدەنىيتى» ، شىرق نەشرىياتى ، 1995 ـ يىل 12 ـ ئاي خەنزۇچە
نەشرى ، 481 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دۇ . بۇلاردىن باشقا ، يەكەندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلاردا يەنە ئىككى مەسچىتنىڭ نامى خاتىرىلەنگەن . بىرى يەكەن رابۇل كەنتىدە بولۇپ ، «ئىسھاق جارۇپ مەسچىتى» دەپ ئاتالغان . يەنە بىرى يەكەننىڭ سىمناس كەنتىدە بولۇپ ، «يەھيا ئىنار ئەر ھاجىپ مەسچىتى» دەپ ئاتالغان . ئالدىنقى مەسچىتنىڭ يىل دەۋرى ھىجرىيە 474 - يىلى ياكى 494 - يىلى (مىلادىيە 1082 — 1101 - يىللار)غا ، كېيىنكىسى ھىجرىيە 515 — 525 - يىلى (مىلادىيە 1121 — 1136 - يىللار)غا توغرا كېلىدۇ (بۇ مەسچىتلەرنىڭ يىل دەۋرىنى مىلادىيە 1005 — 1008 - يىللار بولۇشى مۇمكىن دېيدىغان پەرەزمۇ بار) . يازما يادىكارلىقلاردا يەنە مەككىگە ھەج قىلىشقا بارغان بىرنەچچە مۇسۇلماننىڭ ئىسمى خاتىرىلەنگەن . ئۇلار ھۇسىيىن ھاجى ، ھەسەن ئەمىر ھاجى ، ھەسەن ھاجى ۋە ھاجى ئىنال قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىسمى خاتىرىلەنگەن بۇ يادىكارلىقلارنىڭ يىل دەۋرى 1082 — 1121 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ.①

دېمەك ، يەكەندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار بىزنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپ تارقالغان چاغلاردىكى پۈتكۈل شىنجاڭ ، جۈملىدىن قەشقەر ، يەكەن ۋە مەكىت قاتارلىق جايلار ، شۇنداقلا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى ئەھۋاللار بىلەنمۇ تونۇشۇپ چىقىشىمىزغا ھەم بىرقىسىم مەسىلىلەر — بۇ يۇرتلارنىڭ تىل - يېزىق ، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ، ئىقتىساد ، يەر نامى ، كىشى ئىسىملىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ ھەم تۈرتكە بولىدۇ .

### قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

1976 - يىلى يانۋاردا مەكىت ناھىيىسى غازكۆل يېزىسىدىكى بىر دېھقان قازانكۆل جاڭگىلى (مەكىت قىزىلئاۋات يېزىسىنىڭ شىمالى ،

① لىن مېيسۈن : «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» ، شىرىق نەشرىياتى ، 1995 - يىل 12 - ئاي خەنزۇچە نەشرى ، 488 - بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



غازكۆل ، قۇمقىسار يېزىلىرىنىڭ شەرقى ، بازار جەمى يېزىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان جاڭگاللىق )دىكى بىر توغراق كۆتىكى كاۋىكىدىن بىر خىل خۇرجۇن تېپىۋالغان بولۇپ ، خۇرجۇن ئىچىدىن تۆت شاھانە تون ، ئىككى يىپەك كۆڭلەك ، بىر كىگىز جايناماز ، بەش دانە مىس تەڭگە پۇل (كېيىن ئېنىقلىنىشىچە ، بۇ پۇللارنىڭ سانى 30 غا يېتىدىكەن ) ، بىر دانە ئاتقا بوغۇز بېرىدىغان تورۋا چىققان . بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىلگىرى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈلۈپ ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى بايان قىلىنغانىدى① . ئەينى چاغدا بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ يىل دەۋرىنى بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ ئاغزاكى بايانى ھەم بەزىبىر رىۋايەت ، تارىخىي ۋەقەلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈشى بىلەن يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرى (مىلادىيە 1514 — يىللار ) گە تەۋە دەپ قارىغانىدۇق .② كېيىنكى تەتقىقاتلار ، بولۇپمۇ خۇرجۇن ئىچىدىكى مىس تەڭگە پۇللار ھەققىدىكى تەكشۈرۈش ھەم سېلىشتۇرما تەتقىقات ئارقىلىق ، بۇ پۇللارنىڭ قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرى (مىلادىيە 850 — 1212 ـ يىللار )دىكى پۇللار ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى (بىراق ، پۇللار بەك پۇچۇلۇپ كەتكەن ، تونۇش قىيىن بولۇپ ، ھازىرچە بۇ پۇللارنىڭ قاراخانىيلار خانلىقىدىكى قايسى خان قۇيدۇرغان پۇل ئىكەنلىكى ھەم ئېنىق يىل دەۋرى ھەققىدە مۇتلەق ھۆكۈم چىقارغىلى بولمىدى . پۇل ھەم باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ ) . خۇرجۇندىن چىققان تون ۋە يىپەك كۆڭلەك 1996 ـ يىلى مەملىكەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باھالاش كومىتېتى تەرىپىدىن باھالىنىپ ، «دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى» دەپ دەرىجىسى بېكىتىلدى ھەم «توننىڭ تىكىلىشى ئۆزگىچە ، ياقا ، يەڭلىرىدىكى گۈل نۇسخىلىرى نەپىس ، ئىشلە-

① ئادىل مۇھەممەت تۇران : «قازانكۆل جاڭگىلىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى ، 1994 ـ يىلى 1 ـ ، 2 ـ سان ، 29 ـ ، 30 ـ بەتلەر .
② «مەكىت ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1994 ـ يىل 5 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى ، 491 ـ بەت ؛ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى ، 1994 ـ يىلى 1 ـ ، 2 ـ سان ، 31 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ىتىلگەن رەخت ۋە يىپەك بۇيۇملارنىڭ سۈپىتى بەك سىپتا بولۇپ، ئىلىمىز بويىچە يېگانە ئېسىل بۇيۇم ئىكەن» دەپ يۇقىرى باھا بېرىلدى. بۇ بۇيۇملار يۇرتىمىزدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ھەم ئۇستا قول ھۈنەر سەنئىتىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ.

1978 ـ يىلى مەكىت بازار جەمى يېزا ئۇۋكا كەنتى «ئاقبىنام» (بۇ جاي قازانكۆل جاڭگىلىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان) دېگەن يەردىن دېھقانلار 27 تال يا ئوقى قاچىلانغان بىر دانە ساداق (ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان) تېپىۋالغان. بۇ يا ئوقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىلگىرى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغانىدى①. بىرقىسىم كىشىلەر ئىلگىرى قازانكۆل جاڭگىلىدىن تېپىلغان قىل خۇرجۇن ئىچىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن بۇ ئوقيالارنى ئۆزئارا باغلاپ، بۇنى تەخمىنەن مىلادىيە 1548 ـ يىلى يەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇرەشىدخان بۇ يەرگە ئوۋغا چىقتاندا قېپقالغان نەرسىلىرى بولۇشى مۇمكىن، دېگەن قاراشتا بولماقتا②. بۇنىڭ ئاشۇ قازانكۆل جاڭگىلىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن مەلۇم مۇناسىۋىتى بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا، بۇ يا ئوقلىرىنىڭ يىل دەۋرىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئالدىغا سۈرۈلىدۇ ھەم قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىگە تەۋە بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇنى يۇرتىمىز مەكىت خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

مەكىت خەلقىنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىدە ساقلانغان يادىكارلىقلار ئىنتايىن مول بولۇپ، ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خەلقنىڭ قولىدا تارقاق ساقلانغان. يىغىۋېلىنغان ئاز بىر قىسمى (ھازىر مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ـ باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان بىرقىسىم بۇيۇملار )دىن قارىغاندا، مەكىت خەلقى مەيلى ئىشـ

① ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قازانكۆل جاڭگىلىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1994 ـ يىلى 1 ـ، 2 ـ سان، 31 ـ بەت.
② «مەكىت ناھىيىسى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 ـ يىل 5 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 491 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لەپچىقىرىش قورالىلىرى ، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ، كىيىم - كېچەك ، زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى ۋە بىرقىسىم ئۆرپ - ئادەتلەر ، ئۆرپ - ئادەتكە ئائىت بۇيۇملاردا بولسۇن ۋە ياكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ، ئېتىقاد ئادەتلىرىدە بولسۇن ، قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ئەنئەنىسىنى ساقلاپ كەلگەن.

## قەدىمكى بىناكارلىق ئۇسلۇبى

مەكىتنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىدە خەلقىنىڭ ماددىي تۇرمۇش ئادەتلىرى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ . مەكىت خەلقىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىدا ئوۋچىلىق ، چارۋىچىلىق ، دېھقانچىلىق ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئەڭ دەسلەپكى ئىگىلىك چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بولۇپ ، مەكىت خەلقى كۆچۈپ كەلگەن يەكەن ، تىزناپ دەريا بويلىرى چەكسىز كەتكەن ئىپتىدائىي توغراق ئورمان ۋە يايلاق بولغان . خەلقىنىڭ ماددىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشى ئۇلارنىڭ ئىگىلىك شەكلىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلغان بولغاچقا ، مەكىت خەلقى قوشنا جايلار ۋە ئەجدادلىرىنىڭ دېھقانچىلىق ئەنئەنىسىنى دوراپ دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى تەدرىجىي ماددىي تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى قىلغان ، بولۇپمۇ بۇ ۋاقىتتا ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىدا زور دەرىجىدە يېڭىلىنىش بارلىققا كەلگەن بولۇپ ، ئىلگىرىكى تەبىئىي شارائىت ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئولتۇراق جايلار مانا ئەمدى يېڭى بىر تۇرمۇش شارائىتىغا ماس ھالدا ئۆزگەرگەن . ئىلگىرى ئۇلار توغراق ياغاچلىرىنى ئۆزئارا باغلاپ «لاڭقا» ياساپ ، تۇرالغۇ جاي قىلغان بولسا ، كېيىن «قوشام» ئۆيلەر (بۇ ئۆيلەر مەكىتتە «تۆيۈزە» ، «توقۇلما» تام ياكى «تۆيۈزە تاملىق ئۆي» ، «توقۇلما تاملىق ئۆي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) بارلىققا كەلگەن . بۇ ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا ، تام ئۇلىغا زەگۇندە (تام ئۇلىغا قويۇلغان ياغاچ لىمدىن ئىبارەت بولۇپ ، قوشام ئۆيلەردە ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇۋرۇك ، ئايرىش تۈۋرۈكلىرى قويۇلىدۇ . توپا تاملىق ئۆيلەردە ئۆينىڭ قۇرۇلمىسىنى پۇختىلايدۇ . ئۆي تېمىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ھەمدە يەر تەۋرەشكە قارشى تاقابىلچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ )

قويۇلىدۇ . زەگۇندىنىڭ ئۈستىگە تۇۋرۇك ، تۇۋرۇك ئارىلىقىغا ئاراش تۇۋرۇك ، ئاراش تۇۋرۇك ئارىلىقىغا چېتىق (تۇۋرۇكلەرنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تامنىڭ مۇقىملىقىنى ئاشۇرىدۇ ) ، قىيپاش چېتىق ئورنىتىلىدۇ . چېتىق بىلەن تۇۋرۇكلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى بوشلۇق تام چېتىقلار بىلەن توقۇپ باغلاپ چېتىلغان ، ئاندىن ئىككى تەرىپى كاكىل لاي بىلەن سۇۋالغان . قېلىنلىقى ئادەتتە 10 سانتىمېتىر (بەزىدە 15 — 20 سانتىمېتىر ) كېلىدۇ . لىم بىلەن تۇۋرۇكلەر ئۆزئارا تۇرۇملانغان . ئۆگزىسى ۋاسا ، ۋاسا ئۈستىگە بورا ياكى تال چىۋىقتىن توقۇلغان چىتلاق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سامان ، سامان ئۈستىگە لاي ، توپا ، سامان ئارىلاشتۇرۇلغان لاي بىلەن سۇۋاش ئارقىلىق يېپىلغان بولۇپ ، بۇ نىيە قەدىمكى شەھىرىدە ساقلىنىپ قالغان «قوشام» ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسى① بىلەن ئوخشاش ئىدى . «كروران قەدىمكى شەھىرىدىكى ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسى تېخىمۇ ئۆزگىچە ، تۇۋرۇك بىلەن سوقما ، زەگۇندە ، چېتىق ، لىم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تۇرۇملاش ئۇسۇلى بىلەن ياكى ئەركەك - چىشى قىلىپ چېتىش ئۇسۇلى بىلەن قۇراشتۇرۇلغان »② بولۇپ ، بۇ خىل قۇرۇلما ، يەنى قوشام ئۆي ياساش ئۇسۇلى مەكتىتىكى «قوشام» (توقۇلما ) ئۆي ياساش ئۇسۇلىغا تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ . بۇ خىل ئۆي پەقەت تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبى ۋە غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان نىيە ، كروران ۋە مەكىت قاتارلىق جايلارنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك مۇھىتىغا ماس كېلىدىغان بىناكارلىق شەكلىدۇر . «ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ، ھۈنەر - سەنئىتى ۋە ئىشلىتىلىشچانلىقى مۇشۇ جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتىغا ئاساسەن تاللانغان ھەمدە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى كۆركەم ۋە ھەشەمەتلىك ھالىتىگە يەتكەن③ . دېمەك ، بۇ يەردە نىيە ، كروران قاتارلىق قەدىمكى شەھەرلەردىكى بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىلەن مەكىتنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا ئوخشاشلىق ھەم بىر خىل ئىزچىللىق ساقلانغان بولۇپ ، ئەمەلىيەتتە بۇ

---

① ② ③ ئالىمجان مەخسۇت ، ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت : «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2000 - يىل 12 - ئاي نەشرى ، 138 - ، 139 - ، 143 - بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مۇشۇ جايلار ئۇتتۇرىسىدىكى ئېتنىك باغلىنىشنى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىكى ئورتاقلىقنى، قەدىمكى چاغدا تەكلىماكان ئىچىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلاردىكى خەلقلەرنىڭ يىلتىز داشلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## قەدىمكى تۇرمۇش ئادەتلىرى

مەكىت خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا قەدىمكى دىنلارنىڭ تۇرلۇك ئېتىقاد - ئادەتلىرىنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىنىڭ ئىنتايىن كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. لېكىن، بۇ قالدۇق تەسىرلەرنىڭ كۆپ قىسمى مەنئۇيەتكە مەنسۇپ بولۇپ، ئەمەلىي تۇرمۇشتا ماددىي شەكىلدە ساقلانغان ئەمەس ۋە ياكى ساقلانغان بىر قىسىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئانچە روشەن ئەمەس. ھالبۇكى، مەكىتتە ھازىر ساقلىنىۋاتقان «چىراق» ئادەتلىرى بولسا، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە سەۋەبلىرى، تەسىرچانلىقى ۋە شەكىللىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭگەن ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ تەسىرىنى ساقلاپ كەلگەن.

ھازىر مەكىت رايونىدىكى ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدا «چىراق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئەنئەنىۋى ئادەت بولۇپ، بۇ ئادەت مەكىت ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇر دولانلىرى مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان جايلارغا، يەنى يانتاق، غازكۆل، قۇمقىسار ۋە تۇمەنتال، قورما يېزىسىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا كۆپرەك ساقلانغان. بۇ خىل ئادەت بويىچە بولغاندا، چىرىقى بارلار، يەنى بىر خىل چىراقتىكىلەر يەنە بىر خىل چىراقتىكىلەرگە ئاق بەرمەيدۇ (پاختا، ئۇن، تۇز، سۇت، قېتىق قاتارلىق). بۇ ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست دولان خەلقىنىڭ بېخىللىقىدىن ئەمەس، بەلكى چىراق ئارىلىشىپ كەتسە بالا - قازا كېلىدۇ دەپ قارىغانلىقىدىن بولۇپ، ئۇنداق چىراقلاردىن قالپاق چىراق، ئاقساق چىراق، ئىشتان سالدى چىراق، چولاق چىراق دېگەنگە ئوخشاش 4 — 5 خىل چىراق بار. بۇ چىراقلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئىشلىتىلىش ئادىتى ۋە قائىدىسى بولۇپ، ئۇلار چىراقلار ئارىلاشسا يەنىگىل بولغاندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۆزگە ئاق چۈشىدۇ، ئېغىر بولسا ئۆلۈم - يېتىم بولۇپ، ئۇرۇق-جەمەت قۇرۇپ تۈگەيدۇ، دەپ قارايدۇ. كۆزگە ئاق چۈشسە «چاچراتقۇ سېلىش» (چىراق ئارىلاشقان ئۆيلەردىن ئۇن تىلەپ چىقىپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ ۋە ئۇچاقتىكى قوقاس ئوتقا كۆمۈلىدۇ. موللام ياكى داخان ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئوقۇپ ھۈرۈيدۇ. خېمىرغا قىزىق ئۆتۈپ بىر مەزگىلدىن كېيىن «پاق» قىلىپ ئېتىلىپ چېچىلىپ كېتىدۇ. داخان بۇنى ئايەتنىڭ كۈچىدىن بولدى دەيدۇ) ئارقىلىق داۋالايدۇ. چىراق ئادىتى ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ يىراق قەدىمكى زاماندىن قالغان ئۆرپ - ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ئېتىقاد - ئادەتلىرىنىڭ بىر خىلى بولۇپ، ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىغا باغلاشقا بولىدۇ.

مىللىي ئۆرپ - ئادەت بىر مىللەت، بىر خەلقنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئۆزىگە خاس ياشاش پسىخىكىسى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغا، ئىدېئولوگىيىسىگە چوڭقۇر سىڭگەن ھالدا كۈندىلىك تۇرمۇشتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مەكىت خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تۇرمۇش ئادەتلىرى بىرقەدەر روشەن ساقلىنىپ قالغان. ئۇلار كىيىم - كېچەك، بېرىش- كېلىش جەھەتتىكى قەدىمكى ئەنئەنىدىن باشقا، يېمەك - ئىچمەك جەھەتتىمۇ روشەن خاسلىقىنى ساقلاپ قالغان. مەكىتتە ئۇن يېمەكلىكلىرى ئاز ئىستېمال قىلىنىدۇ (ئىلگىرى تېخىمۇ شۇنداق ئىدى)، گۆش يېمەكلىكلىرى كۆپرەك ئىستېمال قىلىنىدۇ. بۇ ھال ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ قەدىمكى چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ ئەكس ئېتىشى بولۇپ، مېھمانلارنى ياۋا توشقان، قىرغاۋۇل، ياۋا كەپتەر، جەرەن، قىرقىمىغان ئوغلاق، پاقلان گۆشلىرى بىلەن مېھمان قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، بولۇپمۇ ئەزىز مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قوينىڭ پۈتۈن پېتى پىشۇرۇپ «ئۇچا» قىلىپ ئېلىپ چىقىش يايلاق چارۋىچىلىق تۇرمۇش پۇرىقىنى نامايان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىلىدۇ. بۇ خىل تۇرمۇش ئادەتلىرى مەكتەپتىكى ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى بىلەن بىرلەشسە، ئۇ شۇنداق بىر دەۋرنى — ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ بىرقانچە مىڭ يىل ئىلگىرىكى تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

## قەدىمكى دىنلارنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى

دىن — ئىنسانىيەت جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ ئىنسانىيەت\ جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە سىستېمىسىز، مەزمۇنى ئاددىي، مۇكەممەل بولمىغان، كۆپ خۇدالىق ئىستىخىيىلىك دىنلار بارلىققا كەلگەن بولسا، سىنىپىي جەمئىيەتكە كەلگەندە سىستېمىلىق، بىر پۈتۈن مەزمۇنغا ئىگە، ئىجتىمائىي خاھىشچانلىقى كۈچلۈك بولغان بىر خۇدالىق سۈنئىي دىنلار بارلىققا كەلدى. دىن ھامان كىشىلەرنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقادى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەنىۋى ئادىتى تۈسىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەنىۋى دۇنيادا شەكىللىنىدىغان ھەرقانداق بىر ئېتىقاد ھادىسىسى مۇئەييەن بىر دىنىي قاراشنىڭ ئىنكاسىدىن ئىبارەت.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ توتېم، شامان، زوروئاستىر (ئاتەشپەرەسلىك) دىنى، بۇددا دىنى، مانى دىنى، نېستۇرى (خرىستىئان دىنىنىڭ بىر مەزھىپى) دىنى ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. بۇ دىنلار ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، ئۆزئارا ئورۇن بوشىتىشىپ، تاشلىنىپ قېلىشتەك قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. بۇ دىنلار ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاستا ـ ئاستا يوقاتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقادىغا ئايلىنىپ كەتكەن قالدۇق تەسىرلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ھازىرغىچە ساقلە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نىپ كەلدى . بۇ خىل ئەھۋال ئۇيغۇرلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان ، بىرقەدەر چەت - ياقا ، قاتنىشى قولايسىز ، سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى قويۇق بولمىغان جايلاردا ناھايىتى روشەن ئالاھىدىلىك بىلەن ئۇچراپ تۇرىدۇ . مەكىت مۇشۇنداق ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك ئورۇنغا ئىگە بېكىك رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ ، بۇ جايدا قەدىمكى دىنلارنىڭ ھەر خىل قالدۇق تەسىرلىرى كىشىلەرنىڭ مەھەللىۋى تۇرمۇشىنىڭ ، مىللىي ئۆرپ - ئادىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى سۈپىتىدە ھازىرغىچە مەۋجۇت بولماقتا . تۆۋەندە مەكىت رايونىدىكى قەدىمكى دىنلارنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىمىز .

## 1 . توتېم ئېتىقادى

مەلۇمكى ، ئۇيغۇرلار دەسلەپتە ئىپتىدائىي دىنغا ئېتىقاد قىلىپ ، تەبىئەتكە چوقۇنغان بولۇپ ، كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە تەبىئەتكە چوقۇنۇش تەرەققىي قىلىپ ، توتېملارغا چوقۇنۇش كېلىپ چىققان .

توتېم — ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان بىر خىل ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكلى ، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىسىسى . ئۇ بارلىق ئۇرۇق ئەزالىرى مۇقەددەس ھېسابلىغان مەخلۇقلار ، ئۆسۈملۈكلەر ، تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە جانسىز نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ .

ئۇيغۇرلاردا توتېم ئېتىقادىنى مەنبە قىلغان تەبىئەتكە چوقۇنۇش ، زېمىننى ئۇلۇغلاش (مۇقەددەس بىلىش ) ، تاغ - دەريالارنى ئۇلۇغلاش ئېتىقادى ، كۆك تەڭرى ۋە كۆك (ئاسمان ) مەركەز قىلىنغان كۈن تەڭرى ، ئاي تەڭرى ، ھۆل - يېغىن ئىلاھى ، شامال ئىلاھى ، ئوت ئىلاھى ، ئوۋ تەڭرىسى قاتارلىق ئىلاھىي ئېتىقاد ئوبيېكتلىرى بارلىققا كېلىپ ، تەدرىجىي توتېم مەيدانىغا كەلگەن .

توتېمنىڭ پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالـ غان قالدۇق تەسىرلىرىدىن مەكىت رايونىدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئادىتى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە پسىخىك ھالىتىدە باشقا ئورۇنلارغا نىسبەتەن كۈچلۈكرەك ساقلىنىپ قالغانلىرىنى مۇنداق ئۈچ بۆلەك بويىچە بايان قىلىشقا بولىدۇ:

1) كۆك (ئاسمان) كە چوقۇنۇش: بۇ، قۇياشنى مەركەز قىلغان ئاي، يۇلتۇز قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرىغا چوقۇنۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ھازىر رېئال تۇرمۇشتا كۈن، ئايغا قاراپ تۈكۈرۈشنى، چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىشنى، ئەتىگەندە يۈزىنى يۇماي تۇرۇپ كۈنگە قاراشنى «يامان بولىدۇ» دېيىلگەن، كۈن چىققۇچە ئورنىدىن تۇرماي ياتقاننى «قىزىل قان ئىچىدە ياتقانغا ئوخشاش» دەپ يامان ئالىدىغان، كۈن ئولتۇرغان ۋاقىتتا (زاۋال بولغان چاغدا) ياتقاننى «ئۇششاق كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ» دەپ يامان كۆرىدىغان، ھەرقانداق ئىش قىلىشتىن بۇرۇن يۇلتۇزغا قاراپ تەبىر ئالىدىغان، ھەر ئېتىم يېڭى ئاي چىققاندا ئۆزلىرىگە ئامانلىق تىلەيدىغان، يۇلتۇز ئاقسا، ئاققان يۇلتۇزغا قاراپ «خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىغايسەن» دەپ كۆككە ئىلتىجا قىلىپ، دۇئا قىلىدىغان ئادەتلەر ھەممە ئاي، يۇلتۇز نامىنى كىشى ئىسمى قىلىپ ئىشلىتىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت.

2) يەر (تۇپراق) گە چوقۇنۇش: تۇپراق ئېتىقادىمۇ تەڭرى ئېتىقادىغا ئوخشاش ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرىدىن بىرى. خۇددى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ يارىلىشىنى تۇپراققا باغلايدۇ ھەممە ئۇنى ئەڭ مۇقەددەس، پاك نەرسە سۈپىتىدە ئۇلۇغلايدۇ. باشقا جايلارغا ئوخشاش مەكىت ئۇيغۇر دولانلىرى تۇرمۇشىدىمۇ تۇپراق ئېتىقادىنىڭ ئىزنالىرى ھازىرغىچە خېلى قويۇق. مەسىلەن، سودىدا پۇتۇشكەندە ئىككى تەرەپ رازىمەنلىك بىلەن «بەرىكەت تاپ» دېيىشىپ، ئوڭ قوللىرىنى يەرگە سۈۋاش (بۇ، يەر ئىلاھىنى گۇۋاھلىققا تارتقانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر)؛ تۇنجى سودىدا غەللىگە چۈش-كەن پۇلنى ئاۋۋال يەرگە تاشلاپ، ئاندىن ئېلىش؛ يەرنى ئۇرسا، قاتتىق دەسسىسە (يەرنى تەپسە) «يامان بولىدۇ» دەپ قاراش؛ ئىسرىق سېلىشتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



داڭگال (چالما) ياكى خام كېسەكنى ئويۇپ ئىسرىق قاچىسى قىلىش؛ مېيىتنى يەرگە كۆمۈش، مېيىتنى يەرلىككە قويغاندىن كېيىن، جامائەت بىر سىقىمدىن توپىنى (بۇ «ئىخلاس توپىسى» دەپ ئاتىلىدۇ) ئېتەككە تاشلاپ، ئۇنى مېيىتنىڭ ئۈستىگە چېچىپ قويۇش قاتارلىقلار.

3) سۇ ۋە ئوتقا چوقۇنۇش: بۇ، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇشىنىڭ ئومۇملاشقان يەنە بىر خىل ئىپتىدائىي شەكلىدۇر.

سۇ ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدۇ. ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ياشنىتىدىغان ھەم خاراب قىلىدىغان تەبىئىي ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ ئىنسانلار سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ ياشىغان ۋە تېرىقچىلىق قىلغان، شۇنداقلا سۇدىن مۇداپىئە كۆرگەن ھەم پاناھلانغان. دېمەك، ئىنسانلاردا سۇغا نىسبەتەن خېلى بۇرۇنلا ئالاھىدە ئېتىقاد شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىدا ئېتىقاد ئادەتلىرى سۈپىتىدە چوڭقۇر ئۆزلىشىپ، يىلتىز تارتقان. مەكىت بىر تەرىپى چەكسىز كەتكەن قۇملۇق، قالغان ئۈچ تەرىپىنى تىزناپ دەرياسى ۋە يەكەن (مەكىت دائىرىسىدىكى قىسمى «دولان دەرياسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دەريالىرى ئوراپ تۇرىدىغان ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىتقا ئىگە يۇرت بولغانلىقى ئۈچۈن، سۇنىڭ مەكىت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا تۇتقان ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا، مەكىت ئۇيغۇر دولانلىرى ئەجدادلىرىدىن قالغان ئۇدۇمغا ھەم ئۆزلىرىنىڭ ياشاش شارائىتىدا ھايات - ماماتلىق بىلەن باغلانغان سۇ ئېتىقادىغا ئائىت نۇرغۇن ئادەتلەرنى ساقلاپ قالغان. ھازىرمۇ رېئال تۇرمۇشتا سۇغا تۈكۈرۈش، چوڭ - كىچىك تەرەت قىلىش «يامان بولىدۇ» دېيىلىپ، قاتتىق چەكلىنىدۇ. «سۇ يەتتە يۇمىلىسا ھالال بولىدۇ»، «ئادەم سۇ ئۇزۇپ چۈش كۆرسە، شۇ ئادەمنىڭ گۇناھى يۇيۇلىدۇ ھەم بەختلىك بولىدۇ» دەيدىغان قاراشلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە يازدىكى كەلكۈن مەزگىلىدە يۇرتنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن دەريا بويىغا چىقىپ قۇربانلىق قىلىدىغان، ئەتىيازدىكى قۇرغاقچىلىق مەزگىلىدە دەريا بويىدا سۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تىلەپ نەزىر ـ چىراغ قىلىدىغان ئادەتمۇ بار . مەكىتتە «ئوردا كۆل» ، «خانكۆل» ، «خازانكۆل» ، «قوش ئېقىن» ، «يېڭىئۆستەڭ» ، «ئۆستەڭبويى» ، «قاشبويى» ، «ياركۆل» ، «غازكۆل» ، «لايداڭ» ، «سېرىق كۆل» ، «قوش ئۆستەڭ» دېگەندەك سۇغا مۇناسىۋەتلىك يەر ـ جاي ناملىرى كۆپ قويۇلغان بولۇپ ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ سۇ ئېتىقادىنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى ئىنكاسى ھەم ساقىندىلىرىدۇر .

ئوت ئېتىقادىمۇ ئىنسانلار تارىخىدا نىسبەتەن كەڭ تارقالغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ بىرى . ئىنسانلارنىڭ ئوت بىلەن بولغان زىچ ئالاقىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ياۋايىلىق باسقۇچىدىن مەدەنىي ھايات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ . ئىنسانلار ئوتنى بايقاپ ، ئۇنى ئىشلىتىشنى بىلگەندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ مەدەنىيلىك دەۋرىنى باشلاپ ، ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى . بىراق ، ئۇلارنىڭ ئوتنى دەسلەپ بايقىشى ناھايىتى سىرلىق تۇس ئالغان بولغاچقا ، ئۇ ئىپتىدائىي ئېتىقادقا تەسىر كۆرسەتكەن . يەنى ئۇ چاغدا ئىنسانلار ئۇنى مەلۇم بىر ئىلاھىي قۇدرەت تەرىپىدىن يارىتىلغان دەپ قارىغان . شۇڭا ، ئىپتىدائىي ئېتىقاد تۈسىنى ئالغان كۆپلىگەن قەدىمكى دىنلاردا مەخسۇس «ئوت ئىلاھى» بارلىققا كەلگەن . ئوتقا بولغان بۇ خىل ئېتىقادنىڭ تەسىرى ئۇيغۇرلار تارىخىدا ھېلىمۇ ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ . ئوت پاكلىنىشنىڭ ، ياخشىلىقنىڭ سىمۋولى قىلىنغان . شۇڭا ، توي ـ تۆكۈنلەردە قىز كۆچۈرۈش ۋاقتىدا گۈلخان يېقىلىدۇ ؛ قىز كۆچۈرۈپ كېلىنگەندىن كېيىن ، ئۆيگە كىرىشتىن ئاۋۋال گۈلخان يېقىلىپ ، ئوتتىن ئاتلىتىپ ، ئاندىن ئۆيگە ئېلىپ كىرىلىدۇ . دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى گۈلخانسىز ئۆتمەيدۇ . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئوۋچىلىقى ۋە ئوۋ مەشرەپلىرى ئوتقاش ۋە گۈلخانلارنىڭ ھىمايىسىدە ئېلىپ بېرىلىپ ، غەلىبىگە ئوتقاش ۋە گۈلخان يېقىش بىلەن تەنتەنە قىلىنىدۇ . بۇ ھال مەكىت دولانلىرى تارىخىدا ئەجدادتىن ئەۋلادقا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بەك ئومۇمىي ئەھۋالدۇر .

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۆرە قاتارلىق بەزى هايۋانلارغا چوقۇنۇش ئېتىقادىدىن باشقا، يەنە بەزى قۇشلارغا سېغىنىش، ئېتىقاد قىلىش ئادەت چۈشەنچىسىمۇ بولغان. بەزى تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئاق قۇ، شۇڭقار، قارلىغاچ قاتارلىقلار قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە ئالاهىدە قۇش هېسابلىناتتى. مەكىت ئۇيغۇر دولانلىرى قەدىمدىن تارتىپ ئۇۋچىلىقنى ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمى قىلغان بولغاچقا، شۇڭقار، بۇركۈت، قارچىغا قاتارلىق ئوۋ قۇشلىرىغا ئالاهىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ ۋە چوڭقۇر هۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ؛ قارلىغاچنى «ئىنسانلارنى خەۋپ - خەتەردىن قۇتۇلدۇرغان هاياتلىق ئەلچىسى» دەپ قاراپ: «بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، يىلان دۇنيادا قايسى مەخلۇقنىڭ قېنى ئەڭ تاتلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېلىشنى پاشىغا ۋەزىپە قىلىپتۇ. پاشا دۇنيادىكى هەممە مەخلۇقلارنىڭ قېنىنى تېتىپ چىقىپ، ئاخىرىدا ئادەمنىڭ قېنى هەممىدىن تاتلىق ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ هەم بۇ خەۋەرنى، تېزدىن يىلانغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇچۇپ كېتىۋاتسا، ئالدىغا قارلىغاچ ئۇچراپ قاپتۇ. قارلىغاچ ئەهۋالنى سورىغانىكەن، پاشا هەممىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. قارلىغاچ ئىنسانلارغا كېلىدىغان بالا - قازانى هېس قىلىپ، دەرهال پاشىنىڭ تىلىنى چوقۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پاشا غىڭىلداپ، يىلانغا هېچ نەرسە ئېيتىپ بېرەلمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىنسانلار يىلاندىن كېلىدىغان زور بالا - قازادىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ» دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ هەمدە «قارلىغاچ ئۆلتۈرسە قولى تىترەيدىغان بولۇپ قالىدۇ» دېيىشىپ، قارلىغاچقا ئەقىدە قىلىدۇ. ئاشۇ ئەقىدە تۈپەيلى، مەكىت رايونىدىكى كىشىلەر (باشقا جايلاردىكى كىشىلەرمۇ) ئۆزلىرىنىڭ پېشايۋان - ئايۋانلىرىغا قارلىغاچ ئۇۋۇا سالسا بەك خۇشال بولىدۇ، هېچكىم ئۇنىڭغا چېقىلمايدۇ، تېخى «قارلىغاچ ئۇۋۇا تىزغان ئۆيگە بەخت كېلىدۇ» دەپ قارايدۇ.

## 2. شامان دىنى

شامان دىنى ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۇرۇقداشلىق دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن، ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، يەنى «ئىستى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خىيىلىك دىن» دىن «سۇنىشى دىن» گە ئۆتۈش مەزگىلىدە پەيدا بولغان ئىپتىدائىي دىنىنىڭ بىر خىل شەكلى. ئۇ كۆپ تەڭرىلىك دىن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان.

شامان دىنى پۈتۈن ئالەمنى ئەرش (ئاسمان)، زېمىن (يەر)، تەھتىسرا (يەر ئاستى) دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ، بۇ ئۈچ قىسىمدا پەرىشتىلەر، ئىنسانلار، جىن ـ شاياتۇنلاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل قوۋم ياشايدۇ دەپ قارايدۇ. باخشىلار ئىنسانلار بىلەن جىن ـ شاياتۇنلار ئوتتۇرىسىدا يۈرۈپ، پەرىشتىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئىنسانلارنى يۆلەپ، جىن ـ شاياتۇنلارنى يوقىتىدىغان ساخاۋەت ئەلچىسى دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئۇرۇقلارنىڭ (ھەرقايسى ئۇرۇقلارنىڭ ئۆز ئالدىغا باخشى، داخان، پىرىخونلىرى بولغان) دۇئا ـ تەلەپ، نەزىر ـ چىراغ مۇراسىملىرىنى باشقۇرۇش، «تەڭرىنىڭ ئىرادىسى» نى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش، ئىلاھتىن ئۇرۇق (قەبىلە) ئەزالىرىنىڭ ئامانلىقى ۋە سالامەتلىكىنى تىلەش، ئۆز ئۇرۇقى ئۈچۈن ئىلاھ ۋە ئەجدادلاردىن مەدەت تىلەش، ئۇرۇق ئەزالىرىنىڭ كېسىلىنى داۋالاش، ئۇرۇق ئەزالىرىغا پەرزەنت تىلەش، مول ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان. بۇ دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشى ئىنتايىن چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇرلار كېيىنكى چاغلاردا شامان دىنىدىن باشقا، زوروئاستىر (ئاتەشپەرەسلىك)، بۇددا، مانى، خرىستىئان ۋە ئىسلام دىنلىرىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئاشۇ دىنلارنىڭ ئەقىدە ـ ئەھكاملىرى قاتارىدا شامان دىنىنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقادىمۇ داۋاملىق ساقلىنىپ كەلدى.

بۇ دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەقىدە ـ ئادەتلىرى ئاساسلىقى پېر، ئويناپ كېسەل داۋالاش، ئىسرىق سېلىش، نۆكچە قاداش، پال ئېچىش، رەممالىق قىلىش، ھورداش، ئەملەش، ئوت كۆچۈرۈش، قان چېكىش، تېرىگە ئېلىش، ئۈچۈقداش (تەرلەتىش)، ياندۇرۇش، ئاۋاق ئېشى ئېتىش، چاچراتقۇ سېلىش، تۇمار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پۇتنۇش، ئەجدادلارغا چوقۇنۇش (ياغ پۇرىتىش)، ئىسسىتقۇ، سوۋۇتقۇ قىلىش (جادۇ قىلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، كۆچۈرۈش (قونچاق ياساپ يول بويىغا قويۇپ قويۇش ئارقىلىق كىچىك باللاردىكى كېسەللەر كۆ- چۈرۈلىدۇ) قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ ئادەتلەر ھازىرمۇ مەكىت ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. بۇلاردىن باشقا، يەنە مەكىت رايونى- دا قاراڭغۇ ئۆڭكۈر، ئېگىز چوققىلارنى «ئىلاھىي ماكان»، يالغۇز دەرەخ، ئەسكى خارابىلەرنى «جىن - شاياتۇنلارنىڭ ئۇۋىسى» دەپ قا- راش؛ چوڭلار ئۇخلىغاندا ياستۇق (تەكىيە) ئاستىغا، كىچىك باللار- نىڭ بۆشۈكى ئاستىغا «قارا باسمايدۇ» دەپ پىچاق قاتارلىق تىغلىق ئەسۋابلارنى قويۇش، چوڭ دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش، مازارلارغا (قەبرە بېشىغا) دەرەخ تىكىش، قەبرە بېشىغا ئالىيېشىل لاتا ۋە بايراقلارنى تۇغ - ئەلەم قىلىپ باغلاش، كالا، قوتاز، قوچقار مۈڭگۈزلىرىنى ئېسىش قاتارلىق ئادەتلەر ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. «پېرە ئويناپ كېسەل داۋالاش» مەكىتتىكى ئومۇمىي ئەھۋال بولۇپ، ئۇنىڭ جەريانى كىشى- لەرگە بەك تونۇش. ئۇ مۇنداق ئېلىپ بېرىلىدۇ: مەلۇم بىر تورۇسلۇق ئۆي (بۇ ئۆينىڭ بىرلا تۈڭلۈكى بولۇپ، قاراڭغۇ بولۇشى كېرەك. بۇ ئۆي كېسەل كىشىنىڭ ئۆيى بولسىمۇ بولىدۇ ياكى كېسەل كىشىنىڭ قوشنىلىرىنىڭ ئۆيى بولسىمۇ بولىدۇ) نىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا بىر تال ئارغامچا باغلىنىپ پەسكە ساڭگىلىتىپ، يەردىكى قوزۇققا باغلاپ قويۇ- لىدۇ. ئارغامچىنىڭ تۈڭلۈككە باغلانغان قىسمىغا ئالىيېشىل قىيىقچا لاتىلار چىگىلگەن بولىدۇ (بەزىدە ئارغامچىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە كۆك ئاموت ئېسىپ قويۇلىدۇ). ئارغامچا باغلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئاغ- رىق كىشىگە مەھكەم تۇتقۇزۇلۇپ ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. ئۈچ ياكى بەش كىشىدىن تەركىب تاپقان باخشىلار سۇرلۇك قىياپەتتە تۇغ ئەتراپىدا يېرىم چەمبەر ھاسىل قىلىپ ئولتۇرۇشىدۇ. بۇ چاغدا يەرگە سېلىنغان كىگىز ئۈستىگە جىنچىراغ، بىر پارچە ئەينەك، بىر قاچا ياغ، بىر كەتمەن چوغ، بىر قاچا سۇ قويۇلىدۇ. چوغ ئۈستىگە كۆك ئاموتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پوستى، ئالما شۆپۈكى، ئادراسمان سېلىنىپ، دۈت (ئىس) چىقىرىلىدۇ. تۇغ (ئارغامچا) نىڭ يېنىدا باش باخشى (پېرىخون، داخان) ۋە ئۇنىڭ جەللىۋارە (داپچى) شاگىرتلىرى قاتار ئولتۇرۇشقان، ئۆيىنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا نۆكچە يېقىلىپ، كېسەل كىشىنىڭ تۇغقانلىرى ئولتۇرۇشقان بولىدۇ. باش باخشى قاچىدىكى ياغقا پىلىك كىرگۈزۈپ، چىراغ ياققاندىن كېيىن. يەنە بىر قاچىدىكى سۇغا ئايەت ئوقۇپ دېمىدە قىلىدۇ ۋە كېسەل كىشىگە پۈركۈيدۇ. ئۇ قولىدا يامان روھلارنى قوغلايدىغان تاياق (بەزىلىرىدە ئېشىلگەن لاتا قامچىلارمۇ تۇتۇلىدۇ) ياكى بىر تۇتام سۆگەت چىۋىقى تۇتقان هالدا ئەپسۇننى باشلايدۇ، شاگىرتلىرى داپلىرىنى چالىدۇ. ئارقىدىن پېرە مۇناجىتىنى ئوقۇپ، كېسەل كىشىنى تۇغ ئەتراپىنى چۆرگىلەشكە سالىدۇ. ئۇلار:

«ئەئزەمىتەنى ئوقۇيمەن،
جىنغا توقۇم تىقۇيمەن.
جىن سەكرىسە سەكرىسۇن،
مەن سەكرىمەي ئوقۇيمەن» .

دېگەندەك قوشاقلارنى ئاهاڭىغا كەلتۈرۈپ ئوقۇشقا باشلايدۇ. باش باخشى ئارىلاپ قولىدىكى نەرسە بىلەن تۇغ ئەتراپىنى چۆرگىلەۋاتقان كېسەل كىشىنى ئۇرۇپ ـ ئۇرۇپ قويىدۇ. باخشىلارنىڭ جەرىسى تازا يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندە، كېسەل كىشى «هوشسىزلىنىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ» . بۇنىڭ بىلەن باخشىلار ئوقۇشتىن توختايدۇ. باش باخشى يالاڭ ئاياغ پۇتى بىلەن كەتمەندىكى چوغقا ياكى قىزىق كەتمەنگە دەسسەپ كىشىلەرنى هاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدۇ. كېسەل كىشىمۇ «روهلىنىپ» ، ساقايغاندەك هالەتكە كېلىدۇ.

يۇقىرىقىدىن باشقا، مەكتەپتە يەنە «بوغۇلدۇرۇش» دەيدىغان بىر خىل سېھرىي ئادەت ساقلانغان. بۇنىڭدا باخشى مەلۇم كىشىلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com



تەلىپى بىلەن بىرەر مەھەللىدىكى شارائىتى ياخشىراق بىر ئۆيدە ئاق ئۆستىخان (پاك دېمەكچى) بىر كىشىنى تاللاپ (بوغۇلىدىغان بۇ كىشى ئادەتتە كۆپىنچە ئايال كىشى بولىدۇ، ئەرلەرنىڭ بوغۇلىدىغانلىرى كۆپ ئۇچرىمايدۇ) ئوقۇيدۇ. بوغۇلغان كىشى ئايەتنىڭ تەسىرى بىلەن ئاستا - ئاستا ھوشىنى يوقىتىپ يەرگە يىقىلىدۇ. باخشى كىمنىڭ كېپىنى سورىسا، ئۇ شۇنىڭغا جاۋاب بېرىدۇ. بۇ خىلدىكى «بوغۇلۇش» ياكى «بوغۇلدۇرۇش» تا مەلۇم كىشىلەرنىڭ ياخشى - يامان يوللىرى، قەستكە ئۇچرىغان ياكى ئۇچرىمىغانلىقى، ئوغرى ئالغان نەرسىلەر ۋە بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرى، كەلگۈسى تەقدىرى، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار ... قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئەھۋاللارنى سوراش، بوغۇلغان كىشىدىن بۇنىڭغا جاۋاب ئېلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. سوئال - سوراق تۈگىگەندىن كېيىن، باخشى ئايەت بىلەن بوغۇلغان كىشىنى «يېشىپ» ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويىدۇ. بەزى چاغلاردا بوغۇلۇشقا تاللانغان كىشى بوغۇلمايدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىدۇ. بۇ چاغدا باخشىلار ئۇ كىشىنى «ئاق ئۆستىخان ئەمەسكەن» دېيىشىدۇ ياكى تاللىغان ئۆيگە گۇناھ قويىدۇ.

شامان دىنىدا ئاياللار ئوبرازى ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، ئايال ئىلاھى «ئۇماي» ئانا تەڭرى ياكى ئايال پەرىشتە سۈپىتىدە ئىنتايىن مۇقەددەس ئورۇندا تۇرىدۇ. مەكتەپتە ھېلىمۇ ئاياللارنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ، سورۇننىڭ تۆرىگە باشلايدۇ، مېھماندارچىلىقتا ئۆيگە ئاۋۋال ئاياللار كىرىدۇ، مەشرەپ - مۇقاملاردا ئەر - ئايال ئوخشاش، باراۋەر ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

### 3. زوروئاستىر (ئاتەشپەرەسلىك) دىنى

بۇ دىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىردە زوروئاستىر تەرىپىدىن قەدىمكى پېرسىيە (ئىران) نىڭ شەرقىدىكى داسا دېگەن جايدا (بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ بارخا ئەتراپىدا) ئىجاد قىلىنغان. پېرسىيىنىڭ قەدىمكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



دىنىي كىتابى «ئاۋستا» نى بىردىنبىر مۇقەددەس دەپ قارىغان بۇ دىن-نىڭ ماھىيىتى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق تەلىماتى بولغانلىقى ھەمدە ئۆز مۇخلىسلىرىدىن ياخشىلىق ئىلاھىغا سە-مىمىي ئېتىقاد قىلىشنى، يىرتقۇچ ھايۋان، زەھەرلىك يىلانلارنى يوقى-تىشنى، مال - چارۋا قىلىشنى، زىرائەت، ئوت - چۆپ تېرىشنى، باغۋاران قىلىشنى، قۇرغاق رايونلاردا سۇ قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللى-نىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن تېزلا قو-بۇل قىلىنىغان.

زوروئاستىر دىنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى IV ئەسىردە غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ كىرىپ، مىلادىيە X ئەسىرگىچە 1000 يىلدىن ئارتۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە قوچو (تۇرپان)، ئاگنى (قاراشەھەر)، سۇلې (قەشقەر)، ئۇدۇن (خوتەن) قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. ئاتەش-پەرەسلەر ئوتنى ياخشىلىقنىڭ سىمۋولى دەپ قارىغاچقا، زوروئاستىر (ئاتەشپەرەسلىك) دىنى ئېتىقادچىلىرى ئارىسىدا ئوتنى ئۇلۇغلاش، ئوت-قا چوقۇنۇش ئادەتلىرى ئۆزاققىچە ساقلانغان. شىنجاڭدىكى باشقا جايلار-غا ئوخشاش مەكىت رايونىدىمۇ ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ ئېتىقاد - ئادەت-لىرى كەڭ ساقلانغان. مەسىلەن، قاپاق كۆيدۈرۈش (قاپاق كۆيدۈرۈپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىش)، ئىسرىق سېلىش، يېڭى كېلىننى ئوتتىن ئاتلىتىپ، ئوتنىڭ چۆرىسىنى ئايلاندۇرۇش (بۇ گەرچە شامان دىنىنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى بولسىمۇ، بىراق زوروئاستىر دىنى تارقالغاندىن كېيىن تېخىمۇ بېيىپ، كۈچلىنىپ بارغان)، نوكچە ياندۇرۇش، قەبرە بېشىغا چىراغ يېقىش، سۇخلاش، ئوتلاپ قېقىش (بىر تۇتام قومۇشقا ئوت يېقىپ، ئاغرىق بالا ئۈستىدىن ئۆرۈپ - چۆرۈش)، زاراخەتمە ئۆتكۈزۈش، ئوت ئالدىدا ئىشتانسىز ئولتۇرماسلىق، دولان مەشرەپ - مۇقام سورۇنلىرىدا ئاغزىدىن ئوت پۈركۈش، ئوت يېقىلغان چىراغنى بېشىغا ئېلىپ ئۇسسۇل ئويناش قاتارلىق ئادەتلەر ھېلىمۇ مەۋجۇت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 4. بۇددا دىنى

بۇددا دىنى مىلادىيەدىن 5 — 6 ئەسىر بۇرۇن شىمالىي ھىندىستاندا پەيدا بولغان. ئۇنىڭ ئىجادچىسى گائۇتاماسىددىخارتا (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى تەخمىنەن 565 — 485 - يىللار) بولۇپ، بۇددىستلار ئۇنى ساكيامۇنى («ساكيا قەبىلىسىنىڭ پەيغەمبىرى» دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتايدۇ. بۇددا دىنىنىڭ دىنىي كالامى «نوم» دېيىلىدۇ. بۇ دىنىنىڭ ئەقىدىسى ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى، قېرىشى، كېسەل بولۇپ ئۆلۈشى ئازاب دېمەكتۇر؛ ئازابنىڭ مەنبەسى تۈرلۈك ئارزۇ - ھەۋەس، بارلىق ئارزۇ - ھەۋەسنى يوقاتقاندىلا، ئاندىن تۇغۇلۇش - ئۆلۈش بولمايدىغان مەنزىلگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزىنى پاك تۇتۇپ، تائەت - ئىبادەت قىلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا راھەت - پاراغەت دۇنياسىغا يەتكىلى بولىدۇ دېگەندىن ئىبارەت.

بۇددا دىنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى I ئەسىردە شىنجاڭغا تارقىلىپ، ئازغىنە كەم 1500 يىلدەك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىدە پارلاق بىر سەھىپە ئاچقان. تارىم ئويمانلىقىنى مەركەز قىلغان بۇ رايوندا بۇددا دىنىنىڭ تازا گۈللەپ، تەرەققىي قىلغان بىرقانچە مەركىزى بارلىققا كەلگەن. بۇددا ئەقىدىلىرىنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرى خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ، چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. بىراق، بۇ دىنىنىڭ مەكىت رايونىدىكى قالدۇق تەسىرلىرىنى بەك روشەن دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. بۇ، ئېھتىمال مەكىتنىڭ قەدىمكى يىپەك يولى بويىدىن يىراق بولغانلىقى، جۇغراپىيىلىك مۇھىتىنىڭ مۇرەككەپ ھەم ئالاھىدە بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك. شۇنداقتىمۇ، ھازىر مەكىت رايونىدا بۇ دىنىنىڭ بىرقىسىم ئەقىدە - ئادەتلىرىنى يەنىلا كۆرۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن، يالغۇز مەھەللە، يالغۇز دەرەخلەرنى ئىلاھلاشتۇرۇپ ھېيىقىدىغان، پۈتى يوغان ئاياللارنى كەمسىتىدىغان، قومۇش ئۆسكەن جاينى يامان كۆرۈپ تاشلاپ كېتىدىغان، ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا نوكچە يېقىپ قويىدىغان،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



دائىم ياغ پۇرىتىپ تۇرىدىغان ئادەتلەر ھېلىمۇ بار.

مانى ۋە خرىستىئان (نېستورى) دىنلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا تارقالغان ۋاقتى بىرقەدەر ئۇزاق ھەم مەركەزلىك بولۇپ، بۇ دىنلار مەلۇم سىياسىي ئىستەك ھەم ئىقتىسادىي ئېھتىياج قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن تارقالغان ھەم بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەن. بىراق، ئومۇمىي بىر ھال ھەم كەڭ ئاساسنى شەكىللەندۈرەلمىگەن ۋە ئانچە چوڭقۇر يىلتىز تارتالمىغان. ئەمما، خەلقنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىگە مەلۇم دەرىجىدە ئۇيغۇن كېلىپ، ئۇلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە بۇ دىنلارنىڭمۇ قىسمەن تەسىرلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، مانى دىنى ئەقىدىلىرىدىن يورۇقلۇقنى ئۇلۇغلاش، ئاي، كۈن كۆيسە ياكى تۇتۇلسا نەزىر قىلىپ، دۇئا - تەكبىر ئېيتىپ، ئاي، كۈننىڭ تېزرەك ئەسلىگە كېلىشىنى تىلەش؛ پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قويغاندا ئاي، كۈن، يۇلتۇز نامىنى ياكى ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىنغان ئىسىملارنى قويۇش قاتارلىقلار ساقلانغان.

## 5. ئىسلام دىنى

ئىسلام دىنى مىلادىيە 610 — 632 - يىللاردا ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ مەككە شەھىرىدە مۇھەممەد پەيغەمبەر تەرىپىدىن ئىنسانلارغا تارقالغان، X ئەسىردە شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن بولۇپ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەشقەردە تۇنجى بولۇپ ئۇنى دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىسلام دىنى ئىلگىرى - كېيىن خوتەن ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب، شىمالى ھەمدە شەرقىي ئېتىكىدىكى جايلارغا كەڭ تارقىلىپ ئومۇملاشقان.

ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىگە يېڭىلىنىش ئېلىپ كەلدى. يەنى بۇ دىن 1000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاڭ، ئېتىقادىدا ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈپ، شىنجاڭدىكى دىنلار ئىچىدە تارقىلىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ، تەسىرى ئەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



چوڭ ، ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئەڭ كۆپ بولغان دىنغا ئايلىنىپ ، ئۇيغۇرلار- نىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەر- قايسى تەرەپلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن . ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى كۆپ سانلىق ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئىسلام دىنىنىڭ ئىمان ، ئىبادەت ، ئېھساندىن ئىبارەت ئاساسىي ئەقىدىسىگە ، ئىسلام دىنىدىكى ئاللاغا ئى- شىنىش ، پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش ، ئاللانىڭ كالامىغا ئىشىنىش ، ئاللا- نىڭ ئەلچىسىگە ئىشىنىش ، قىيامەتكە ئىشىنىش ، قىسمەتكە ئىشىنىش قاتارلىق ئېتىقادلارغا ، ئىمان ئېيتىش ، ناماز ئوقۇش ، روزا تۇتۇش ، ئۆشرە - زاكات بېرىش ، ھەج قىلىش قاتارلىق پەرزلەرگە ئەمەل قىلى- دۇ . ئىسلام دىنىدىكى روزا ھېيت ، قۇربان ھېيت ، مەۋلۇت ، قەدىر كېچىسى ۋە باراۋەت ، مىراج قاتارلىق بايرام ۋە خاتىرە كۈنلىرىنى مۇناسىپ پائالىيەتلەر بىلەن ئۆتكۈزىدۇ ، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان» ۋە ھەدىسلەرنى ئوقۇيدۇ ، توي قىلغاندا موللىلارغا نىكاھ ئوقۇتىدۇ ، ئوغۇل بالىلارنى خەتنە قىلدۇرىدۇ ، بالىلارغا ئىسىم قويغاندا قۇلىقىغا ئەزان توۋلايدۇ ، ئادەم ئۆلگەندە مېيىت نامىزى ئوقۇي- دۇ ؛ تاماقتىن كېيىن دۇئا قىلىدۇ . ئاز ساندىكى بىر كىشىلەردە مازار- نى تاۋاپ قىلىدىغان ، مازارنى ئۇلۇغلاپ ، دۇئا - تىلاۋەت قىلىدىغان ، زىكرى قىلىدىغان ، ھاپىزلىق ، ۋائىزلىق ، بۇۋلىلىك قىلىدىغان ئادەتلەر- مۇ مەۋجۇت . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئىسلام دىنىدىكى يالغانچىلىق قىلماس- لىق ، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ، يېتىم بالىلارنىڭ بېشىنى سىلاش ، ھا- راق ئىچمەسلىك ، تاماكا چەكمەسلىك ، ئوغرىلىق قىلماسلىق ، زىنا قىلماسلىق ، ھارام يېمەسلىك قاتارلىق ئەخلاق ئۆلچەملىرى ئۇيغۇرلار- نىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىدا مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە . بىراق ، شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى ، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئۇلار- نىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئىدېئولوگىيىسىدە بۇ دىنغا خاس چوڭقۇر ئەقىدە - ئادەت بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ ، بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن- دەك ، ئىسلام دىنىدىن ئاۋۋال ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان دىنلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تەسىرىمۇ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن ، ھەتتا بەزى ئېتىقاد ئادەتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولغاچقا ، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە ـ ئادەتلىرى بىلەن يۇغۇ-رۇلۇپ ، بىرگە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى ھەمدە نۇرغۇن تەرەپلەردە ئۆزئارا قوشۇلۇپ ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ باردى . شۇڭا ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىر-قى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەقىدە ـ ئېتىقاد ئادەتلىرى ۋە بىرقىسىم مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ قايسى دىنىنىڭ ئىكەنلىكىنى ئايرىۋالغىلى بولمايدىغان ھالەت شەكىللەندى . ھالبۇكى ، مەكىت رايونى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك ئورنى بىلەن پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھازىر مەۋجۇت بولغان ئىجتىمائىي ھالەتتىن باشقا ، قەدىمكى دىنلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئېتىقاد ـ ئادەتلىرى ، ئەقىدە ـ ئەھكام-لىرىنى ناھايىتى روشەن ساقلاپ كەلمەكتە .

يۇقىرىدا بىز كۆرسەتكەن قەدىمكى دىنلارنىڭ مەكىت رايونىدىكى تەسىرلىرى ئاشۇ دىنلارنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقاد ۋە دىنىي پائالىيەتلىرىگە مەنسۇپ بولسىمۇ ، ئۇزاق ئەسىرلىك ئۆتمۈش جەريانىدا ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە قوشۇلۇپ ، سىڭىشىپ كەتتى . ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ، فولكلورلىرى ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا قەدىمكى دىنلارنىڭ ئاشۇ قالدۇق تەسىرلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ . بىراق ، دىنىي ئېتىقادنى ئۇزاق ئەسىرلەر جەريانىدا شەكىللەنگەن خەلقنىڭ ئەنئەنە ۋە ئادەتلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە ، ھەممىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ .

پايدىلانغان ماتېرىياللار


(1) ئابدۇكېرىم رەھمان ، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا ، شېرىپ خۇشتار : «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى» ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 1996 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى .

(2) ئابدۇكېرىم رەھمان : «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1989 - يىل 7 - ئاي نەشرى .
(3) ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا : «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1993 - يىل 4 - ئاي نەشرى .
(4) ئابدۇكېرىم رەھمان : «مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تۇغۇلغان ھېسلار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1993 - يىل 9 - ئاي نەشرى .
(5) «شىنجاڭدىكى دىنلار» (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنى) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1989- يىل 1 - ئاي خەنزۇچە نەشرى .
(6) ئەسئەت سۇلايمان : «ئۇيغۇر بۆرە توتېم مەدەنىيىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2001 - يىل 2 - ئاي نەشرى .
(7) مېھرىئاي ئابدۇلھەلىم : «ئۇيغۇرلاردىكى ‹ئىسرىق سېلىش› ئادىتى ھەققىدە» ، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 2001 - يىلى 3 - سان .
(8) ئابدۇلھەمىد مۇھەممەد : «فولكلور نۇقتىسىدىن ھېيت - بايراملار ھەققىدە مۇلاھىزە» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 2001 - يىلى 3 - ئاي .
(9) ئابدۇرەھىم مۇھەممەد : «مانى دىنى ۋە ئۇيغۇرلار» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 2001 - يىلى 1 - سان .
(10) مۇختار قادىر : «‹پېرە ئويناپ داۋالاش› نىڭ سىرى» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1996 - يىلى 4 - سان .
(11) مۇختار مۇھەممەد روزى : «ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان دىنلار ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشتىكى تەسىرى» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ، 1999 - يىلى 2 - سان .
(12) مۇھەممەد يۈسۈپ تاھىر ، سابىت ئابدۇخالىق : «ئىپتىدائىي زورو ئاستىر دىنى ۋە ئۇنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى ئىزلىرى» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1999 - يىلى 3 - سان

# مەكتەپ يەر ناملىرى مەدەنىيىتى

يەر ناملىرى ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخىغا ئەگىشىپ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كىرىش بىلەن دۇنيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىغا ئۆزلۈكسىز تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى[1]. ئۇ ئۆزى بارلىققا كەلگەن ئالاھىدە تارىخىي شارائىت ۋە ئالاھىدە تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ئارقىلىق مەلۇم بىر دۆلەت، مەلۇم بىر رايون ۋە مەلۇم بىر جاي ئۇچۇن ئېنىق كونكرېت ۋە ئېنىق چوڭقۇر مەنە، مەدەنىيەت قاتلىمىغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشىنى مەلۇم بىر جاي ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇ «شۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، تەبىئىي شەرت ـ شارائىت ئالاھىدىلىكى، كان بايلىقلىرى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، شۇ جايدا ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر، قەھرىمانلارنىڭ نامى، شۇ ئورۇننى بويسۇندۇرغۇچى بايقىغۇچىلارنىڭ نامى، يۈز بەرگەن ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ھادىسىلەر... قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن قويۇلغان بولۇپ، ئادەتتە جۇغراپىيىلىك شەرت ـ شارائىت ئەكس ئەتكەن ئىسىملار ۋە تارىخىي شەرت ـ شارائىت ئەكس ئەتكەن ئىسىملار» دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بۇ ئىسىملار يەنە ئۆز نۆۋىتىدە تارىخىي تەرەققىيات، خانلىقلارنىڭ ئالمىشىشى، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى، ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ۋە مەدەنىي ھاياتىنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىق تۈرلۈك تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.[2] مانا شۇ مەنىدىن ئالغاندا، يەر ناملىرى بىر جاينىڭ يەر ناملى-

---

① قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى، تاشمۇھەممەد ئابدۇراخمان: «يەر نامـلىرى ئىـلمى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى، 2000 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى، 1 ـ بەت.

② راخمان تۆمۈر شاھ: «يەر نامىلىرى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (تەبىئىي پەن قىسمى)، 1984 ـ يىلى 1 ـ سان، 81 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



رىدا ئەكس ئەتكەن تۇرلۇك تارىخىي ، ئىجتىمائىي ئامىللىرى ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرى ئارقىلىق ، شۇ جاينىڭ تارىخ ، مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا تارىختىن بۇيان چىگىش ، مۇجمەل قالغان مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىشتە ھەم بىر پۈتۈن يەرلىك تارىخ - مەدەنىيىتىنى بايان قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**1. مەكىت يەر ناملىرى مەدەنىيىتى ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى**

يەر ناملىرى مەدەنىيىتى مەلۇم بىر جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم ، يەنى دۆلەت ، رايون ئۇقۇمىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھالدا قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى ، تىل ، تارىخى ۋە تارىختا تۇتقان ئورنى ، شۇنىڭدەك كۆرسەتكەن تەسىرى ئارقىسىدا مەيدانغا كەلگەن مەدەنىيەت ئاملى بولۇپ ، يەر ناملىرىدا تىل ، تارىخ ، ئېتنوگرافىيە ، جۇغراپىيە ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرى مۇجەسسەملەنگەن بولغاچقا ، قەدىمكى مىللەت ۋە قەبىلىلەر تەرىپىدىن يارىتىلغان مەدەنىيەت بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك ھالدا يەر ناملىرى ئارقىلىق بىزگە بىلىنىدۇ ھەم يەر ناملىرىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى ئارقىلىق قەدىمكى تارىخ - مەدەنىيەتتىن ئۇچۇر ئېلىپ كېلىدۇ.

مەكىتنىڭ يەر ناملىرى ئوخشاشلا مەكىتنىڭ تارىخ ، مىللەت ، تىل ، ئېتنوگرافىيە ، جۇغراپىيە ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق ئامىللارنى مۇجەسسەم قىلغان ھالدا مەكىت يەر ناملىرى مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن . مەكىتنىڭ يەر ناملىرى مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ كونكرېت تىلغا ئالغىنىمىزدا ، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن تېخىمۇ كەڭرى ھەم ئىنچىكە بولۇپ ، مەكىتتىن ئىبارەت بۇ قەدىمكى بوستانلىقنىڭ بارلىق ئۆتمۈشى ۋە تارىخى مانا شۇ مەكىت يەرناملىرى ۋە ئۇ بارلىققا كەلتۈرگەن يەر ناملىرى مەدەنىيىتى ئارقىلىق بىزگە مەلۇم بولىدۇ .

مەلۇمكى ، يەر ناملىرى جۇغراپىيىلىك سۇبىستانسىيىلەرنىڭ خاس

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىسىملىرى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ماكان ئۇقۇمىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان-لىقى ۋە تىلدا كۆپ قوللىنىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قېلىپلاشتۇ-رۇلۇشىغا قويۇلىدىغان تەلەپمۇ يۇقىرى بولىدۇ. بۇ هال يەر ناملىرىنىڭ ئىسپىي تۇراقلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشىنى بەلگىلىگەن. ستاتىستى-كا قىلىنىشىچە، تارىختا ھەربىر سۇلالە ياكى ھاكىمىيەت ئالماشقان ئەھۋالدىمۇ يەر ناملىرىنىڭ ئۆزگىرىشى 2% تىن ئاشمىغان، بەزى يەر ناملىرى نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە ئەينەن ساقلىنىپ كەلگەن، بەزى يەر ناملىرى ھەتتا مىللەت ياكى ئۇرۇق - قەبىلىلەر ئەسلىي ماكانىدىن كۆچۈپ كەتكەن ياكى يوقىلىپ كەتكەن ئەھۋالدىمۇ، ئەسىرلەر بويى ئىستېمال قىلىنىپ كەلگەن①. بىراق، شىنجاڭدىكى يەر ناملىرىنىڭ، جۈملىدىن مەكىت ناھىيىسىدىكى يەر ناملىرىنىڭ ئۆزگىرىش نىسبىتى خېلىلا يۇقىرى بولۇپ، ئۇزۇن يىللىق تارىخىي نامىلار ئۆزگىرىپ كەتكەن ۋە يېڭىدىن بارلىققا كېلىپ ۋارىيانتلانغان. بۇ هال ۋە مەكىت يەر ناملىرى ئۆزئىچىگە ئالغان تۈرلۈك تارىخىي، ئىجتىمائىي ئامىللار ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرى جەھەتتە بىرمۇنچە چىگىش، مۇجمەل مەسىلىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، مەكىت يەر ناملىرىنى ئەتراپلىق ۋە كۆپ قاتلاملىق تەتقىق قىلىش زۆرۈرىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

مەكىت يەر ناملىرى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم نەزە-رىيە ۋە ئەمەلىي قىممىتى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ:

1) مەكىتنىڭ تارىخ ۋە ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتىنى دەلىل - ئىسپات-لارغا ئىگە قىلىدۇ.

2) مەكىت يەر - جاي ناملىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى-نى بىلىۋېلىشىمىزغا ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرىنى ئېنىقلىشى-مىزغا ياردەم بېرىدۇ.

3) مەكىت رايونىدا ياشىغان خەلقلەرنىڭ ھازىرقى ۋە تارىخىي

---

① ئارسلان ئابدۇللا: «شىنجاڭدىكى يەر ناملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى توغرىسىدىكى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى ھەققىدە تەتقىقات» (ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 - يىل 6 - ئاي نەشرى، 168 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

4) مەكىت رايونىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي تۈزۈملىرىنى تەتقىق قىلىشنى ۋاسىتىلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

5) مەكىت رايونىدىكى قەدىمكى تىل ۋە دىئالېكتلار تەتقىقاتىغا دائىر بىرىنچى قول ماتېرىيال ۋە دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

6) مەكىت يەر ناملىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش، خەرىتە ئىشلەش، تەزكىرە يېزىش ۋە يەر - جاي، چېگرا ماجىرالىرىنى ھەل قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى ئىلمىي ئاساسلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## 2. مەكىت يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى

يەر ناملىرى سۆز ۋە سۆز تۈركۈملىرىدىن تۈزۈلىدۇ. يەر ناملىرىنىڭ ئۆزى مۇستەقىل بىرلىككە ئىگە سۆزلۈك بولۇپ، ئۇ سۆز تومۇرى، سۆز ئۇلانمىلىرى ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلگەن. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تىل ئۆزىگە خاس تارىخىي باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتۈش ئارقىلىق، سۆز ۋە سۆز تۈركۈملىرىگە ئايلىنىش جەريانىدا ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان يەر ناملىرىغىمۇ ئۆزىنىڭ تەسىرىنى سىڭدۈرگەن.

يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈشىدە ئەڭ مۇھىمى، جۇغراپىيىلىك گەۋدىلەرگە بېرىلگەن ئاتاش ئادەتلىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئۇسۇلى، يەنى سۆز قۇرۇلمىسى كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولۇپ، ئومۇمەن يەر ناملىرىنىڭ مەنىسى، شەكلى، دائىرىسى ۋە خاراكتېرىگە ئاساسەن يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىنى، مەقسىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر ناملىرى شىنجاڭ يەر ناملىرى تۈرى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ مۇھىم تۈر ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىكىسى، ئۆرپ - ئادىتى، تۇرمۇشى، ئىقتىسادى، دۇنيا قارىشى قاتارلىقلار تەرىپىدىن بەلگىلەن-

گەن . ئۇيغۇرلار يىراق قەدىمكى زاماندىن باشلاپلا ھەرقايسى جايلارغا ئوخشىمىغان نامىلارنى بەرگەن[①] .

ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر نامىلىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى قانۇنىيەت-لىك ، مۇرەككەپ ، كۆپ خىل بولۇپ ، ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدا يەر نامىلىرىنى قويۇش ۋە تەبىئىي مۇھىت ئەھۋالىغا قاراپ يەر نامىلىرىنى قويۇش دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ . مەكتەپ يەر نامىلىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا ، مەكتەپ يەر نامىلىرى يۇقىرىقى ئىككى چوڭ ئالاھىدىلىك ۋە قانۇنىيەتتىن باشقا ، يەنە كونكرېت بىرقانچە تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە .

1 . دىنىي ئېتىقاد ۋە دىنىي ئۆرپ - ئادەت تەسىرىدىن كېلىپ چىققان يەر نامىلىرى . مەسىلەن ، «مازار مەھەللىسى» ، «باشقايدى مازار» ، «قوم مازار» ، «ئاچادۆڭ مازار» ، «كۆكتاللىق ئاتام مازىرى» ، «قىزىلجى مازىرى» ، «مازار جاڭگال» ، «شېھىتلىك ساز-لىقى» ، «شېھىتدۆڭ مازىرى» ، «قاپاق ئاستى» قاتارلىقلار دىنىي پائا-لىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ۋەجىدىن قويۇلغان بولۇپ ، بۇ مول بولغان دىنىي مەدەنىيەتنىڭ نامايانىسىدۇر .

2 . يەرلىك تارىخىي ۋەقەلەر ۋە مىللىي ئۆرپ - ئادەت ئاساسىدا قويۇلغان يەر نامىلىرى . ئۇيغۇر مىللىتى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە بولغان نۇرغۇنلىغان ئۆرپ - ئادەتلىرى بولۇپ ، ئۇيغۇر تىلىمىزدىكى ئىسىملاردىن بۇ ئادەت-لەرنى ئەينەن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . مەسىلەن ، «قارا ئۆي» ، «شېھىت-دۆڭ» ، «قاپاق ئاستى» ، «ھاردۇقئالدى» ، «تاتار ئۆستەڭ» ، «بۇلۇڭ لاڭقا» ، «ئارالاڭقا» ، «چولاق ئاستى» ، «قورالىق» ، «ئۆكتە كۆل» ، «تاۋار كېسىكى» قاتارلىقلار .

3 . مىللەتلەرنىڭ كۆچۈش ، خەلقلەرنىڭ ئۆز ئارا يۆتكىلىش تەسى-

① قۇربانجان ئابلىمىت نۇرۇزى ، ئاشمۇھەممەت ئابدۇراخمان : «يەر نامىلىرى ئىلمى» ، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا - سەھىيە نەشرىياتى ، 2000 - يىل 1 - ئاي نەشرى ، 131 — ، 132 - ، 135 - ، 136 - بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىدىن كېلىپ چىققان يەر ناملىرى . مەسىلەن ، «مەكىت» ، «يېڭىئا-ۋات» ، «قىزىلئاۋات» ، «بازارجەمى» ، «ئاقبەل پاختىلىق» ، «لايلىق پاختىلىق» ، «مەكىت پاختىلىق» ، «لايداڭ» ، «قۇمقىسار» ، «غولمە-ھەللە» ، «دولان مەھەللىسى»... قاتارلىقلار .

4 . ئادەم ئىسىملىرىدىن كېلىپ چىققان يەر ناملىرى . مەسىلەن ، «زورىخان كوكۇل ئورمانلىقى» ، «قاسىم ئوسىچى كۆلى» ، «ھېزىز زىيانىڭ سازلىقى» ، «ھېزىز بەگنىڭ ئۆستىڭى» ، «پەيزىلنىڭ سازلى-قى» ، «بايمەتنىڭ سازلىقى» ، «سۇپىنىڭ زەيلىكى» ، «پەيزىلدۆڭ» قاتارلىقلار .

5 . تەبىئىي مۇھىت ۋە جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكتىن كېلىپ چىققان يەر ناملىرى . ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق مۇددەت تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىپ ، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش داۋامىدا تەبىئىي ھادىسىلەر بىلەن ئۆزى ياشاپ كەلگەن بۇ زېمىنغا نام قويۇپ ، تىل بايلىقىنى بېيىتىپ كەلدى . مەسىلەن ، «دۆڭمەھەللە» ، «غولمەھەللە» ، «سوپا-دۆڭ» ، «يوغان باش دۆڭ» ، «ئاپتاپ چاقار كەنتى» ، «چوڭقۇر مەھەل-لە» ، «ئويـبـۇغـداي» ، «ئاچـا دۆڭ» ، «ئارا قوتان» ، «دەرۋازا توغراق» ، «ئارا نو» ، «ئاياغتام» ، «قاش بويى» ، «قۇم دۆڭ» ، «ئاياغ مەھەللە» ، «دەرۋازا قۇم» ، «ياتا قۇم» ، «قۇمقىسار» ، «تۆۋەن تاۋار كېسەكى» ، «يۇقىرى تاۋار كېسەكى» ، «چوقا تاغ» ، «تۆپى شور» ، «جاڭگال» ، «بەشيول پونكىتى» قاتارلىقلار .

6 . سۇ ۋە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يەر ناملىرى . ئۇيغۇر خەلقى كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن تەدرىجىي ھالدا يېرىم چارۋىچىلىق ، يېرىم دېھقانچىلىق ھاياتىغا كۆچكەن . ئۇزاقتىن بۇيان قۇرغاق ھەم يېرىم قۇرغاق بولغان ئىقلىم شارائىتىدا ياشاپ كەلگەچكە ، ئۇلار سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ ، سۇ ئىنشائاتى ئېلىپ بېرىش داۋامىدا نۇرغۇن ئېرىق - ئۆس-تەڭ ، كۆۋرۈكلەرنى ياسىغان . قۇدۇق ، كۆللەرنى قازغان ، تۇغان ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چۆشۈرگە، كۆچۈرمە، تومۇ قاتارلىق سۇ ئايرىش ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇپ چىققان. بۇنداق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتكە چىدامىلىق، ئەمگەكچان روھىنىڭ گۇۋاھ ـ شاھىتى سۈپىتىدە يەر نامى بولۇپ ساقلىنىۋاتىدۇ. شۇڭا، مەكىت ناھىيىسىدە سۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يەر ناملىرى ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن، «ئوردا كۆل»، «بولقا ئۆستەڭ بويى»، «يېڭى ئۆستەڭ»، «قوش ئېقىن»، «بوز ئۆستەڭ»، «يار كۆل»، «غاز كۆل»، «كۆك كۆل»، «قاش بويى»، «كاما كۆل»، «چوڭ ئېرىق»، «ئوق ئېرىق»، «شور كۆل»، «تاتار ئۆستەڭ»، «سېرىق كۆل»، «قوش ئۆستەڭ»، «قۇم قۇدۇق»، «تىزناپ بويى»، «ئېقىن بويى»، «داش كۆل»، «مىنەك كۆل»، «زىغىرلىق كۆل» قاتارلىقلار.

7. ئوۋچىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يەر ناملىرى. ئۇيغۇر خەلقى باشقا خەلقلەرگە ئوخشاش ئۇزاق زامان ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرگەن. بۇلار ئوۋ غەنىيمەتلىرىنىڭ گۆشى بىلەن ئوزۇقلىنىپ، تېرىسىدىن كىيىم ـ كېچەك كىيگەن. دەسلەپكى چاغلاردا تاش، كالتەكنى ئوۋ ئوۋلاش ۋاسىتىسى قىلغان بولسا، كېيىن ئوۋ قوراللىرى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، نەيزە، ئوقيا بارلىققا كەلگەن، كېيىن يەنە تەرەققىي قىلىپ، تۇزاق، قاپقان ئىجاد قىلىنغان. ئىت، بۈركۈت، قارچىغا قاتارلىقلار قولغا ئۆگىتىلگەندىن كېيىن، بۇلار ئوۋ ئوۋلاشتا بىردىنبىر قورال بولۇپ قالغان. مەكىت ناھىيىسىدە ئوۋچىلىققا دائىر سۆزلەر بىلەن ياسالغان يەر ناملىرىدىن «قورما»، «ئارالاڭقا»، «بولۇڭ لاڭقا»، «جەرەندۆڭ»، «چوماق ئوردى» دېگەندەك ناملار ئوۋچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

8. چارۋىچىلىققا مۇناسىۋەتلىك بولغان يەر ناملىرى. ئىنسانلار ئوۋچىلىق قىلىش جەريانىدا ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتۇپ قولغا ئۆگىتىپ، ئۇلارنى كۆپەيتكەن. شۇنىڭ بىلەن تەدرىجىي ھالدا چارۋىچىلىق بارلىققا

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com



كەلگەن، خەلقىمىز ئۇۋچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرۈشكە باشلىغان. مەسىلەن، «دۆڭ قوتان»، «ئۆيلۆق»، «جەرەندۆڭ» قاتارلىقلار.

9. دېھقانچىلىققا ئائىت بولغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «ئۆچيۈزمو»، «چامغۇرلۇق»، «بوز كەنت»، «ئەللىك كەتمەن»، «ئويبوغدای»، «ئون ئوتاق»، «كېۋەزلىك»، «مەدەنىي پاختىلىق»، «ئاقبەل پاختىلىق»، «لاپلىق پاختىلىق»، «خاندى»، «ئاچچىق تال» قاتارلىقلار.

10. ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىككە مۇناسىۋەتلىك بولغان يەر نامىلىرى. خەلقىمىز باغۋەنچىلىككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. شۇڭا، مەكىت مېۋە - چېۋە ماكانى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. ئۇيغۇر خەلقى مېۋە يېتىشتۈرۈشكە تولىمۇ ماھىر بولۇپ، بىر خىل مېۋە دەرىخىگە باشقا بىر خىل مېۋە دەرىخىنىڭ نوتىسىنى ئۇلاپ، بىر تۈپ مېۋە دەرىخىدىن بىرنەچچە خىل مېۋە ئالىدىغانلىقى بۇنىڭ ئىسپاتى. خەلقىمىز تۈرلۈك مېۋىلەردىن ئارىلاشما باغ يېتىشتۈرۈشتىن باشقا، يەنە مېۋىنىڭ بىرەر تۈرى بىلەن مەخسۇسلاشقان باغ بىنا قىلىپ كەلگەن. مەكىتتە نۇرغۇن يەر نامىلىرىنىڭ «باغ» سۆزى بىلەن ئاتىلىشى بۇنى ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن، «باغۋەن»، «كۆتەكلىك»، «قاقشال»، «جىگدىلىك»، «باغئېرىق»، «باغئاۋات»، «تاللىق»، «ئويباغ»، «سۆگەت كۆل»، «يالغۇز توغراق» قاتارلىقلار.

11. ھۈنەر - كەسىپكە دائىر سۆزلەر بىلەن ياسالغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «قازانچى مەھەللىسى»، «يار خۇمدان»، «بولقا»، «تۆمۈرەك»، «خۇمدان مەھەللىسى»، «چوڭ تۈگمەن»، «تۇماق بازىرى» قاتارلىقلار. بۇلار خەلقىمىزنىڭ قانداق يوللار بىلەن تىرىكچىلىك قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

12. بازارلارغا مۇناسىۋەتلىك يەر نامىلىرى. خەلقىمىز قەدىمدىن تارتىپ سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزلە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رى ئىشلەپچىقارغان تۈرلۈك قول ھۈنەرۋەنچىلىك ، دىھقانچىلىق ، باغ-ۋەنچىلىك ، چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى بازار ئارقىلىق ئەركىن ئالماشتۇرۇپ كەلگەن . شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى جايلاردا ھەپتە-نىڭ مەلۇم كۈنلىرىنى دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان بازارلارنى يولغا قويغاندىن باشقا ، يەنە ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرى بويىچە مەخسۇس كىچىك بازارلارنى شەكىللەندۈرگەن . شۇڭا ، يېزىلاردا «دۈشەنبە بازار» ، «چارشەنبە بازار» ، «شەنبە بازار» دېگەندەك ھەپتىنىڭ مەلۇم كۈنلىرى بىلەن ئاتىلىدىغان بازارلاردىن باشقا ، يەنە شەھەر ئىچىدە «قوناق بازىرى» ، «ياغ بازىرى» ، «ئۆرۈك بازىرى» ، «پاختا بازىرى» ، «جوۋا» (ئاشلىق بازىرى) ، «توخۇ بازىرى» ، «سۈت - قايماق بازىرى» ، «مال بازىرى» (چارۋا مال بازىرى) ، «ئۆتۈك بازىرى» ، «ياغاچ بازىرى» ، «بورا بازىرى» ، «پاختا بازىرى» ، «بازار جەمى» ، «يېڭى بازار» ، «شەھەر كەنتى» ، «شياڭگاڭ بازىرى» ، «بو-تايلاق بازىرى» دېگەنگە ئوخشاش مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرى بويىچە ئاتالغان مەھەللىلەر ھازىرغىچە بار .

13 . تەبىئىي مەنزىرىگە مۇناسىۋەتلىك يەرناملىرى . مەسىلەن ، «قاقشال كەنتى» ، «ئاقبۆلمە» ، «تېرەك» ، «كۆۋرۈكلۈك كەنتى» ، «داش كەنتى» ، «تام دۆڭ كەنتى» ، «كۆككۆل كەن-تى» ، «قاشبويى كەنتى» ، «كاما كۆل» ، «تۆپى شور» ، «قۇم دۆڭ» ، «دۆڭ مەھەللە» ، «دەرۋازا قۇم» ، «سېرىق كۆل» ، «قوش ئۆستەڭ» ، «غول مەھەللە» ، «خادىلىق» ، «شال قۇدۇق» ، «جىلغا» ، «ئۈچ ئاچال» ، «داڭقان چۆل» ، «ئەيندەك تام» ، «تۈز تاغ» ، «شور كۆل» ، «چوڭ زەيلىك» ، «شامال سازلىقى» ، «تىكەنلىك ئويمات» ، «قازانكۆل» ، «ئاق دالا» ، «سېرىقباش كەنتى» قاتارلىقلار .

14 . چالغۇ ئەسۋابلارغا مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى . مەسىلەن ، «ناغرىچى» ، «غېجەك ئورمان» قاتارلىقلار .

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com



15 . هايۋانات ۋە قۇشلارنىڭ ناملىرىغا مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى . مەسىلەن ، «جەرەندۆڭ» ، «تۆگە دۆڭ» ، «ساچقاق» ، «بىر ئېغىز» ، «غازكۆل» ، «هۇۋقۇشدۆڭ» ، «تۆۋەن هاڭغىتلىق» ، «ئۇقالىق» ، «كالا دۆڭ» ، «تىكەنلىك» ، «ئوكىلىق سازلىقى» ، «كېيىك تال» ، «بوتايلاق بازىرى» ، «پاختەكلىك» قاتارلىقلار .

16 . ئادەملەرنىڭ سۈپەت - قىياپەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى . مەسىلەن ، «خوجا ئاۋات» ، «سوپى مەھەللىسى» ، «باي مەھەللىسى» ، «هاجىئاۋات» ، «هاجى قوم» ، «سوپا دۆڭ» ، «بايچەك كوكۆلا» ، «قەلەندەر زەيلىكى» ، «شائىۋ كەنتى» قاتارلىقلار .

17 . ئۆسۈملۈك ناملىرىغا مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى . مەسىلەن ، «چامغۇرلۇق» ، «يانتاق يېزىسى» ، «يۇقىرى ئاقتىكەن» ، «قىياقلىق ئۆي» ، «ئاقتىكەن لالما كەنتى» ، «كېۋەزلىك كەنتى» ، «چىرىمدانلىق» ، «كەندىرلىك» ، «قومۇش مەھەللە» ، «چىگىلىك كەنتى» ، «چىغلىق كەنتى» ، «چىگە توقاي» ، «زىغىرلىق كۆل» ، «پاقىما يۇلغۇنلۇق» قاتارلىقلار .

18 . قەدىمكى قونالغۇلار ، ئۆتەڭلەرگە مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى . مەسىلەن ، «لەڭگەر مەھەللىسى» ، «لەڭگەر كەنتى» ، «باش لەڭگەر» ، «يىلانلىق» ، «دۈكۈ» (دەريا ئۆتكىلى) قاتارلىقلار .

19 . خان - پادىشاھلار ، بەگ - غوجاملار نامىغا مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى . مەسىلەن ، «خاندى (خاڭدى) كەنتى» ، «خانىناماز» ، «خانكۆل» ، «قىزىلئاۋات» ، «قىزبىلچى كەنتى» ، «خوجائاۋات» ، «ئورداكۆل» ، «هاجىئاۋات كەنتى» ، «سوپا دۆڭ كەنتى» ، «شېھىتدۆڭ» قاتارلىقلار .

20 . باشقا يۇرتلارنىڭ ناملىرىغا مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى . مەسىلەن ، «پوسكام كەنتى» ، «قەشقەر مەھەللىسى» ، «پوسكام لالما كەنتى» ، «تېرىم مەھەللىسى» ، «چاسا كەنتى» ، «ئاقسۇ قۇدۇق» ، «يەرمەن كەنتى» ، «ئاقبەل پاختىلىق» ، «لايلىق پاختىلىق» قاتارلىقلار .

21 . توتېم ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى . قەدىمكى دەۋر-

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com



لەرگە خاس بولغان يەر ناملىرىنىڭ ھەممىسى قەدىمكى مىللەت ۋە قەبىلىلەرنىڭ توتېم نامىدىن كەلگەن، دېيىشكە بولىدۇ. ئىپتىدائىي دەۋرلەردە ھەربىر ئۇرۇق ۋە قەبىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا توتېم بەلگىسى بولاتتى، شۇڭا شۇ دەۋردىكى يەر - جاي ناملىرىمۇ ئاشۇ توتېم نامىنى ئاساس قىلاتتى. ئەپسۇسكى، ھازىرغىچە مەلۇم بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر ناملىرىدىن قارىغاندا، توتېم نامى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى ناھايىتى ئاز. قەدىمدە ئۇيغۇرلار تاغ ۋە دەل - دەرەخلەرگە ئېتىقاد قىلاتتى ھەمدە ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس ئىلاھى دەپ قاراپ، ئۆزلىرىگە قۇت، نىشان قىلاتتى. مەسىلەن، «قارا دۆڭ»، «قارا كۆۋرۈك»، «قارادولان»، «قارا ئۆي» ناملىرى ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن.

22. سان - سىپىرلارغا مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى. مەسىلەن، «ئۈچپېۋزمو»، «ئەللىك كەتمەن»، «تۆمەنتال» قاتارلىقلار.

23. رەڭلەرگە مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى. مەسىلەن، «كۆك كۆل»، «ئاق بەل»، «ئاقبۆلمە»، «قارا دۆڭ»، «قىزىلئاۋات»، «قىزىلجى كەنتى» قاتارلىقلار.

24. ھەپتە - كۈنلەرگە مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى. مەسىلەن، «يەكشەنبە بازار»، «دۈشەنبە بازار»، «شەنبە بازار»، «ئازنا بازار» قاتارلىقلار.

25. كۈتۈلمىگەن ۋەقە - ھادىسىلەر سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان يەر ناملىرى. مەسىلەن، «خامان كۆيدى»، «قاپاق ئاستى»، «يارچاقتى» قاتارلىقلار.

## 3. مەكىت يەر ناملىرىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى

يەر ناملىرى — ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ھادىسىسى. ئۇ بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى، مەدەنىيەت ھادىسىسى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەنلىكى، ئېنىقراقى، مىللەت ۋە قەبىلىلەر ياراتقان مەدەنىيەتنىڭ يەر ناملىرى ئارقىلىقلا تونۇلىدىغانلىقى ھەمدە ھەرقانداق بىر يەرنامىنىڭ ھەرخىل مەدەنىيەت

شەكلىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقى بىلەن يەنە ئۆزگىچە يەر ناملىرى مەدەنىيەت قاتلىمىنى شەكىللەندۈرگەن . يەر ناملىرى مەلۇم بىر رايون ياكى دۆلەت دائىرىسى ئىچىدە مەيدانغا كەلگەن تارىخىي دەۋرلىك مەدەنىيەت سىستېمىسىنى ئۆزىنىڭ پەيدا بولۇش ، تەرەققىي قىلىش مەنبەسى قىلىدۇ . بۇ ئارقىلىق يەر ناملىرىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى مەيدانغا كېلىدۇ.

يەر ناملىرى مەدەنىيىتى ۋە مەدەنىيەت قاتلىمى مەيلى قايسى زامان ۋە ماكان جەھەتتىن بولسۇن ياكى قايسى مىللەت ، قايسى تىل سىستېمىسىغا تەۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گەۋدىسىدىن بولسۇن ، مەدەنىيەت ھادىسىسى ئوخشاشلا ھامان ئۆزىنىڭ قاتلاملىقى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ، تەرەققىي قىلىدۇ ياكى ئۆزگىرىدۇ . شۇڭا ، يەر ناملىرى مەدەنىيىتى ۋە مەدەنىيەت قاتلىمى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە ، ئۇنىڭ بىر پۈتۈن قۇرۇلمىسىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش بىلەن بىرگە مەلۇم بىر جۇغراپىيىلىك سىستېمىسى ۋە تىل سىستېمىسى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن مەدەنىيەت تىپلىرىغا ئېتىبار بېرىش كېرەك . يەر ناملىرى ئەنە شۇ مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگىچە سىڭىپ كەتكەن ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان مەدەنىيەت ساقىندىلىرى بىلەن ئۇچراشقان بولغاچقا ، يەر ناملىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ۋە مەدەنىيەت قاتلىمى ھەم چوڭقۇر ، ھەم مۇرەككەپ بولىدۇ① .

مەكىت يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ، مەكىت يەر ناملىرىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە تىپقا ئايرىشقا بولىدۇ .

## 1 . مەكىت يەر ناملىرىدا ئەكس ئەتكەن تارىخىي ئامىللار

يەر ناملىرى ئومۇمىي جەھەتتىن جۇغراپىيىلىك سۇبستانسىيىلەرنى بىلدۈرسىمۇ ، ئۇلارنىڭ قويۇلۇشى تارىخىي شەخسلەر ، تارىخىي ۋەقە-

① قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى ، تاشمۇھەممەت ئابدۇراخمان : «يەر ناملىرى ئىلمى» ، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا - سەھىيە نەشرىياتى ، 2000 - يىل 1 - ئاي نەشرى ، 161 - ، 162 - ، 174 - بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ھادىسىلەر ۋە مىللەت ، ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر بىلەن باغلىنىشلىق بولغاچقا ، تارىخىي چەكلىمىلىككە ئىگە بولۇپ ، ئۆزلىرى بىلدۈرگەن جۇغراپىيىلىك سۇبستانسىيىلەر مەۋجۇتلا بولسا ، شۇ يەر نامىنىڭ قويۇلۇشىغا سەۋەب بولغان ئاساسىي بەلگىلەر ئۆزگىرىپ ياكى پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتسىمۇ يەنىلا ساقلىنىپ قېلىۋېرىدۇ ۋە ئۆزلىرىدە مۇجەسسەملەنگەن تۈرلۈك تارىخىي ئامىللارنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ تارىخىي ئامىللار تارىخ تەتقىقاتىدىكى بىر مۇنچە مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا دەلىل ـ ئىسپات ياكى يىپ ئۇچى بولۇپ بېرىدۇ[①] .

يەر ناملىرى ، بولۇپمۇ قەدىمكى يەر ناملىرى تارىخ تەتقىقاتىدا شۇنچىلىك مۇھىمكى ، تارىخىي يازمىلاردا كەم قالغان ياكى بۇزۇلغان بىرقىسىم تارىخىي ئەھۋاللارنى مۇشۇ يەر ناملىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئېنىقلاپ چىقىشقا ، بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىشقا بولىدۇ . دېمەك ، تارىخ تەتقىقاتىدا تارىخىي يازمىلارنىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە يەر ناملىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش تارىخشۇناسلىقنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتلىق ۋە ئىلمىي بولۇشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

1 ) مەكىت يەر ناملىرى مەكىتنىڭ قەدىمكى ئاھالىسىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ .

مەكىتنىڭ تارىخ ، مەدەنىيىتىگە ئائىت تارىخىي يازمىلارنىڭ كۆپ بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ، مەكىتنىڭ قەدىمكى تارىخى ، مەدەنىيىتى ، بولۇپمۇ مەكىت رايونىدا ياشىغان خەلقلەر ھەققىدە بىزنىڭ ئىگە بولغان مەلۇماتىمىز ئىنتايىن ئاز ، ھەتتا يوق دېيەرلىك . شىنجاڭنىڭ تارىخ ، مەدەنىيىتىگە ، مەكىتنىڭ قوشنا جايلىرىغا ئائىت تارىخىي يازمىلارغا مۇراجىئەت قىلغاندىمۇ بىز ئىگە بولغان مەكىتنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى

---

① ئارسلان ئابدۇللا : «شىنجاڭدىكى يەر ناملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى توغرىسىدىكى ئىزدىنىش» ، «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى ھەققىدە تەتقىقات» (ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى) ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 2001 ـ يىل 6 ـ ئاي نەشرى ، 173 ـ ، 174 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەققىدىكى ئۇچۇرلار تولىمۇ ئاز . يېقىنقى 10 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان مەكىتنىڭ تارىخ ، مەدەنىيىتىگە ئائىت تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى ، مەكىتنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى يەنىلا شۇ مەكىت يەر - جاي ناملىرى ئارقىلىق ، مەكىتنىڭ ئۆزىگە ئالاقىدار بولغان يەر ناملىرى بىلەن ئېنىقلاشقا توغرا كەلدى .

ئىلگىرى مەكىتنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى توغرىسىدا ، جۈملىدىن مەكىتتە قاچاندىن باشلاپ ئاھالە ياشىغانلىقى توغرىسىدا مۇجمەل قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ كېلىنگەنىدى . بىزنىڭ «مەكىت» نامى ھەققىدىكى ئىزدىنىشىمىز ، بۇ نامنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردىن ، مەكىتتە مىلادىيە XI ، XII ئەسىرلەردە زور كۆلەمدىكى ئاھالەنىڭ چوڭ كۆچۈشى يۈز بەرگەنلىكىنى ، مۇشۇ كۆچۈشتىن باشلاپ «مەكىت» دېگەن بۇ نامنىڭ دولان (يەكەن) دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى قەدىمىي بوستانلىقتا يەر نامى بولۇپ قالغانلىقىنى ، شۇنىڭدىن باشلاپ مەكىت ئاھالىسىنىڭ تارىخىي يازمىلاردا تىلغا ئېلىنىشقا باشلىغانلىقىنى بىلىشكە ئىمكان بولدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، «مەكىت» نامىغا ئالاقىدار ئەپسانە - رىۋايەتلەردىنمۇ مەكىتنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىڭ كۆچۈشى ، ئۆزئارا قوشۇلۇشى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىلەر ھاسىل بولدى .

2 ) مەكىت يەر - ناملىرى مەكىتتە ياشىغان قەدىمكى خەلقلەرنىڭ پائالىيەت ئىزلىرى ۋە ئېتنىك تەركىبلىرىدىن دېرەك بېرىدۇ .

مەكىتتىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە ، مەكىت بوستانلىقىدا يېڭى تاش قورال دەۋرى (بۇنىڭدىن 5000 — 6000 يىللار ئىلگىرى ) دە قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى باشلانغان بولۇپ ، كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەر ھەققىدە ئارخېئولوگىيەلىك مەلۇماتلار يوق دېيەرلىك . يازما مەلۇماتلاردا بولسا ئەتراپتىكى قوشنا جايلار بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن . بۇ ھال بىزنىڭ مەكىتتە ياشىغان قەدىمكى ئاھالىنىڭ پائالىيەت ئىزلىرى ۋە ئېتنىك تەركىبى ھەققىدە

ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولۇشىمىزغا ئىنتايىن زور چەكلىمە ئېلىپ كەلدى. بىز پەقەت شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى، مەكىتنىڭ قوشنا جايلىرىنىڭ تارىخى ئارقىلىق مەكىتتە مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينى (بۇنىڭدىن 2000 — 2500 يىللار ئىلگىرىكى ۋاقىتلار)دە بىر تۈركۈم قەدىمكى ئاھالىنىڭ، جۈملىدىن تارىم بوستانلىقىدا ياشىغان ساكلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتقا ئىگە بولدۇق. شۇنىڭدىن كېيىنكى 1000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە مەكىت بوستانلىقى ھونلار ۋە غەربىي يۇرت باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى، ئېفتالىتلار، تۇبۇتلەر ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قاتارلىقلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدە، باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلدى. ئەمما، مەكىتتىكى قەدىمكى ئاھالىنىڭ ئېتنىك تەركىبى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولغىلى بولمىدى. مىلادىيە IX ئەسىرلەرگە كەلگەندە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ شىمالىي چۆللۈك (ئورخۇن - سېلىنگا ۋادىسى) دىن تارىم ۋادىسىغا سىلجىشى بىلەن مەكىتنىڭ قەدىمكى ئاھالىسىنىڭ ئېتنىك تەركىبى تۇراقلاشتى ۋە «مەكىت» تىن ئىبارەت قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ نامى بۇ بوستانلىقتا يەر نامى بولۇپ قالدى. دېمەك، «مەكىت» نامى ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىش ئېتنىك مەنبەسى ئارقىلىق ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئۇزاق بىر دەۋرنىڭ تارىخ ئەھۋالىدىن بىزنى خەۋەردار قىلدى.

3) مەكىت يەر ناملىرى مەكىتتە يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقە - ھادىسىلەردىن دېرەك بېرىدۇ.

بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، «مەكىت» نامى مەكىتنىڭ قەدىمكى تارىخى، قەدىمكى ئاھالىسى ھەققىدە بىرقىسىم ئۇچۇرلارنى بەرگەن بولسا، مەكىت يەر ناملىرى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر، بولۇپمۇ مەكىتنىڭ يېقىنقى زامانىدا بارلىققا كەلگەن يەر ناملىرى مەكىتتە يۈز بەرگەن بىرقىسىم تارىخىي ۋەقەلەر، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى ھەققىدە تارىخىي ئۇچۇرلارنى يەتكۈزىدۇ. مەسىلەن، «شاھتاتا»، «خانكۆل»، «خانناماز»، «خوجائاۋات»، «شېھىتدۆڭ»، «ئارلاڭقا»، «بۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لۇڭ لاڭقا» ، «قەشقەر مەھەللىسى» ، «پوسكام مەھەللىسى» ، «خاماد- كۆيدى» ، «بۇقاپاتا» قاتارلىقلار .

## 2 . مەكىت يەر ناملىرىدا ئەكس ئەتكەن مەدەنىيەت ئامىللىرى

مەلۇمكى ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى شۇ مەدەنىيەتنى ياراتقان تەبى- ئىي ، ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە مىللەت تۈپەيلىدىن رەڭگارەڭ تۈس ئالغان بولىدۇ ، ھەرخىل تىپلارغا بۆلۈنىدۇ ، شۇنداقلا مەدەنىيەت تىپلىرى كۆپ ھاللاردا يەر - جاي ياكى مىللەت نامى بىلەن ئاتىلىدۇ . مەدەنىيەت تىپلىرى مەيلى ماكرو ياكى مىكرو جەھەتتىن بولسۇن ، دەسلەپتە ئۆزىگە خاس رايون ياكى مىللەت خاراكتېرى بىلەن روشەن پەرقلەنسىمۇ ، جەم- ئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ، مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ مىللەت ياكى رايون خاراكتېرى مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىشى يا- كى يوقىلىشى ئارقىسىدا سۇسلىشىدۇ . لېكىن ، يەر ناملىرى تۇراقلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقتىن ، ئۇلاردا ماكرولۇق مەدەنىيەت تىپلى- رىنىڭ ھەرخىل ئامىللىرى ، خۇسۇسەن رايون خاراكتېرلىك ئالاھىدى- لىكلىرى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئېتىدۇ[1] . مەكىتتىكى يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا ، بىرقىسىم يەر ناملىرى بىرقەدەر ئومۇملۇققا ئىگە بولۇپ ، پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە ئۇچرايدۇ . بىرقى- سىم يەر ناملىرى بولسا مەكىت بىلەن قوشنا جايلاردا ئازدۇر - كۆپتۇر ئۇچرايدۇ . بىرقىسىم يەر ناملىرى بولسا پەقەت مەكىتنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولۇپ ، باشقا جايلاردا ئۇچرىمايدۇ . بۇ ھال دەل ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي يوسۇندا شەكىللەنگەن رايون خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ يەر ناملىرىدا ئەكس ئېتىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن ، مەكىتتىكى

---

① ئارسلان ئابدۇللا : «شىنجاڭدىكى يەر ناملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى توغرىسىدىكى ئىزدىنىش» ، «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى ھەققىدە تەتقىقات» (ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى) ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 2001 - يىل 6 - ئاي نەشرى ، 183 - ، 184 - بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«بازار» ، «سان ـ سىپىر» ، «ھۈنەر ـ كەسىپ» قاتارلىقلار ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن يەر ناملىرى پۈتۈن شىنجاڭ ، مەكىتكە قوشنا بولغان جايلارغا بىرقەدەر ئومۇمىي بولغانناملار بولۇپ ، ئۇلار مەكىتتىنىڭ سودا ـ تىجارەت ، ھۈنەر ـ كەسىپ قاتارلىق ئىشلىرىنىڭ باشقا جايلار بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرىككەن ، ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلغانلىقىدەك ئومۇملۇقىنى كۆرسەتسە ، ئۇلارنىڭ مەكىتتىكى مەلۇم جايلارغا خاس نام بولۇپ قويۇلۇشى شۇ جايلارنىڭ سودا ـ تىجارەت ، ھۈنەر ـ كەسىپلەر بويىچە مەخسۇس تۈرلەرگە ئايرىلىپ ، مۇقىم ئورۇنغا ۋە خاسلىققا ئىگە قىلىنغانلىقى ، بۇ نام بىلەن ئاتالغان ئورۇنلارنىڭ خېلى ئۇزاق تارىخىي دەۋرنى باشتىن كەچۈرۈپ ، بارغانسېرى كېڭىيىپ ، ئاخىرىدا مۇشۇنداق مۇقىم خاسلىققا ئىگە بولغان يەر نامىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مەكىتتە «دۆڭ» ، «قۇم» ، «سازلىق» نامى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى بىرقەدەر كۆپ . بۇ ناملار مەكىتنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ، جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلغان بولۇپ ، بۇنداق تەبىئىي مۇھىت ، جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن يەر ناملىرى بىلەن «بازار» ، «ھۈنەر-كەسىپ» ، «كۆنلەر» قاتارلىقلار ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن يەر ناملىرى مەكىتنىڭ قەدىمكى زامان بىلەن ھازىرقى دەۋرى ، قەدىمكى ئاھالىسى بىلەن ھازىرقى ئاھالىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ، تۇرمۇش ئەھۋالى ، ئىپتىدائىيلىق بىلەن تەرەققىيات (زامانىۋىلىق) ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ، ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي ئۆتمۈش جەريانىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مەكىتتە «سۇ» ، «ئېقىن» ، «كۆل» ، «باغ» قاتارلىق ناملار ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن يەر ناملىرىمۇ بىرقەدەر كۆپ بولۇپ ، بۇلار مەكىتنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ، مەكىت خەلقىنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ، مۇھىمى ، مەكىتتە ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ تەبىئەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نى بويسۇندۇرۇش، تەبىئەتكە بېقىنىش، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ هاياتلىقىنى داۋام قىلدۇرۇش جەريانىدا ئېلىپ بارغان بىر قاتار پائالىيەتلىرىدىن، تەكلىماكاننىڭ غەرب چېتىدىكى مەكىت بوستانلىقىنىڭ بىر پۈتۈن هاياتلىق هەرىكىتىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ.

مەكىت يەر ناملىرىنىڭ ئىچىدە «يېڭىئاۋات»، «خوجا ئاۋات»، «يېڭىبازار»، «قىزىلئاۋات» دېگەندەك «ئاۋات» سۆزى بىلەن تۈزۈلگەن يەر ناملىرىنىڭ كۆپ بولۇشى مەكىتتە خېلى بۇرۇنلا ئايرىم رايونلارنى بىرلىك قىلغان هالدا بىرقەدەر باياشات، گۈللەنگەن، ئاۋات بازار، ئاهالىلەر نۇقتىلىرى، يېزا - كەنتلەرنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

دېمەك، مەكىتتىكى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بارلىققا كەلگەن يەر ناملىرى مەكىتتە ياشىغان خەلقنىڭ هايات پائالىيىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، هەممىسى ئۆزىگە خاس بىر مەنە، مەدەنىيەت ئۇچۇرىغا ئىگە بولغان.

## 3. مەكىت يەر ناملىرىدا ئەكس ئەتكەن سىياسىي، ئىجتىمائىي ئامىللار

يەر ناملىرى كېلىپ چىقىش جەھەتتىن هەرقايسى دەۋر، هەرقايسى رايونلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەهۋالى بىلەن باغلىنىشلىق بولغاچقا، بەزى يەر ناملىرى شۇ رايوننىڭ هەرقايسى دەۋرلەردىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەهۋالىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

مەكىتتە توتېم ئېتىقادى، دىنىي ئۆرپ - ئادەت ۋە تارىخىي ئامىللار سەۋەبىدىن بارلىققا كەلگەن يەر ناملىرىدىن «قارا ئۆي»، «قارا دۆڭ»، «قاپاق ئاستى»، «ئون ئوتاق»، «مازار مەھەللىسى»، «باش قايدى مازار»، «شېھىتدۆڭ»، «ئۆكتە كۆل»، «قوراللىق» دېگەن يەر ناملىرى بۇ يۇرتنىڭ دىنىي ئۆرپ - ئادەت ۋە بىرقىسىم تارىخىي ئەهۋاللىدىن دېرەك بەرسە، مىللەت، خەلقلەرنىڭ كۆچۈشى سەۋەبىدىن بارلىققا

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى www.uyghurkitap.com



كەلگەن «مەكىت» ، «يېڭىئاۋات» ، «قۇمقىسار» ، «غولمەھەللە» ، «لايداڭ» ، «مەكىت پاختىلىق» ، «ئاقبەل پاختىلىق» ، «لايلىق پاختىلىق» ، «مەدەنىي پاختىلىق» قاتارلىق يەر ناملىرى بۇ يۇرتلاردىكى مىللەت ، ئاھالىلەرنىڭ كۆچۈشى ، ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ . خان ـ پادىشاھلار ، مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرگە مۇناسىۋەتلىك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بارلىققا كەلگەن يەر ناملىرىدىن «خانكۆل» ، «ئوردا كۆل» ، «خانناماز» ، «خوجا ئاۋات» ، «شاھ تاتار» ، «قىزىلچى» قاتارلىق ناملار مەكىتنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىكى سىياسىي ھاكىمىيەتلەر ، ھۆكۈمرانلار ، خان ـ خوجىلار ، دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ ئەھۋالى ، ئۇلارنىڭ مەكىت تارىخىدىكى ئورنى ، رولى ، ئىش ـ پائالىيىتى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىدۇ .

## 4 . مەكىت يەر ناملىرىدا ئەكس ئەتكەن تىل ئامىللىرى

يەر ناملىرى سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقتىن ھەممە ھەرقايسى دەۋرلەردە ، ئوخشىمىغان رايونلاردا ، ئوخشىمىغان مىللەتلەر تەرىپىدىن قويۇلۇپ ، دەۋر ، رايون ، مىللىي تۇسلەرگە ئىگە قىلىنغانلىقتىن ، ئۇلار شۇ دەۋر ، شۇ رايون ، شۇ مىللەتكە خاس بولغان تىللار ، دىئالېكتلارنىڭ دەۋر ، رايون ۋە مىللىي خاراكتېردىكى ئالاھىدىلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ .

مەسىلەن ، قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرىنىڭ نامىدىن كەلگەن «مەكىت» نامى ئۆزى تەۋە بولغان مىللىي تەركىب تۈپەيلى ، ناھايىتى يىراق بولغان تارىختا ، قەدىمكى تۈركىي تىللار تەركىبىگە مەنسۇپ . بىراق ، بەزىلەر «مەكىت» دېگەن نامنىڭ تىل تەۋەلىكىنى قەدىمكى شەرقىي ئىران تىلىغا مەنسۇپ بولۇپ ، «شەھەر» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ ، دەپ قارايدۇ[①] (ئەلۋەتتە بۇ بىر ئىلمىي پەرەز بولۇپ ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ) .

---

① نىيز رۇجى : «شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1994 ـ يىل 3 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى ، 137 ـ بەت .

مەكىت يەر ناملىرىدا «قارا» سۆزى بىلەن تۈرلەنگەن «
ئۆيي» ، «قاراكۆۋرۇك» ، «قارا دۆڭ» دېگەن يەر ناملىرى خېلى
بولۇپ ، بۇ يەردىكى «قارا» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «چ
بۈيۈك ، ئۇلۇغ» دېگەن مەنىلەرنى بىرىدۇ[1] . «كۆل» سۆزى ب
تۈرلەنگەن يەر ناملىرىدىن «خانكۆل» ، «غازكۆل» ، «ئۇرداكۆل
«شوركۆل» ، «كاما كۆل» دېگەن يەر ناملىرىمۇ خېلى كۆپ بول
بۇ يەردىكى «كۆل» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «چوڭقۇر ، ك
مۇقەددەس» دېگەن مەنىلەرنى بىرىدۇ . شۇڭا ، قەدىمكى ئەجدادلىر
سۇغا بولغان ئېتىقادتىن ئۇيغۇر تارىخىدا ئۆتكەن كۆپلىگەن خاقان
قەھرىمانلار ئۆز ئىسىملىرىنىڭ بېشىغا «كۆل» سۆزىنى قوشۇپ ئات
ئادەتلەنگەن . مەسىلەن ، «كۆل ئەركىن» ، «بىلگە كۆل قاغان
«كۆلتېگىن» ، «كۆل تارخان» دېگەنگە ئوخشاش[2] .

مەكىت يەر ناملىرىدا تەبىئىي مۇھىت ، تەبىئىي رەڭ ، ھايۋانا
قۇشلار ، تەبىئىي مەنزىرە ، ئۆسۈملۈكلەر ، ئورمان ۋە باغۋەنچىلىك
قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان يەر ناملىرى بىر قەدەر كۆپ بولۇ
بۇلار ئىچىدىكى خاس ناملار (شۇ جاينىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك
ئاساسەن قويۇلغان بىرلا سۆزدىن تەركىب تاپقان خاس ناملار ) ۋە ئ
ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەردىن تەركىب تاپقان يەر ناملىرىنىڭ ئە
لىدىن قارىغاندا ، ئومۇمەن بۇ ناملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قەدى
تۈركىي تىللار سىستېمىسىغا تەۋە سۆزلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ
ناملارنىڭ تەركىبىدە ئەرەب ، پارس ۋە باشقا تىللارنىڭ تىل ئېلېمېن
رى يوق . شۇڭا ، بۇ ناملارنى ھېچبولمىغاندا ئىسلامىيەتتىن بۇ
بارلىققا كەلگەن يەر ناملىرى دېيىشكە بولىدۇ .

---

① ئەخمەت مۇلايىمان ، ھەمەت سەمەت : «ئۇيغۇر تىلىدىكى «قارا» سۆزى ھ
لىزدىنىش» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1992 - يىلى 4 - سان ، 73 -
② نۇرمۇھەممەت توختى : «دىنىي تەقىبلەر ۋە بەزى ئۇرپ - ئادەتلەر توغرىسىدا ق
مۇلاھىزە» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى ، 1991 - يىل 4 - سان ، 162 -

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## 4 . مەكتەپ يەر ناملىرىغا ئائىت ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر

يەر ناملىرىغا ئائىت رىۋايەتلەر ھاياتىي ۋەقەلەرنى بەدىئىي توقۇلمىنىڭ ياردىمى بىلەن ھېكايە قىلىپ، مەلۇم بىر يەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى، مەنىسى، دائىرىسى ياكى مەلۇم بىر جايدا يۈز بەرگەن تەبىئىي، تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ھېكايە قىلىش ئارقىلىق، شۇ جايدا ياشىغان كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، ئەخلاق ـ پەزىلىتى، دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى... قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، شۇ جاي يەر نامىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەر، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت، دوستلۇق ـ ھەمكارلىق، قەھرىمان شەخسلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى ۋە دىنىي ئېتىقاد قاتارلىقلار ھەققىدىكى ھېكايىلارنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەكتەپ يەر ناملىرىغا ئائىت بولغان رىۋايەتلەرمۇ ئوخشاشلا مەكتەپ يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ۋە مەكتەپنىڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

### 1 . تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي شەخسلەر ھەققىدىكى يەر ناملىرىغا ئائىت رىۋايەتلەر

ئىنسانلارنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى پائالىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى كىشىلەر قەلبىدە ئۇنتۇلماس تەسىرات پەيدا قىلىش بىلەن بىللە يەر ـ جاي ناملىرى بىلەنمۇ باغلىنىپ كېلىپ، تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي شەخسلەرگە ئالاقىدار بولغان يەر ناملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە مەنبە بولغان رىۋايەتلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. بۇ خىلدىكى يەر ناملىرىغا ئائىت رىۋايەتلەردە ھەرقايسى يۇرت ـ شەھەرلەرنىڭ، تاغ ـ جىلغىلارنىڭ، دەريا ـ كۆللەرنىڭ، مازارلارنىڭ، مەشھۇر قەدىمكى قۇرۇلۇشلار-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



نىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ، نامىنىڭ قانداق قويۇلغانلىقى تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىگە تەتبىقلاپ چۈشەندۈرۈلگەن بولغاچقا ، بۇ يەر ناملىرى ئارقىلىق بىز شۇ يەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي شەخس ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى بىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيمىز .

«مەكىت ھەققىدىكى رىۋايەت» تە بۇ ناھىيىنىڭ نامىنىڭ بارلىققا كېلىش سەۋەبى چۈشەندۈرۈلىدۇ : تەخمىنەن 500 يىل ئىلگىرى يەكەن خانى بىر تۈركۈم جىنايەتچىلەرنى تىزناپ دەرياسى بىلەن يەكەن دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى ئىپتىدائىي ئورمانغا سۈرگۈن قىلىپ ، ئۇلارنى ئۇۋچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئېرىشكەن نەرسىلىرىنى قەرەللىك ھالدا تاپشۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ . يەكەن خانلىقىغا تەۋە بىر قورغاندا مۇقات ئىسىملىك بىر زالىم پادشاھ بار ئىكەن . ئۇ پۇقرالىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ ئېزىدىكەن . كىشىلەر تاقەت قىلىپ تۇرالماي قوزغىلىپ ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپتۇ . قوزغىلاڭچىلار قامەتلىك كەلگەن مىگىتنى باشچى قىلىپ ، نەچچە يىل كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ، ئاخىر مۇقاتنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ، مىگىتنى خانلىق تەختكە چىقىرىپتۇ . كېيىن كىشىلەر بۇ قەبىلىنىڭ باشچىسى مىگىتنىڭ ئىسمىنى بۇ يەرنىڭ نامى قىپتۇ . كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «مىگىت» تاۋۇش ئۆزگىرىشى قىلىپ بۈگۈنكى «مەكىت» كە ئۆزگەرگەنىكەن .

2 . مېھىر - مۇھەببەت ، دوستلۇق - ھەمكارلىق ھەققىدىكى يەر ناملىرىغا ئائىت رىۋايەتلەر

ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ھاياتلىق پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولغان مېھىر - مۇھەببەت ، دوستلۇق - ھەمكارلىق يەنە شۇ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش - ھاياتلىق پائالىيىتىنىڭ سەھناسى بولغان جايلار بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ ، شۇ جايلارنىڭ

يەر ناملىرى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىدا ئىنسانلارنىڭ مېھىر ـ مۇ-
ھەببەت، دوستلۇق ـ ھەمكارلىقىغا ئائىت بولغان نۇرغۇن ھېكايە ـ
قىسسىلەرنى، رىۋايەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

«مۆكۈپ رىۋايىتى» دە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: بۇ يەر يۇرت بولغان
دەسلەپكى چاغلاردا چەكسىز كەتكەن توغراقلىق، ئادەم ئۆتكىلى بولمايدى-
غان چاتقال ـ يۇلغۇنلۇق ئىكەن، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ۋەھشىيلىرىمۇ
بۇ يەردە ياشايدىكەن. ئۇلار ھە دېگەندە بۇ يەردە ياشايدىغان كىشىلەرگە
ھۇجۇم قىلىپ، پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرغاچقا، كىشىلەر ئۆزلىرى-
نىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن توغراق ياغاچلىرىنى قاتار قىلىپ
تىزىپ، لاتقا (توساق) ياساپتۇ. بۇ ھازىرقى ۋاقىتتىكى توقۇلما (تۈيۈ-
زە) تامنىڭ دەسلەپكى شەكىللىرى ئىكەن. سىرتقى جايلاردىن كەلگەنلەر
بۇلارنى «مۆكۈپ ياشايدىغانلار» دەيدىكەن. كېيىنچە بۇ نام «مۆكۈپلەر»
دېگەنگە قىسقىرىپتۇ. زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن «مەكىت» دېگەن نامغا
ئۆزگىرىپتۇ. ھازىر بۇ يۇرتتا ساقلىنىپ قالغان «ئارالاتقا»، «بۇلۇڭ-
لاتقا» دېگەنناملار ئاشۇ ۋاقىتتىن قالغانىكەن.

«يەكەن دەرياسى[①] ھەققىدىكى رىۋايەت» تە مۇنداق ھېكايە سۆزلەن-
گەندۇ: بۇرۇنقى زاماندا قەشقەردە ساھىبجامال بىر قىز بولۇپ، ئىسمى
ئانارخان ئىكەن. كېيىن ئۇ دادىسىنىڭ بىر چاكىرى بىلەن مۇھەببەتلە-
شىپتۇ. ئۇنىڭ پۇلپەرەس دادىسى قىزىنى ئۇنىڭدىن 50 نەچچە ياش چوڭ
بىر باي سودىگەرگە بەرمەكچى بوپتۇ. قىز بۇنىڭغا قوشۇلماي، سۆيگىنى
بىلەن يوشۇرۇنچە قاراقۇرۇم تېغى ئېتىكىگە قېچىپ بېرىپ، بوز يەر
ئېچىپ تېرىقچىلىق قىپتۇ. ئىككىنچى يىلى ئانارخان بىر قىز تۇغۇپتۇ.
ئۇنى كىچىك ئانارخان دەپ ئاتاپتۇ. قىز تۇغۇلغاندا بوينىدا بىر ئالتۇن
زەنجىر بار ئىكەن. قىز تۇغۇلۇپلا سۆزلەپتۇ. قىز چاق ئاتا ـ ئانىسى-

① يەكەن دەرياسى تارىختا كۆپ خىل نام بىلەن ئاتالغان بولۇپ، باشلىنىش نۇقتىسىدىن يەكەن ناھىيىسى دائىرىسىگىچە بولغان ئارىلىقتا «زەرەپشان دەرياسى»؛ يەكەن ناھىيىسى تەۋەسىدە «يەكەن دەرياسى»؛ مەكىت، مارالبېشى ناھىيىسىدىن تاكى تارىم دەرياسىغا قوشۇلغۇچە بولغان ئارىلىقتا «دولان دەرياسى» دەپ ئاتالغان. بۇ رىۋايەت مۇشۇ خىل ئاتالمىدە سەۋەب تۇپەيلىدىن ئېلىندى.

دىن : «سىلەرگە نېمە لازىم» دەپ سوراپتۇ . ئانىسى : «ئۆي لازىم» دەپتۇ . ئاتىسى : «بوستانلىق ۋە قوي ، كالا لازىم» دەپتۇ . قىزچاقنىڭ بويىندىكى زەنجىر بىرلا چاقناپتىكەن ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپتۇ . كېيىن كىچىك ئانارخاننىڭ بوۋىسى بۇ ئىشنى ئۇقۇپ ، بۇ يەرگە كېلىپ ، نەۋرىسىنىڭ بويىندىكى زەنجىرنى تارتىۋالماقچى بوپتۇ . تالىشىش جەريانىدا زەنجىر ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ . دەل شۇ چاغدا ھاۋا گۈلدۈرلەپ ، شىددەتلىك يامغۇر يېغىپ ، بىر دەريا پەيدا بوپتۇ ـ دە ، بۇ ئاچ كۆز بايىنى يۇتۇپ كېتىپتۇ . دەريا ئالتۇن زەنجىردىن ھاسىل بولغانىكەن . كىچىك ئانارخان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ قوملۇققا قاراپ يول ئاپتۇ . «يەكەن» ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ ، «يەركەڭ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .

## 3 . يەر ناملىرىغا ئائىت رىۋايەتلەردىكى قەھرىمان شەخسلەر

قەھرىمان شەخسلەر ھەققىدىكى ھېكايىلار ئەدەبىياتنىڭ ھەرقايسى ژانىرلىرىدا تولۇپ ياتىدۇ . يەر نامىغا ئائىت رىۋايەتلەردىكى قەھرىمان شەخسلەرنىڭ ئىچىدە توقۇلما ، مۇبالىغە قىلىنغانلىرىمۇ بار ، شۇنداقلا ھەقىقىي ۋەقەلىك خاتىرىلەنگەنلىرىمۇ بار . بىز ئۇلارنىڭ يالغانلىرىنى تاشلاپ ، چىنلىرىنى ساقلاپ ، ئەستايىدىل تەھلىل قىلىدىغانلا بولساق ، بەزى ئەھمىيەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنىمۇ بايقىيالايمىز . دەرۋەقە ، رىۋايەتلەردە ئەكس ئەتتۈرگىنى گەرچە ھەقىقىي ۋەقە ۋە ھەقىقىي شەخس بولسىمۇ ، يەنىلا ئازدۇر ـ كۆپتۇر مۇبالىغە ئارىلاشقان بولىدۇ . شۇڭا ئۇنى تارىخىي ماتېرىيال سۈپىتىدە ئىشلەتكەندە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ[1] .

«مىكىت» ، «مىكىت گەۋرى» ھەققىدىكى رىۋايەتمۇ مۇشۇ تۈرگە

---

[1] نيۇر ۋجى : «شىنجاڭنىڭ يەر ناملىرىغا ئائىت رىۋايەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ، تۈرى ۋە تېمىسى ھەققىدە» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى ، 1994 ـ يىللى 4 ـ سان ، 114 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كىرىدۇ .

موڭغۇللار دەۋرىدە موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىدىن چىن دەيخان قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ ، مەكىت ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى ھاڭغىتلىق يېزىسى 9 ـ كەنتىنكى ئەپچىل بىر جىلغىغا ئورۇنلىشىپ ، بۇ يەرنى تايانچ بازا قىلىپ ، دولان خەلقىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان (بۇ جاي ھازىرمۇ «قالماق جىلغىسى» دەپ ئاتىلىدۇ) . چىن دەيخان ئۈچ يىل جەريانىدا خىلمۇخىل ۋاستىلەر بىلەن نۇرغۇن بىگۇناھ خەلقنى ئۆلتۈرۈپ ، مال ـ مۈلكىنى بۇلىغان . چىن دەيخاننىڭ زۇلمىغا چىدىمىغان دولان خەلقى ئاخىر ئۇنىڭغا قارشى جەڭگە ئاتلانغان . بۇ جەڭگە دولان خەلقىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ياش ھەم تەدبىرلىك يولباشچىسى «مىكىت گەۋرى» دېگەن كىشى قوماندانلىق قىلغان . ئۇ دولان خەلقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ۋە تەشكىللەپ ، چىن دەيخانغا قارشىلىق كۆرسەتكەن . كۆرەش تەخمىنەن بىر يىل داۋاملىشىپ ، ئاخىر «مىكىت» نىڭ ياشلىرى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنى مەغلۇپ قىلغان ۋە ھازىرقى مەكىت ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى قۇمنىڭ تۈۋىدە چىن دەيخاننى تۇتۇپ ئۆلتۈرگەن ۋە شۇ قۇملۇققا كۆمگەن . شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قۇملۇق مازار قىلىنىپ ، ھازىرغىچە «مازارى چىن» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە (بەزىلەر «چىن دىرخان مازىرى» دەپمۇ ئاتايدۇ) . چىن دەيخان ۋەكىللىكىدىكى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئۈستىدىن قىلىنغان غەلىبە بىلەن مىكىتنىڭ نامى ئەل ئىچى ۋە سىرتىدا داڭ قازىنىپ ، «دولاننى مىكىت ئاپتۇ» ، «دولان مىكىتنىڭ شەھىرىگە ئايلىنىپتۇ» دېگەن سۆز ـ چۆچەكلەر تارقالغان . شۇنىڭ بىلەن «دولان» دېگەن ئىسىم «مىكىت» كە ئۆزگەرگەن . شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر دولانغا بارىمەن دېمەكچى بولسا ، مىكىتنىڭ شەھىرىگە بارىمەن دەيدىغان بولغان . مۇشۇنداق تارىخىي ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن «مىكىت» دېگەن سۆز ئاستا ـ ئاستا ئېيتىشقا ئاسان بولغان «مەكىت» دېگەن ئاتالغۇغا ئۆزگەرگەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



4 . يەر ناملىرىغا ئائىت رىۋايەتلەر ۋە دىنىي خۇراپاتلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە خەلق رىۋايەتلىرى ئوخشاشلا مەلۇم ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولىدۇ . ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولغان دىنىي ئېتىقادمۇ مۇقەررەر هالدا ئاغزاكى ياكى يازما ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۇرۇلىدۇ .

«مەرتكېت رىۋايىتى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ : ئاتام زامانىسىدا (بۇنىڭدىن ناهايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى) تەكلىماكاندا ناهايىتى باياشات ، روناق تاپقان ، ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن تولغان شەهەرلەر بار ئىكەن . زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەرنىڭ تائەت - ئىبادىتى ئاجىزلاپ ، ئىمانى سۇسلىشىپ ، ئۆزئارا جېدەل - ماجىرالار يامراپ ، ئىناساپ يوقىلىشقا باشلاپتۇ . ئەتراپنى مانا مۇشۇنداق بۇلاڭ - تالاڭ ، ئۆلۈم ۋەھىمىسى قاپلاپ كەتكەن بىر كۈنى كېچىسى ئۇشتۇمتۇت ئاسماندىن قۇم يېغىشقا باشلاپتۇ . بۇ ۋاقىتتا ئاشۇ شەهەرلەرنىڭ بىرىدە ئېتىقادىنى يوقاتماي ، تائەت - ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغان ، كىشىلىرى تولىمۇ مۆمىن بىر قوۋم بولۇپ ، ئۇلار ئاللادىن بۇ بالا - قازادىن قۇتۇلۇشقا مەدەت تىلەپتۇ . شۇئان ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي پەيدا بولۇپ ، «ئاللا ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلمىغان ئاسىي بەندىلىرىگە غەزەپلىنىپ قۇم بالاسى بەردى . سىلەر بولساڭلار ئۆز نېسىۋەڭلەرگە شۈكۈر قىلىپ ، ئاللانى ئەستىن چىقارمىغىنىڭلار ئۈچۈن ، ئاللا سىلەرنى بۇ بالا - قازادىن ساقلاپ قېلىشنى ئەمر قىلدى» دەپ قولىدىكى هاسىسىنى يەرگە سانجىپ ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەشنى ، هاسا چۈكۈپ كەتسە يەنە تارتىپ چىقىرىپ ، يىقىلىپ چۈشمەستىن داۋاملىق چۆرگىلەشنى ، قۇم يېغىش توختىغاندىن كېيىن كۆنپېتىشقا قاراپ مېڭىپ ، سۇلۇق بىر جايغا ئورۇنلىشىشنى بۇيرۇپتۇ . شۇنداق قىلىپ بۇ قوۋمدىكى كىشىلەر قول تۇتۇشۇپ ، هېلىقى كىشى بەرگەن هاسىنى چۆرگىلەپ يەتتە كېچە - كۈندۈزنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ، قۇم يېغىش توختاپتۇ . لېكىن ، ئەتراپنى پۈتۈنلەي قۇم بېسىپ ، شەهەرلەردىن هېچ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قانداق ئەسەر قالماپتۇ ، چۆرگىلەۋېتىپ يىقىلىپ چۈشكەن نۇرغۇن كىـ
شىلەرمۇ قۇم ئاستىدا قېلىپ ، پەقەت يەتتە ئادەملا ساق قاپتۇ ۋە كۈنپېـ
تىشقا قاراپ مېڭىپ ، ئاران دېگەندە بىر دەريانىڭ بويىغا يېتىپ كەپتۇ.
بۇ يەردە ياشايدىغان خەلق ناھايىتى مېھماندوست ، مەرد كىشىلەر ئىكەن.
ئۇلار بۇ مۇساپىرلارغا ئاۋۋال ئوزۇق ـ تۈلۈك بېرىپتۇ . كېيىن ئۆزلە-
رىنىڭ ئۆي ـ ماكانلىرىنى بوشىتىپ بېرىپ كۆچۈپ كېتىپتۇ . شۇنىڭ
بىلەن بۇ جاي «مەردلەر كۆچكەن جاي» دېگەن مەنىنى بېرىدىغان «مەرت-
گېت» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدىغان بوپتۇ . كېيىنچە زامانلارنىڭ ئۆتۈ-
شى بىلەن بۇ نام ئاستا ـ ئاستا «مەرگېت» ، «مەركىت» ، «مە-
كىت» (مەكىت) كە ئۆزگىرىپ ، قوللىنىشقا ئاسانلاشتۇرۇلغانىكەن .

«دولانلار» ھەققىدىكى رىۋايەت . بىرقىسىم كىشىلەر ئارىسىدا مۇن-
داق رىۋايەتمۇ سۆزلىنىپ تۇرىدۇ : بۇرۇنقى زامانلاردا دولانلىقلارنىڭ
ئەجدادلىرى قامان (شامان) دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن . ئۇلارنىڭ ئوماي-
لىرى (ئايال داخانلىرى) ناھايىتى ئەقىللىق بولۇپ ، كەلگۈسىدە بولى-
دىغان ئىشلارغا ئالدىن ھۆكۈم چىقىرالايدىكەن . بۇ ئومايلارنىڭ چوڭلى-
رى دولىلار (ئۆشىنىسىدە ئەقلى بارلار) دېيىلىدىكەن . بۇنىڭدىكى سە-
ۋەب ، ئۇلارنىڭ ھەمىشە ياۋا توڭگۇزنىڭ تاغاق سۆڭىكىگە ئويۇلغان ئاب...
ۋە ئەپسۇنلارنى كۆتۈرۈۋالىدىغانلىقىدا ئىكەن . ھازىرمۇ مەكىت رايونىدا
ئايال قوشناچىلار (پېرىخونلار) كۆپ ئۇچرايدۇ . ئەر پېرىخونلارغا
قارىغاندا ئۇلارنىڭ تەسىرى بىرقەدەر چوڭقۇر . شۇڭا ، بۇ خىل رىۋايەتلەر
مەلۇم تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە .

## 5 . مەكىتتىكى بىرقىسىم يەر ناملىرى توغرىسىدا

بىزگە مەلۇمكى ، يەر ناملىرى شۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ،
تەبىئىي شەرت ـ شارائىت ئالاھىدىلىكى ، كان بايلىقلىرى ، يېزا ئىگى-
لىك مەھسۇلاتلىرى ، شۇ جايدا ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر ، قەھرى-
مانلارنىڭ نامى ، شۇ ئورۇننى بويسۇندۇرغۇچى ، بايقىغۇچىلارنىڭ نامى ،
يۈز بەرگەن ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ھادىسىلەر... قاتارلىق ئەھۋاللارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاساسەن قويۇلغان بولۇپ، ئۇ ئادەتتە جۇغراپىيىلىك شەرت - شارائىت ئەكس ئەتكەن ئىسىملار ۋە تارىخىي شەرت - شارائىت ئەكس ئەتكەن ئىسىملار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بۇ ئىسىملار يەنە ئۆز نۆۋىتىدە تارىخىي تەرەققىيات، خانلىقلارنىڭ ئالمىشىشى، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى، پائالىيىتى، ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ۋە مەدەنىي ھاياتى قاتارلىق تۈرلۈك تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مەكىت ناھىيىسىدىكى بەزى يەر ناملىرىمۇ يۇقىرىقىدەك يوسۇندا پەيدا بولغان ۋە كېيىنچە بەزى ئۆزگىرىشلەرنى ياسىغان.

قارا ئۆي. ئىلگىرى بۇ جايدىكى ئىپتىدائىي توغراقلىقتا ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ دولان قەبىلىسى دائىم دېگۈدەك جاڭگالدىكى قويۇق ئۆسكەن دەرەخلىقلەر ئىچىدىكى يىلپىز، يولۋاس، بۆرە قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، كۆپ ئاۋارىچىلىكلەرگە يولۇقىدىكەن. كېيىنچە ئۇلار يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش چارىسىنى تېپىپ، جاڭگالنىڭ يۇرتقا يېقىن تەرىپىگە بىر قاراۋۇل ئۆيى ياساپ، نۆۋەت بىلەن كۈزەتچىلىك قىلغان ۋە بۇ ئارقىلىق يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن خېلىلا قۇتۇلغان. شۇڭا، كىشىلەر بۇ ئۆينى ئۇلۇغلاپ «قارا ئۆي» دەپ ئاتاشقان ۋە شۇ كەنتنىڭ نامىمۇ «قارا ئۆي» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە ئومۇملىشىپ كەتكەن①.

«ئارالاڭقا» ۋە «بۇلۇڭلاڭقا». بۇ يۇرت (مەكىت) قويۇق ئۆسكەن ئىپتىدائىي توغراقلىققا يېقىن بولۇپ، جاڭگالدىكى يىرتقۇچ ھايۋانلار يۇرت خەلقىگە داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ تۇرىدىكەن. بۇنىڭدىن جاق تويغان خەلق جاڭگال بىلەن يۇرت ئارىسىنى لاڭقا («ياغاچ توسما» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) بىلەن توسۇپ، مال - چارۋىلىرىنى قوغدىغان. لاڭقا بېكىتىلگەن جاينىڭ جاڭگال بىلەن يۇرت ئارىلىقىدىكى مۇساپىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا توغرا كەلگەن قىسمى كىشىلەر تەرىپىدىن «ئارالاڭقا»،

① «ئاسىيا مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1980 - يىلى 5 - سان.

جاڭگالغا يېقىنراق بولغان بۆلۈك قىسمى «بۆلۈكلاڭقا» دەپ ئاتالغان. كېيىنچە بۇ شۇ جايلارنىڭ نامى بولۇپ ئومۇملىشىپ كەتكەن[1].

«شېھىتدۆڭ». مىلادىيە 1533 ـ يىللىرى مەخدۇم ئەزەم مۇرىتلىرى بىلەن خوجا مۇھەممەت شېرىپ ئىشان مۇرىتلىرى ئوتتۇرىسىدا مەزھەپ كۈرىشى يۈز بېرىپ، ئاخۇنلۇق (هازىر پەيزاۋات تەۋەسىدە)، تېرەك لەڭگەر (هازىرقى يەكەن ناھىيىسى تەۋەسىدە)، شوردۆڭ (مەكىت ناھىيىسىدە) دېگەن جايلاردا سوپىلار ئۆزئارا سوقۇشقان. مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئاتاقلىق ھەمراھى ۋە مەسلىھەتچىسى مەككە خوجا ئۆزىنىڭ 40 نەپەر مۇرىتى بىلەن شوردۆڭ دېگەن جايدا مۇھەممەت شېرىپ ئىشان سوپىلىرى تەرىپىدىن قەتل قىلىنغان[2]. شۇنىڭدىن كېيىن، «شوردۆڭ» دېگەن بۇ جاي ئۆلۈغلارنىڭ شېھىت بولغان جايى سانىلىپ «شېھىتدۆڭ» دەپ ئاتىلىپ، ئومۇملىشىپ كەتكەن.

«قالماق جىلغىسى». تارىخي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، 1743 ـ يىلىدىن 1748 ـ يىلىغىچە شىنجاڭدىكى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن چىن دەيخان قوشۇن باشلاپ كېلىپ، هازىرقى مەكىت ناھىيىسىنىڭ شېھىتدۆڭ يېزىسىدىكى بىر جىلغىغا ئورۇنلىشىپ، بۇ جايدىكى خەلقلەرگە كۆپ زۇلۇملارنى سالغان ۋە قىرغان[3]. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جىلغىنىڭ نامى «قالماق جىلغىسى» دەپ ئاتىلىپ ئومۇملىشىپ قالغان.

«ئوردىكۆل». بۇ نامنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە مۇنداق ئىككى خىل قاراش بار: بىرى، بۇرۇن شۇ كۆل ئەتراپىدا ياشايدىغان بىر كىشىنىڭ بىر كالىسى يىتىپ كېتىپ ئىز قوغلاپ كەلسە، چوڭ كۆلنىڭ بويىغا كەلگەندە كالىنىڭ ئىزى يوقاپ كەتكەن. شۇڭا، بۇ كۆل «ئوغرىكۆل» دەپ ئاتالغان دېگەن قاراش. يەنە بىرى، بۇرۇن شۇ يۇرتتىكى بىر

① «قەدىمكى ئۇيغۇرتىلى لۇغىتى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى، 107 ـ بەت.
② «شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى، 1987 ـ يىلى 3 ـ سان.
③ «شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىلى 3 ـ سان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كىشىنىڭ ئۆيىدىن يوقالغان خېلى نۇرغۇن نەرسىلىرى ھېلىقى چوڭ كۆلنىڭ ئىچىدىن تېپىلغان بولغاچقا، بۇ كۆل «ئوغرىكۆل» دەپ ئاتال- غان، دېگەن قاراش. بۇ كۆل جايلاشقان كەنت ھازىرقى بازار جەمى يېزىسى تەۋەسىدە بولۇپ، كىشىلەر سىلىقلاشتۇرۇپ «ئوردا كۆل» دەپ- مۇ ئاتىشىدۇ.

بازار جەمى. بۇ نام «بازار» دېگەن تۈپ ئىسىم بىلەن «توپلانغان، يىغىلغان» دېگەن مەنىلەردىكى «جەمئىي» دېگەن سۆزنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، «بازار توپلانغان» ياكى «بازار يىغىلغان» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ھازىرقى مەكتەپ ناھىيىسى كىچىك - كىچىك بازارلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قۇرۇلغان ھەم يېڭى قۇرۇلغان ناھىيە بازار ئىچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ يېزا «بازار جەمى» (بازار جەملەنگەن جاي) دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.

لەڭگەر مەھەللە. بۇ «قونالغۇ، ئۆتەڭ» مەنىلىرىدىكى سۆز بولۇپ، بۇنىڭدىن بىرقانچە ئون يىل ئىلگىرى قەشقەردىن چىقىپ، يوپۇرغا ئارقىلىق مەكتەپكە كېلىدىغان يولۇچىلار بۇ يەردىن ئۆتكەندە قونۇپ، ئارام ئېلىپ ماڭغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ مەھەللىنىڭ نامى «لەڭگەر» (بېكەت، قونالغۇ، ئۆتەڭ) دەپ ئاتالغان.

غول مەھەللە. قەدىمكى چاغدا بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، سۈيى مول ئىكەن. بۇ يەر ئەمدىلا يۇرت بولۇشقا باشلىغاندا، بۇ يەردە بىرنەچچىلا ئائىلىلىك كىشى بار ئىكەن. كېيىن تەرەپ - تەرەپتىن نۇرغۇن كىشىلەر كېلىشكە باشلاپ، ئائىلىلەر كۆپىيىپتۇ ۋە توپ - توپ ئائىلىلەر، مەھەللىلەر ھاسىل بولۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ يەر «غول مەھەللە» (كۆپ مەھەللىلىك جاي) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپتۇ.

بوز. قەدىمدە بۇ يەر چەكسىز كەتكەن قۇم بىلەن ئورالغان چۆللۈك ئىكەن. كېيىن بۇ يەرگە كىشىلەر كۆچۈپ كېلىپ، يەر ئېچىپ تېرىق- چىلىق قىلىپتۇ. بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى بوز رەڭلىك تۇپراق بولۇپ، ناھايىتى مۇنبەت ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بۇ يەرنى «بوز يەر»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دەپ ئاتىشىپتۇ. كېيىن «يەر» دېگەن سۆز چۈشۈپ قېلىپ، «بوز» دەپ ئاتالغانىكەن.

چامغۇرلۇق. تەخمىنەن بۇنىڭدىن 300 يىل ئىلگىرى بۇ يەردىكى كىشىلەر دەريا سۈيىنىڭ تاشقىنىدىن پايدىلىنىپ، ئىلگىرى دەريا سۈيى تاشلاپ كەتكەن مۇنبەت لاتقىلارغا چامغۇر تېرىغانىكەن، شۇنداق ئوخشاپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر بۇ يەرنى «چامغۇرلۇق» دەپ ئاتاشقانىكەن. يەنە بىرخىل قاراش، بۇ يەردىكى كىشىلەر چامغۇرنى كۆپ يېيىشكە ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن، سىرتتىن كەلگەنلەر بۇ يەرنى «چامغۇرلۇق» دەپ ئاتاشقانىكەن.

قوش ئېقىن. بۇرۇن بۇ يەرنى شىمال تەرىپىدە دەريا – ئۆستەڭ (ھەززى بەگ ھاجى ئۆستىڭى) بىلەن غەربتىن شىمالغا ئاققان بولقا ئۆستەڭ ئوراپ تۇرغان بولغاچقا، ئىككى ئۆستەڭ ئارىلىقىدىكى بۇ يۇرت «قوش ئېقىن» دەپ ئاتالغان.

يار خومدان. بۇ نام «يار» (يارلىق — سۇ ئېلىپ كەتكەن جاي) بىلەن «خومدان» دىن ئىبارەت ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن. بۇنىڭدىن تەخمىنەن 100 يىل ئىلگىرى دەريا سۈيى بۇ يەرنى ئېقىتىپ كەتكەن، كېيىن ئىمىن ھاجى دېگەن كىشى بۇ يارلىققا بىر خومدان سالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ يەر «يار خومدان» دەپ ئاتالغان.

بېلىقچى. بۇ نام «بېلىقچى» دېگەن قوشنىڭ نامىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەنىكەن. ئىلگىرى بۇ يەردە ناھايىتى چوڭ بىر كۆل بولۇپ، بۇ كۆلدە بېلىق ھەم بېلىقئالغۇچ (بېلىقچى) ناھايىتى كۆپ ئىكەن. شۇڭلاشقا، بۇ يەر «بېلىقچى» دەپ ئاتالغانىكەن.

ئوكا. بۇ نام ئەسلىي «ئوكالىق» (مەكىت خەلقى ئارىسىدا قۇشلار، ھايۋانلارنىڭ ئۇۋىسىنى «ئوكا» دەپ ئاتايدۇ) دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇپ، ھايۋانلار، قۇشلارنىڭ ئۇۋىسى مەنىسىدە. بۇ يەر يۇرت بولۇشتىن ئىلگىرى بۇ يەردە ھايۋانات، قۇشلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھەممىلا يەرنى ھەرخىل شەكىلدىكى قۇش ئۇۋىلىرى قاپلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەتكەنىكەن . شۇڭا ، كىشىلەر بۇ يەرنى «ئوگا» (ئۇۋا) دېگەن تۆپ ئىسمىغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى بولغان «لىق» نى قوشۇپ ، «ئوگالىق» دەپ ئاتاشقانىكەن . كېيىن بۇ نام «ئوكا» دېگەنگە ئۆزگىرىپ كەتكەنىكەن .

سوپى دۆڭ . بۇ يەر تۆپتۈز كەتكەن تۈزلەڭلىك بولۇپ ، ئوتتۇرىسىدا ئېگىزرەك بىر دۆڭ چوقچىيىپ تۇرىدۇ . كىشىلەر بۇنى ئېتىكاپتا ئولتۇرغان سوپىغا ئوخشىتىپ «سوپى دۆڭ» دەپ ئاتىغان . كېيىن بۇ يۇرت نامى بولۇپ قالغان .

قاپاق ئاستى . بۇ نام ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان :بۇرۇن بۇ يەر توغراقلىق بولۇپ ، ئايلىخان دېگەن بىر ئايال يوپۇرغىدىن بىر قاپاق سۇ ئېلىپ ، پىيادە مەكىتكە مېڭىپتۇ . بۇ يەرگە كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ . ئورمانلىقتا بۆرە بولغاچقا ، دەرەخكە چىقىۋېلىپ كېچىنى ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ ، قاپاقنى دەرەخكە ئېسىپ قويۇپتۇ . كېچىدە بۆرىلەر دەرەخنىڭ ئاستىغا كېلىپ قالايمىقان ھۇۋلاشقا باشلىغانىكەن ، ئۇ ئايال دەرەختىن يىقىلىپ چۈشۈپ بۆرىگە يەم بولۇپتۇ . كېيىن بۇ يولدىن ئۆتكەن كىشىلەر ئادەم ئۇستىخانلىرى ۋە دەرەخ ئۇستىدىكى ئېسىقلىق قاپاقنى كۆرۈپ ، بۇ يەرنى «قاپاق ئاستى» دەپ ئاتىشىپتۇ .

ئوتاق (ئوتاغ) . بۇ نام مەكىت ناھىيىسىدىكى يەر نامى بولۇپ ، «توققۇز ئوتاق» ، «ئون ئوتاق» دېگەنناملار بىلەن ئۇچرايدۇ . بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «ئوتاق» سۆزى ئەسلىدە نامى تىلغا ئېلىنغان كەنتلەرگىلا خاس سۆز بولماستىن ، يېزا ئىگىلىكىدە تاكى كوللېكتىپلاشتۇرۇش يولىغا قويۇلغۇچە داۋام قىلىپ كەلگەن ھەمكارلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىش شەكلىنى كۆرسىتىدۇ . بىراق ، بۇ نام بەزىدە ئورتاقچىلىق ، يەنى شېرىكچىلىكتا ئەڭلەشتۇرۇلۇپ «ئورتاق» دەپ تەبىر بېرىلىۋاتىدۇ . بۇ بىزنىڭ يەر - جاي ناملىرى تەتقىقاتىمىزدا ساقلىنىۋاتقان «قەدىمكىنى ھازىرقى بىلەن تەڭلەشتۇرۇپ قويىدىغان» ، يەنى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئورخۇن دەۋرى ۋە خاقانىيە دەۋرىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئائىت سۆزلەردىن ياسالغان ئەڭ قەدىمكى نام-لارنى شەرھلىگەندە، ئاد-دىي ھال-دا فونېتىكىلىق تەگلەشتۈرۈش ئۇسۇلنى قوللىنىلىپ، زورمۇ-زور ھازىرقى زام-ان ئۇيغۇر تىلىغا تارتىپ قويىدىغان خاھىشنىڭ ئەمە-لىي نەتىجىسى بولۇپ، بۇ سۆز توغرىسىدا بىزنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرد-مىزدە بىرقىسىم مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ.

«ئوتاغ» توغرىسىدا «قۇتادغۇبىلىك»تە:
تېگەر ئەرسەخىل ياساگا ئون ئوتاغ،
ئەلىگ تارغۇمالىن قىلىچ تۇتغۇ ياغ.

(ساگا بىر توپ لەشكەر بىلەن ئون ئۆيلۈكنىڭ باشلىقلىقى تېگىپ قالسا، قىلىچ بىلەن يانى قولۇڭغا ئال، ئەلگە مال تارات) دېيىلگەن. يەنە بۇ كىتابنىڭ 4139 - بېيىتىدە ئۆي - ئائىلە مەنىسىدە كېلىۋاتقان «ئوتاغ» بىلەن «دىۋانى مەھزۇن» دىكى:

«خانەمانىم ئۆرتەنسە ۋەنەخۇشتۇر ئى مەھزۇن، ئىشق بەرقىدىن ناگەھ ئوت تۇتىشىپ ئۇتاغىمگە» دېگەن بېيىتتە ئۆي (كۆڭۈل ئۆيى) مەنىسىدە كېلىۋاتقان «ئوتاغ» بۇگۈنكى كۈندە «ئوتاق» تەلەپپۇز قىلىنى-ۋاتقان يەر ناملىرىنىڭ مەنبەسىدۇر. دېمەك، يۇرتىمىزدىكى «توققۇز ئوتاق»، «ئون ئوتاق»لار توققۇز ئۆيلۈك مەھەللە، ئون ئۆيلۈك مەھەللە دېگەنلىك بولىدۇ[1].

خاندى. مەكىت ناھىيىسى شېھىتدۆڭ يېزىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپە-دىكى يەكەن ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدىغان جايدا «خاندى» دېگەن بىر يۇرت بار. بۇ يۇرت نامى بىرقىسىم ماتېرىياللاردا («قەشقەر ۋىلايىتى-نىڭ يەر - جاي ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە) رىۋايەت قىلىنى-شىچە، 100 يىل بۇرۇن خەنزۇلار كېلىپ بوز يەر ئاچقان، شۇڭا «خۋاڭدى» يەنى «خاندى، دەپ ئاتالغان» دېيىلىدۇ. بۇ يەردىكى «خاد-

---

[1] ئابلەت ئابباس: «يەر - جاي ناملىرى تەزكىرىلىرىدىكى ئىلمىيلىك مەسىلىسى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1997 - يىلى 4 - سان، 65 —، 66 - بەتلەر.

ى» ئىبارىسى «خان» (خان — تۈركلەرنىڭ ئەڭ چوڭ پادشاھى.
فراسىياپنىڭ ئوغۇللىرىمۇ خان دەپ ئاتىلىدۇ). [1] بىلەن پارسچە يېزا،
ەنت، يۇرت - جاي مەنىلىرىدە كېلىدىغان «دىھ» («دىھ كوجاۋۇ
ەرەختان كوجا» مەنىسى «يېزا نەدە بولسا دەل - دەرەخ شۇ
ردە». «بابۇرنامە» دىن ئېلىندى) سۆزىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان.
يمەك، «خاندى» ئىبارىسىنىڭ مەنىسى خانلىق يېزا، خانلىق كەنت
كى خانلىق جاي دېگەن بولىدۇ[2].

خېنيار. بۇ مەكىت ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالى تەرىپىدىكى
ەكىمىز كەتكەن ئېپتىدائىي توغراق ئورمانلىقىنىڭ نامى. بۇ نامدىكى
رخېنى» ئىبارىسى خانلىق، پادىشاھلىق، بەگلىككە تەۋەلىك مۇناسىۋەت-
ى بىلدۈرگۈچى سۆز بولۇپ، «يار» سۆزى بىلەن قوشۇلۇپ يەر نامى
ولۇپ كەلگەندە يۇقىرىدىكى تەۋەلىك مۇناسىۋىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ،
خانلىق يەر» دېگەنلىك بولىدۇ. «تارىخىي ئەمىنىيە» دە: «بەگلەرگە
اقانى چىن تەرىپىدىن ئىنئام قىلىنىپ بېرىلگەن يەرلەرنى ‹خېنى
يمىن› دەپ ئاتايتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن[3].

تېتىر. مەكىت ناھىيىسى يانتاق يېزىسىدىكى بىر تەبىئىي كەنت
امى. بۇ ئەينەن ساقلانغان يەر نامى بولۇپ، «تېتىريەر — سۇسىز،
ەرەخسىز قاتتىق يەر»[4] دېگەن مەنىدە. دېمەك، «تېتىر» نامى بىلەن
اتالغان كەنتلەر سۇسىز، دەرەخسىز يەرلەرگە قۇرۇلغان كەنت، دېگەن-
لىك بولىدۇ[5].

قۇرما. مەكىت ناھىيىسى قۇرما يېزىسىنىڭ نامى. بۇ نام خەلقىمىز
ېغىز تىلىدا «قۇما» دەپ ئاتىلىدۇ. «قۇما» ئوي قۇشلىرى بېقىلىدىغان
انەك دېگەنلىك بولىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، شۇ جايدىكى كىشىلەر

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 315 - بەت.
② ئابلەت ئابباس: «يەر - جاي ناملىرى تەزكىرىلىرىدىكى ئىلمىيلىك مەسىلىسى»، «شىنجاڭ
ركىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1997 - يىلى 4 - سان، 67 - بەتلەر.
③ ئابلەت ئابباس: «يەر - جاي ناملىرى تەزكىرىلىرىدىكى ئىلمىيلىك مەسىلىسى»، «شىنجاڭ
ركىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1997 - يىل 4 - سان، 68 - بەتلەر.
④ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم، 468 - بەت
⑤ مۇئتان ماموت: «يۇرتىمىزدىكى يەر ناملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى،
19 - يىل 6 - ئاي نەشرى،، 7 - بەت.

ئۆيلىرىنى كاتەككە ئوخشاش سالغانلىقى ئۈچۈن بۇ جاينىڭ نامى «قوما» دەپ ئاتالغان . بىراق ، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «قوما» بىلەن «كاتەك» ئىشلىتىش ۋە ياسىلىش جەھەتتىن بىر - بىرىدىن پەرق قىلىدۇ . تىلغا باي ئەجدادلىرىمىز يۇلغۇن ياكى باشقا دەرەخلەرنىڭ نوتىلىرىدىن مەخسۇس توخۇ بېقىش ئۈچۈن ياسالغىنىنى «كاتەك» ، كەپتەر بېقىش ئۈچۈن ياسالغىنىنى «قوما» دەپ ئاتىغان . چۈنكى ، قومىنىڭ ياسىلىش شەكلى كاتەكتىن پەرق قىلىدۇ ، شۇنداقلا كەپتەرلەرنى ئېھتىيات بىلەن چىقىرىش ۋە سولاش ئۈچۈن قومىغا كاتەككە ئوخشاشمايدىغان مەخسۇس ئۇزۇن تاياقلىق تۇتقۇچ بېكىتىلگەن ئىشىك ئورنىتىلىدۇ . شۇڭا ، جەنۇبىي شىنجاڭدا «قوما» بىلەن «كاتەك» باشقا - باشقا نام ئارقىلىق بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ... كەپتەر بېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن «قوما» ئاتالغۇسى ئېھتىمال «قورۇلما» مەنىسىدىكى «قورما» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن[1] .

شاھتاتا . مەكىت ناھىيىسى غازكۆل يېزىسىنىڭ قومۇش مەھەللە كەنتى «شاھتاتا» دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ . بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار : «يەكەن خانلىقىنىڭ 2- خانى ئابدۇرەشىدخان قەۋەت - قەۋەت تويلۇق تەييارلاپ ، ئۇنى تۆگىلەرگە يۈكلەپ ، دولانغا كەلدى ۋە كاتتا توي ئۆتكۈزۈپ ، ئامانىسانى خانىشلىققا ، ئۇنىڭ دوستلىرىنى كېنىزەكلىككە ئېلىپ يەكەنگە قايتقاندىن كېيىن ، دولاننىڭ قومۇش مەھەللە ، مازار مەھەللە ، تالا مەھەللە دېگەن يۇرتلىرى ‹ شاھ تاتار › (خان تارتىپ كەتتى دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتالغان .»[2] بۇ نام توغرىسىدا باشقا بىر خىل قاراشمۇ مەۋجۇت . ئۇلار : «شاھتاتا» دېگەن نامنىڭ ئەسلىسى «تاتا» دېگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزى «تارتار» ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «تارتار — پاختەككە ئوخشىشىدىغان بىر خىل قۇش» دەپ ئىزاھلانغان .[3] مۇشۇ ئىزاھاتتىن قارىغاندا ، ئەجدادلىرىمىز قوللانغان «تاتا» ، «تاتا مەھەللىسى» دېگەن يەر ناملىرى ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ ناملىرى بىلەن ئاتالغان... «تارتار» كېيىنكى چاغلاردا نەسلى قۇرۇپ كەتكەن قەدىمكى قۇشلارنىڭ ئىسمى

① سۇلتان مامۇت : «يۇرتىمىزدىكى يەر ناملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1999 - يىل 6 - ئاي نەشرى ، 72 — 74 - بەتلەر .
② «دولان ئەدەبىياتى» ، 1981 - يىلى 1 - ، 2 - سان ، 22 - بەت .
③ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 توم ، 632 - بەت» .

ۇلۇپ ، ئۇيغۇر تىلى ئادىتى بويىچە «تارتار» دىكى «ر» ھەرپى تاشلىنىپ ، «تاتا» شەكلىدە يەر نامى بولۇپ ساقلىنىپ قالغان .①

خانكۆل . مەكىت ناھىيىسى غاز كۆل يېزىسىدىكى بىر كەنت ۋە ۇ كەنتكە جايلاشقان سۇ ئامبىرىنىڭ نامى . بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ەققىدە تارىخىي ماتېرىياللاردا مۇنداق مەلۇماتلار تىلغا ئېلىنغان : «مىلادىيە 1638 - يىلى يەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇللا خان تۇرپاندىن ەكەنگە شاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇش ئۈچۈن كېلىۋېتىپ ، خانكۆلگە كېلىپ ، قونۇپ ئۆتكەن . شۇنىڭدىن كېيىن ، بۇ جاي ‹خانكۆل› دېگەن ام بىلەن ئاتالغان»② .

ئۇنىڭدىن باشقا ، «خانكۆل» توغرىسىدا «بۇنىڭدىن تەخمىنەن 100 ىل ئىلگىرى بىر ئەمەلدار بۇ يەردىكى زەي كۆل بويىدا بىر مەزگىل ۇرغانلىقتىن شۇ نام بىلەن ئاتالغان»③ دېگەن رىۋايەتمۇ بار .

خاننامار . مەكىت ناھىيىسى يانتاق يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى . ۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە مۇنداق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان : «بېيتىشلارغا قارىغاندا ، خان خوجا ئىسىملىك بىر باي (خان خوجا اپپاق خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا يەھيانىڭ ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسىنىڭ ۆرمەت نامى ئىدى . بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغىنى شۇ كىشى بولۇشى ۇمكىن ) بۇ يەردە ناماز ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن ، شۇ نام بىلەن ئاتالغان»④ دەپ چۈشەنچە بېرىلگەن . بۇنىڭدىن باشقا ، يەنە مىلادىيە 1638 - يىلى ەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇللا خان تۇرپاندىن يەكەنگە شاھلىق تەختىدە ولتۇرۇش ئۈچۈن كېلىۋېتىپ ، يول ئۈستىدە مۇشۇ جايدىن ئۆتكەندە اماز ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەرنىڭ نامى «خاننامار» دەپ ئاتالغان دېگەن اراشمۇ بار⑤ .

① سۇلتان ماھمۇت : «يۇرتىمىزدىكى يەر ناملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 199 - يىلى 6 - ئاي نەشرى ، 70 - ، 71 - بەتلەر .
② مىرزا مەھمۇد جوراس : «تارىخىي رەشىدى» (زەيلى) ، كۆچۈرۈلگەن نۇسخا («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى ، 1996 - يىلى ، 3 - سان ، 89 - بەتتىكى نەقىل .
③ «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر - جاي ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ، 360 - بەت .
④ «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر - جاي ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ، 367 - بەت .
⑤ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى ، 1996 - يىلى 3 - سان ، 89 - بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# دولان رايونى

تارىختا ئۇيغۇر دولانلىرى تارقالغان يەكەن (دولان) دەرياسى، تىزناپ دەرياسى، قەشقەر دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرا، ئاياغ ئېقىنلىرىدىكى مەكىت، مارالبېشى، تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئاۋات، ئوتتۇرا، ئاياغ ئېقىنلىرىدىكى شايار، كۇچا، بۇگۇر قاتارلىق جايلار، بولۇپمۇ ھازىر دولانلار مەركەزلىك توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەكىت، مارالبېشى، ئاۋات قاتارلىق جايلار «دولان رايونى» دەپ ئاتالغان.

«دولان رايونى» ۋە ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى، تارىخ - مەدەنىيەت تەرەققىياتى ھەققىدە توختىلىش پۈتكۈل دولان رايونلىرى — ئۇيغۇر دولانلىرى جايلاشقان تەبىئىي مۇھىت ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، تارىخى، مەدەنىيىتى توغرىسىدا سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## «دولان رايونى» نىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى

دولان رايونىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى بۇ رايوننى تەشكىل قىلغان مەكىت، مارالبېشى، ئاۋات قاتارلىق ناھىيەلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، تەبىئىي، ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىسىنى ئاساس قىلغان.

### مەكىت ناھىيىسى

مەكىت ناھىيىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي قىسمىغا، دو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ن (يەكەن) دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ، ەرق تەرىپى گوما ناھىيىسى بىلەن، غەرب تەرىپى يەكەن ناھىيىسى لەن، جەنۇب تەرىپى قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن، شىمال تەرىپى مارال- پشى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇ- ى 160 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان كەڭلىكى 136 كىلو- ىتىر، ئومۇمىي يەر مەيدانى 15 مىڭ 200 كۋادرات كىلومېتىر. ارىمىقىدا بىر بازار، توققۇز يېزا، 130 كەنت ئاھالە كومىتېتى بار. ۋەسىدە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك - دېڭىزبىيىسىنىڭ ئۈچ تۈەن مەيدانى، ئىككى ھەربىي قىسىم دېھقانچى- ىق مەيدانى ۋە بىر ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى بار. ناھىيە زمىرىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1384 كىلومېتىر. 199 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 182 مىڭ 400 بولۇپ، ۇيغۇرلار 79.65% نى، خەنزۇلار 20.50% نى، باشقا مىللەتلەر 0.3% ى تەشكىل قىلغان، 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 20 مىڭ 425 ئادەم بولغان①.

بۇ ناھىيە دولان دەرياسى ۋە تىزناپ دەرياسىنىڭ تىندۇرمىسىدىن اسىل بولغان يەلپۈگۈچسىمان بوستان تۈزلەڭلىك بولۇپ، يەر تۈزۈلۇ- ى تۈز. بوستانلىق 19.7% نى، قۇملۇق 80.3% نى ئىگىلەيدۇ. ەكىت تەۋەسىدىن دولان دەرياسى ۋە تىزناپ دەرياسى كېسىپ ئۆتىدۇ. للىق ئېقىن مىقدارى 800 مىليون كۇب مېتىر، تۈزلەڭلىك رايونلى- ىنىڭ يەر ئاستى زاپاس سۇ مىقدارى 649 مىليون كۇب مېتىر. ياۋايى ايۋان بايلىقىدىن تارىم بۇغىسى، ئاق بوغۇز بۆكەن، قىرغاۋۇل قاتار- لار بار. ياۋا ئۆسۈملۈك بايلىقىدىن چۈچۈكبۇيا، لوپنۇر كەندىرى، شقان زەدىكى قاتارلىقلار بار. بايقالغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن نېفىت، ز، گەج، ھېقىق قاتارلىقلار بار.

① «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى - يەر ناملىرى قوللانمى- ى»، 2004 - يىل 12 - ئاي (ئىچكى ماتېرىيال)، 474 - 484 - بەتلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەكىت ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا كىرى-دۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېرا-تۇرىسى 42.1℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 22.4℃. قۇياشنىڭ يىللىق يورۇتۇش ۋاقتى 2805.9 سائەت. ≥10℃ جۇغلانما تېمپېراتۇرىسى 4285.2℃. قىروسىز مەزگىلى 215 كۈن. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 39.4 مىللىمېتىر. سۇنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2349.3 مىللىمېتىر.

بۇ ناھىيىدە دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنىدۇ. ھازىر 33 مىڭ 600 گېكتار (504 مىڭ مو) تېرىلغۇ يەر، 24 مىڭ 700 گېكتار (370 مىڭ مو) تەبىئىي ئورمان، 150 مىڭ گېكتار (2 مىليون 250 مىڭ مو) ئوتلاق، 38 مىڭ گېكتار (570 مىڭ مو) دېھقانچىلىقتا باب كېلىدىغان بوز يەر بار. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن بۇغداي، كۆممە-قوناق، كېۋەز، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، كۆكتات قاتارلىقلار بار، بولۇپمۇ پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئۈستۈنلۈكى ئالدىنقى قاتاردا تۇر-غاچقا، بۇ ناھىيە مەملىكەت بويىچە ئەلا سۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قىلىپ بېكىتىلدى. چارۋىچىلىقتا كالا، قوي ئاساس قىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە مەكىت دولان قويى داڭلىق قوي بولغاچقا، مەكىت «دولان قويى ماكانى» دەپ ئاتالغان. سانائەتتىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ئاشلىق، ماي ۋە يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىقلار بار.

مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسەلىرى تەدرىجىي ياخشىلانماقتا. ئۆلكە تاشيولى 215 - لىنىيىسى ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتىدۇ.

بۇ ناھىيىنىڭ خەلق سەنئىتى تارىخى ئۇزاق، ئۇ كلاسسىك مۇزىكا — دولان مۇقامى ۋە مىللىيچە ئۇسسۇل — دولان مەشرىپى بارلىققا كەلگەن جاي بولۇپ، «دولان ئۇسسۇلى يۇرتى» دەپ ئاتالغان. دېھقانلار سىزغان رەسىم ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، «دېھقانلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



رەسىم يۇرتى» دەپ ئاتالغان. پۈتۈن مەملىكەتكە «مەكىت - چاپچال دېھقان رەسساملار رەسىملىرى توپلىمى» تارقىتىلدى. نۇرغۇن ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايونلۇق ۋە مەملىكەتلىك دېھقانلار رەسىم كۆرگەزمىسىگە، بۇلاردىن ئۈچ پارچە رەسىم پارىژ دېھقانلار رەسىم كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلدى.①

## مارالبېشى ناھىيىسى

مارالبېشى ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال چېتىگە جايلاشقان. شەرق تەرىپى ئاۋات ناھىيىسى، قاراقاش ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇب تەرىپى مەكىت ناھىيىسى، گۇما ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. غەرب تەرىپى پەيزاۋات ناھىيىسى، يوپۇرغا ناھىيىسى، يەكەن ناھىيىسى، ئاتۇش شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمال تەرىپى كەلپىن ناھىيىسى، ئاقچى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 215 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان كەڭلىكى 169 كىلومېتىر. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 21 مىڭ 700 كۋادرات كىلومېتىر. قارمىقىدا تۆت بازار، سەككىز يېزا، 217 كەنت ئاھالە كومىتېتى بار. تەۋەسىدە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ توققۇز تۇەن مەيدانى بار. ناھىيە بازىرىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1241 كىلومېتىر. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 326 مىڭ 400 بولۇپ، ئۇيغۇرلار %83.75 نى، خەنزۇلار %15.77 نى، باشقا مىللەتلەر %0.48 نى تەشكىل قىلغان. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى بولسا 388 مىڭ 247 ئادەم بولغان②.

---

① «شىنجاڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان (جىن يۈنخۇي باش تۈزگۈچى بولغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل 10 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 487 - ، 483 - بەتلەر.

② «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىش - يەر ناملىرى قوللانمىسى»، 2000 - يىل 12 - ئاي (ئىچكى ماتېرىيال)، 346 - بەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يەر تۈزۈلۈشى غەربىي قىسمى ئېگىز ، شەرقىي قىسمى پەس ، غەربىي شىمال قىسمى تاغلىق ، يەنى تاغلىق يەر 10.7% نى ، بوستانلىق 38.8% نى ، قۇملۇق 50.5% نى ئىگىلەيدۇ . دولان دەرياسى بىردىنبىر چوڭ دەريا بولۇپ ، يىللىق ئېقىن مىقدارى 820 مىليون كۇب مېتىر . تۈزلەڭلىك رايونلارنىڭ يەر ئاستى سۇ زاپىسى 1 مىليارد 150 مىليون كۇب مېتىر ، يەنى ئۈچ سۇ ئامبىرى بولۇپ ، ئۇنىڭ سۇ ساقلاش مىقدارى 127 مىڭ كۇب مېتىر . ياۋايى ھايۋانات بايلىقىدىن بۇغا ، ساي تۈلكىسى ، ياۋا توڭگۇز قاتارلىقلار بار . ياۋا ئۆسۈملۈك بايلىقىدىن چۇچۇكبۇيا ، لوپنۇر كەندىرى ، توشقان زەدىكى ، چاكاندا قاتارلىقلار بار . بايقالغان قېزىلما بايلىقىدىن نېفىت ، تۆمۈر ، مىس ، قوغۇشۇن ، فوسفور ، ئالماس ، ھاك تېشى ، تۇز قاتارلىقلار بار .

مارالبېشى ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا كىرىدۇ . يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃ ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 42.7℃ ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 24.2℃ . كۈنىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە چۈشۈش ۋاقتى 2884.2 سائەت . ≥10℃ جۇغلانما تېمپېراتۇرىسى 4363.7℃ . قىروسىز مەزگىلى 227 كۈن . يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 44.7 مىللىمېتىر ، سۇنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2108.6 مىللىمېتىر .

بۇ ناھىيە يېزا ئىگىلىك ناھىيىسى ھېسابلىنىدۇ . ھازىر 40 مىڭ 900 گېكتار (613 مىڭ 500 مو ) تېرىلغۇ يەر ، 38 مىڭ 900 گېكتار (583 مىڭ 500 مو ) ئوتلاق ، 173 مىڭ گېكتار (2 مىليون 595 مىڭ مو ) ئورمان ، 330 مىڭ گېكتار (4 مىليون 950 مىڭ مو ) تۈزلەشتۈرگىلى بولىدىغان بوز يەر بار . دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن كېۋەز ، بۇغداي ، كۆممىقوناق ، قوغۇن - تاۋۇز ، مېۋە - چېۋە ، كۆكتات قاتارلىقلار بار ، بولۇپمۇ پاختا بۇ ناھىيىنىڭ تۈۋرۈك مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ . 1994 - يىلى مەملىكەت بويىچە پاختا ئىشلەپچىقىرىشتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



100 كۈچلۈك ناھىيە ئىچىدە 19 - ئورۇنغا تىزىلغان. چارۋىچىلىقتا كالا، قوي، ئات، ئېشەك ئاساس قىلىنىدۇ.

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسەلىرى ئۈزلۈكسىز ياخشىلانماقتا. دۆلەت تاشيولى 314 - لىنىيىسى ۋە ئۆلكە تاشيولى 215 - لىنىيىسى ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتىدۇ. ناھىيە، يېزا تاشيوللىرى تەرەپ - تەرەپكە تۇتىشىدۇ.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن توققۇز ساراي قەدىمكى شەھەر خارابىسى (خەنزۇچە تاڭ دەۋرىدىكى پادىشاھ قەلئەسى دېيىلىدۇ)، نۇرغۇن تىم، تۇر خارابىسى قاتارلىقلار بار[①].

**ئاۋات ناھىيىسى**

ئاۋات ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. شەرق ۋە شىمال تەرىپى ئاقسۇ شەھىرى بىلەن، غەرب تەرىپى كەلپىن، مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن، جەنۇب تەرىپى لوپ، قاراقاش ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 100 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان كەڭلىكى 150 كىلومېتىر. ئومۇمىي يەر مەيدانى 13 مىڭ 300 كۋادرات كىلومېتىر. ناھىيىگە بىر بازار، يەتتە يېزا، 118 كەنت ئاھالە كومىتېتى قارايدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 1 - دىۋىزىيىسىنىڭ ئۈچ تۇەن مەيدانى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق قارا دۆڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانى بار. ناھىيە بازىرىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1071 كىلومېتىر. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 176 مىڭ 900 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 81.57% نى، خەنزۇلار 17.64% نى، باشقا

---

① «شىنجاڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان (جىن يۈنخۇي باش تۈزگۈچى بولغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل 10 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 491 - ، 492 - بەتلەر.

مىللەتلەر 0.79% نى تەشكىل قىلغان . 2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى بولسا 211 مىڭ 237 ئادەم بولغان[①] . يەر تۈزۈلۈشى تۈز بولۇپ ، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قىيپاش ، بوستانلىق 18.2% نى ، چۆل ـ قۇملۇق 81.8% نى ئىگىلەيدۇ .

ئاقسۇ دەرياسى ۋە كونا دەريادىن ئىبارەت چېگرا ھالقىيدىغان ئىككى دەرياسى بار . يىللىق ئېقىن مىقدارى 1 مىليارد 387 مىليون كۇب مېتىر ، تۈزلەڭلىك رايونلىرىنى تەمىنلەيدىغان يەر ئاستى سۈيى مىقدارى 783 مىليون كۇب مېتىر (ئېچىشقا بولىدىغان زاپاس مىقدارى 470 مىليون كۇب مېتىر ) . ياۋايى ھايۋانات بايلىقىدىن ئاق بوغۇز بۆكەن ، بۆكەن (ئاھۇ ) ، ياۋا بۇغا ، تۈلكە ، ياۋا چوشقا قاتارلىقلار بار . ياۋا ئۆسۈملۈك بايلىقىدىن چۈچۈكبۇيا ، قومۇش ، يۇلغۇن ، لوپنۇر كەندىرى ، توشقان زەدىكى قاتارلىقلار بار .

ئاۋات ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق ئىقلىم كىلىماتىغا كىرىدۇ . يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10.5℃ ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 39.4℃ ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 23.3℃ ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 75.1 كۈندە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 30℃ تىن يۇقىرى بولىدۇ . كۈننىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە چۈشۈش ۋاقتى 2596.6 سائەت . ≥ 10℃ جۇغلانما تېمپېراتۇرىسى 3975.8℃ ، قىرولسىز مەزگىلى 214 كۈن . يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 45.1 مىللىمېتىر . سۇنىڭ يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1887.4 مىللىمېتىر .

بۇ ناھىيە يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدۇ . ھازىرقى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 36 مىڭ 900 گېكتار (533 مىڭ 500 مو ) ، ئورمان كۆلىمى 27 مىڭ 900 گېكتار (418 مىڭ 500 مو ) ، ئوتلاق كۆلىمى 176 مىڭ 900 گېكتار ( مىليون 653 مىڭ 500 مو ) ، يەنە دېھقانچىلىق

① «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى ـ يەر ناملىرى قوللانمىسى» ، 2004 ـ يىل 12 ـ ئاي (ئىچكى ماتېرىيال) ، 805 ـ بەت .

قىلىشقا باب كېلىدىغان 80 مىڭ گېكتار (1 مىليون 200 مىڭ مو) قاقاس يەر بار. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن كېۋەز، بۇغداي، كۆممىقوناق، شال، پۇرچاق؛ ياغلىقدان، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، ھەرخىل كۆكتات قاتارلىقلار بار. قەغىز ياڭاق بىلەن ئۆرۈك ئاۋات ناھىيىسىنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چارۋىچىلىقىدا كالا، قوي ئاساس قىلىنىدۇ. سانائەتتىن ئاشلىق - ماي پىششىقلاپ ئىشلەش، پاختا ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتىنى سىستېمىلىق پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىقلار بار.

ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسى تەدرىجىي ياخشىلانماقتا. ناھىيە، يېزا تاشيولىرى ئاسفالتلاشتۇرۇلغان.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن ئەختەم مازىرى ۋە ئاۋات مەسچىتى قاتارلىقلار بار①.

## «دولان رايونى» نىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى

شىنجاڭ قەدىمكى زاماندا «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتىلاتتى. مىلادىيەدىن 60 يىل ئىلگىرى (غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شېنجۆ 2 - يىلى) غەربىي خەن ھاكىمىيىتى «غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى»نى تەسىس قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرت خەن سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيىسىگە رەسمىي كىرگۈزۈلۈپ، كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىدۇ؛ چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 10 - يىلى (1884 - يىلى) «يۇرتنىڭ يېڭىدىن قايتىپ كېلىشى» دېگەن مەنىدىكى نام بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىسىنى تەسىس قىلىدۇ.

① «شىنجاڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان (جىن يۈنخۇي باش تۈزگۈچى بولغان) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل 10 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 464 -، 465 - بەتلەر.

1955 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلىدۇ ۋە «شىن» دەپ قىسقارتىپ ئاتىلىدۇ ، ئۈرۈمچى شەھىرى ئۇنىڭ مەركىزى بولىدۇ .

شىنجاڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە . بۇنىڭدىن تەخمىنەن 10 — 20 مىڭ يىل بۇرۇنقى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئىنسانلار بۇ جايدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان .

شىنجاڭ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ ، قەدىمكى زاماندا ئېلىمىز بىلەن غەربتىكى ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش لىنىيىسى ئىدى . تارىختا بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان قەبىلە ۋە مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانىدى .

چىن ، خەن سۇلالىلىرىدىن بۇرۇن شىنجاڭدا ياشىغان ئاھالىلەرنىڭ مىللىي تەۋەلىكى توغرىسىدا تارىخىي مەنبەلەردە ئېنىق خاتىرە يوق . خەن سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدىكى ئاھالىلەرنىڭ مىللىي تەۋەلىكى توغرىسىدا بىرقەدەر ئېنىق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان .①

دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ قەدىمكى شىنجاڭنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار بىلەن بولغان ئالاقە ۋە تەسىرلىرى كۈندىن ـ كۈنگە چوڭقۇرلاپ ھەم كېڭىيىپ بارغان . ساك ، توخار ، ياۋچى ، ئۇيسۇن ، ھون ، ئاق ھون ، خەنزۇ ، چىياڭ قاتارلىقلار تۇركۈم ـ تۇركۈملەپ شىنجاڭغا كەلگەن . بۇ يەر «ئىرقلار ئامبىرى ياكى ئوخشاش بولمىغان ئىرقلار ئېلىپ كىرگەن مەدەنىيەت كۆرگەزمىسى» بولۇپ قالغانىدى .②

«بىرقىسىم ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىن قارىغاندا ، «دولان رايونى» نىڭ مەركىزىي قىسمىلىرىدىن بولغان مارالبېشى ، مەكىت ناھىيىسى تەۋەسىدىن يېڭى تاش قورال دەۋرى (بۇنىڭدىن 6000 — 7000 مىڭ يىللار ئىلگىرى) گە مەنسۇپ بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايقالغان بولۇپ ، بۇ دەۋر (يېڭى تاش

---

① «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2004 ـ يىل 8 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى ، 1 ـ توم ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» (ئومۇمىي ئەھۋال) 5 ـ ، 6 ـ بەتلەر .

② ياۋداجۇڭ : «قەدىمكى غەربىي شىمالىي جۇڭگو» 218 ـ بەت . («دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات» 16 ـ بەتتىكى نەقىل) .

قورال دەۋرى ئۇز ئىچىگە ئالغان سىپتا قورال دەۋرى ) دىكى سىپتا تاش قوراللار، ئىش قوشۇش تېخنىكىسى بىلەن ياسالغان قوراللار (ئۇرۇپ ـ موقۇپ ياسالغان ئىنچىكە پىچاق شەكلىدىكى تاش پارچىلىرى ۋە يونۇش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان كىچىك تىپتىكى تاش قوراللار)، بىۋاسىتە ياسالغان ئۇتكۇر قوراللار (ئوق بېشى، نەيزە ئۇچى، پىچاق، پالتا قاتارلىقلار) دىن ئىبارەت بولۇپ، ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى[1] ئىدى. 1913 ـ يىلى ئارخېئولوگ ئاۋرېل ستەيىن شىنجاڭغا قىلغان 3 ـ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىنى باشلاپ، 9 ـ ئايدا قەشقەردىن مەكىتكە كەلگەن ۋە مارالبېشى ئارقىلىق مازارتاغ ئەتراپىغا كېلىپ، بۇ جايدىن نۇرغۇن كىچىك خارابە ئىز، شەھەر خارابىلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپقان ۋە يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ ئوقيا ئۇچىنى بايقىغان.[2] ستەيىن 1913 ـ يىلى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىن تاپقان بۇ سىپتا تاش قوراللار ئەۋرىشكىسى، يەنى سىپتا تاش قورال ئىككى دانە، تاش ئوق بېشى بىر دانە، ئۇچلۇق قورال بىر دانە، كىچىك تاش ياپراقچىلىرى سەككىز دانە قاتارلىقلار بولۇپ، ستەيىن ئىلگىرى بۇ بەلكىم كونا تاش ـ قوراللار دەۋرىدىكى خارابىلىك بولۇشى دەپ قارىغان. لېكىن، ئالاقىدار ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق يېڭى تاش ـ قوراللار دەۋرىدىكى يادىكارلىقلار دەپ بېكىتكەن (ستەيىن: مەركىزىي ئاسىيا)[3] . بۇ تاش قوراللار «دولان رايونى» دا يېڭى تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپ قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت كېلىپ بارغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، چىن، خەن دەۋرىدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقى يېزا ئىگىلىكىنى

---

① «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل 6 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 182 ـ بەت.

② جىيەنبىتى مىيرىسكي: «ستەيىن ئارخېئولوگىيىسى ۋە ئېكسپېدىتسىيىسى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1992 ـ يىل 1 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 4 ـ بۆلۈم، 129 ـ بەت.

③ ۋاڭ بىڭخۇا: «يىپەك يولىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 199■ ـ يىل 7 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 135 ـ بەتتىكى نەقىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاساس قىلغان دەۋرگە قەدەم قويغان ھەربىر ياكى بىرقانچە شەھەر ـ بازارلارنى سىياسىي مەركەز قىلغان ئوخشاش بولمىغان دائىرىدىكى «شەھەر ـ قەلئە دۆلەتلىرى» شەكىللەنگەن. مەسىلەن، مارالبېشى خەن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 209 ـ يىلىدىن مىلادىيە 220 ـ يىللار) دە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۆزلىرى جايلاشقان جۇغراپىيىلىك رايون ئالاھىدىلىكى بويىچە ئەينى چاغدا تارىم ۋادىسىدا قۇرۇلغان ساكارائول (يەكەن)، سۇلې (قەشقەر)، سەپەرباي قاتارلىق بەگلىكلەرگە؛ ئاۋات ئونسۇ ۋە قۇم (ئاقسۇ) بەگلىكلىرىگە تەۋە بولغان. خەن شۇەندى شېن جۆنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 60 ـ يىلى) غەربىي خەن ھۆكۈمىتى بۇگۇردە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغان. بۇگۇنكى «دولان رايونى» نىڭ ھەممىسى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلانغان.

تارىخىي ماتېرىياللاردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۈچ پادىشاھلىق، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيە IV، V ئەسىرلەر) دە دولانلار مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردىن مەسىلەن سۇلې (قەشقەر) بەگلىكىنىڭ تەۋەلىكىدە، مارالبېشى كۇسەن بەگلىكىنىڭ تەۋەلىكىدە، ئاۋات قۇم ۋە ئونسۇ بەگلىكلىرىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. مىلادىيە V ئەسىرنىڭ 20 ـ، 30 ـ يىللىرى ئېفتالىتلارنىڭ تەسىر كۈچى تارىم ئويمانلىقىغا كىرگەندىن كېيىن، ئېفتالىتلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولغان. مىلادىيە 563 — 568 ـ يىللىرى ئېفتالىتلار تۈركلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، بەگلىكى مۇنقەرز بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەسىرى تارىم ۋادىسىدىن كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولغان. مىلادىيە 583 ـ يىلى تۈرك خانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەندە، غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە بولغان. مىلادىيە 659 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى (مىلادىيە 618 — 907 ـ يىللار) غەربىي تۈرك خانلىقىنى مەغلۇپ

قىلىپ، سۇلى تۇتۇق مەھكىمىسىنى قۇرغاندا، سۇلى تۇتۇق مەھكىمە-سىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگەن. مىلادىيە 670 — 765 - يىللاردا تۇبۇتلەرنىڭ تەسىر دائىرىسى تارىم ۋادىسىغا كىرىپ، تاكى مىلادىيە IX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زەربىسى بىلەن تارىم ۋادىسىدىن ۋاز كەچكەنگە قەدەر «دولان رايونى» تۇبۇتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىدە بولغان. كېيىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتكەن. مىلادىيە 840 - يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن غەربىي يۇرتقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي قىسمى، ئىلى - مىڭبۇلاق (مىڭلاق) ۋادىسى، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى، چۇ دەريا ۋادىسى، ئىسسىقكۆل ئەتراپى ۋە شۇنىڭدەك ماۋارائۇننەھرنىڭ شەرقىدىكى كەڭ رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «خاقانىيە دۆلىتى»، يەنى قاراخانىيلار خانلىقى (مىلادىيە 850 — 1212 - يىللار) نى قۇرغاندىن كېيىن، «دولان رايونى» قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسى قەشقەرگە تەۋە بولغان. مىلادىيە 1042 - يىلى قاراخانىيلار خانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەندىن كېيىن، شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. مىلادىيە 1131 - يىلى قۇرۇلغان قارا قىتان خانلىقىنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ تارىم ۋادىسىغا سىڭىپ كىرىشى بىلەن مىلادىيە 1212 - يىلى شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى يىمىرىلىپ، «دو-لان رايونى» قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قولىدىن قاراقىتان خانلىقىنىڭ قولىغا ئۆتكەن. مىلادىيە 1212 - يىلى كۈچلۈك قارا قىتان خانلىقىنىڭ خانى جى گۇلۇنىڭ خانلىق تەختىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، كۈچلۈكنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتكەن. مىلادىيە 1218 - يىلى كۈچلۈك موڭ-غۇللار تەرىپىدىن يوقىتىلغاندىن كېيىن، «دولان رايونى» موڭغۇللار-نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. چىڭگىزخان مىلادىيە 1225 - يىلى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەرنى ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەندە، «دولان رايونى» چىڭگىزخاننىڭ ئىك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كىنچى ئوغلى چاغاتايغا بۆلۈپ بېرىلىپ ، چاغاتاي خانلىقى (مىلادىيە 1225 — 1513 ـ يىللار ) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان . يەكەن سەئىدىيە خانلىقى (مىلادىيە 1514 ـ 1682 ـ يىللار ) قۇرۇلغاندىن كېيىن ، «دولان رايونى» مىلادىيە 1682 ـ يىلى جۇڭغار خانلىقى (مىلادىيە 1640 ـ 1757 ـ يىللار ) يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى ئاخىرلاشتۇرغانغا قەدەر ئاۋۋال يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ، كېيىن جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولغان . مىلادىيە 1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى (مىلادىيە 1644 — 1911 ـ يىللار ) جۇڭغارلارنى تىنچىتىپ ، چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ تەسىرىنى يوقاتقاندىن كېيىن ، «دولان رايونى» چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان .

چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى «ئۇيغۇرلار رايونى» ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنى «جۇڭغارلار رايونى» دەپ ئاتىغان . تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب شىمالىدىغا ئۇزاق مەزگىلگىچە تىنچ ـ ئامان ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن ، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدا ھەربىي ئايماق تۈزۈمىنى قوللانغان . تارىم ئويمانلىقىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا «بەگلىك تۈزۈمى» قوللىنىلغان ، يەنى مۆكەممەل ، ئىش تەقسىماتى ئېنىق ، ئىنچىكە ئايرىلغان بەگلىك سىستېمىسى ئارقىلىق ، ھەرقايسى چوڭ ـ كىچىك بوستانلىقلارغا ئۈنۈملۈك ھۆكۈمرانلىق قىلغان . چىڭ سۇلالىسى تەسىس قىلغان بەگلەر ئارىسىدا ئاقسۇ خان ئامبىلىغا قاراشلىق بىر نەپەر 6 ـ دەرىجىلىك «دولان بېگى» بار ئىدى . بۇ ئېھتىمال ئەينى چاغدىكى «دولان رايونى» نىڭ ئەڭ يۇقىرى ھۆكۈمرانى بولۇشى مۇمكىن . مۇشۇ مەزگىللەرگە ئائىت بىرقىسىم تارىخىي ماتېرىياللاردا «دولان ھاكىمى سائادەتبەگ» دېگەن مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ①. بۇ بىز ھازىرغىچە دولانلارنىڭ يېقىنقى زاماندىكى تارىخىدا دولانلارنىڭ باشچىلىرى ھەققىدە ئىگە

① «تەزكىرەلى جۇجىگان» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1988 ـ يىلى نەشرى ، 219 ـ ، 275 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولغان تۇنجى مەلۇماتىمىز دۇر. بىلىشىمىزچە، سائادەتبەگ دولانلارنىڭ خېلى نامدار باشچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئاۋات ناھىيىسىگە دەپنە قىلىنغان[1].

چىڭ سۇلالىسى يەكەندە ئىش بېجىرگۈچى ئامبال ( 办事大臣 ) مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغاندا، مەكىت، مارالبېشى ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە بولغان، ئاۋات ئاقسۇدا تەسىس قىلىنغان ئاقسۇ خان ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. چىڭ سۇلالىسى مىلادىيە 1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسىنى تەسىس قىلغاندا، «دولان رايونى» سۇلې (قەشقەر) ، يەكەن، بارچۇق (مارالبېشى) ، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا تەسىس قىلىنغان مەھكىمىلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. مىنگونىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 1913 - يىلى) مارالبېشى ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان. مىنگونىڭ 17 - يىلى (مىلادىيە 928 - يىلى) مەكىت ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان. مىنگونىڭ 19 - يىلى (مىلادىيە 1930 - يىلى) ئاۋات ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان.

## «دولان رايونى» نىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى

شىنجاڭ قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. ئۇنىڭ ئالاھىدە گۇمانتارلىق جۇغراپىيىلىك مۇھىتى مول، رەڭگارەڭ ۋە كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىر تەرەپتىن سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىپ ھەمدە ئۇزلۇكسىز ئۆزلەشتۈرۈپ ۋە

[1] «ئاۋات ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىل 9 - ئاي نەشرى، 742 - بەت.

يېڭىلىق يارىتىپ، مۇشۇ ئاساستا رەڭگارەڭ يەرلىك مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت خەزىنىسىنى بېيىتىسا، يەنە بىر تەرەپتىن يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە تويۇنغان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى چەت ئەللەرگە تارقىتىپ، جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەر، يەنى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى.

يىراق قەدىمكى زاماندىكى شىنجاڭدا قەدىمكى خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتى، ھىندى دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتى، پارس مەدەنىيىتى، ئىككى دەريا مەدەنىيىتى ۋە يۇنان مەدەنىيىتى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلغان ۋە ئالاقە ئورناتقان، بولۇپمۇ خەن دەۋرىگە كەلگەندە يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت جەم بولغان جايغا ئايلانغان. غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى ئاجايىپ رەڭدار بولغان①.

«شىنجاڭ رايونىدا ناھايىتى قەدىمىي بولغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە يەرلىك مەدەنىيەت مەۋجۇت ئىدى. ئۇ شىنجاڭ تۇپرىقىدا يىلتىز تارتقان ئۆز ئالاھىدىلىككە ۋە ئارتۇقچىلىققا ئىگە، ئۇنى مەلۇم مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى دەپ قاراش توغرا ئەمەس؛ شىنجاڭ جۇغراپىيەلىك جايلىشىشى سەۋەبىدىن ئەتراپتىكى رايونلار بىلەن مۇئەييەن مەدەنىيەت ئالاقىسىدە بولۇشى تەبىئىي بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدا ئۆزئارا تەسىر قىلىش مەۋجۇت ئىدى»②. بۇ ھازىرغىچە شىنجاڭ يەرلىك مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىرقەدەر ئىلمىي بولغان قاراش بولۇپ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەدەنىيىتىگە بولغان تەتقىقات تېخى چوڭقۇرلاشمىغان، بۇنىڭدىنمۇ نوپۇزلۇق بىر يەكۈن چىقىرىلمىغان ئەھۋالدا، مۇشۇ خىل قاراشنى قوللاشقا بولىدۇ. ھالبۇكى، تارىمدا، تارىمنىڭ غەربىي

---

① «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى 8 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى (ئومۇمىي ئەھۋال) 9 ـ بەت.

② ۋاڭ بىڭخۇا: «يىپەك يولىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىل 7 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 420 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شىمالى، غەربىي تەرەپلىرىدە بارلىققا كەلگەن قەدىمكى مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىكى، خۇسۇسىيەت پۈرىقىدىن، شۇنداقلا بۇ جەھەتتىكى تارىخىي ماتېرىياللار، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىن بۇ مەدەنىيەتنىڭ تىپى، ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا مەلۇم تونۇشقا كەلگىلى بولىدۇ.

1929 - يىلى ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى مارالبېشى (بارچۇق) قا كېلىپ، بۇ يەردىن لايدىن ياسالغان بۇت بېشى، قەدىمىي سانسكرىت يېزىقىدا يېزىلغان خەت - چەكلەر پارچىسى، يەنە بىر پارچە مۇكەممەل ساقلانغان تاڭ سۇلالىسى (618 — 907) دەۋرىگە ئائىت دۇردۇن ۋە يارما قېلىپى، يارماق قاتارلىقلارنى قېزىۋالغان. ئازادلىقتىن كېيىنمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئارخېئولوگلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملار مارالبېشىغا كۆپ قېتىم كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ باردى.

1959 - يىلى شىنجاڭ مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى مارالبېشى ناھىيىسىدىكى توققۇز ساراي قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن شىنجاڭ بويىچە ئەڭ بۇرۇنقى پۇللاردىن «تۆت چاسا تۆشۈكلۈك، شەكلىدە ياسالغان «ۋۇجۇ» يارمىقى قۇيۇلغان ئىككى دانە قېلىپ ۋە شۇ يەردە قۇيۇلغان نۇرغۇنلىغان ۋۇجۇ يارمىقىنى قېزىپ چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا، قەدىمكى يېزىق يېزىلغان تارىشا پۈتۈكتىن 30 دىن كۆپرەك، يىپەك، يۇڭ توقۇلما بۇيۇم، قەدىمكى بۇغداي، چىگىت، مېۋە - چېۋە ئۇرۇقچىلىرى[1] بار بولۇپ، بۇلار بۇ يەردە خەن دەۋرىدىلا خېلى تەرەققىي قىلغان يېزا ئىگىلىكىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپلا قالماي، بۇ رايونلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

1983 - يىلى «توققۇز ساراي» ۋە بىرقانچە «تىم» قەلئە خارابىلىقىدىن بۇت، بۇت قېلىپلىرى، ھەرخىل كومزەك، يەتتە پىلىكلىك تاش

---

① «شىنجاڭ گېزىتى» (خەنزۇچە)، 1960 - يىل 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىكى سانىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



چىراغ ، پۇتلۇك خەت ، قەدىمىي جەسەتلەر ، ساپال چىراغ ، مىس چىراغ ، داچەن پۇل (كەييۈەن تۇڭباۋ يارماقلىرى) ، يارغۇنچاق ، قوي يۇڭى ، ئۆرۈك ، شاپتۇل ئۇچكىلىرى ، ئىسرىقدان ، قارىلىق بەلگىسى (خەنزۇچە خەت يېزىلغان) ، ئۈزۈك ، ئات باشلىق مىس پۇل ، يىڭ ، ياغاچ ئويما ھەيكەل ، جوغىلىق كومزەك (بۇ كومزەكلەردىن 30 نەچچىسى ھازىر مارالبېشى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش ـ باشقۇرۇش ئورنى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسىخانىدا بار) ، ھەربىي ئىشلارغا تەئەللۇق توپ شەكىللىك يۇملاق تاش ، ئوقيا ئۇچىغا بېكىتىلىدىغان نەيزە شەكىللىك تۆمۈر ئوق بېشى ، توغراق ياغىچىدا ياسالغان قەدىمىي بوقۇرسا قاتارلىق نەرسىلەر تېپىلدى . (مارالبېشى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش ـ باشقۇرۇش ئورنىدا ھازىرمۇ 129 تۈردىكى 403 پارچە ھەرخىل تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى يىغىپ ساقلانغاندىن باشقا ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا بارچۇقتىن قېزىۋېلىنغان 4000 پارچىدىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقى ساقلانماقتا)[①].

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ، يەنە مارالبېشى (بارچۇق) تىن شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە تەۋە بولغان ، دىئامېتىرى 2.24 سانتىمېتىر كېلىدىغان بەش جۇلۇق يارماق ۋە يارماق قېلىپى ، دىئامېتىرى 8.0 ـ 1.9 سانتىمېتىر كېلىدىغان ، چۆرىسى چىشلىق «بەش جۇ» لۇق يارماق ۋە قېلىپ ، ئېگىزلىكى 72 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر قۇلاقلىق ئۈزرىق ، ئېگىزلىكى 12 سانتىمېتىر كېلىدىغان ، ئادەم بېشى سۈرەتلىك لاي قېلىپ ، ئۇزۇنلۇقى 10.5 سانتىمېتىر كېلىدىغان سۆڭەك نەي پارچىسى ؛ تاڭ سۇلالىسى دەۋرى (618 — 907) گە تەئەللۇق بولغان ، ئۇزۇنلۇقى 37.2 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىراھمى يېزىقىنىڭ ھەرپلىرى خاتىرىلەنگەن ھۆججەت پارچىسى، يەنە شىمالىي سۇلالىگە تەئەللۇق بول-

① ئەخمەت داۋۇت : «قەدىمىي شەھەر «بارچۇق ، تىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ، 1989 ـ يىل 2 ـ سان ، 31 — 32 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



غان، ئۇزۇنلۇقى 13.5 سانتىمېتىر كېلىدىغان توز قۇيرۇقى سۈرەتلىك كىمخاب، ئېگىزلىكى 7.3 سانتىمېتىر كېلىدىغان مىس چىراغ قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلغان[1].

يېقىندا دۆلىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى، پروفېسسور لىن مېيسۈن «توققۇز ساراي بەلكىم خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى سۇلېنىڭ پەنتو شەھىرى ( 盘陀城 ) بولۇشى، بەنچاۋ ئىلگىرى مۇشۇ يەردە مۇھاپىزەتتە تۇرغان بولۇشى مۇمكىن» دەپ كۆرسەتتى.[2] كۆپ يىللاردىن بېرى توققۇز سارايغا ئانچە يىراق بولمىغان قەدىمكى بۇددا خارابىسى تومشۇقتىن غەربىي يۇرت گۇپتا قولىيازما شەكلى (ياكى «خوتەن - ساك يېزىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ تېپىلىشىدىن بىز ساك، توخارلارنىڭ بۇ ئەتراپتا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى بىلىدۇق. ئاتاقلىق ئارخېئولوگ، تارىخشۇناس خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق قەدىمكى بارچۇق تىلى «خوتەن تىلىغا ئوخشىمايلا قالماستىن، يەنە كۇسەن تىلىغىمۇ ئوخشىمايتتى»، لېكىن «تېپىلغان جاينىڭ نامى بىلەن چۇشا» ( 却沙 ) تىلى دەپ ئاتاش كېرەك» دېدى[3]. ئالىم رۇڭ شىنجياڭ بۇ خىل تىلنى جوشىد شەھىرى ( 据史德古城 ) نىڭ نامىغا ئاساسەن «جوشىد تىلى» ( 据史德语 ) دەپ ئاتاش لازىملىقىدەك بىر گۇماننى ئوتتۇرىغا قويدى[4].

يېقىنقى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان تىل - يېزىق تەتقىقات ماتېرىيالىدىن قارىغاندا، مىلادىيە III ئەسىردىن IX ئەسىرگىچە تارىم ئويمانلىقىد-

① شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي «شىنجاڭ تارىخىغا دائىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل 4 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارغا قارالسۇن.

② لىن مېيسۈن: «سۇلى ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 90 - يىلى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دۇنياسى»، خەنزۇچە نەشرى، 1990 - يىل 5 -، 6 - سانىغا بېسىلغان.

③ خۇاڭ ۋېنبى: «ئارخېئولوگىيىدە كۆرۈلگەن شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئورنى»، «يۇگۇڭ ژۇرنىلى»غا بېسىلغان. IV توم 6 - سانى. («دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات» 16 - بەتتىكى نەقىل).

④ رۇڭ شىنجياڭ: «غەربىي يۇرتتىكى سوغدىلارنىڭ يۆتكىلىشى ھەققىدە تەتقىقات»، «غەربىي يۇرتنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىل 9 - ئاي خەنزۇچە نەشرى، 163 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نىڭ جەنۇبىدىكى خوتەن (ئۇدۇن)، غەربىدىكى بارچۇق (قەشقەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى ئىران تىللىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى شەرقىي ئىران تىلىنىڭ بىر خىل دېئالېكتىنى قوللانغان. ئالىملار بۇ خىل تىل - يېزىقتا يېزىلغان ھۆججەت - ۋەسىقىلەرنى «خوتەن ساك يېزىقى» دەپ ئاتىغان ھەمدە «ئۇدۇن ساك تىلى»، «مورتۇق ساك تىلى»، «تۇمشۇق ساك تىلى»... دېگەنناملار بىلەنمۇ ئاتىغان. بۇ يېزىقتىكى قەدىمكى ھۆججەت - ۋەسىقىلەر شىنجاڭنىڭ خوتەن، مارالبېشى، تۇرپان ئەتراپىدىكى جايلارغا تارقالغان①. ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىن تېپىلغان خوتەن (ئۇدۇن) ھۆججەتلىرى ئىچىدە تۇمشۇقتىن تېپىلغىنى ئەڭ قەدىمكى ئىكەن②.

قەدىمكى يىپەك يولىدىكى كۈنسايىن گۈللىنىۋاتقان بېرىش - كېلىش شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ئۈچۈن شەرت - شارائىت ياراتقان ھەمدە تارىم ئويمانلىقىغا تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ساك، توخرىلار ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى شەرقىي ئىران تىل تارمىقىغا تەۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېتىپ كېلىشى مۇشۇ يەرلەرگە ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان، ئىران ھەمدە يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى ئېلىپ كەلگەن، ھەمدە يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن. خۇددى دوكتور ستەيىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىشىشىمۇ مەخسۇس شۇ تارىخىي ۋەقەلەر ئۈچۈن تارىم ئويمانلىقىنى بەرپا قىلغان. بۇ ئويمانلىق ئۇزۇن جىلغىغا ئوخشايتتى. جىلغىنىڭ بىر ئۇچى جۇڭگونىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى بولسا، يەنە بىر ئۇچى يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرۇۋاتقان پېرسىيە ھەمدە ھىندى مەدەنىيىتى تەسىرىگە ئۇچراپ

---

① ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى» (1)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2001 - يىل 12 - ئاي نەشرى، 20 — 22 - بەتلەر.

② شاۋ جۇڭيى: «شىنجاڭدىكى تىل ۋە يېزىقلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 - يىل 3 - ئاي خەنزۇچە نەشرى، 3 — 4 - بەتلەر.

www.uyghurkitap.com


تۇرۇۋاتقان ھىندىستان ئىدى. ئۇچ چوڭ مەدەنىيەت بۇ يەردە ئارىلىشىپ، ئۇزاق مەزگىل ئۇچراشقان»①. «يىپەك يولى شىمالىي بۆلىكى» نىڭ مۇھىم ئۆتكىلى بولغان بارچۇق (مارالبېشى) ۋە ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تۇتاش بەلۋاغ بولغان مەكىت، ئاۋات بوستانلىقلىرى مۇقەررەركى، بۇ خىل ئۇزاق مەزگىللىك ئۇچرىشىشتا زور پايدىغا ئېرىشكەن.

ۋېي، جىن، جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە دۇنيا مىقياسىدىكى مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى تۇرلۇك تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۇپەيلى كۆپ يۈز بېرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. پەرغانە، سوغدىيانە قاتارلىق جايلاردىكى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار شەرقتە تارىم ئويمانلىقىغا كۆچۈپ كەلدى. جۇرجان، ئېفتالىت، تۇركلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى بۇ يەرنىڭ ئىرقىنى مۇرەككەپلەشتۇرۇۋەتتى، بولۇپمۇ قانقىل، تېلى، ياغما، قارلۇق، ئۇيغۇر قاتارلىق تۇركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەرنىڭ غەربكە كېلىشى بىلەن تۇركلىشىش تارىم ئويمانلىقىنىڭ تۆت ئەتراپىدا ئاستا ـ ئاستا باشلاندى. تاڭ گاۋزۇڭ شيەنچىڭ (显成) نىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 658 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۇركلەردىكى ئاشنا قۇل مالىمانچىلىقىنى تىنچىتىپ، ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى كۇسەنگە كۆچۈرۈپ كەلدى، كۇسەن، قەشقەر (سۇلې)، خوتەن ۋە قارا شەھەر قاتارلىق تۆت قورغان ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. بۇگۇنكى بارچۇق ئەتراپىدا سەپەرباي (ۋېي تۇ، 尉头) ئايمىقى (ۋېي تۇ ئايمىقى ياكى ۋېي تۇ ئوبلاستى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ خەن دەۋرىدىكى «سەپەرباي بەگلىكى» نىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، ئەينى چاغدا ئۇنىڭ بەگلىك ئورنى ھازىرقى ئاقچى ناھىيىسى تەۋەسىگە توغرا كېلەتتى②. ھازىر ئۇنىڭ ئاستانىسىنى جوشىد شەھىرى، يەنى ھازىرقى

① ستەيىن: «مەركىزىي ئاسىيا»، ۋېي چاڭخۇڭ، خې خەنمىڭ: «غەربىي يۇرتتىكى چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى»، شىنجاڭ گۇزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 163 ـ بەت.

② «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىل 7 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 32 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



توقتۇز ساراي قەدىمكى شەھىرى ئىدى ، دەيدىغان بىر خىل ئىلمىي پەرەز ئوتتۇرىغا چىقتى[1] .) نى تەسىس قىلغان بولۇپ ، كۆسەن بەگلىكىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان .)

ۋېي جىن ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرلىرىدە غەربىي يۇرتنىڭ ئۇسسۇل ۋە مۇزىكىلىرى ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلغان ، كۇسەن مۇزىكىسى ، سۇلې مۇزىكىسى ، ئۇدۇن مۇزىكىسى ، ئېغۇرغول مۇزىكىسى بىلەن ، كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان غەربىي لياڭ مۇزىكىسى شىمالىي جۇڭگو مۇزىكىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان . كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆرسەتكەن تەسىرى ئەڭ چوڭ بولۇپ ، ئۇ ناخشا مۇزىكىسى ، سېرىك ئويۇنلىرى مۇزىكىسى ۋە ئۇسسۇل مۇزىكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . چالغۇلاردىن چاڭ (ئارفا) ، باربىت ، پەنجىتار ، شىپىڭ ، نەي ، بالىمان ، دۇمباق ، جاڭ ۋە بۇرغا قاتارلىق 15 خىل چالغۇ بولۇپ ، بۇلار چېلىنغاندا ناھايىتى جاراڭلىق ۋە مۇڭلۇق ئاۋاز چىقىرىدۇ . كۇسەنلىك سۇجۇپ شىمالىي جۇ زامانىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا بېرىپ ، ئۇزاق يىللاردىن بويان بۇزۇلۇپ كەتكەن يەتتە كۇينى رەتلەپ بېكىتىپ ھەمدە كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ ئاھاڭىنى سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇپ ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوردا مۇزىكىسى ۋە خەلق مۇزىكىسى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان .

قەدىمدە غەربىي يۇرتىكى ھەر مىللەت خەلقى ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىرلىقى بىلەن دۇنيادا شۆھرەت قازانغان ، بولۇپمۇ تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە غەربىي يۇرتنىڭ ئۇسسۇللىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە تېخىمۇ رەڭگارەڭ نۇر چاچقان . غۇزلارنىڭ سەكرىمە ئۇسسۇلى ، قويۇن ئۇسسۇلى ۋە شاش ئۇسسۇلىدىكى قولىنى قايرىپ بېلىگە تىرەش ۋە توغرىسىغا سەكرەش ياكى قويۇندەك پىرقىراشلارنىڭ رىتىمى ناھايىتى تېز ، ئۆزگىـ

[1] «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى ، 1993 ـ يىلى 3 ـ سان (خەنزۇچە) ، 113 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رىشلىرى كۆپ خىل بولۇپ ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خەلقلەرنىڭ ئىند-
تايىن ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن . شۇڭا ، مەشھۇر شائىرلاردىن بەي جۈيى
ۋە ليۇيۈشى قاتارلىقلار نۇرغۇن نەزمىلىرىنى قالدۇرغان[①] . شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە خادىملىرى مارالبېشى
توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرىدىكى شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى خارا-
بە ئىزىدىن بىر دانە سۆڭەك نەي (ئۈچ تۆشۈكلۈك ، بىر تەرىپىلا
ساقلىنىپ قالغان ) نى تاپقان[②] بولۇپ ، ئۇنىڭ شەكلى ھازىر تاجىك
مىللىتى چالىدىغان نەيگە يېقىنلاپ قالىدۇ . دەلىللەش ئارقىلىق بۇ
تەيىنىڭ جەنۇبىي ، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت بۇيۇم ئىكەنلىكى
مەلۇم بولدى . بۇ بۈگۈنگە قەدەر «دولان رايونى» دىن تېپىلغان بىردىند-
بىر چالغۇ بولۇپ ، ئۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا توغرا
كېلىدۇ[③] .

ئومۇمەن ، خەن دەۋرىدىن تارتىپ تاڭ سۇلالىسىگىچە قەدىمكى
غەربىي يۇرت مۇزىكا ئۇسسۇلى» يىپەك يولى ئېلىپ كەلگەن يېڭى
ھاياتلىق تەسىرىدە گۈللىنىشكە باشلىدى . تارىخىي خاتىرە ۋە بۈگۈنگە
قەدەر ساقلىنىپ كەلگەن مىڭئۆي تام رەسىملىرى ھەمدە تېپىلىۋاتقان
يادىكارلىقلاردىكى ئوبرازلار توقۇلمىسىغا ئاساسلانغاندا ، غەربىي يۇرت
مۇزىكىلىرىدا ئۇزۇن نەي ، تىك نەي ، تىزما نەي ، سۇناي ، شىڭ قاتار-
لىق پۈۋلىمە چالغۇلار ، بەرباپ ، چەڭ ، يۇمىلاق قارنلىق بەرباپ قاتار-
لىق تارلىق چالغۇلار ، ھەر خىل دۇمباق ۋە باشقا سوقمىلىق چالغۇلار
ئىشلىتىلگەن . ناخشا ، مۇزىكا ، ئۇسسۇللۇق ناخشىلار كۆپەيگەن ، سىرك
مۇزىكىلىرى ، ئېيتىشىش مۇزىكىلىرى ھەمدە كومېدىيىلىك ئورۇنداش
خاراكتېرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇللۇق مۇزىكىلار تەرەققىي قىلغان . «ناخ-
شا ، ئۇسسۇل ، مۇزىكا» ئۈزئارا بىرىككەن «چوڭ نەغمە ( 大曲 ) »

① «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2005 - يىل 8 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى ، 9 - بەت .

② شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي «شىنجاڭ تارىخىدا دائىر مەدەنىيەت يادىكارلىق-لىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1981 - يىل 4 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى ، 58 - بەت .

③ «دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات» ، 17 - بەت .

ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغانىدى①.

بۇ دەۋر غەربىي يۇرت ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا سەنئىتىدە ئۇيغۇر دولان ئۇسسۇل، مۇزىكا سەنئىتى ئالاھىدە بىر ئورۇن تۇتقان بولۇپ، دولان ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ قەدىمىيلىكى توغرىسىدا گۇباۋ ئەپەندى «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» (مۇزىكا قىسمى) دىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «سۇڭ سۇلالىسىنىڭ 16 ئۇسسۇل ئۆمىكى ئىچىدە 醉胡腾队 ئۆمىكى (بۇلار قىزىل تاۋاردىن قىسقا كىيىم كىيىدۇ، كۇمۇش كەمەر باغلايدۇ، كىگىز قالپاق كىيىدۇ)، 玉免浑脱队 ئۆمىكى (بۇلار رەڭدار تاۋاردىن قىسقا كىيىم كىيىدۇ، كۇمۇش كەمەر باغلايدۇ، ئاق توشقان تېرىسىدىن تەلپەك كىيىدۇ)، بۈركۈت ئاتار ئۇيغۇر ئۆمىكى (射雕回鹘队) (بۇلار تاۋاردىن قىسقا كىيىم كىيىدۇ، كۇمۇش كەمەر باغلايدۇ، بۈركۈت ئېتىۋاتقان قىياپەتتە تۇرىدۇ) قاتارلىق ئۈچ ئۆمەك بولۇپ، بۇ ئۆمەكلەر ئورۇندىغان ئۇسسۇللارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى شىنجاڭ ئۇسسۇللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، بۈگۈنكى مەكىت ناھىيەسى ئەتراپىدىكى دولان ئۇسسۇلىنىڭ ھەرىكىتى ئاددىي ۋە سالماق بولۇپ، يەنىلا بۈركۈت ئېتىۋاتقان قىياپەتنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ»②.

گۇباۋ ئەپەندىنىڭ كەلتۈرگەن نەقىل ۋە مۇلاھىزىلىرىدىن شۇ نەرسە مەلۇم بولىدۇكى، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇسسۇل ئۆمەكلىرى ئورۇندىغان ئۇسسۇللار شىنجاڭ ئۇسسۇللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بۇ ئۇسسۇللار ئىچىدە بۈركۈت ئېتىۋاتقان قىياپەتتىكى دولان ئۇسسۇلىمۇ بولغان.

مىلادىيەنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن تاكى X ئەسىرگىچە بۇددىزم پۈتۈن تارىم ئويمانلىقىدا ئۇزاق مەزگىللەرگىچە يۈكسەلگەن بولۇپ،

① «دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات»، 17 ـ بەت.
② «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى خەۋەرلىرى»، 9 ـ سان، 1979 ـ يىل 11 ـ ئاي، (گوباۋ: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە قەدىمكى جەمئىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 32 ـ، 33 ـ بەتلەر)

«دولان رايونى» مۇ بۇنىڭ تەسىرىدە ئىدى.

«تۇمشۇق تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مارالبېشى بىلەن ئاقسۇ ئارىلىغا جايلاشقان. تۇمشۇق تۈركچە نام بولۇپ، ‹ئىلمەك بۇرۇن› ياكى ‹ئوڭغۇل - دوڭغۇل› دېگەن مەنىدە ئىدى»، «تۇمشۇقنىڭ ئىلگىرى ھىندى - ياۋروپا تىلىدىكى نامى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بىز بۇنى بىلمەيمىز. بۇ يەردە ئىلگىرى چوڭ كۆلەمدىكى بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى بولغان. بۇددىزم خارابىلىكى ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئىككىسىنى پائول پېللىئوت بايقىغان ۋە قېزىش ئېلىپ بارغان. ئۈچىنچىسىنى لېكوك بايقاپ قېزىش ئېلىپ بارغان. بۇ ئۈچ خارابىلىك ئايرىم - ئايرىم ھالدا تۇمشۇق، توققۇز ساراي ۋە تۇمشۇق تاغ ئىزى دەپ ئاتىلىدۇ»، «قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلارغا قارىغاندا، بۇددىزم بۇ يەردە خېلى ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلغان. بۇ يەردىكى خارابىلىكلەر پۈتۈنلەي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خارابىلىكنىڭ خاراكتېرىگە تەسىر يەتكۈزۈلمىگەن، كىشىلەر ئىبادەتخانىنىڭ تۈزۈلۈشى، ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش ھەمدە ھۆججەتلەردىن بۇ نۇقتىنى ئاسانلا بىلىۋالالايدۇ». «بۇ جايدىن تېپىلغان بۇيۇملارنىڭ يىل دەۋرى IV ئەسىردىن VIII ئەسىرگىچە بولۇپ، كۆل رەڭ ھەيكەل ھەم ياغاچ ھەيكەل، يەنى تام رەسىملىرى بار، بۇلارنىڭ سانى كۆپ بولمىسىمۇ، بىراق ئوخشاش بولمىغان ئۇسلۇبلارنىڭ ئۆز ئارا بىرىككەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە قەندىھار ئۇسلۇبىدىكى نەقىشلەر چوقۇم دەسلەپكى دەۋرگە تەۋە ئىدى»①

مىلادىيە 840 - يىلى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار ئىچكى نىزا ۋە تاشقى ئاپەتتىن ئىبارەت قوش بېسىم ئاستىدا غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى شىنجاڭغا كىرگەن، بىر تۈركۈمى قوچو، جىمسار، كۇسەننى مەركەز قىلىپ غەربىي ئايماق

① جاپا پاتاكايا (ھىندىستان): «ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئىتى» (شۇ جيەنيىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان، «ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددىزم سەنئىتى» گە بېسىلغان، 104 - بەت، («دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات»، 17 - بەتتىكى نەقىل).

www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر خانلىقى (ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىمۇ دېيىلىدۇ) نى قۇرۇپ چىققان . يەنە بىر تۈركۈمى ئۆزىدىن بۇرۇن تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە پامىرنىڭ شىمالىغا يېتىپ كەلگەن تۈركىي تىلدىكى مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان . بۈگۈنكى «دولان رايونى» قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ زېمىنى ئىدى .

قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلغان دەسلەپكى دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بالاساغۇننى پايتەختى قىلىپ بېكىتكەن . مىلادىيە 893 ـ يىلى «بۇغراخان» ئوغۇلچاق شەرقىي پايتەختىنى قەشقەرگە يۆتكىگەن . ئۇنىڭ جىيەنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان سامانىيلار خانلىقىنىڭ شاھزادىسى ئەبۇ ناسىر سامانىيىنىڭ تەسىرى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرگەن ھەم X ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغان . مىلادىيە 960 ـ يىلى ئۇنىڭ ئوغلى مۇسا ئارسلان ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەن .

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا كىرىپ ، يايلاق چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىدىن بوستان يېزا ئىگىلىك مەدەنىيىتىگە ئۆتۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى ھەم غەربتىن شەرققە قاراپ سىلجىپ ، بۇددىزمنىڭ ئورنىنى بېسىپ ، تارىم ئويمانلىقىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئاساسلىق ئېتىقادى بولۇپ قېلىشى غەربىي يۇرت تارىخى ۋە ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئىككى مۇھىم ۋەقە ئىدى . شۇڭا ، تەيۋەنلىك ئالىم ياۋدا جۇڭ ئەپەندى : «مىللەت بىلەن ئىقتىساد ، جەمئىيەت تېپىنىڭ پەرقى ، جۇغراپىيىلىك مۇھىت ئامىلى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ . مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى ھەمىشە 'يېڭىلاشتىن ئادەم بولغان' دېگەندەك ئوخشاپ قالاتتى» دەيدۇ[1] . ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى غەربكە كۆچۈپ پۈتۈنلەي بوستانلىق مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ ، ئۇيغۇر ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىللىقىنى بېيىتقان . پۈتكۈل

---

① ياۋ داجۇڭ : «قەدىمكى غەربىي شىمالنى جۇڭگو» ، 53 ـ بەت . («دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات» 17 ـ بەتتىكى نەقىل) .

ۇيغۇر تارىخ ـ مەدەنىيىتىدە ، جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىي هاياتى ، روھىـ
يىتىدە يېڭى بىر سەھىپە ئاچقانىدى .

غەربىي يۇرت ئۇيغۇر يېڭى مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى بولسا ،
ۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى چوڭ بۇرۇلۇش . غەربىي
ۇرت ئۇيغۇر يېڭى مۇزىكىسىنىڭ شەكىللىنىشىمۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ
ۇزىكا تارىخىدىكى چوڭ بۇرۇلۇش . ئىلگىرى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان
ەربىي يۇرت مۇزىكا مەدەنىيىتى مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىـ
ىش جەريانىدا غەربىي يۇرت ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى تېخىمۇ
ۇھىم ئورۇنغا ئۆتتى .

قاراخانىيلار خانلىقى زېمىنى پامىرنىڭ شەرق ، غەربلىرىگە كېڭەيـ
ەن بولۇپ ، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىمۇ تېخىمۇ كۆپ بولغان پارس
ەرەب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرلىرىنى ئېلىپ كەلدى . غەربىي يۇرت مۇزىـ
ىسى ، پارس مۇزىكىسى ، باغداد مۇزىكىلىرى بىرىكىپ ، فارابى ، ئىبن
ىنادەك ئۇلۇغ مۇزىكانتلارنى ، مەشھۇر ئەدىب يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ
قۇتادغۇبىلىك » ۋە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى » نى
ارلىققا كەلتۈرۈپ ، ئۇيغۇر كلاسسىك مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك تەرەققىـ
اتىنى ئىپادىلەپ بېرىپلا قالماي ، يەنە بىزنى قاراخانىيلار خانلىقى
ەۋرىدىكى مۇزىكا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال
ىلەن تەمىن ئەتتى .

چالغۇ ئىشلىتىش جەھەتتە قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرى بولسا مۇـ
ىم بىر بۇرۇلۇش ، قەدىمكى غەربىي يۇرتقا تارقالغان بىرقىسىم چالغۇـ
ر ، مەسىلەن ، ئۇزۇن نەي ، تىك نەي ، بالمان ، سۇناي ، چاڭ قاتارلىقـ
ر ئەسلىدىنلا مۇشۇ رايوندا ساقلىنىپ قالغاندىن باشقا ، يەنە بىرقىسىم
الغۇلارنىڭ شەكلى ۋە ئىسىملىرىدا ئۆزگىرىش بولغان . مەسىلەن ،
گرى دەستىلىك بەربەت تەدرىجىي هالدا راۋابقا ئۆزگەرگەن[1] . بەش

---

[1] «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) ، 1988 ـ يىلى 6 ـ سان ، 32 ـ ، 38 ـ بەتلەر .
ۇلىنىڭ كېلىپ چىقىشى — قوشۇمچە : يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى
ىرىسىدا ) .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تارلىق بەربەت تەدرىجىي ھالدا تەمبۇرغا ئۆزگەرگەن، كىشى دۇمبىقى تەدرىجىي ھالدا ناغرىغا ئۆزگەرگەن قاتارلىقلار.

مىلادىيە 1348 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈر ئاقسۇدا ئۆزىنى خان دەپ ئاتاپ، چاغاتاي دۆلىتىنى شەرق، غەرب ئىككى قىسىمغا بۆلۈۋەتتى. تۇغلۇق تۆمۈر ھەزرەت مەۋلانى ئەرشىدىنىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان ھەمدە 160 مىڭ موڭغۇلنى مۇسۇلمان قىلغان. ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى تەدرىجىي كۈچيا ۋادىسىدىن تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىغا كېڭەيگەن.

ئىسلام دىنىغا كىرگەن كۆپ قىسىم موڭغۇللار (چاغاتاي خانلىقى خان جەمەتى بىلەن دوغلات جەمەتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئۇيغۇرلارغا سىڭىشىپ كەتكەن، شۇنداقلا بۇ موڭغۇللار ئۇيغۇرلارغا موڭغۇل مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى ئېلىپ كەلگەن. بىراق، موڭغۇللارنىڭ ئەسلىدىكى دىنىي ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىپ، بارا ـ بارا يايلاق چارۋىچىلىقىدىن بوستانلىق ئېكىنچىلىك مەدەنىيىتىگە ئۆتۈشى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئورۇندالغانلىقتىن ھەم ئۇلار سان جەھەتتىن ئاز سانلىق تەشكىل قىلغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پەقەت قىسمەن تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. «موڭغۇللار چۆللۈكنىڭ شىمالىدا باش كۆتۈرۈپ چىققاندا، مەدەنىيەت جەھەتتە بىرقەدەر ئارقىدا قالغانىدى. ئۇلار مەدەنىيەت جەھەتتىن بىرقەدەر ئىلگىرى كەتكەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگونى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، شۇ يەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان. بويسۇندۇرغۇچىلار بويسۇندۇرۇلغان، مانا بۇ خۇلاسە»①.

مىلادىيە 1514 ـ يىلى سەئىدخان يەكەن خانلىقىنى قۇرغاندا «دولان رايونى» بۇ خانلىققا تەۋە بولغان. يەكەن خانلىقىنىڭ ئىككىنچى

① چىن خۇيىن: «جۇڭگو ئىسلام دىنى ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى»، 38 ـ بەت. («دولان مۇقامىسى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات» 19 ـ بەتتىكى نەقىل).

مۇلاھ خانى ئىدىقۇت شەھىرىنىڭ خانىشى ئامانىسا مۇزىكانت ئىدى ، ئۇ ئىدىقۇت شەھىرىنىڭ قوللىشى بىلەن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ يىغىپ ، رەتلەپ يېڭىدىن ئىشلەپ چىققان . ئامانىساخان دەل دولان دەرياسى ۋادىسىدىكى مەكىتنىڭ قومۇش مەھەللە مېكىن يېرىدە تۇغۇلغان . مەكىت- ماكان قىلغانلىقتىن جىنىدە چوڭ بولغان دولان قىزى ئىدى . ئۇ پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان دولانلارنىڭ ئۆز مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھ- پە قوشتى .

«جۇڭگو مۇزىكىسى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» ، «قانۇن دەستۇرلار توغرا تەپسىراتىنىڭ كېيىنكى تولۇقلىمىسى» ، «خواكيو غەربىي يۇرتى- نىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «ئۇيغۇر مۇزىكىسى» غا ئائىت خاتىرى- لەر بار : «گاۋزۇڭ ئۇيغۇرلارنى تىنچىتقاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ مۇزى- كىسىغا ئېرىشىپ ، ئۇنى ئوردا مۇزىكىسىنىڭ ئاخىرقى قىسمىغا قويۇپ ، ئۇيغۇر مۇزىكىسى دەپ ئاتىغان . بۇ مۇزىكىدا داپ ، ناغرا ، غىجەك ، قالۇن ، ساتار ، راۋاب ، بالىمان ، سۇنايلاردىن بىردىن بار ئىدى[1] . «ئۇيغۇر مۇزىكىسى» ، بىر مۇقەددىمە : سەنەم ، سەلىقە ، چاغان ، جۇلا دىن ئىبارەت بولۇپ ، بۇلار ئىچىدىكى «چاغان» ، دېگەن موڭغۇلچە سۆز «ئاق رەڭ» ، دېگەن مەنىدە ، قالغان سەنەم ، سەلىقە ، جۇلا دېگەنلەر دولان مەشرەپىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ نامى ۋە دولان مۇقاملىرىنىڭ نامى ئىدى[2] . «ئوردىغا سوۋغا قىلىنغان چالغۇلار رەسىمى» ، دىمۇ بىرقانچە خىل چالغۇنىڭ رەسىمى بار . بۇ تارىخ ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەر ۋە سىزىلغان رەسىملەردە ساتار ، بالىماندىن باشقا چالغۇلار ھازىرقى «دولان رايونى» ، دا چېلىنىۋاتقان چالغۇلارغا يېقىنلاپ قالى- دۇ . بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، شەرقتە بېيجىڭغا تارقالغان

---

① «جۇڭگو مۇزىكىسى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» ، 101 - جىلد ، «مۇزىكا تەزكىرىسى» (VII) ، («دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات» 19 - بەتتىكى نەقىل) .

② «جۇڭگو مۇزىكىسى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» ، 99 - جىلد ، «مۇزىكا تەزكىرىسى» (VII) ، («دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات» 19 - بەتتىكى نەقىل) .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەم چىلڭ سۇلالىسى ھۆججەتلىرىدە خاتىرىلەنگەن «ئۇيغۇر مۇزىكىسى، دەل تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىدا تارقىلىپ يۈرگەن «دولان مۇقامى» ئىدى.[1]

ئۇيغۇر دولان مۇقامى شەكىللىنىش جەريانىدا ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي جەريان ۋە مۇرەككەپ مەدەنىيەت مۇھىتى، شارائىتىنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىي ـ مەدەنىيەت شارائىتى بىلەن ماس قەدەمنى ساقلاپ كەلگەن ھەمدە مۇقامنىڭ كېلىپ چىقىش ئالاھىدىلىكلىرىگە تەسىر كۆرسىتىش ئېھتىمالى بولغان ئاساسلىق مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەندۇرگەن. بۇ يەردىكى «مۇقامنىڭ كېلىپ چىقىش ئالاھىدىلىكلىرىگە تەسىر كۆرسىتىش ئېھتىمالى بولغان ئاساسلىق مەدەنىيەت ئامىللىرى مۇرەككەپ ئېتنىك تارىخ، ئېتنىك تەركىبلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلەر، دىنىي ئېتىقاد ئۆزگىرىشلىرى، تەسۋىرىي ۋە ئەمەلىي سەنئەتنىڭ، يېزىق ۋە ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[2] غان بولۇپ، ئۇيغۇر دولان مۇقاملىرى ئۆزىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى بولۇش سۈپىتىدە، پۈتۈن ئۇيغۇر مۇقاملىرى شەكىللىنىش جەريانىدا بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي ۋە مەدەنىيەت شارائىتلارنىڭ ھەممىسىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ بارغان.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەكىت، مارالبېشى، ئاۋات قاتارلىق «دولان رايونى» نى تەشكىل قىلغان ئۈچ ناھىيىنىڭ ئەھۋالىدىن بىز «دولان رايونى» نىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىسى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى، تارىخى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىيات ئەھۋالىنى ھەم غايەت زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە «ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتى» نىڭ بارلىققا كېلىش جەريانى،

---

① «دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات»، مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 2004 ـ يىل 11 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 19 ـ بەت.

② تامىرا ئەلىباقىۋا: «ئۇيغۇر دولان مۇقاملىرى شەكىللىنىشىنىڭ تارىخىي، مەدەنىيەت شارائىتى»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 2000 ـ يىلى 4 ـ سان، 34 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



…ىسى ھەققىدە مۇنداق چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز:
1. «دولان رايونى» دېڭىز - ئوكيانلاردىن يىراق جايغا، يەنى …سىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقتە… تىنچ ئوكيان، غەربتىكى ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن بولغان ئارى… 3000 — 4000 كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ؛ «دولان رايونى» …م ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى، غەربىي شىمالى ۋە غەربىدىكى تۈزلەڭگە، …اسلىقى يەكەن (دولان) دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، ئاياغ ئېقىنلىرى بىلەن …مۇ - تارىم دەرياسىنىڭ باش ئېقىنلىرى، ئوتتۇرا ئېقىنلىرىغا …لاشقان. بۇ جايلار تارىم ۋادىسىدىكى سۇيى ئەلۋەك، تۇپرىقى مۇنبەت …تانلىق بولۇپ، دېھقانچىلىققا ئىنتايىن باب كېلىدىغان جايلاردۇر؛ …لان رايونى» گەرچە دېڭىز - ئوكيانلارغا يىراق، ھۆل - يېغىنى …رايون بولسىمۇ، لېكىن بۇ رايوننىڭ تۆت پەسلى ئېنىق، قۇياشنىڭ …ۇتۇش ۋاقتى ئۇزاق، مۆتىدىل، يەر ئاستى سۇيى مول بولغانلىقى …ۇن، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ياخشى ئۆسۈپلا قالماي، ھەرخىل …ان، ئوت - چۆپلەرمۇ ياخشى ئۆسىدۇ. شۇڭا، بۇ رايون پۈتكۈل …م ۋادىسىدىكى تەبىئىي ئورمان بايلىقى بىلەن يېپىنچا ئۆسۈملۈك …لقى ئەڭ مول رايون ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھال بۇ رايوننىڭ دېھقانچىلىق… باشقا، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق ۋە بېلىقچىلىق ئىگىلىكىنىمۇ …قىي قىلدۇرغان ھەم بۇ خىل ئىگىلىك شەكىللىرى بىرلەشكەن …ستانلىق ئىگىلىك مەدەنىيىتى» نى بارلىققا كەلتۈرگەن.
2. «دولان رايونى» يىراق قەدىمكى زاماندىن باشلاپ ئىنسانلار …ىيەت ئېلىپ بارغان رايون بولۇپ، بۇ يەردە ياشىغان ئىنسانلار ئۇزاق …كىللىك تارىخىي تەرەققىيات ۋە تارىخىي ئۆزگىرىش جەريانىدا ئۇزلە… …ڭ تەبىئەت بىلەن كۆرەش قىلىش؛ كېيىنكى مەزگىللەردىكى مىل… …ەرنىڭ چوڭ كۆچۈشى، ئۆزئارا سىڭىشىشى ھەم تەسىرلىنىشىدىن …ەت ئىشلەپچىقىرىش، ياشاش ۋە مەۋجۇتلۇق پائالىيەتلىرى ئارقى… …، يىراق قەدىمكى زامان بىلەن ھازىرقى زاماننى باغلاپ، تارىخىي

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئىزچىللىقىنى ساقلاپ كەلگەن. ئەڭ مۇھىم بىر ھالەت شۇكى، تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ئىچىدە «ئۇيغۇر دولانلىرى» نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھەم ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئېتنىك گەۋدىسى ئىچىدىكى ئايرىلماس تەركىب ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ كەلگەن.

3. «دولان رايونى» تارىم ۋادىسىدىكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە قەدىمكى بارچۇق - تۇمشۇق مەدەنىيەت چەمبىرىكىنى مەركەز قىلىپ، يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، ئاياغ ئېقىنلىرى، ئاقسۇ - تارىم دەرياسىنىڭ باش ئېقىنلىرى ھەمدە كېيىنچە شەرققە سۈرۈلگەن ھالەتتە تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، ئاياغ ئېقىن رايونلىرىنى ئاساس قىلغان «ئۇيغۇر دولان مەدەنىيەت رايونى» («ئۇيغۇر دولان مەدەنىيەت بەلۋېغى») نى بارلىققا كەلتۈرۈپ، تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن «ئۇيغۇر دولان مەدەنىيەت بەلۋېغى» دىكى يەرلىك مەھەللىۋى مەدەنىيەت بىرلەشكەن، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك، ئۆزگىچە تەم ھەم ئۇيغۇر قەدىمكى مەدەنىيەت تۈۋرۈكىنىڭ بىر شاخچىسى بولغان «ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتى» — ئۇيغۇر دولان مەشرەپ - مۇقامى، ئۇيغۇر دولان ئۆرپ - ئادەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئومۇمەن، «دولان رايونى» نىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى، ئۇزاق مەزگىللىك تارىخىي ئۆزگىرىشى، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ۋە بۇ جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىك، مۇرەككەپ تارىخ - مەدەنىيەت جەريانى بۇ رايوندا بارچۇق — تۇمشۇق مەدەنىيەت چەمبىرىكىنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، بۇ مەدەنىيەت مەركىزى — مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئاخىرقى ھېسابتا «ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتى» سۈپىتىدە كۆرۈنگەن ھەم ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## قوشۇمچە 1 :

# دولانلارنىڭ تارىختىكى كۆچۈشلىرى

يەكەن تىزناپ دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىن باشلاپ تارىم دەرياسىنىڭ لوپنۇر كۆلىگە قويۇلۇش ئېغىزىغىچە بولغان جۇغراپىيىلىك رايون — مەكىت ، مارالبېشى ، ئاۋات رايونىنى مەركەز قىلغان مەدەنىيەت بەلۋېغىدا «دولانلار» (دولانلار مۇشۇ رايوننى مەركەز قىلغان هالدا يەكەن، شايار ، كۇچا ، بۈگۈر ، لوپنۇر... قاتارلىق جايلارغىچە تارقالغان) دەپ ئاتالغان بىر ئىجتىمائىي ئاهالە تۈركۈمى ياشاپ كەلمەكتە . «مانا شۇ دولانلار بىزگە ئۆزلىرىنىڭ كۆپ قاتلاملىق تارىخىي تۈرمۇش پائالىيەتلىرىدىن يالغۇز ئوۋچىلىق ، چارۋىچىلىق ، دېهقانچىلىققا ئائىت مول ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىنىلا ئەمەس ، بەلكى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆزلىرىنىڭ ياشاش ئۇسۇلى ، مەۋجۇتلۇق روهى ، هاياتلىق ئېتىقادى ، ئۆرپ - ئادىتى ، ئەخلاق - قائىدىلىرى ، بەدىئىي زوق ۋە ئېستېتىك ئىنتىلىشلىرى مۇجەسسەملەنگەن دولان قەدىمكى مۇزىكا - ئۇسسۇل سەنئىتىنى ، يەنى ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت قامۇسى هېسابىدىكى «دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى» نىمۇ قالدۇردى»[1] .

دولانلار هەققىدە يېقىنقى 200 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە بىرقىسىم تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى هەمدە ئىلگىرىكى تارىخىي خاتىرىلەردە مەلۇمات بېرىلگەن بىرقىسىم تارىخىي مەنبەلەرنى تولۇقلايدىغان ، ئېنىقلايدىغان يېڭى قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى . بۇ مەلۇ-

① ئىمىن ئەهمىدى : «دولانلار نەزىرىدىكى باياۋان» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى ، 2004 - يىلى 6 - سان ، 3 - بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ماتلار ۋە قاراشلار يېقىنقى 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە قانات يايغان، مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن «دولان تەتقىقاتى» ئۈچۈن بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ، بىراق «دولانلار»نىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدىكى كۆزقاراشلارنىڭ بىردەك بولمىغانلىقىغا ئوخشاش، دولانلارنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىي پائالىيىتى، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى كۆچۈشلىرى ھەققىدىمۇ ھەرخىل كۆزقاراشلار مەۋجۇت بولۇپ، بىزنىڭ «دولان تەتقىقاتى» خىزمىتىمىزنىڭ تېخى يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇرماقتا. ئەمەلىيەتتە، دولانلارنىڭ تارىختىكى كۆچۈشلىرى بىر پۈتۈن دولان تارىخى — دولانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە تارىخ - مەدەنىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىشتە ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قوۋملىرىدىن بىرى بولغان دولانلارنىڭ تارىختىكى كۆچۈشلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى كۆچۈشلىرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە قىلىنىپ تەتقىق قىلىنىشى كېرەك.

مەلۇمكى، تارىختا ئۆتكەن كۆچمەن چارۋىچى قوۋملارنىڭ ئەڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى، ئۇلار مۇقىم تۇرالغۇ جايغا ئىگە بولماي، دائىم «سۇ، ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ ياشاشتىن ئىبارەت». رايون چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىق ئۇلارنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكىدۇر. بۇ ئالاھىدىلىكلەر كۆچمەن قوۋملارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ئارقىسىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن. ئۇلاردا مەلۇم دائىرە ئىچىدە سۇ، ئوت - چۆپ قوغلىشىپ ئادەتتىكىچە كۆچۈشتىن تاشقىرى، نوپۇس، چارۋا سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ كېلىپ چىققان پائالىيەت دائىرىسىنىڭ تارلىقى، تەبىئىي شارائىتتا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر ھەم كېيىنكى دەۋرلەردە ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئامىللار ئۇلارنى باشقا رايونلارغا، ھەتتا يىراق جايلارغا كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان. بىراق، بۇنداق كۆچۈشلەر جەريانىدا ئۇلارنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بەكتى
www.uyghurkitap.com



كۆچمەي قېپقالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ تۇرغان. كۆچۈپ كەتكەنلەر ھېرىپ توختىغان جايلىرىدا يەرلىك قوۋملار سوپىتىدە ياشاشقا باشلىغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ناملىرىنى ساقلاپ قالغان. بەزىلىرىنى شۇ يەردىكى يەرلىك قوۋملار ياكى باشقىلار ماكان تۇتۇپ ئات قويغان جاي نامىدا ئاتىغان ياكى ئۇلار ماكان تۇتقان جايىنى ئۇلارنىڭ نامىدا ئاتىغان. بۇنىڭدىن باشقا، مۇنداق كۆچۈشلەر يەنە بەزى ئۇرۇق - قەبىلە ناملىرىنىڭ تارىخ بەتلىرىدىن ئۆچۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان[1].

ئۇيغۇر دولانلىرى ئۆز تارىخىدا تۇرلۇك تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلى، قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشلىرىگە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز كۆچۈپ تۇرغان. ھالبۇكى، ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدىكى قاراشلارنىڭ بىردەك بولماي، كۆپ خىل، كۆپ قاتلاملىق بولۇشى تۈپەيلى، ئۇيغۇر دولانلارنىڭ تارىختىكى كۆچۈشلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلار ۋە بۇ مەلۇماتلار ھەققىدىكى قاراشلارمۇ كۆپ خىل بولماقتا. تۆۋەندە ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ تارىختىكى كۆچۈشلىرى ھەرقايسى تارىخىي دەۋر، يەنى زامان، ماكان ۋە بۇ ھەقتىكى كۆزقاراشلار ئاساسىدا ئايرىم - ئايرىم تىما بويىچە بايان قىلىنىدۇ ھەمدە ئاخىرىدا ئىلى رايونىدىكى دولانلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كۆچكەن دولانلار ھەققىدىكى بىرقىسىم ماتېرىياللار تونۇشتۇرۇلىدۇ.

### 1. دولانلارنىڭ قەدىمكى چاغدىكى كۆچۈشى

ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ قەدىمكى چاغدىكى كۆچۈشى دولانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدىكى «دولانلار ئۇيغۇرلاردۇر» دېگەن قاراشقا زىچ باغلانغان بولۇپ، مۇشۇ قاراش ۋە ئۇنىڭ ماتېرىيال مەنبەسىنى ئاساس قىلغان.

---

[1] ئۆمەر ئىمىن: «دولان ۋە دولان مەشرىپى - مۇقاملىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1989 - يىللىق 4 - سان، 44 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



دولانلارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى ۋە كۆچۈش ئەھۋالى توغرىسىدا ئېلىمىز ئالىملىرىدىن مىرسۇلتان ئوسمانوف (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتىدا تەتقىقاتچى) بىلەن گوڭ يىۋېي (مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا پروفېسسور) ئۆزلىرىنىڭ قارىشىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

1. مىرسۇلتان ئوسمانوف ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» ناملىق ئەسىرىدىكى «دولان ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا» [①] دا، دولانلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:[②]

دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. ئورخۇن ئابىدىلىرىدىمۇ بۇ قەبىلە تىلغا ئېلىنمىغان. «dolan» دېگەن نامغا تەلەپپۇز جەھەتتىن يېقىن كېلىدىغان 多滥葛, 多腊葛, 多览葛 دېيىلىدىغان قەبىلە نامى ئومۇمەن «تاڭنامە» ۋە شۇ ئاساستا يېزىلغان ئەسەرلەردە ئۇچرايدۇ. ماچاڭشۇ ئەپەندى «تۈركۈتلەر ۋە تۈركۈت تارىخى» دېگەن كىتابىدا، «كونا تاڭنامە» دە تاڭ گاۋزۇنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا (مىلادىيە 618 - يىللىرى) تېلى قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدە 多览葛 دېگەن قەبىلىنىڭ بارلىقى يېزىلغانلىقىنى، بۇنىڭ ۋە 葛 多览 دېگەن ئىككى قەبىلىنىڭ بىرلەشمىسى ئىكەنلىكىنى، «يېڭى تاڭنامە» دە بۇ قەبىلىنىڭ قوغۇرسۇ (斛薛) ۋە بولشار (白) قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىكتە 10 مىڭ ئەسكەر چىقىرالايدىغانلىقى يېزىلغان. سىر - تاردۇشلار ھاكىمىيىتى يىقىلغان چاغدىمۇ تېلې قەبىلىلىرى ئىچىدە ئۇيغۇر، بايىرقۇ قاتارلىق 12 قەبىلىنىڭ قاتارىدا 多览葛 نىڭ بارلىقىنى، كېيىن (مىلادىيە 647 - يىلى) مۇشۇ 多览葛 دا تاڭ سۇلالىسى يەنرەن (燕然) تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمە-

---

① مىرسۇلتان ئوسمانوف: «ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1990 - يىلى نەشرى، 98 — 115 - بەتلەر، «دولان ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1987 - يىلى 4 - سان، 109 — 122 - بەتلەر; (بۇ ماقالە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» 1988 - يىلى 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان).

② بۇ ئالىمنىڭ تەتقىقات تېمىسىدىكى كۆز قاراشلىرى تولۇق تېكىستى بىلەن ئېلىنىدى، بىراق، ئالىم پايدىلانغان مەزمۇنلارنىڭ مەنبەلىرى قولىمىزدا بار ئەسلىي ماتېرىياللار ئاساسىدا تولۇقلاندى. بۇ تېكىست ئىچىدىكى نەقىللەرنىڭ ھەممىسى ئەسلىي تېكىست ئىچىدىكى نەقىللەر دەپ قوبۇل قىلىنسا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ـسى قورغانلىقىنى، بۇنىڭ ئورنى ھازىرقى ئۇلانباتورنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ[1].

سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى «ئومۇمىي تۈركۈت تارىخى» دېگەن ئەسەرىدە، تېلې قەبىلىلىرى ئىچىدە 多览葛 قەبىلىسىنى سانايدۇ ۋە بۇنىڭ ئايرىم بىر خەلق ئىكەنلىكىنى، tolangit دېيىلىدىغانلىقىنى، دوساننىڭ موڭغۇل تارىخىدا tulangkite دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى شۇنىڭ بىلەن بىللە «موغۇل تارىخى» دىن نەقىل كەلتۈرۈپ، 帖边郭特، 帖良兀، 田列古، 帖良古特 دېيىلىدىغان قەبىلىنىڭمۇ بولغانلىقى، بۇلارنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن دىڭلىڭلارنىڭ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن تېلېلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا، بايقالنىڭ غەربىدە ياشىغانلىقى، دوساننىڭ موڭغۇل تارىخىدا telengkoutes دەپ ئېلىنغانلىقى، بۇلارنىڭ قىرغىزلار بىلەن كەمكەمچۇت (侃侃助特) لەر ئارىسىدىكى ئورمانلىقتا ياشايدىغان ئايرىم بىر خەلق ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ[2].

ليۇ يىتاڭ ئەپەندى «ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەتقىقات» دېگەن كىتابىدا «تېلې» بىلەن «قاڭقىل» دېگەن نامنىڭ بىر خەلقنىڭ ئىككى خىل ئاتىلىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ كېلىپ، 多览葛 قەبىلىسىنى تېلې تەركىبىدىكى 15 قەبىلىنىڭ قاتارىدا كۆرسىتىدۇ ۋە بۇ نامنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى «telangut» دەپ بېرىدۇ[3].

سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى بىلەن ليۇ يىتاڭ ئەپەندىلەرنىڭ قارىشى بويىچە بىر قەبىلە دەپ ھېسابلانغاندا، ئاخىرقى (get)[4] 葛 نى يىلتىزنىڭ تۈگەنچى تاۋۇشى [ŋ] بىلەن قەدىمكى تۈركىي

---

① ماچاڭشۇ ئەپەندى: «تۈركۈتلەر ۋە تۈركۈت تارىخى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1957 - يىلى نەشرى، 50 -، 51 -، 57 - بەتلەر؛ «جۇڭگونىڭ تارىخىي خەرىتىلەر توپلىمى»، جۇڭخۇا خەرىتىلەر نەشرىياتى، 1982 - يىل 10 - ئاي خەنزۇچە نەشرى، 5 - توم، 42 -، 43 - بەتلەردىكى خەرىتىگە قارىغاندا، بۇ تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى ئۇلانباتورنىڭ شىمالىدا ئىكەن.

② مەزكۇر ئەسەرگە سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى، مەزكۇر ئەسەر، 683 - بەت.

③ ليۇيىتاڭ: «ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەتقىقات» تەيۋەن جۇڭجۇڭ كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشرى، مەزكۇر ئەسەر، 79 -، 84- بەتلەر.

④ قاراڭ: كارلگرېن «خەنزۇچە - ياپونچە لۇغەت»، 55 - بەت. بۇ يەردە 葛 خېتىنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «kat» گۇاڭدۇڭ دىئالېكتىدا، «kot» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



تىلـلاردا قوللىنىلغان كۆپـلۈك قوشۇمچىسى «it» نىڭ بىرىكمىسى دەپ قاراشـقا ۋە قالغان dolang//tolang دېگەن يىلتىزلارنـى dolan دېگەن ئىسىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا تامامەن بولىدۇ، شۇنىڭدەك سېـن جۇڭمىيەن ئەپەندىنىڭ دوساننىڭ تارىـخىدىن كەلتۈرگەن نەقىلـلىرى ئاساسىدا 帖良克特 بىلەن 多览葛 لەرنىڭ ئايرىم - ئايرىم خەلق ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ياشىغان جايلىرىنىڭمۇ باشقا - باشقا (ئالدىنقىسىنىڭ بايقالنىڭ جەنۇبى، ئولانباتۇرنىڭ شىمالىدا، كېيىنكىسىنىڭ بايقالنىڭ غەربىدە) ئىكەنلىكىنى، بۇگۇنكى تېلېئۈت، تېلېنگىتلەرنىڭ كېيىنكىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەش مۇمكىن. ھەممىدىن مۇھـىمى، سـېـن جۇڭمىيەن ئەپەندى «كىتابلار جەۋھەرى» («册府元龟») دىن كەلتۈرگـەن نەقىل بولۇپ، بۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «لۇڭ شو (龙朔) نىڭ ئىككىنـچى يىلـى (مىلادىيە 662 - يىلى) جېن رېنـتەي بىلەن شۆرېنگۆي قاتارلىقـلار تېلې قەبىلـلىرىنـى تەڭرىتاغـدا تارمار قىلـدى. بۇ چاغـدا تېلې قەبىلىلىرى ئىچىدە ئىسكىت (思结) ۋە دولانغىت (多览葛) قەبىلىلىرى بولۇپ، تەڭرىتاغنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغانىدى»①.

دولانلارنىڭ تارىم ۋادىسىـدا خېلى قەدىمدىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىر خەلق ئىكەنلىكىگە ئائىت تارىخي پاكىتلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىنكى، ئا. م. شېرباك ئۆزىنىڭ «III — XIII ئەسىرلەردىكى شىنجاڭ يېزىق يادىكارلىقلىرىنىڭ گراماتىكىسى» دېگەن ئەسىرىدە ئا. گاباڭىنىڭ براخما يېزىقىدا يېزىلغان بىر دىئالېكتتا سۆزنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى بوغۇملىرىـدىمۇ [O]، [θ] تاۋۇشـلـىرى كەلگـەنلىكىنى (مەسىلەن، — oloror ئۆلتۈرىدۇ. — olorop ئۆلتۈرۈپ) بايقىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ②.

براخما يېزىقىدا يېزىلغان ئەسىرلەر كۆپىنچە كۇچا، بارچۇق (توق-

---

① سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى: «ئوموموي تۈركۈت تارىخى»، 1080 - بەت.
② قاراڭ: ئا. م. شېرباك، مەزكۇر ئەسەر، 1 - باب، فونېتىكا قىسمى، [O]، [θ] سوزۇق تاۋۇشلىرىغا بېرىلگەن ئىزاھات.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قوز ساراي ) ۋە خوتەنلەردىن تېپىلغان . شۇڭا ، دولانلارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى ۋە ساقىندى ھالەتتىكى تىل ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ ، تارىختىكى بۇ دىئالېكتنى ھازىرقى تارىم شېۋىسى دەپ ھېسابلاش مۇمكىن ، ھازىرقى تارىم شېۋىسى ئەينى زاماندا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى كۈچلۈك دىئالېكت بولغان دېيىش مۇمكىن .

يىغىپ ئېيتقاندا ، بىز گەرچە تېخى قانائەتلىنەرلىك دەرىجىدە بولمىسىمۇ ، يۇقىرىقى تارىخىي پاكىتلار ۋە تىل پاكىتلىرى ئاساسىدا ھازىرقى دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ «تاڭنامە» دە تىلغا ئېلىنغان 多兰葛 ياكى 多览葛 قەبىلىسىنىڭ ئۆزى ، ئۇلار ھازىرقى ياقۇتلارنىڭ دولىغان دىئالېكتىدا سۆزلىشىدىغانلار بىلەن تارىخىي قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتتە بولغان دەپ قارايمىز . سىر - تاردۇشلار ھاكىمىيىتى يىقىلغاندىن كېيىن ، دولانلار (دولانغىت) نىڭ ئاساسىي قىسمى ئاۋۋال تەڭرىتاغدا ، ئاندىن ئاستا - ئاستا ھازىرقى مۇنبەت زېمىندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ، خالاس .

2 . 1988 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى گۇەن يىۋېي «مۇزىكا مىللەتشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن ‹دولان› ۋە ئۇنىڭ مۇزىكىسى ھەققىدە ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق يەكۈن چىقىرىدۇ :

(1) مىلادىيە Ⅶ ئەسىردە قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يايلاقتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ 15 قەبىلىسى ئىچىدىكى «دولانگىت» لار ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى چوڭ قەبىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى .

(2) «دولان» ( 多滥 Dolan ) «دولانگىت» ( 多览葛 Dolang ) بىلەن ھازىرقى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى «دولان» ( 多兰 Dolan ) ، ( 多郎 Dolang ) ئەسلىدىن بىر سۆز ، خەنزۇچە تەلەپپۇز ئوخشاش ، پەقەت ئىشلىتىلگەن خەتتە پەرق بار . شىنجاڭنىڭ مەكىت ، ئاۋات ، شايار قاتارلىق جايلىرىدىكى دولانلارنىڭ ئەسلىدە قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يايلاقتا توغلا دەرياسى بويىدا ئولتۇراقلاشقان دولانلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



( 多览葛 ، 多滥 ) ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ .

(3) مىلادىيە IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ، دولانلارمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ شىنجاڭغا كەلدى . يېقىندىقى زاماندىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۇلار يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقىنى تەشكىل قىلدى ① .

بۇ ئىككى ئالىمنىڭ قاراشلىرىغا تولۇقلىما قىلىنغان ۋە كۆچەيتىلگەن ھالدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تۈزگەن، ليۇ ۋېيشىڭ باش مۇھەررىرلىكىدىكى «شىنجاڭ مىللەتلەر لۇغىتى» بىلەن «غەربىي شىمال مىللەتلەر لۇغىتى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ : «دولانلار ( 多兰葛 ) تېلېلارنىڭ بىر قەبىلىسى . يەنە 多腊葛 ، 多澜 ، 多览葛 دەپمۇ يېزىلىدۇ . سۈي ، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئۇلار شەرق ، غەرب ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن . شەرقىي قىسىمدىكىلەر توغلا دەرياسى (ھازىرقى موڭغۇل ئېگىزلىكى توغلا دەرياسى ) بويىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان، ئادەم سانى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق تۈتۈنى بولغان . ئاۋۋال تۈرك قاغانلىقىغا قارىغان، كېيىن سىر - تاردۇش قاغانلىقىغا قارىغان . سىر - تاردۇش قاغانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، دولانلارنىڭ باشلىقى ئېركىن دولانگىت تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ تەۋەلىك بىلدۈرگەن . تاڭ سۇلالىسى ئۇلارنىڭ يېرىدە يەنرەن تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلغان . ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ، يەنە ئۇنىڭ ئوغلى «دولان ساي بەگ» ( 多滥葛匐 ) بۈيۈك ئېلتەبىر ئۇنۋانىنى ئېلىپ يەنرەن تۇتۇقى بولغان . ئۇيغۇر قاغانلىقى كۆچەيگەن چاغدا ئۇ يەنە ئۇيغۇر قاغانلىقىغا بېقىنغان . غەربىي قىسىمدىكى دولانگىتلار قاراشەھەرنىڭ غەربى ۋە باينبۇلاق يايلىقىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان . ئاۋۋال

---

① گۈەن يىۋى : «مۇزىكا مىللەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ‹دولان› ۋە ئۇنىڭ مۇزىكىسى ھەققىدە ئىزدىنىش» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» خەنزۇچە ، 1988 - يىلى 5 - سان ، 21 - بەت ؛ «دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات» ، مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتى نەشرىياتى ، 2004 - يىل 4 - ئاي خەنزۇچە نەشرى ، 7 - بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



غەربىي تۈركلەرگە، كېيىن تاڭ سۇلالىسىگە قاردىغان. ئۇيغۇر قاغانلىقى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، يەنە ئۇيغۇر قاغانلىقىغا قارىغان. موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى دولانگىتلار يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە دولان (多浪 ، 多兰) دەپ ئاتالغان، بايىنبۇلاق يايلىقىدىن جەنۇبقا كۆچۈپ شىنجاڭنىڭ ئاقسۇ، قاراشەھەر قاتارلىق جايلىرىغا كېلىپ، تەدرىجىي كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتۈپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەن[1].

دولانلارنىڭ قەدىمكى چاغدىكى جايلاشقان ئورنى ۋە كۆچۈشى ھەققىدە بىرقىسىم تارىخىي مەنبەلەردە خېلى ئېنىق مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان:

«يېڭى تاڭنامە» دە: «دولانگىت (多览葛) يەنە دولان (多葛) مۇ دېيىلىدۇ. ئۇلار سىر - تاردۇشلار (薛延陀) نىڭ شەرقىدە توغرا دەرياسى بويىدا ياشايدۇ» دېيىلگەن[2].

«قامۇسنامە» (通典) دە: «دولانگىت — تېلې قەبىلىلىرىدىن بىرى. ئۇلار سىر - تاردۇشلارنىڭ شەرقىدە، توغرا دەرياسى بويىدا ياشايدۇ. خىللانغان 10 مىڭ ئەسكىرى بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ جۇڭگو بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ باقمىغان» دېيىلگەن.

«تەيپىڭ جاھان خاتىرىسى» (太平寰宇记) دە: «دولانگىتلار سىر - تاردۇشلارنىڭ شەرقىدە، توغرا دەرياسىغا يېقىن جايدا. خىللانغان 10 مىڭ ئەسكىرى بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ جۇڭگو بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ باقمىغان». دېيىلگەن.

«كىتابلار جەۋھىرى: (册府元龟) دە: دولانگىت (多腊葛)، دولاگې (多滥葛) دەپ خاتىرىلەنگەن ھەم دولانگىتلارنىڭ جېنگۈەننىڭ 20 - يىلىدىن باشلاپ جۇڭگو بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقا باشلىغانلىقى خاتىرىلەنگەن[3].

---

① «شىنجاڭ مىللەتلەر لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل 10 - ئاي خەنزۇچە نەشرى، 73 - بەت. «غەربىي شىمال مىللەتلەر لۇغىتى» 164 - بەت.
② «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1989 - يىلى 3 - سان، 63 - بەتتىكى نەقىل.
③ «شىنجاڭ تارىخ تەتقىقاتى» (ئىچكى سان، خەنزۇچە) 1985 - يىلى 2 - سان، 33 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سېرىن جۇڭمېيەن ئەپەندى يۇقىرىقى خاتىرىلەرگە ئاساسەن دولانگىتلارنىڭ قۇرۇم (ھازىرقى ئۇلانباتۇردا)، كېنت تاغلىرى ئارىسىدا ياشايدىغانلىقىنى يازىدۇ[1].

يەنە بىرقىسىم مەنبەلەردە مۇنداق مەلۇماتلار بېرىلگەن: «ئېگىز ھارۋىلىقلارنىڭ پامىر (كۆكتارت) نىڭ غەربىگە يۆتكىلىشى دىڭلىڭ دەۋرىدىن باشلانغان. سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە تېلې قەبىلىلىرىنىڭ تارقالغان رايونلىرىنىڭ كېڭىيىشى، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ كۆچمەنلىك ئالاھىدىلىكىدىن باشقا، ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ تۈرك قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلىغانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، «شىمالىي خانلىقلار تارىخى. تېلېلار تەزكىرىسى» دە: «كەيفىڭ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا جىن خانلىقىنىڭ خانى گۇاڭ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ بىلگە خاقاننى (غەربىي تۈركلەرنىڭ تاردۇ خاقانى، ئۇ 576 ـ يىلىدىن 603 ـ يىلىغىچە خان بولغان) مەغلۇپ قىلغاندا، تېلېلار پىتىراپ كەتتى» دېيىلگەن. بۇ خاتىرە سۇي سۇلالىسى قوشۇنى تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلغاندا پۇرسەتتىن پايدىلانغان تېلې قەبىلىلىرىنىڭ تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، شەرقىي تۈركلەرنىڭ بىلگە خاقانى دەۋرى (716 — 734) دە ئۇلارغا بېقىندى بولغان تېلې قەبىلىلىرىدىن بايىرقۇ، توڭرا، بۆگۈ قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ بىرقىسىم خەلقى تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەيجۇ (代州) ئوبلاستىنىڭ شىمالىغا كۆچكەن. دولانگىت، ئادىز قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ بىرقىسىم خەلقى تاڭنىڭ لىڭجۇ 灵州 (لىڭجۇ ئوبلاستى گەنسۇ تەۋەسىدە، قەدىمكى تىبەت زېمىنى) غا كۆچكەن»[2].

باشقا تارىخىي خاتىرىلەردە يەنە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى

---

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىلى 3 ـ سان، 63 ـ بەت.

② ماچاڭشۇ: «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقىدىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر» («تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» 1 ـ توم، 169 ـ بەت)، («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىلى 4 ـ سان، 45 ـ بەتتىكى نەقىل).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(460 — 640) نىڭ يەرلىك رايونلارنى ئىدارە قىلىش جەھەتتىن ئىدىقۇت ۋىلايىتى ئاساسىدا ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمى قوللانغانلىقىنى، بۇ تۈزۈمنى دولانلار (多滥) رايونىغىچە يۈرگۈزگەنلىكى يېزىلغان①.

بۇ ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، دولان (دولانگىت) لارمۇ باشقا تېلى قەبىلىلىرىگە ئوخشاشلا بۇ دەۋردە بۆرۈتقى زېمىنلىرىدىن ئاستا – ئاستا غەربكە كۆچۈپ گەنسۇ، تەڭرىتاغ ئېتەكلىرى، تۇرپان رايونلىرىنىڭ ئورۇنلاشقان.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرگە كەلگەندە، شىمالىي دالىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلەر نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى، قەبىلە ئارا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن ئۆز ئارا ئۇيۇشۇپ، بىرلىشىپ، ئاخىرى تاشقى توققۇز قەبىلە، ئىچكى توققۇز قەبىلە بولۇپ شەكىللەندى.

فىڭ جياشېڭ قاتارلىقلار مۇشۇ ھەقتە توختىلىپ، 多览葛 نى دەپ ئالىدۇ ھەمدە تاشقى توققۇز قەبىلە ئىتتىپاقىغا قاتناشقان بوگۇ (仆固)، تونگرا (同逻) قەبىلىلىرىنىڭ 多览 نىڭ شەرقىي تەرىپىدە ياشايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ②. خېلى كۈچلۈك بولغان 多览葛 نىڭ ئىچكى – تاشقى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا كىرەلمەسلىكىمۇ ئېھتىمال 多览葛 نىڭ ئاساسلىق قىسمىنىڭ غەرب تەرەپكە كۆچكەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

قىسقىسى، تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىدىن قۇتۇلۇش ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن غەربكە كۆچكەن تېلى قەبىلىلىرى قاتارىدا دولانگىت (دولان) قەبىلىسىمۇ غەربكە كۆچۈپ كەتكەن.

دولانلار (دولانگىت) تارىم ۋادىسىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، دەسلەپ ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق تۇرمۇشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا قولايلىق بولغان جايلارنى تاللاپ ئولتۇراقلاشقان. كۆپ قىسمى يەرلىك

---

① («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1989 – يىلى 4 سان، 45 – بەتتىكى نەقىل).
② فىڭ جياشېڭ قاتارلىقلارنىڭ «ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى» خەنزۇچە، 11 – بەت («شىنجاڭ سەنئىتى»، 1989 – يىلى 4 – سان، 47 – بەتتىكى نەقىل).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خەلقىنىڭ شۇ چاغلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە ماسلىشىپ، ئۇلارغا سىڭىپ، ئۆزناملىرىنىمۇ يوقاتقان. پەقەت يەكەن دەريا ۋادىسى، ئاۋات رايونلىرىغا ئورۇنلاشقانلىرىلا بۇ جايلارنىڭ ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا قولايلىق بولۇشى، جۇغراپىيىلىك شارائىت تۈپەيلىدىن سىرت بىلەن ئالاقىلىشىشىنىڭ قولايسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، سەنئەت شەكلى ۋە نامىنىمۇ ساقلاپ قالغان. مەكىت ناھىيىسىنىڭ بەزى يېزىلىرىدا ھازىرمۇ ئوۋچىلىق تۇرمۇشى مەۋجۇت.①

دولانلارنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ئوۋچىلىق تۇرمۇشى توغرۇلۇق تۆۋەندىكى خەلق رىۋايىتىنى كەلتۈرۈش مۇمكىن:

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ مەلۇم يېرىدە، بۈك ئورمانلىق ئىچىدە بىر ئوۋچى ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئوۋچى ئوۋ ئىزدەپ بىر مارالنى ئۇچرىتىپتۇ ـ دە، ئۆزىنى رۇسلاپ، ئوقياسىدىن ئوق ئۈزۈپتۇ. كىرىچتىن ئوق ئۈزۈلۈش بىلەن تەڭ يا سۇنۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى بۇ جاينىڭ ئىسمى «يا سۇندى» دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ. ئوۋچىنىڭ ئوقى مارالنىڭ بىر پۇتىغا تەگكەنىكەن. مارال ئاقساپ قېچىشقا باشلاپتۇ. ئوۋچى ئۇنى قوغلاپتۇ، قوغلاپتۇ، بىر ئورمانلىققا بارغاندا مارالنى تۇتۇۋاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاينىڭ نامى «ئاقساق مارال» دەپ ئاتىلىپتۇ. ئوۋچى ئولجىنى ئېلىپ قايتىپتۇ ۋە ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىپ تاشلاپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى بۇ جاي «مارالبېشى» دەپ ئاتىلىپتۇ. ئوۋچى بوغا ـ مارااللارنى كۆپلەپ تۇتۇپتۇ. ئۇنى ئېتىغا غانجۇغىلاپ تېڭىپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. كاۋاپ قىلىش ئۈچۈن گۆلخان يېقىپ، تېۋىلغا زىخ تەييارلاپ مالنى سويۇپتۇ. پىچاق ئۇستىخانغا تەگكەندە سۇنۇپ كېتىپتۇ. ئاتام زامانىسىدىن تارتىپ بۇ يەر «پىچاق سۇندى» دەپ ئاتىلىپ كەپتۇ②.

---

① ئۆمەرجان ئىمىن: «دولان ۋە دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىلى 4 ـ سان، 47 ـ بەت.

② ئەخەت داۋۇت نەشرگە تەييارلىغان «مارالبېشى تارىخى ماتېرىياللىرى»، 1992 ـ يىل 6 ـ قاپ، (ئىچكى ماتېرىيال) 62 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com



هالبۇكى، دولانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە يۇقىرىدىكىگە ئوخشىمايدىغان، يەنى ئۇيغۇر دولانلىرىنى «دولانگىت» لارغا باغلاشقا قوشۇلمايدىغان يەنە بىر خىل قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، دولانلارنىڭ قەدىمكى چاغدىكى كۆچۈشى توغرىسىدىمۇ باشقىچە قاراش ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ خىل قاراشتىكىلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەكىل خاراكتېردىكىلىرى تۆۋەندىكىلەر:

1. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى مىياۋ پۇشېڭ ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ:

بەزى ئالىملار «دولان» سۆزىنىڭ تەلەپپۇزىنىڭ دولانغىت قەبىلىسىنىڭ نامىنىڭ ئوقۇلۇشىغا يېقىن كېلىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، دولانلار دولانغىتلارنىڭ ئەۋلادى دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

دولانغىتلار دەسلەپتە تېلېلارنىڭ 15 قەبىلىسىنىڭ بىرى ئىدى، كېيىن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قوۋمى بولغان.

«تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن: دولانغىت سىر- تاردۇشلار زېمىنىنىڭ شەرقىگە، توغرا دەرياسى بويىغا جايلاشقان. 10 مىڭ سەرخىل ئەسكىرى بار. سىر - تاردۇشلار يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاقساقىلى ئېركىن دولانغىتمۇ ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە بەيئەت قىلدى. ئۇنىڭ زېمىنى يەنرەن تۇتۇقبەگ مەھكىمىسىنىڭ دائىرىسىدە بولدى. ئېركىن دولانغىتقا سول قاناتنى قوغدىغۇچى بۈيۈك سانغۇن، يەنى تۇتۇق دېگەن ئۇنۋان ئىنئام قىلىندى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، دولان ساقبەگ بۈيۈك ئېلتەبىر بولۇپ، تۇتۇقلۇققا ۋارىس بولدى.

توغرا دەرياسى، يەنى تولا دەرياسى بۈگۈنكى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ زېمىنىدا، «دولانغىت» «توغرا دەرياسى بويىغا جايلاشقان» دېگەن مەلۇمات دولانغىتلارنىڭ تولا دەرياسى بويلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سىر - تاردۇش خانلىقى گۇمران بولغاندىن كېيىن، تېلې

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قەبىلىلىرى بەيئەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان ، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جېنگۇەننىڭ 21 - يىلى (647 - يىلى) ئۇلارنىڭ زېمىنىدا ئالتە مەھكىمە ، يەتتە ئايماق تەسىس قىلغان . ئۇنىڭ بىرى دولانغىتلار كۆچۈپ يۇرۇپ چارۋىچىلىق قىلغان زېمىندا قۇرۇلغان يەنرەن تۇتۇق مەھكىمىسى ئىدى . لېكىن ، بەزى ئالىملار «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 98 - جىلدىدىكى «لۇڭشۇنىڭ 2 - يىلى (662 - يىلى) 2 - ئايدا جېڭ رېنتەي ، شۆ رېنگۈي قاتارلىقلار تەڭرىتاغدا تېلې قوۋملىرىغا زەربە بەرگەندە ، تېلېلارنىڭ ئىزگىل ، دولانغىت قەبىلىلىرى تەڭرىتاغنى ساقلاۋاتاتتى» دېگەن مەلۇماتنى نەقىل كەلتۈرۈپ ، شۇ چاغدا دولانغىت قەبىلىسى بۈگۈنكى شىنجاڭ دائىرىسىدىكى تەڭرىتاغ بويلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن دەپ ھېسابلايدۇ . بۇنىڭ بىر خىل خاتا چۈشەنچە ئىكەنلىكى ئېنىق . ئەمەلىيەتتە ، «كىتابلار جەۋھىرى» دە ئېيتىلغان تەڭرىتاغ ئۆتۈكەن تېغىنى ، يەنى بۈگۈنكى خانگاي تېغىنى كۆرسىتىدۇ . شۇ قېتىمقى ھەربىي ھەرىكەت توغرىسىدا «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى . شۆرېنگۈي تەرجىمىھالى» ، دا مۇنداق دېيىلگەن :

تېلېلارنىڭ ئىزگىل ، دولانغىت قاتارلىق قەبىلىلىرى ئەسلىدە تەڭرىتاغنى ساقلاپ ياتاتتى . جېڭ رېنتەي دەۋرىگە كەلگەندە ئۇلار قورقۇپ تەسلىم بولدى . جېڭ رېنتەي ئۇلارنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلماي ، ئۇلارنى بالا - چاقىلىرى بىلەن بىللە ئەسىرگە ئېلىپ ، ئەسكەرلەرگە ھەدىيە قىلىشەتتى ، ئوغرىلارنىڭ ۋەزىرى قوۋمىنى باشلاپ يىراق تامانغا قېچىپ كەتتى . بىر ئاتلىق بەگ : «ئۇلار نەرسە - كېرەك ، مال - چارۋىلىرىنى دالىغا تاشلىشەتتى ، بېرىپ ئېلىۋالساڭلار بولمامدۇ ؟» دېدى . رېنتەي ساۋۇت كىيگەن 14 مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى تاللاپ ، قۇملۇقتىن ئۆتۈپ ، شيەنئې دەرياسى بويىغا باردى . يات تائىپىلارنىڭ ئاشلىقى يوقلۇقىنى كۆرۈپ قايتىپ كەلدى .

شەنئې دەرياسى سېلېنگا دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ . جېڭ رېنتەينىڭ ئىزگىل ، دولانغىت قاتارلىق قەبىلىلەرنى قوغلاپ بۇ جايغا كەلگەنلىكى

دولانغىتلارنىڭ يەنىلا موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدا كۆچۈپ يۈرۈپ چار-ۋىچىلىق قىلىشۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

كەيچېڭنىڭ 5 ـ يىلى (840 ـ يىلى) ئۇيغۇر خانلىقى گۇمران بولغاندىن كېيىن، قېپقالغان ئۇيغۇر قوۋملىرى ئۈچ تارماققا بۆلۈنۈپ غەربكە كۆچتى. ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى غەربكە — قارلۇققا، بىر تارمىقى ئەنشى (هازىرقى كۇچا) غا كەلدى. دەرۋەقە، بىز ماتېرىياللاردىن غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدە دولانغىتلارنىڭ بارلىقىنى چېلىقتۇرالمايمىز. ئەكسىچە، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تارىخىي كىتابلاردىن دولانغىتلارنىڭ داۋاملىق تۇردە موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدا يۈرگەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتنى چېلىقتۇرىمىز. سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى «چىڭگىزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى» دىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى جالائىرلار چارۋىچىلىق قىلغان زېمىننىڭ ئونون دەرياسىنىڭ شىمالىدا ئىكەنلىكىگە قارىغاندا، تۈركلەرنىڭ بىر قەبىلىسىنىڭ نامى تۆلانگې بولسا كېرەك.» بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان تۆلانگېلارنى بىرمۇنچە ئالىملار تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دولانغىتلار دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇنداقتا، بىز دولانغىتلار يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ بايقال كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرەپلىرىدە كۆچ-مەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، بۇ جاي ئۇلارنىڭ ئەسلىدە چارۋى-چىلىق قىلغان جايلىرىدىن ئانچە يىراق ئەمەس، دەپ قارايمىز.

ناۋادا بىز بىر قەدەم چېكىنىپ، دولانغىتلار ئۇيغۇر خانلىقى گۇم-ران بولغاندىن كېيىن، باشقا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىكتە شىن-جاڭغا كەلگەن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە قەدەر ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ۋە تىل ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان دەپ ھېسابلىساق، بۇمۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش. چۈنكى، بىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە — قارلۇقلار زېمىنىغا كەلگەن بىر تارمىقى كېيىنچە مەشھۇر قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇردى. ئەنشىگە كەلگەن تارمىقى بولسا قوچو-نىڭ ياكى شىجۇ (غەربىي ئايماق) ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئايلاندى . ئۇلار يەرلىك خەلقلەرگە قوشۇلغاندىن كېيىن ، ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ ، مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىدىغان مىللەت بولۇپلا قالماي ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يېقىنقى زامان ئۇيغۇرلىرىنى شەكىللەندۈردى .

شۇڭا ، دولان سۆزىنىڭ تەلەپپۇزى دولانغىت ، تالانغۇت دېگەن ناملارنىڭ ئوقۇلۇشىغا يېقىن كېلىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ، دولانلىقلار دولانغىتلاردىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراش زورمۇزور چىقىرىلغان يەكۈن بولسا كېرەك ، دەپ ھېسابلايمەن[1] .

2 . شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ، مەرھۇم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ :

ھازىرغىچە «دولان مۇقامى» قەدىمكى تېلې قەبىلىلىرى تەركىبىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ، جەنۇب - غەرب سىبىرىيە ۋە قىپچاق دەشتىگە تارقالغان كۆپلىگەن خەلقلەردىن بولغان تىلەنغۇت قەبىلىسى بىلەن ئىزاھلاندى . بۇ قەبىلىنىڭ «تىلەن» ئىبارىسى «دولان» ئىبارىسىگە يېقىن تەلەپپۇز قىلىنغانلىقى ، ئۇنىڭ قاچان ۋە قانداقتۇر تارىدىم بويىغا يۆتكەلگەنلىكى دېگەن ئابستراكت قىياسى سەكرەتمە بىلەن «دولان مۇقامى» نى ئىزاھلاشقا ئېلىپ كەلدى . بۇ ئۆزىنىڭ قەدىمكى تارىخىنى ئۇنتۇغان XIV — XV ئەسىر ئۇيغۇر مۇئەللىپلىرىنىڭ ئۆتمۈشىنى نوھ ۋە چىڭگىزخاندىن باشلىغانلىقىغا ئوخشاپ قالدى . نەتىجىدە «دولان مۇقامى» قەدىمكى غەربىي دىيار نەغمە - ناۋا تىزمىلىرى — «ماھادور» ، «ئۆدۈن نەغمىسى» ، «سۇلې نەغمىسى» ، «كۇسەن نەغمىسى» ، «قوچو نەغمىسى» قاتارلىقلاردىن ئايرىلغان ، كېيىن قوشۇلغان مۇزىكىلىق گەۋدە دېگەن قاراش ئاسارىتىگە كىرىپ قالدى . دولانلىقلار باشقا ئېتنىك گەۋدە سۈپىتىدە قارىلىدىغانمۇ بولدى[2] . ھەتتا دولانلىقلار باشقا ئېتنىك گەۋدە ، ھەتتا مۇقام — لاد سىستېمىسىغا ئىگە بولمىغان باشقا تۈركىي ، باشقا موڭغۇل قەبىلىسى

---

① مياۋ پۇشېڭ : «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دولان ئۇيغۇرلىرى» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، (ئۇيغۇرچە) 1990 - يىلى 1 - سان ، 127 - ، 129 - بەتلەر .

② ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن : «دولان - قوموُل مۇقاملىرىنىڭ يىلتىز داشلىقى ھەققىدە ئىزدىنىش» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1998 - يىلى 3 - يىل 27 - بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


دېگەن قاراشمۇ شەكىللەندى . بۇ خىل مۇھاكىمە مۇئەللىپلىرى تۆلۈس ،
تىلەنغۇت ، موڭغۇل قەبىلىلىرى ۋە خەلقلىرىدە ئارى- ساك- ئۇيغۇر
ئېتنىك تۈركۈمىنىڭ بوستان مەدەنىيىتىگە خاس مۇقام فولكلورىنىڭ
مەۋجۇت بولۇش - بولماسلىقىنىمۇ دىققەت - ئېتىبارىغا ئالمىدى① . بۇ
خىل قاراشتىكىلەر دولانلارنى «سۇڭنامە» ، «تاڭنامە» دە تىلغا ئېلىنى-
غان تېلې قەبىلىلىرى تەركىبىدىكى « 多览葛 » (دولەنگې) قەبىلىسى-
گە تەڭلەشتۈرىدۇ . «دولەنگې» قەبىلىسىنى دوسان «Tolangit» دەپ ،
ليۇيىتاڭ «Telangut» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ . بۇ تۆلەنغۇت (تىلەنغۇت)
قەبىلىلىرى نامى «توققۇز ئۇيغۇر ئابىدىسى» دە ، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى
تەركىبىدە، ئىدىقۇت خانلىقى تەركىبىدىكى قەبىلىلەر قاتارىدا (بۇ ھەققتە
ۋاڭ يەندى ئېنىق ئۇچۇر قالدۇرغاندى ) ، «بەش دەۋر (907 — 960)
دىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت خاتىرىلەر» دە ، قاراخانىيلارغا ئائىت مەنبەلەردە
ئۇچرىمايدۇ .

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، «دو لان» دېگەن نام چىڭ سۇلالىسى
چيەنلۇڭ دەۋرىدىكى بۇرھانىدىن خوجا بىلەن خوجا جاھان ئەرشى ئارىسى-
دىكى زىددىيەتلەرگە ئائىت ھاكىمىيەت خاتىرىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان .
ئۇنىڭدا كېيىنكى تارىخي قاتلامدا مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆزگە تەس-
لىم قىلدۇرۇلغان دولان بەگلىرى باشچىلىقىدا بىر تۈركۈم دولانلارنى
چوڭ - كىچىك خوجىلار كۆتۈرگەن ئىسيانىنى باستۇرۇشقا ئەۋەتكەنلىكى
كۆرسىتىلگەن . بۇ پەقەت كورلا - بۈگۈر - لوپ دولانلىرىنىڭ كېيىنكى
قېتىملىق يەكەن (دولان) دەرياسى ۋادىسىغا يۆتكىلىشى بولۇپ ، تىلەن-
غۇتلار بىلەن ئالاقىسى يوق .

ئاكادېمىك مالوف 1861 - يىلى غەربىي ئالتاي تاغلىرىدىكى خاكاس
قىرغىزلىرى بىلەن (جۈملىدىن رۇسلار بىلەن ) ئارىلىشىپ ياشاۋاتقان
تىلەۋۇت (تىلەنغۇت ) خەلقىنىڭ ئېتنوگرافىك ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1997 - يىل 4 - ئاي نەشرى ، 296 - بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كېيىنچە مالوفنىڭ «سىبىرىيىدىن» ناملىق كىتابىغا بۇ مەخسۇس تەك-شۈرۈشتىن يازغان دوكلاتى كىرگۈزۈلدى. بۇ مەلۇماتتا: تىلەنغۇتلار بارناۋۇل شەھىرىنىڭ شەرقى، مىنۇسىنىڭ شەھىرىنىڭ غەربى، قۇرۇق ئاغاچىنىڭ شىمالىدىكى ئۈچ بۇلۇڭدا، يەنسەي - ئوب دەريالىرىنىڭ باش ئېقىنلىرى ئارىلىقىدىكى تىلەۋۇت كۆلى ئەتراپىدا ياشايدۇ. ئۇلار-نىڭ شەرقى ئاباغان، شەرقىي جەنۇبى قىزىل شەھەرلىرى بولۇپ، دەل ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىدىكى 88 - مېرىدىئاندىكى تىلەۋۇت كۆلى ئەتراپىدىكى چولىكمان، ساركۆكشا، لېبىدو دەريالىرى ئۇلارنى ئورمان - دەريا خاراكتېرىگە ماسلاشتۇرغان. ئۇلار تارىخىي جەھەتتە توقۇز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەس، بەلكى تېلې - تۈركىي قەبىلىلىرى-نىڭ شىمالىي ئالتاي - غەربىي سىبىر تارمىقىغا مەنسۇپ بولۇشى بىلەن ئېتنوگرافىك - فولكلورچىلىق ئالامەتلىرى جەھەتتىن لوپ - بۈگۈر دولانلىرىدىن، ئاقسۇ دولانلىرىدىن، مارالبېشى بارچۇق دولان (قارا دولان) لىرىدىن، مەكىت قارا دولان، موغال دولان، تاسقىما دولانلىرى-دىن روشەن پەرقلىنىدۇ. مەھمۇد قەشقەرىمۇ ئۇيغۇر - ئوغۇز گۇرۇپپە-سىغا كىرمىگەن قىپچاق تىلەنغۇتلىرى تىللىرى ئۈستىدە توختالمىغان-دى①.

دولانلارنى قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن «دولانگىت» لارغا باغلاشقا قارىتا باشقىچە كۆزقاراشتا بولغان ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت-ئىمىننىڭ يۇقىرىدىكى قاراشلىرى دولانلار ھەققىدە ئىزدەنگۈچىلەر ئۈ-چۈن يېڭى ئىلھام بولدى. بولۇپمۇ بىر ئۆمۈر ھاياتى دولان ۋە دولان مەدەنىيىتى تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان تەتقىقاتچى مۇھەممەت ئوسمان ئەپەن-دىنىڭ دولانلارنى باشقا بىر قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىسىگە باغلاپ چۈشەن-دۈرۈشى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا دولان تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى-لارنى ئوخشىمىغان نۇقتا، ئوخشىمىغان مەنبەلەر ئاساسىدا كۆپ

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 - يىل 4 - ئاي نەشرى، 294 -، 295 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىرلىق تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈردى . مۇشۇنىڭ بىلەن دولانلارنى باشقا ئۇيغۇر - ئوغۇز قەبىلىلىرىگە باغلايدىغان ، ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ كۆچۈشلىرىنى باشقىچە بايان قىلىدىغان بىرقىسىم يېڭى قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقتى .

3 . ئاقسۇ ئاۋات ناھىيىسىدىكى دولان مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىسى مۇھەممەت ئوسمان ئەپەندى مۇنداق قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ :

«دولانلىق» لار مىلادىيە 480 - يىللاردا تەختكە چىققان جۇجان خانى دولۇن دەۋرىدە — جۇجانلاردا پاراكەندىچىلىك يۈز بېرىپ ، دۆلىتى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ، قەبىلىلىرى تارقىلىپ كەتكەن چاغدا دولۇندىن يۈز ئۆرۈپ ، بۆلۈنۈپ چىققان ئېگىز قاڭقىللارنىڭ بۇركلى قەبىلىسىنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر . «جۇجانلار ئەسلىدە سىيانپېيلارنىڭ بىر قەبىلىسى بولۇپ ، توقباتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى» . جۇجان دېگەن نام IV ئەسىرنىڭ بېشىدا مەيدانغا كەلدى . ئېگىز قاڭقىللارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى جۇجانلارنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشىشاتتى . جۇجانلار دەسلەپتە ئېگىز قاڭقىللارغا تايىنىش ، كېيىن ئۇلارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش ئارقىلىق قۇدرەت تېپىپ ، مىلادىيە 402 - يىلى جۇجان دۆلىتىنى قۇرۇپ ، موڭغۇل دالاسىدا ھون ، سىيانپېيلاردىن كېيىن كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ يەنە بىر قۇدرەتلىك ھاكىمىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى .

جۇجانلارنىڭ باشلىقى سەللان 402 - يىلى ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىغاندىن باشلاپ 555 - يىلى تۈركلەر تەرىپىدىن يوقىتىلغانغا قەدەر جۇجانلار موڭغۇل دالاسىنى بىر يېرىم ئەسىر باشقۇردى . 460 - يىلى تۇرپان ئويمانلىقى پۈتۈنلەي جۇجانلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىندى .

«مىلادىيە 480 - يىللار داۋامىدا دولۇن خانلىققا ئولتۇرغاندىن كېيىن ، جۇجان خانلىقى ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى ئىچىدىكى ئۆز ئارا پېتىشماسلىق تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ ، بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈش ۋە يۇتۇۋېتىش دەرىجىسىگە يەتتى . دۆلىتى قالايمىقانلىشىپ كەتتى ، قەبىلىلىرى تاراپ كەتتى . ھەممىدىن ئاۋۋال ئېگىز قاڭقىللارنىڭ بۇركلى قەبىلىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


قوزغىلاڭ كۆتۈردى» .

488 ـ يىلى قاڭقىللار بۇركلى قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئاۋۇزلۇ بىلەن ئىنىسى چۇڭچى قاڭقىللارنىڭ 100 مىڭدىن ئارتۇق قوۋمىنى باشلاپ ئىسيان كۆتۈرۈپ دولۇن دۆلىتىدىن ئايرىلىپ ، ئېگىز قاڭقىللار۔ نىڭ غەربىي شىمالىغا كۆچۈپ باردى ۋە بۈگۈنكى ئۈرۈمچى ، جىمسار ئەتراپلىرىدا ئۆز ئالدىغا خانلىق قۇردى .

491 ـ يىلى جەنۇبقا قاراپ يۈرۈش قىلىپ ، جۇجانلار تىكلىگەن ئىدىقۇت هاكىمىيىتىنى يوقىتىپ ، بۇ قاتناش تۈگۈنىنى ئۆز كونتروللۇ۔ قىغا ئالدى .

ئىدىقۇت جۇجانلار قولىدىن قاڭقىللارغا ئۆتكەندىن كېيىن ، ئېفتا۔ لىتلار ئىدىقۇتنى قولغا كىرگۈزۈپ ، جۇجانلارنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ غەربكە كېڭىيىشىنى چەكلەپ ، سودا يولىنىڭ راۋانلىقىنى ساقلاپ قال۔ ماقچى بولدى... ئېفتالىتلار قاڭقىللار ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئېفتالىتلار قاڭقىللارنىڭ خانلىق تەختىنى تۇنجى قېتىم ئىدارە قىلدى . چۇڭچىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ، ئېفتالىتلارغا بېقىنغان ياكى جۇجانلارغا تەسلىم بولغانلاردىن باشقا ، يەنە بىرقىسىم قاڭقىللار ئۆز ئالدىغا ماكان ئىزدەپ ، كىنگىت ئەتراپىدىن كۆچۈپ ، غەربىي يول بىلەن ئاقسۇدىن ئۆتۈپ ، چوڭ يول ئۈستىدىكى بوستانلىقتا — دولان يۇرتىغا يېتىپ بارغان . بۇ بوستانلىقنىڭ سۈيى مول ، توغرىقى غول ، يايلىقى كەڭ ، يەرلىرى مۇنبەت ، ئوتۇنى بار ئىدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جاي يولۇچىلار كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان ئۆتكەل ، چارۋىچىلىق ، دېهقانچى۔ لىق ، ئوۋچىلىقتا باب كېلىدىغان ياخشى ماكان ئىدى .

قاڭقىللار دولان يۇرتىغا كەلگەندىن كېيىن ماكانلىشىپ ، يەر ئۆز۔ لەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن . ئۇلار ئېفتالىتلار۔ نىڭ زەربىسىدە چارۋىلاردىن ئايرىلغانلىقى ئۈچۈن ، چارۋىچىلىق قىلال۔ ماي ، دېهقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولغان .

كۆچمەن قاڭقىللار بوستانلىقتىكى يېڭى ماكانغا كەلگەندىن كېيىن ،

قوشنا رايونلارغا تونۇلغان ۋە بۇلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان. ئۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن بىر قوۋم، تىل، ئۆرپ - ئادەت، دىنىي ئېتىقاد جەھەتلەردە ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، بەزى جەھەتتە ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىدى.

ئۇلار ئەزەلدىن مەدەنىيەت، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، ھۈنەر - سەنئەت جەھەتلەردە بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، يېڭى جايغا كەلگەندىن كېيىن، قوشنا خەلقلەرگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇلار ئۇسسۇل - سەنئەتتە داڭ چىقارغاچقا، قوشنا يۇرت خەلقلىرىمۇ ئۇلاردىن ئۆگىنىپ، شۇلارنىڭ مۇقامىنى تۇۋلىغان، شۇلارنىڭ ئۇسسۇلىنى ئوينىغان. ئۇلار ئەسلىدە دولۇننىڭ تەۋەلىكىدە بولغاچقا، يەرلىك قەبىلەر ئۇلارنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ دولۇننىڭ تەۋەلىكىدىن كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەپ، ئۇلارنى «دولۇنلۇقلار» نىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن دولانلىقلار (دولان) دەپ تەلەپپۇز قىلىدىغان بولغان①.

4. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى لىشىخۇي ئەپەندى مۇنداق قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

... مەن دولانلار ئەزەلدىن تۈركىي تىلدا سۆزلىشەتتى، دېگەن قاراشقا قوشۇلىمەن. ئاتالمىش دولانلار «دولانكەنت» لاردىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراش تەلەپپۇز ھەم ئۇلارنىڭ پائالىيەت رايونىنىڭ ئورنى جەھەتتىن پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ، دېيىشكە بولىدۇ. يىراق، ئۇلارنىڭ ئەجدادى مەسىلىسىدە مېنىڭ باشقىچە قارىشىم بار.

... دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ئوتتۇزلارنىڭ قىنىق (Qiniq) ئۇرۇقى ۋە ياغما (Jakma)، بولاق (Bulaq)، چارۇق (tfaruq)، قىپچاق (Qiptfaq) قاتارلىق ئوغۇز قەبىلىرىدىن كېلىپ

① مۇھەممەت ئوسمان: «دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل 9 - ئاي نەشرى، 3 — 10 - بەتلەر.

چىققان. قىرغىزلارنىڭ ئورقۇنغا چوڭقۇر كېلىپ (ئەخلاقسىمەن قاغان) دەۋرى (IX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى) دە شۇ يەرلەر (هازىرقى دولانلار تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار) گە ئەۋەتىلگەن. قالغان قوۋملار IX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بويى قاغان (ساداقەتمەن قاغان) تىبەتلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ، قارلۇقلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، قارلۇقلار بىلەن تىبەتلەرنىڭ بىرلىشىۋېلىشىدىن ساقلىنىپ، غەربىي يۇرتنىڭ ئەمىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يەتتىسۇ ۋادىسى ھەمدە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردىن يىغىپ، شۇ يەرلەر (هازىرقى دولانلار تارقىلىپ ئورۇنلاشقان رايونلار) گە ئەكېلىنگەن.[①]

## 2. دولانلارنىڭ تارىمدىكى كۆچۈشى

دولانلارنىڭ تارىمدىكى كۆچۈشى دولانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى «دولانلار — تارىملىقلاردۇر» دېگەن قاراشقا باغلاپ، مۇشۇ قاراش ۋە ئۇنىڭ ماتېرىيال مەنبەسىنى ئاساس قىلغان. بۇخىل قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار مۇنداق دەيدۇ:

1. «دولان» ئەسلىدىن ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «توپ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇ قەدىمكى تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى، جۇڭگو سەنئەت تەتقىقات ئورنىنىڭ «جۇڭگو مۇزىكا لۇغىتى» دېگەن كىتابىدىكى «دولان ئۇسسۇلى» دېگەن ماددىسىدا مۇشۇ سۆز ئوتتۇرىغا قويۇلغان. «ئوكيانۇس» نىڭ سەنئەت قىسمىدىكى «دولان ئۇسسۇلى» دېگەن ماددىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىرىمۇ مۇشۇنىڭغا يېقىن كېلىدۇ.[②]

2. كروران بەگلىكى ۋە باشقا تەكلىماكان ئەتراپلىرىدىكى بەگلىك-

---

① لى شىخۇي: «دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 2003 - يىلى 3 - سان، 24 — 32 - بەتلەر.

② «جۇڭگو مۇزىكا لۇغىتى»، 91 - بەت، «ئوكيانۇس»، 2266 - بەتكە قاراڭ. («دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات»، مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 2004 - يىلى 11 - ئاي خەنزۇچە نەشرى، 6 - بەتتىكى نەقىل).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



لەر قوۋم ئاستىغا فەرق بولغاندىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ مول خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلىرىدە لولان، لولى، دولى، دېلى دېگەن ئاتالغۇلارمۇ كۆرۈلمەي قالدى. لېكىن، بىز ئۇ يەردە ياشىغان شۇنچە كۆپ خەلقنىڭ قوۋم ئاستىدا قالغانلىقىغا ئىشىنەلمەيمىز. ئۇنداقتا، ئۇلار قەيەرلەرگە كۆچۈپ كەتكەندۇ؟

تەكلىماكان چۆلىنىڭ ئەسلىدە شادلىق ماكانى ئىكەنلىكى، كېيىنچە ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشى، دەريالارنىڭ قۇرۇپ كېتىشى نەتىجىسىدە تەرك ئېتىلگەن ماكانغا ئايلىنىپ قالغانلىقى ئېنىق مەسىلە. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئەنە شۇ تەبىئىي سەۋەبلەر ۋە تۈرلۈك ئۇرۇش ئاپەتلىرى تۈپەيلىدىن دەريا ياقىلاپ، توغراق ئورمانلىرىنى بويلاپ، پەيدىنپەي يۇقىرىغا (تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا - يۇقىرى ئېقىنىغا) يۆتكەلگەن. بۇ ۋاقىتتا ئۇلار شەھەر مەدەنىيىتىدىن يىراقلىشىپ، ئۆزگىچە ئىپتىدائىي سەنئىتىنى ساقلاپ تۇرغان. شۇ سەۋەبتىن، تارىخ خاتىرىلىگۈچىلەرنىڭ دىققىتىنى بىر مەھەل تارتالمىغان بولسىمۇ، «سۇ قوغلىشىپ، كۆچۈپ يۈرىدىغان خەلق» دەپ ئاتالغان. ئۇلار توغرىسىدا يازغان خاتىرىلەر تاڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا «تەڭرىتاغنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان دولانغىتلار» دەپ يېزىلغاندىن باشقا، چىڭ سۇلالىسى مەنبەلىرىدە يەنە كۆپلەپ ئۇچرايدۇ. ئەمما، كېيىنكى مەنبەلەردە ئىلگىرىكىدەك دېلى، دولى، تېلىنگىت، دولانغىت دەپ يېزىلماي، «دولان» دەپ يېزىلىدۇ، بولۇپمۇ «دولان» دېگەن نام بىر قەبىلە نامى بىلەن ئەمەس (چۈنكى قەبىلىلەر بۇ چاغدا يوقىلىشقا يۈزلەنگەنىدى)، بەلكى جۇغراپىيىلىك رايون ھېسابىدا تىلغا ئېلىنغان. دائىرىسى جەھەتتىن مەكىت، مارالبېشى ئەتراپىدىن ئاقسۇ، كورلا، لوپنۇر، ھەتتا تۇرپان ئويمانلىقىغىچە بولغان كەڭ جايلارغا دولانلىقلارنىڭ تارقالغانلىقى شەرھلەنگەن.

... ئەينى ۋاقىتتا تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز بىردەك تېلىلار (تۇرالار) دەپ ئاتىلاتتى. مانا مۇشۇ زور ئىتتىپاقتىكى قەبىلە - قوۋملار ھەرخىل دەۋردە ھەرخىل تەلەپپۇز بىلەن ئاتالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



خۇددى ئۇيغۇر (ئوغۇز) دېگەن ئاتالغۇ ئوجېي ، ئۇخۇ ، يۈەنخې ، خۇيـ-خې ، ۋېيۋۇئېر دەپ تەلەپپۇز قىلىنغىنىغا ئوخشاش ، كېيىنچە دولان دەپ ساقلىنىپ قالغان دېلى ، تېلې ئاتالغۇسى تارىختىي مەنبەلەردە ئوخـ-شىمىغان تەلەپپۇز بىلەن خاتىرىلەنگەن . شۇڭا ، بىز دېلى ، چېلى ، تېلې ، لولى ، دولى ، دولولو ، لولان ، دوبان ، تېلىنغىت ، دولانغىت نامىلىرىنىڭ بىر ، بىرىگە باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى قەيت قىلماي تۇرال-مايمىز .

... بۇگۈنكى دۆنخۇاڭدىن باشلاپ يەكەن (دولان) دەرياسىغىچە بولغان ناھايىتى ئۇزۇن لىنىيىدە بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز كۆچمەن چار-ۋىچىلىق ، بېلىقچىلىق ، ئوۋچىلىق ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان . بۇ ئۇزۇن لىنىيىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدە كىنگىت ، كوسەن ، ئونسۇ ، بارچۇق ، سۇللاغ ، ياركەند ، كۆكئارت قاتارلىق شەھەر بەگلىكلىرى مەۋجۇت بولغان بولسا ، جەنۇبىي ئېتەكلىرىدە ئۇزۇن تات ، ئۇدۇن ، نىيە ، چالمادان بەگلىكلىرى مەۋجۇت ئىدى . تارىم دەرياسىنىڭ ئاخىرقى ئېقىنى (تەكلىماكاننىڭ شەرقىي شىمال قىرغاقلىرى) دا كروران ، پىشامشان ، ئېۋىرغول قاتارلىق قەدىمكى ئەللەرمۇ مەۋجۇت ئىدى بولۇپمۇ دولانلىقلار ۋە لوپنۇرلۇقلارغا بىۋاستە ئالاقىدار بولغان كروران بەگلىكى مىلادىيەدىن ئىلگىرى خېلى سەلتەنەتتى بار بەگلىك ھېسابلىناتتى . ئۇلار ئالدى بىلەن گەنسۇدىن غەربكە سۈرۈلگەن ئۇلۇغ ياۋچىلار (توخرىلار) نىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ خانىۋەيران بولدى . كېيىن يەنە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ كېڭىيىشى ، دەريالارنىڭ قۇرۇپ كېتىشى ، قارا بوران قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرمۇ بۇ ئەلنى تەرەپ - تەرەپكە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان . بەلكىم شۇ قېتىملىق زور كۆچۈشتە ئاساسىي بۆلەك دەريانىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ يۆتكەلگەن بولۇشى ياكى باشقا شەھەر دۆلەتلىرىگە يۆتكەلگەنلەر زامانغا لايىق تەرەققىياتقا ئېرىشكەن بولۇشى ، دەريا ياقىلاپ كۆچكەنلەر تەرەققىي قىلماي ، ئۇزاققىچە ئۆز مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن . كروراندىن چىققان مەدەنىيەت قالدۇق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لىرى بىلەن بۈگۈنكى دولانلىقلارنىڭ كۆپلىگەن ئادەتلىرىنى، جۇملىدىن چىراي ـ شەكلىنى، تىلىنى، دىنىي ئېتىقاد ساقىندىلىرىنى سىپلىشتۇر-ساق، شۇنداق ھېسسىياتقا كەلمەي تۇرالمايمىز.

يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ، لولان، لوڭلى، لولى، دولى، دوبان، دولانغىت، دولان قاتارلىق ئاتالغۇلارنى بىر - بىرىگە باغلاشتۇرۇپ قارىساق، دولانلىقلارنىڭ لولان (كروران) دىن كۆچكەن قەدىمكى ئۇي-غۇرلارنىڭ بىر توپى (قوۋمى) ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە خاتىرىلىرىدە ھەرقانداق بىر ئۇيغۇرچە ئىسىم بىر خىل تەلەپپۇزدا خاتىرىلەنگىنى يوق. شۇڭا، ئاتالغۇلارنى تەتقىق قىلغان ۋاقتىمىزدا ئاھاڭ تەرجىمىشۇناسلىقىدىن ئىبارەت مۇھىم تەرەپنى تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ.

ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى «شىنجاڭ يەرناملىرى بىلەن مۇناسىۋەت-لىك قەدىمكى تىللار» دېگەن ماقالىسىدە خوتەن ساك تىلىدا «ل» تاۋۇشى بىلەن «د» تاۋۇشىنىڭ ئالمىشىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكە-نىدى. مۇشۇ بويىچە بولغاندا لولان، لولى دېگەن قەدىمكى نام دولان، دولى (دېلى) دېگەنگە ئالماشقان بولۇشى مۇمكىن.

... بۈگۈنكى كۈندە دولان ئۇيغۇرلىرى يەكەن (دولان) دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا (مەكىت، مارالبېشى، ئاۋات ناھىيىلىرىدە) توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقاندىن باشقا، ئاقسۇ، يەكەن، بۈگۈر، كورلا (لوپنۇر)، خوتەن، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا تارقاق ئولتۇراقلاشقان. دولان دېگەن نامغا مۇناسىۋەتلىك خوتەندىكى دول، ئاقسۇدىكى دولان، بۈگۈردىكى دادولان، لوپنۇردىكى دونالى دېگەن ناملارمۇ تاسادىپىي تارقالمىغان بولسا كېرەك[1].

3. «دولان» ئىبارىسى بىلەن ئاتىلىدىغان يەكەن - تارىم ۋادىسىغا جايلاشقان ئۇيغۇر ئاھالىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ مەشھۇر مۇقام، مەشرەپ

---

① مۇختار قادىر: «دولان، دولى، دېلى، لولى سۆزلىرىنىڭ باغلىنىشچانلىقى ۋە قەدىمكى دولان دىيارى، دولان مەنىشتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ مەنىشتى» ژورنىلى، 1996 - يىلى 4 - سان، 32 - 33 -، 38 -، 40 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com



فولكلورىنىڭ نام، مەنبە ۋە تارىخى خېلىلا چىگىشلەشتۈرۈۋېتىلگەن.

ئەلۋەتتە، «دولان» ئىبارىسى بۇ بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ تارىخىنى ئېنىقلىغۇچى بىردىنبىر ھالقا بولۇش ـ بولماسلىقى ئىككىنچى مەسىلە. ئارىلار «ئارىئان»، «تۇر» ساكلىرى «تۇران» دەپ ئاتالغاندەك، ئۇلار «تۆل»، «تۆلە» نامىدا بولۇپ، ئويۇن ـ تاماشىچى، دېگەن مەنىدە «تۆلان» (دولان) بولۇشى ياكى موڭغۇل، ئويراتلار تەرىپىدىن چۆلدە ياشايدىغان قەبىلە نامىدا «دولان» دەپ ئاتىلىشى، ھەتتا ئۇلار كۆچكەندە ئۇلارنىڭ ئاقساقىلىنىڭ نامى شۇنىڭغا يېقىن تەلەپپۇز قىلىنغان بولۇشى پۈتۈنلەي تەسەۋۋۇردىن يىراق ئەمەس.

شۇنى تەكىتلەش لازىمكى، ئىنسان ئۈچۈر قالدۇرغۇچى، مەدەنىيەت ئۈچۈرى ئارقىلىق ئۆز تارىخىنى ياراتقۇچى شەيئى. بىز يازما مەنبەلەردىن كۆرە، مەدەنىيەت ئۈچۈر تۈركۈملىرىنىڭ باي ۋە چىنلىقىغا قايىل بولۇۋاتىمىز. خەلق سەنئىتىنىڭ ئۈچۈرى، ئېتنولوگىيىلىك تۇرمۇش ئۈچۈرى، فولكلور مەدەنىيىتى ئۈچۈرى بىزگە دولان مۇقاملىرىنىڭ تارىخىي مەنبە ۋە ئېقىملىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە مۇمكىنچىلىك تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ.

مەلۇمكى، مىلادىيىنىڭ ئالدىدا «غەربىي دىيار» ھازىرقى ماۋارائۇننەھر بىلەن شەھەر ـ قەلئە بەگلىكلىرىنى ئۇق قىلغان بوستانلىق زەنجىرى ھاسىل قىلغانىدى. بۇ بەگلىكلەر مۇھىمى مىللىيەتلىكنى ئەمەس، چۆل ـ جەزىرە ياكى تاغ ـ دەريا ئايرىپ تۇرغان بوستانلىقلارنى ئاساس قىلغان. غەربىي دىياردا ئەڭ دەسلەپ خاتىرىلەنگەن شەھەر — قەلئە چەمبىرى — «لۇلەن» — جۇملىدىن ئاگنى ـ كۈسەن ـ ئۈزسۇ بوستانلىقلىرى چەمبىرى، قەشقەر — يەكەن — پەرغانە (پەركان) چەمبىرى، ئۇدۇن بوستانلىقلىرى چەمبىرى، لوپچىن — مىرەن ئۈچ بۇرجەكى بوستانلىقلىرى چەمبىرى، ئېۋىرغول ـ قوچو ـ يارغول ـ بېشبالىق چەمبەرلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. ئومۇمىيلىق جەھەتتە مەركىزىي ئاسىيا بىرقانچە تارماق

www.uyghurkitap.com



چەمبەر ۋە كۆپلىگەن ئۇششاق مەدەنىيەت چەمبىرىدىن تەركىب تاپقان بىر پۈتۈن مەدەنىيەت سىستېمىسىغا ئىگە ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى چەمبىرى ئىدى.

«لۇلەن» — لوپچىن — مىرەن ئۈچ بۇرجىكى ئەڭ دەسلەپ ۋە ئەڭ ھالقىلىق قاتناش تۈگۈنى سۈپىتىدە خاتىرىلەنگەن. جاڭ چيەن قۇمۇلنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىشىدىكى بوغاز، قوش قۇدۇق، يانتاق قۇدۇق، قۇم قۇدۇق دەپ خاتىرىلەنگەن مەنزىلگاھلار ئارقىلىق بۇ مەدەنىيەت ئۈچبۇرجەك رايونىغا كىرگەن، ئۇ «ماھادۇر» نەغمىسى بىلەن بىدە قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئېلىپ كەتكەن.

«لۇلەن» — لوپچىن — مىرەن قەلئەلىرى كۆل — ئورمان — باياۋان ئارىسىدىكى مۇنبەت زېمىندا «كروران گۈزىلى» ئەجداد - ئەۋلادلىرى ياراتقان قەدىمكى تارىم — لوپنۇر — تەكلىماكان مەدەنىيىتى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن.

بىز «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە» نىڭ ئالاقىدار سەھىپىلىرىگە، «ئۈچ دۆلەت تەزكىرىسى» نىڭ «ۋېي ئېلى شەجەرىسى»، «غەربىي رۇڭ تەزكىرىسى» قاتارلىق مەنبەلەردە بۇ رايوننىڭ ئانكۇي، ۋايتاقى، باشمانا قاتارلىق پادىشاھلار رىياسەتچىلىكىدە بولغانلىقى، ھونپەرەسلىكى، «لۇلەن» نىڭ «پىشامشان» (پىچان) نامىغا ئۆزگەرتىلگەنلىكى، لۈكچۈننىڭ بىنا بولغانلىقى يېزىلغان بولسا، «لۇلەن» دىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا تېپىلغان تارىشا پۈتۈكلەردە يەنە باي بېكى، دارچوق، ئانكۇيغا، ماشال ئىدۇغا قاتارلىق 247 - يىلىدىن 334 - يىلىغىچە سەلتەنەت سۈرگەن پادىشاھلارنىڭناملىرى ئۇچۇر قىلىنغان.

ئەمما، بىز 399 - يىلى شەرقىي جىن سۇلالىسىدىن چىققان راھىب فاشيەننىڭ جىن خۇي، داۋ جىڭلارنى باشلاپ بۇ يەردىن ئۆتكەندە، بۇ ئاۋات رايوننىڭ «كۆكتە قۇش، يەردە ھايۋان كۆرۈنمەس» «ئۆلگەن يەر» بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلە شۇ يەردىكى، شىمالىي ۋېي بىلەن شەرقىي جىن سۇلالىلىرى ئارىلىقىدا، يەنى ماشال ئىدۇغا سەل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەنەت سۈرگەن (321 — 334) يىللار بىلەن فاشىيەنىنىڭ 399 ـ يىلقى سەپىرى ئارىسىدىكى 65 يىلنىڭ ھەرقايسى يىللىرى ئارىسىدا بۇ يەر ئۇدا ئىز بېسىپ كەلگەن ھالاك قىلغۇچ تەبىئىي ئاپەت — قۇم ـ بوران ۋە سۇ يوللىرىنىڭ يوقىلىشى تۇپەيلى «ئۆلگەن» . لوي گۇاڭنىڭ 382 ـ يىلى كومىراجىۋانى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كۈسەنگە ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا قاراشەھەر — ئاگنى (كىنگىت) جېڭى يېزىلىپ، «لۇلەن» ھەققىدە يېزىلمىغانلىقىغا قارىغاندا، «لۇلەن» تەخمىنەن 334 ـ، 344 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا «قۇم دېڭىزى» غا دەپنە قىلىندىغان... قۇمۇل ـ تۇرپان ـ توقسۇننىڭ غەربىي يۆنىلىشىدىكى قۇم بارخانلىرىنىڭ بەھەيۋەت يۆتكىلىشى شىنجاڭدىكى كۆڭمىنلو يارداڭلىقى (قۇمۇلدا)، سانغوت بۇت يارداڭلىقى (چىتەيدە)، شەيتان كەرەش يارداڭلىقى (ئورقۇ ـ قارامايدا) قاتارلىق تۆت يارداڭلىقنىڭ چوڭى بولغان ئىلانلىق (بەيلوڭجى) يارداڭلىقىنى شەكىللەندۈرۈپ، لوپنۇرنى يانغا سۈرۈپ قويدى.

لوپنۇر بوستانلىقى داۋاملىق قۇرغاقلىشىش تەسىرىگە ئۇچرىدى. پۆتكۈل خوتەن دىيارىدىن شىمالغا قاراپ ئېقىپ، تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتۈپ تارىمغا قويۇلىدىغان ۋە خوتەننى ئاقسۇ — كۇچاغا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان قەدىمكى تۆت دەريانىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى بۇ قۇرغاقلىشىشنى تېزلەتتى. «لۇلەن» — لوپچىن — مىرەن بوستانلىقى خارابىلىككە ئايلاندى.

خەلق ئەنە شۇنداق تەقدىرگە دۇچ كەلدى. ئەمما، قەدىمكى «لۇلەن» — لوپنۇر — مىرەن ئاھالىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ كۈسەن مەدەنىيىتىدىن ئىلگىرى داڭ چىقارغان قەدىمكى مەدەنىيىتى قەيەرگە كەتتى؟ نېمە ئۈچۈن سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى مۇزىكا ـ ئۇسسۇل مۇنبىرىدە «لۇلەن» — لوپچىن — مىرەن نامىدىكى نەغمە ـ ناۋالار خاتىرىلەنمىدى؟

ئالدىنقى مەدەنىيەت قاتلاملىرىنىڭ كېيىنكى مەدەنىيەت قاتلاملىرىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



داۋاملىشىش قانۇنىيىتى بويىچە «لۇلەن» — لوپچىن مىرەن مەدەنىيىتىنىڭ كېيىنكى گەۋدىسى نېمە؟①

«لۇلەن»لىكلەرنىڭ شەرقىي شىمال ۋە غەربىي شىمالىدىن بويلاپ قۇمۇلدىكى نومدىن يەركەننىڭ مەكىت رايونىغىچە تارقىلىشى، قالغانلىرىنىڭ لوپ — چەرچەن — چارقىلىق ئەتراپىدا «لوپلۇقلار»، «چەرچەن — چارقىلىقلار» نامىدا تىرىكچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشى ماشال ئىدۇغا دەۋرىدىن چىڭ سۇلالىسى «دولان قوشۇنى» نى تەشكىللىگەنگە قەدەر داۋام قىلغان ۋە بىر قاتار تارىخىي قاتلام ھاسىل قىلغان. ئۇلار ئەسلىدىكى لوپ، لوپچۇق، ناجىكەنت، پىچان، بۇگۇر، دۆڭ قوتان، يولۋاس قوتان قاتارلىق يۇرت — جاي ناملىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتكەن ۋە بىر قاتار «ئاۋات» نامىنى ئالغان ئاھالە توچكىلىرىنى قۇرغان②.

قەدىمكى «لۇلەن» — لوپچىن — مىرەنلىكلەر قۇمۇل — پىچان تەرەپلەرگە، شورچۇق (كورلا) — بۇگۇر — كۇسەن تەرەپلەرگە، نىيە، خوتەن تەرەپلەرگە قاتناپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ 334 — 344 — يىللىرىدىكى چوڭ يۆتكىلىشىمۇ بۇ يولدا ئېلىپ بېرىلدى، ئەمما ئۇلارنىڭ ماكانلىرىدا بۇ قېتىمقى يۆتكىلىشتىن ئىلگىرىلا پىچان — لۇكچۇنلەرگە يۆتكىلىش يۈز بەرگەن. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئاخىرقى زامانلىرىدا يەنە قارادۆۋە، لاپچۇق، تاشبالىق ئەتراپىغا يۆتكىلىش يۈز بەردى. كېيىنچە لوپلۇقلار دېگەن ئومۇم نامدا ياشىغان ئاھالىلەر شەھىرى كېتىكنىڭ قۇم ئاستىدا قېلىشى قاتارلىق تەبىئىي ھادىسىلەر، چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ پادىشاھىنىڭ «چوڭ — كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتىش» يۈرۈشلىرىگە ئۇلارنى «دولان قوشۇنلىرى» نامىدا سەپەرۋەر قىلىش سەۋەبلىرى بىلەنمۇ كورلا — بۇگۇر — ئاقسۇ — مەكىت تەرەپلەرگە قاتلاممۇ

---

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 — يىل 4 — ئاي نەشرى، 292 —، 293 —، 297 —، 301 — بەتلەر.

② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «دولان — قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ يىلتىزداشلىقى ھەققىدىكى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1998 — يىلى 3 — سان، 30 — بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قاتلام يۈتكەلدى . شۇنداق قىلىپ قۇمۇلنىڭ نوم رايونىدىن يەكەن، مەكىتلەرگىچە چېچىلىپ، «دولانلىقلار»، «دولان راۋابى»، «دولان مۇقامى» دېگەن ناملار بىلەن خەلق ئارىسىغا سىڭدى ۋە تارىخىي ئىز قالدۇردى .

قۇمۇل — ئاقسۇ يۆنىلىشىنى بويلاپ يۆتكەلگەن دولانلىقلار — لوپلۇقلار بىرقانچە تارىخىي دەۋردە بىرقانچە قاتلام بويىچە ئۇ يەرلەردىكى قېرىنداشلىرى ئارىسىغا سىڭدى . ئۇنىڭ دەسلەپكى قاتلاملىرى گەرچە دولان نامىدا ئاتالمىسىمۇ، ئەمما قەدىمكى لوپنۇر مەدەنىيىتى چۆكمىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى . بىز «لۇلەن» ئىبارىسى بىلەن «دولان» ئىبارىسىنىڭ قايسىسى ئەسلىي خەلق تىلىغا يېقىنلىقىنى مۇتلەق ئېيتالمايمىز . «كرورراينا» (كى «رۇران»، كى «رولان») — ھىملاي قارۇشتى يېزىقىنى ئوقۇغاندىكى تەلەپپۇز ؛ «لۇلەن» — خەنزۇچە ئېروگلىفىنىڭ ھازىرقى تەلەپپۇزى ؛ «داۋلا» (倒剌) — يۈەن سۇلالىسى ۋاقتىدا ئوينالغان ناخشا ـ ئۇسسۇلنىڭ نامى ؛ «دولان» — چىيەنلۇڭ پادىشاھ تەشكىللىگەن «回部» قوشۇنلىرىغا قەشقەر ـ يەكەنلىكلەرنىڭ قويغان ياكى ئاتىغان نامى . كېيىنكى «دولان» نامىنىڭ ئەينەنلىكى ياكى «ياۋا خەلق»، «كونا قوۋم» دېگەن مەنىدە بۇزۇلۇپ ئېيتىلغانلىقى نامەلۇم .

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دولان ئۇيغۇرلىرى بىلەن قەشقەر ـ يەكەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق — قەدىمكى لوپنۇر ئۇچ بۇرجىكى بىلەن قەدىمكى قەشقەر — يەكەن ئاھالىسى بىلەن قايتا قوشۇلغان ئادىز — ياغما — قارلۇق ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى پەرق بولۇپ، ئۇيغۇرلار بىلەن تىلەنغۇت قەبىلىلىرى ئارىسىدىكى پەرق ئەمەس . مۆلجەر دەريا ۋە زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىدىن چىققان جەسەتلەر بىلەن قۇمۇل قارادۆۋىدىن چىققان قەدىمكى جەسەتلەردىكى ئوخشاشلىق ئۇلارنىڭ مىلادىيىدىن مۇقەددەم ئانتروپولوگىيىلىك ئوخشاشلىقى بولۇپ، موڭغۇلىيە ـ غەربىي جەنۇبىي سىبىرىيىدىن تېپىلغان قەدىمكى موڭغۇلۇئىد ئالامەتلىرى كۆرۈنەرلىك بول-

غان جەسەتلەردىكى ئانتروپولوگىيىلىك ئوخشاشلىق ئەمەس. بۇ ھال گەرچە تارىخىي قاتلام پەرقلىرىگە ئىگە بولسىمۇ، يەنىلا قۇمۇل - دولان ئاھالىلىرىنىڭ جىسمانىي — ئۇستىخان ئالاھىدىلىكلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ.

«لۇلەن» — لوپچىن — مىرەن قەدىمكى فولكلورى ۋە ئەلنەغمىلىرى بىزگە دولان — قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ يىلتىز داشلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئۇچۇر مەنبەسى①.

بىزنىڭ يەنە بەزى تەتقىقاتچىلىرىمىز بۇ قاراشنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن دولانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، تەركىبى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىي تەقدىرى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، دولانلارنى قەدىمكى كروران — لوپچىن — مىرەن قەلئەلىرى، كۆل — ئورمان — باياۋان ئارىسىدىكى مۇنبەت زېمىندا ياشىغان قەدىمكى لوپ ئاھالىلىرى دۆركۈمىدىن بولۇپ، كېيىنكى قۇرغاقچىلىق، ھەرخىل ئىجتىمائىي ۋە ھەربىي يۈرۈشلەر سەۋەبىدىن كورلا، بۈگۈر، ئاقسۇ، مەكىت قاتارلىق جايلارغا قەدەر پەيدىنپەي كۆچۈپ، قۇمۇلنىڭ نوم رايونىدىن يەكەننىڭ ياقا يۇرتلىرىغا قەدەر تارقىلىپ، ھازىرقى «دولانلار»، «دولان مۇقامى»، «دولان راۋابى» قاتارلىق ناملىرى بىلەن تارىخىي ئىزنالىرىنى قالدۇرغان دەپ قارىدى...

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن دولانلارنى كروران — لوپچىن — مىرەن قەلئەلىرى، تارىم — لوپنۇر — تەكلىماكان مەدەنىيىتى، كۆل — ئورمان — باياۋان ئارىسىدىكى مۇنبەت زېمىندا ياشىغان، كېيىنكى قۇرغاقچىلىق... قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن باشقا يۇرتلارغا پەيدىنپەي يۆتكەلگەن دەپ كېلىپ، دولانلارنى چۆل - جەزىرى-

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 - يىل 4 - ئاي نەشرى، 292 - ، 293 - ، 297 - ، 305 - بەتلەر (ئاپتورنىڭ ئاساسىي كۆز قارىشىنى تەشكىل قىلغان بۇ مەزمۇنلار ئەسلىي ئەسەر تېكىستى بويىچە ئېينەن ئېلىنىپ، ئاپتور نەقىل ئالغان مەنبەلەر كۆرسەتكۈچى قىسقارتىلدى)

لەردە ياشىمىغان، باياۋانلىق ماكان تارىخى بولمىغان دەپ كۆرسەتتى.

دەرۋەقە، دولانلارنىڭ قەدىمكى باشقا قوۋملارغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش يولىدا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە قولايلىق بولغان جايلاردا ياشىغانلىقى، مەھەللە - يۇرتلاردىن ئەمەس، بەلكى ئادەم ياشىمايدىغان سۇسىز چۆل، سەھرا، دەشتلەردىن نېرى كەتكەنلىكى ياكى ئۇلارغا دۇچ كەلگەندە ئۇلارنى ئەگىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكى، بۇ مۇدھىش ماكاندىن كېلىۋاتقان تەھدىت ۋە ئۆلۈمنى ھە دېسىلا يۇراپ مېڭىۋاتقانلىقى ئىنتايىن ئېنىق تارىخىي ئەھۋال. قەدىمكى كروران — لوپچىن — مىرەن ئاھالىلەر تۇركۇمىنىڭ، جۈملىدىن دولانلارنىڭ لوپنۇر بوستانلىقىدىكى ئانا ماكانلىرىنىڭ قۇرغاقلىشىشى، خوتەن دياردىن شىمالغا قاراپ ئېقىپ، تەكلىماكاننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان ۋە خوتەننى ئاقسۇ بىلەن كۇچاغا تۇتاشتۇرىدىغان قەدىمكى تۆت ئېقىننىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى، كروران — لوپچىن — مىرەن بوستانلىقىنىڭ خارابىلاشقانلىقى، كروراننىڭ مىلادىيە Ⅳ ئەسىرگە كەلگەندە قۇم - بوران ۋە باشقا ئاپەتلەر تۈپەيلى يوقالغانلىقى قاتارلىقلارمۇ تارىخىي رېئاللىق… پايانسىز باياۋاندىن كېلىۋاتقان قۇم بورانلىرىنىڭ ئىنسانلارغا بولغان دەخلى - تەرۈزى دولانلارنى شۇنچە قاقشاتقان، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ قەدىمكى يۇرتلىرىدىن ئايرىغان ئەھۋالدا زۇۋان سۇرمەيدىغان بۇ «باياۋان» قانداقلارچە تەپسە تەۋرىمەيدىغان مەغرۇر قىياپىتى بىلەن ئىنسان قەلبىنى زۇۋانغا كەلتۈرىدىغان دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىدا پۈت تىرەپ تۇرىدۇ؟ ئۇ خۇددى تەبىئەت دۇنياسىدى مالال قىلىپ ياتقىنى يەتمىگەندەك، نېمىشقا دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىنىڭ قوينىغا، خەلق قوشاقلىرىغا كىرىۋالالايدۇ؟ بىز ئەلۋەتتە بۇنى «باياۋان» سۆزىنىڭ باشقا مەنىنى ياكى باشقىمۇ مەنىنى بىلدۈرەمدۇ - يوق، دېگەنلىكلىرىدىن تەكشۈرۈپ بېقىشقا ئۇرۇنىمىز[①].

[①] ئىمىن ئەخمىدى: «دولانلار نەزىرىدىكى باياۋان»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 2004 - يىلى 6 - سان، 7 -، 8 - بەتلەر.

4 . بەزى ئالىملار خېلى بۇرۇنلا دولانلىقلار بىلەن لوپنۇرلۇقلارنى بىر سىستېمىغا مەنسۇپ دەپ قارىغانىدى① . ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى-نىڭ تونۇشتۇرۇشىچە ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تىل تەكشۈرۈش دو-لانلىقلار بىلەن لوپنۇرلۇقلارنىڭ بىر مەركىزىي دىئالېكت سىستېمىسىغا مەنسۇپلۇقىنى ئىسپاتلىغان . چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تارىخىي كىتابلاردىمۇ دولانلىقلار بىلەن لوپنۇرلۇقلارنىڭ مۇناسىۋىتى خېلى تەپ-سىلىي بايان قىلىنغان . چيەنلۇڭنىڭ 23 ـ يىلى (1758 ـ يىلى ) نوپۇس ۋازارىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەزىرى ئارغۇن مۇنداق دېگەن :

«بىز 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى لوپنۇرغا باردۇق . ئۇيغۇرلارنىڭ قاشقا ئىسىملىك بىر باشلىقى بىز بىلەن كۆرۈشۈشكە كەلدى . ئۇنىڭ ئېيتى-شىچە ، مىرەن قاتارلىق جايلاردا ئەسلىدە 2000 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق كىشى بولغانىكەن . نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئاقسۇ ، دولان قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كەتكەچكە ، ھازىر 600 نەچچە ئۆيلۈك كىشى قاپتۇ . ئۇلار بېلىقچىلىق قىلىپ كۈن كەچۈرىدىكەن . بۇنىڭدىن 40 يىل بۇرۇن بۇيۇك قوشۇنىمىز تۇرپاننى تىنچىتقاندا ، سانغۇن خەير ـ ساخاۋەت قىلىپ ئۇلارغا گەزلىمە ، چاي ئىنئام قىلغا-نىكەن . قوشۇن چېكىنگەندىن كېيىن ، ئۇ جاينى جۇڭغارلار ئىگىلى-ۋاپتۇ . بۇيۇك قوشۇنىمىزنىڭ جۇڭغارلارنى تىنچىتقانلىقىنى ئاڭ-لاپ ، ئۆتكەن يىلى تارتۇق يوللاپتۇ . . تونۇگۈن ئىمىن خوجىنىڭ تۇرپانغا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم ، بەگ توختى ئۆتكەن يىلى ماخۇسىنىڭ بۇلاڭ ـ تالىڭىغا ئۇچرىغاچقا ، بۇ يەرگە قېچىپ كەلگەنى-كەن . ئەمدىلىكتە بەيئەت قىپتۇ . بىزمۇ پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ شەپقى-تىگە ئېرىشىشنى خالايمىز » .

بۇ ھەقتە «ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نىڭ 3 ـ جىلدىدا مۇنداق دېيىلگەن : «لوپنۇردا ئەسلىي 2000 ئۆيلۈكتىن

---

① زوكوتو : «XVIII ـ XIX ئەسىرلەردىكى شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» (خەنزۇچە) ، 550 ـ بەت ، 204 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ ؛ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە ) ، 1991 ـ يىلى 1 ـ سان ، 133 ـ بەتتىكى نەقىل .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئارتۇق ئاھالە بار ئىدى. ئۇلار سۇلالىمىزگە بەيئەت قىلغاندىن كېيىن ئۇ جايدىن كۆچمىگەنىدى. جۇڭغارلار ئۇلارنى خورلىغاچقا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئاقسۇ، دولان قاتارلىق شەھەرلەرگە كۆچۈپ كەتكەن. ئۇلار-دىن ھازىر قالغىنى 600 نەچچە ئۆيلۈك. ئۇلارنىڭ بۇيۇك قوشنىمىزنىڭ داۋاچىنى تىرىك تۇتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەۋەتكەن ئەلچىسى تۇرنا تارتۇق قىلىش ئۈچۈن تۇرپانغا كېلىپتۇ.» بۇ ماتېرىياللار 1400 ئۆيلۈك لوپنۇرلۇقنىڭ جۇڭغار ئاقسۇڭەكلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە زۇلمىغا چىدىماي ئاقسۇ، دولان قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كەت-كەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئارزۇ بەگ باشچىلىقىدىكى 1000 ئۆيلۈكتىن كۆپرەك دولانلىق چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپى-دىن قاراشەھەرگە كۆچۈرۈلگەندە، شېخىدى يەنە مۇنداق دەپ مەلۇمات يوللىغان:

«دولاننىڭ ھاكىمبەگلىكىگە يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ئابدۇلھەي كىچىك بەگلەرنى باشلاپ كۆرۈشكىلى كېلىپ، كورلا قاتارلىق جايلاردا چارۋىچىلىق قىلىشقا ئىجازەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئابدۇلھەينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئاكىسى توختى بۇرۇن شۇ جايلاردا چارۋىچىلىق قىلغانىكەن. لوپنۇرغا تاراپ كەتكەن بەزى كونا قوۋم-لىرىمۇ قايتىپ كېلىشىپتۇ.»

دولانلىقلارنىڭ ھاكىمبېگى ئابدۇلھەينىڭ ئاكىسى توختى ئەسلىدە كورلىدا تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇرۇنقى تەۋە زېمىنى لوپنۇرغا كۆچ-كەن ھەمدە مەلۇماتلاردا توختىنىڭ 300 نەچچە ئۆيلۈك قوۋمى بارلىقى قەيت قىلىنغان. لوپنۇردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى قاشقامۇ «بەگ توخ-تى ئۆتكەن يىلى ماخۇسىنىڭ بۇلاڭ - تالىڭىغا ئۇچرىغاچقا، بۇ يەرگە قېچىپ كەلگەن» لىكىنى ئىسپاتلىغان. بۇ دولانلىقلارنىڭ لوپنۇرلۇقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىرقىسىم لوپنۇرلۇقلار ئاقسۇ، دولان قاتارلىق جايلارغا كۆچكەندىن كېيىن، ئۇلارمۇ دولانلىقلار دەپ ئاتالغان. شۇنىڭ بىلەن

بىللە ئۇ يەنە تارىم دەرياسى بويلىرىدا ئولتۇراقلاشقان دولانلىقلارنىڭ ھەقىقەتەن قاراشەھەردىن ۋە قاراشەھەرگە تەۋە لوپنۇر رايونىدىن كۆچۈپ بارغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . بەزى يولداشلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىچە ، ھازىر مەكىت ناھىيىسىدە ئولتۇراقلاشقان دولانلىقلارنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ ئۆز ئەجدادلىرىنى باشقا جايدىن كۆچۈپ كەلگەن دەپ ھېسابلايدىكەن ھەمدە قومۇلۇقتا ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئىز - نىشانلىرى ئۈستىدە ئىزدەنمەكچى ئىكەن .

بىز لوپنۇرلۇقلار بىلەن دولانلىقلار ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بار ياكى دولانلىقلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى لوپنۇرلۇقلار دەپ قارىساقمۇ ، لېكىن ھازىرچە ئۇلارنى بىر ئىرىققا مەنسۇپ دەپ كېسىپ ئېيتالمايمىز . ئۇلارنىڭ پەرقى يەنىلا ناھايىتى روشەن . ھازىرغىچە قولغا كەلتۈرۈلگەن ماتېرىياللار ئۈستىدىكى تەھلىلگە ئاساسلانغاندا ، لوپنۇرلۇقلار بىلەن دولانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق ھەم مۇناسىۋەتلىك بولۇش ، ھەم پەرقلىق بولۇش ئەھۋالى لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئېھتىمال ئەسلىدە قارا شەھەردىكى دولانلىقلار ئارىسىدا ئولتۇراقلاشقانلىقىنى ، ئۇلار ئارىسىدا مەلۇم بىر خىل بېقىندىلىق مۇناسىۋەت بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . .ھازىر قاراشەھەر رايونىدا ئولتۇراقلاشقان دولانلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ قوۋمى — لوپنۇرلۇقلار قاچان تارىم دەرياسى بويلىرىغا كۆچكەن دېگەن مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ[1] .

قاراشەھەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا «غەربىي رايوندا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە» نىڭ 3 - جىلدىدا مۇنداق دېيىلگەن :

دەسلەپتە قاراشەھەر ئۇيغۇر شەھىرى ئىدى ، زېمىنى كەڭ ، يۇلتۇز تېغى ئېتەكلىرىدە 1000 چاقىرىمدىن ئارتۇق كەڭلىكتىكى يايلاق بولۇپ ، ئۇنىڭ ئوت - چۆپى بولۇق ، سۈيى ئەلۋەك ، چارۋىچىلىققا باب كېلىدۇ ، ياۋايى ھايۋانلار كۆپ ، ئوۋ ئوۋلاشقا ئەپلىك ، كۆنچى دەرياسى-

① مياۋ فۇشېڭ : «جېڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دولان ئۇيغۇرلىرى» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە) ، 1991 - يىلى 1 - سان ، 120 - ، 123 - بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نىڭ سۈيى راۋان ، ئۇنىڭ سۈيى ئېتىزلارنى سۇغىرىشقا يېتىدۇ ، ئۇيغۇر ئاھالىلىرى روناق تاپقان ، دالىلار مېۋىلىك دەرەخلەرگە ، زىرائەتلەرگە پۈركەنگەن ، ئۇنى ھەقىقەتەن باياشات زېمىن دەپ ئاتاشقا بولىدۇ . لې. كىن ، يولتۇز ئىلىغا يېقىن بولغاچقا ، جۇڭغارلار ئۇنى بېسىۋېلىپ يايلاققا ئايلاندۇرۇۋېلىپ ، ئىلى بىلەن قاراشەھەرنىڭ ئارىلىقىدىكى جاي. لارغا ئويراتلارنى كۆچۈرۈپ كەلدى . زېمىنى يېقىن بولغاچقا ، ئويراتلار ھەر يىلى دېگۈدەك قاراشەھەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى ، ئۇيغۇرلارنىڭ بەزىلىرى ئويراتلارنىڭ دەستىدىن قېچىپ كەتتى ، بەزىلىرى ھالاك بول. دى ، قاراشەھەر ئادەمسىز رايونغا ئايلاندى . جۇڭغارلار قاراشەھەرنى ئۆز دائىرىسىگە تولۇق قوشۇۋالغاندىن كېيىن ، خوشۇتلارنى چارۋىچىلىق قىلىشقا يۆتكەپ كەلدى .

بۇ بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى ، قاراشەھەر رايونى ئەسلىدە ھەم دېھقانچىلىققا ، ھەم چارۋىچىلىققا باب كېلىدىغان ياخشى جاي بولسىمۇ ، لېكىن جۇڭغارلارنىڭ تەسىرى كېڭەيگەندىن كېيىن ، بۇ جايدىكى ئاھالى. لەر باشقا جايلارغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ، ئويراتلارنىڭ تۆت قەبىلىسىنىڭ بىرى — خوشۇتلار ئۇلارنىڭ ئورنىغا كېلىپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان . بىز يۇقىرىدا نەقىل ئالغان «ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىمۇ مۇشۇنداق دېيىلگەن . بۇلار شۇنى چۈشەندۇ. رىدۇكى ، مەيلى قاراشەھەردىكى ئاھالىلەر بولسۇن ، مەيلى لوپنۇرلۇقلار بولسۇن ، ئۇلارنىڭ تارىم دەرياسى بويلىرىغا كۆچكەن ۋاقتى جۇڭغارلار دەۋرى ئىدى . لېكىن ، ئۇلارنىڭ كۆچكەن كونكرېت يىلىنى توغرىراق مۆلچەرلەش ئۈچۈن ، لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەھۋالىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېگىلەشكە توغرا كېلىدۇ .

چىڭ سۇلالىسى لوپنۇرلۇقلار بىلەن يۇڭجېڭنىڭ 1 ـ يىلى (1723 ـ يىلى ) دىن باشلاپ ئۇچراشقان . شۇ يىلى 2 ـ ئايدا مۇئاۋىن سانغۇن ئالانا مۇنداق دەپ دوكلات يوللىغان : «لوپنۇرلۇق ئۇيغۇر. لاردىن قۇربان قاتارلىقلار قارا كۆل ، ساداقتۇ ، قارا خوجىدىن ئىبارەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى پېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۈچ جايدىكى 1000 ئارتۇق ئادەمگە باشچىلىق قىلىپ بەيئەت قىلدى». چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى سېۋان ئارابتاننىڭ بېسىپ كىرىش تەھدىتىگە ئۇچرىغان تۇرپاندىكى بىرقىسىم ئاھالىلەرنى گەنسۇغا كۆچۈرۈشكە ھازىرلانغاندا، بىرقىسىم لوپنۇرلۇقلارنىمۇ بىللە كۆچۈرمەكچى بولغان. پادشاھ يۇڭجېڭ مۇنداق دەپ يوليورۇق بەرگەن: «لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىغا كەلسەك، ئۇلار بېلىقچىلىق قىلىپ كۈن كەچۈرۈپ كەلگەن، ئىچكىرىگە كۆچۈشنى خالىسا، تۇرپانلىقلار بىلەن بىرلىكتە كۆچۈرۈڭلار». لوپنۇرلۇقلارنىڭ گەنسۇغا كۆچكەن - كۆچمىگەنلىكى توغرىسىدا تارىخىي كىتابلاردا مەلۇمات بولمىغاچقا، بۇ مەسىلە ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىش تەس. لېكىن، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ كېيىن ئاقسۇ، دولان قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. بۇ ھەقتە «غەربىي رايىندىكى دەريا - ئېقىنلار توغرىسىدا خاتىرە» نىڭ 2 - جىلدىدىمۇ مۇنداق مەلۇمات بار: «چيەنلۇڭنىڭ دەسلەپكى يىللىرى قالقىلار بىلەن غالدان سىرىننىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان زېمىنىنىڭ پاسىلى بېكىتىلدى... لوپنۇرلۇقلار يەنىلا جۇڭغارلارنىڭ خورلىشىغا ئۇچرىغاچقا، كۆپىنچىسى قېچىپ كەتتى». بۇنىڭدىن بىز لوپنۇرلۇقلارنىڭ تەخمىنەن يۇڭجېڭ يىللىرىدىن چيەنلۇڭنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئاقسۇ، دولان رايونلىرىغا كۆچكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز. لوپنۇرلۇقلار بىلەن مۇناسىۋىتى زىچ بولغان قاراشەھەردە ئولتۇرۇشلۇق دولانلىقلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ كۆچۈپ كەلگەن ۋاقتى ئاقسۇ، دولان رايونلىرىغا كۆچكەن لوپنۇرلۇقلارنىڭكىدىن ئانچە بۇرۇن ئەمەس.

قاراشەھەردىكى دولانلىقلار ۋە ئۇلارغا تەۋە لوپنۇرلۇقلار ئاقسۇ، دولان رايونلىرىغا كۆچۈپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇ جايلاردا دولانلىقلار بارمىدى؟ دېگەن سوئالغا بىز دولانلىقلار بار ئىدى، لېكىن ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى دەپ جاۋاب بېرىمىز. بىز ئاقسۇ، دولان رايونلىرىغا كۆچكەن دولانلىقلار بىلەن لوپنۇرلۇقلارنىڭ سانىنى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ جايلاردىن كۆچۈپ كەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەن دولانلىقلارنىڭ سانى بىلەن سېلىشتۇرساق ، يۇقىرىقىدەك يەكۈننى
چىقىرىمىز . ئۇنىڭدىن باشقا ، خوجا جاھان ئۇچۇن «ئات ، قارچىغا
بېقىپ بېرىدىغان» دولانلىقلارمۇ ئانچە كۆپ بولماسلىقى مۇمكىن[1] .

### 3 . دولانلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۆچۈشى

ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۆچۈشى ھەققىدە-
كى مەلۇماتلار «دولانلار ئارىلاشما قانلىقلاردۇر» دېگەن قاراشتىكى ئا-
لىملارنىڭ تەتقىقاتلىرىدا كۆپرەك تىلغا ئېلىنغان بولۇپ ، بۇ ھەقتە مياۋ
فۇشېڭ ئەپەندى بىر قەدەر تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ:[2]

دولانلىقلار چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە كىتابلار-
دا «朵兰人» ، «道兰人» ، «惰兰人» ، «多伧人» دەپ
يېزىلغان .

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا چيەنلۇڭ-
نىڭ 20 - يىلى (1755 - يىلى ) دىن باشلاپ دولانلىقلار توغرىسىدا
مەلۇمات قالدۇرۇلغان . شۇ يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جۇڭغارلارنى
بويسۇندۇرۇپ ، ئىلىنى ئىشغال قىلغانىدى . جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى
تەرىپىدىن ئىلىدا نەزەربەند قىلىنغان چوڭ خوجا بىلەن كىچىك خوجىمۇ
«باش ئېگىپ تەسلىم بولۇپ» ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە بەيئەت
قىلغان . بۇ چاغدا ئاقسۇنىڭ ھاكىمبېگى ئابدۇللا : «ئاڭلىشىمىزچە ،
يەكەن ، قەشقەردىكىلەر يۇرتىمىزغا يۈرۈش قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ ، باۋ-
چىن ، قىپچاق ۋە شوچى قاتارلىقلار يەنە بىرلىشىپ ئاقسۇ ، تۇرمان
(ئۇش ) ، دولان ، سايرامدىكى ئاھالىلەرنى بۇلىماقچى بوپتۇ» دەپ مەلۇ-
مات يوللىغان . شۇڭا ، چىڭ سۇلالىسى «يېتەرلىك ساندا ئەسكەر چىقى-
رىپ ، ئۇلارغا كونا بەگلىرىمىزنى ، خوجىلىرىمىزنى قوشۇپ قۇتقۇزساڭ-
لار»[3] دېگەن تەلەپنى قويغان . شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى بۇرھانى-
دىننى «كونا قوۋملىرىغا باشچىلىق قىلدۇرۇش» ئۈچۈن ئەسكەرلەرنىڭ

---

① مياۋ فۇشېڭ : «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دولان ئۇيغۇرلىرى » ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، (ئۇيغۇرچە )1991 - يىل 1 - سان ، 123 - ، 124 - بەتلەر .

② مياۋ فۇشېڭ : «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دولان ئۇيغۇرلىرى» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە ) ، 1990 - يىلى 1 - سان ، 113 — 118 - بەتلەر .

③ «جۇڭغارلارنى تىنجىتىش تەدبىرلىرى» 14 - جىلد 8 - بەت («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، ئۇيغۇرچە ، 1990 - يىلى 1 - سان ، 114 - بەتتىكى نەقىل .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مۇھاپىزىتى ئاستىدا قەشقەرگە ئاپىرىپ قويۇشنى ، كىچىك خوجا جاھاننى يەنە ئىلىدا قالدۇرۇپ ، «يۇقىرالىرىنى بەزلىتىش»نى① قارار قىلغان .

ھاكىمبەگ ئابدۇللانىڭ مەلۇماتنامىسىدە دولاننى ئاقسۇ ، تۇرمان (ئۇش) ، سايرام بىلەن بىر قاتاردا ئاتىغانلىقى «دولان» دېگەن سۆزنىڭ ئالدى بىلەن يەر نامىنى ، يەنى دولان رايونىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

چىيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن ، كىشىلەر دولانلىقلارنىڭ پائالىيىتىنى تېخىمۇ چۈشەندى . 7 - ئايدا چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن جاۋخۇي مۇنداق دەپ مەلۇمات يوللىغان :

«دولان بېگى ئاززۇ قاتارلىقلار 1000 تۈتۈن ئۇيغۇرنى باشلاپ ئەسكەر بولۇشقا كېلىپ ، بىز خوجا جاھاننىڭ تەھدىتىدە ئۆچرەدۇق ، ئەمدىلىكتە بەيئەت قىلىشنى خالايمىز ، دەيدۇ . بىز ئەمەلدارلار دولانلىق ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇندىن بارچۇقتا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ بىلدۇق ، ئۆتكەن يىلى خوجا جاھان كۇچادا مەغلۇب بولۇپ قاچقاندا ئابدۇخالىقنى ئەۋەتىپ دولانلىقلارنىمۇ بىللە يۆتكىلىشكە دالالەت قىلغان ... ئەمەلىيەتتە ، بۇ تەھدىت سالغانلىق ئەمەس ئىدى ... شۇڭا ، سابىق تەپتىش بەگ توختىنىڭ ئىنىسى ئابدۇلھەيىنى ھاكىملىققا تەيىنلەپ ، ئۇنىڭغا دولانلىقلارنى بۇرۇنقىدەك باشقۇرۇش ، ۋاقتىنچە ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا يۆتكەپ تۇرۇپ ، كېلەر يىلى ئەتىيازدا بوز ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈشنى سورايمەن»② .

بۇ ھەقتە مەسلىھەت ئامبىلى شېخدې مۇنداق مەلۇمات يوللىغان :

دولان ئۇيغۇرلىرى كۆچۈپ يۈردىغان خەلق ، ئۆرپ - ئادىتى شە-

---

① سۇلىڭ جۇن : «غەربىي دىياردىكى ئىشلارنىڭ قىسقىچە بايانى» 1 - جىلد . («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، ئۇيغۇرچە ، 1990 - يىلى 1 - سان ، 114 - بەتتىكى نەقىل .

② «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» 75 - جىلد 43 - بەت ; («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، ئۇيغۇرچە ، 1990 - يىلى 1 - سان ، 114 - بەتتىكى نەقىل .

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى www.uyghurkitap.com



هەردىكىلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ ، ئۇلار ئاقسۇ ، سايرام ، كۇچا قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلسا ۋەقە تۇغۇلۇشى مۇمكىن . مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن ، ئۇلارنى قاراشەھەر قاتارلىق زېمىنى كەڭ جايلارغا كۆچۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلدۇرۇپ ، پاراق تاپشۇرغۇزساق[1] بىز جاۋخوي ، شېخىدبېلارنىڭ دوكلاتىدىن دولانلىقلارنىڭ ئەسلىدە بارچۇق رايونىدا ئولتۇراقلاشقانلىقىنى ، ئۇلارنىڭ كۆچۈپ يۈردىغان قوۋم ئىكەنلىكىنى ، ئۆرپ - ئادىتىنىڭ باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ، شۇڭا جاۋخوي ، شېخىدبېلارنىڭ ئۇلارنى قاراشەھەرگە كۆچۈرۈش توغرۇلۇق تەكلىپ بەرگەنلىكىنى بىلەلەيمىز .

شېخىدبېنىڭ تەكلىپىنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان . شۇ يىلى 9 - ئايدا دولانلىقلار قاراشەھەرگە كۆچۈشكە باشلىغان . 11 - ئايغا كەلگەندە كۆچۈرۈش خىزمىتى ئاساسەن ئاياغلاشقان . شۇڭا ، دې ۋېن : «جاڭجىڭ (مىرزا بەگ) گېپۈرتۇ ئاقسۇدىن 5000 دىن ئارتۇق دولانلىق ئۇيغۇرنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ ماڭغانىدى ، ئۇلاردىن كېسەل بولۇپ ئۆلگەنلەرنى ۋە ئورۇق - تۇغقانلىرىنىڭ قېشىدا قېپقالغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، يەنە 4040 نەچچىسى بار»[2] دەپ دوكلات يوللىغان . بۇ دولانلىقلار «بۇگۇر ، كورلا ، چېدىر ، يېڭىسار قاتارلىق تۆت جايغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ، خېلىلبەگ ، غاپپار شۇكۇر ، موللا ھەسەن ، كىلدامەت قاتارلىقلارنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلغان .»[3] .

شېخىدبېنىڭ شۇ چاغدىكى مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا ، قاراشەھەرگە كۆچۈرۈلگەن دولانلىقلار ئارزۇ باشچىلىقىدا چىڭ سۇلالىسى بەيئەت قىلغان دولانلىقلارنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ ، جەمئىي 1000 دىن كۆپرەك ئائىلە ، 5300 نەچچە كىشى ئىدى . ئۇلاردىن «يېمەك - ئىچمىكى يوق

① «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» 76 - جىلد 1 - 2 - بەتلەر («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، ئۇيغۇرچە ، 1990 - يىلى 1 - سان ، 115 - بەتتىكى نەقىل) .

② «چىڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇڭ خانى زامانىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 601 - جىلد ، 7 - بەت ؛ («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، ئۇيغۇرچە 1990 - يىلى 1 - سان ، 115 - بەتتىكى نەقىل .)

③ «چىڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇڭ خانى زامانىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» ، 603 - جىلد ، 15 - بەت ؛ («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، ئۇيغۇرچە ، 1990 - يىلى 1 - سان ، 115 - بەتتىكى نەقىل) .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نەچچە يۈز كىشى» نىڭ «ئاقسۇدا ۋاقتىنچە قالغان»[1] لىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرى ئاساسەن قاراشەھەرگە تەۋە بۈگۈر بىلەن كورلىغا 500 تۈتۈندىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

قاراشەھەرگە كۆچكەن دولانلىقلاردىن باشقا، تارىم دەرياسى ۋادىلىرىدىمۇ خېلى كۆپ دولانلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى بۈگۈر، كورلىدىكى دولانلىقلارنىڭكىگە ئاساسەن تەڭ ئىدى. شۇڭا، چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى (1760 - يىلى) 12 - ئايغا كەلگەندە شىخىدې ھەرقايسى شەھەرلىرىدىكى بەگلەرگە قوشۇمچە ياردەم بېرىش ۋە خېنى يەرلەرنى بۆلۈپ بېرىش توغرۇلۇق مەلۇماتنامە سۇنۇپ: «ئاقسۇدىكى 400 نەچچە ئائىلىلىك ئۇيغۇرلارنى باشقۇرۇشقىمۇ بەگ تەيىنلىسەك»[2] دېگەن. يەنە «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ رايوندا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان دولانلىقلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، ئاقسۇدا ھەقىقەتەن «دولان بېگى»[3] دېگەن مەنسەپنى تەسىس قىلغان، بولۇپمۇ داۋگۇاڭ يىللىرىغا كەلگەندە تارىم دەرياسى بويلىرىدا ئولتۇراقلاشقان دولانلىقلارنىڭ جاھانگىر خوجا توپىلىڭى داۋامىدىكى پائالىيىتى كىشىنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ جەلپ قىلىدۇ.

قىسقىسى، كورلا، بۈگۈر ۋە تارىم دەرياسى بويلىرى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە دولانلىقلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاساسلىق رايونلار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىلى، خوتەنلەردىمۇ ئاز بىرقىسىم دولانلىقلار بولغان.

ئىلىدىكى دولانلىقلار قاراشەھەردىن كۆچۈپ بارغان. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئىلى رايونى قوشۇن تۇرغۇزۇپ ئاساسلىق مۇداپىئە قىلىنىدىغان جاي بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلى سانغۇنىمۇ شۇ يەردە تۇرۇپ، پۈتكۈل شىنجاڭنىڭ ھەربىي،

---

① «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 79 - جىلد، 11 -، 12 - بەتلەر. («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئۇيغۇرچە 1990 - يىلى 1 - سان، 115 - بەتتىكى نەقىل).

② «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 8 - جىلد، 8 - بەت، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئۇيغۇرچە، 1990 - يىلى 1 - سان، 116 - بەتتىكى نەقىل.

③ مۇردى «شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى تەزكىرىسى» 3 - جىلد، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئۇيغۇرچە، 1990 - يىلى 1 - سان، 116 - بەتتىكى نەقىل).

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



مەمۇرىي ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرغان. ئاشلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى (1760 ـ يىلى) دىن باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن 6300 نەچچە ئۆيلۈك ئۇيغۇرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىلىغا كۆچۈرۈپ، ئۇلارنى تېرىقچىلىق قىلدۇرۇپ، غەللە ـ پاراق تاپشۇرغۇزغان. قاراشەھەرگە ئەمدىلا كۆچۈپ كەلگەن دولانلىقلار مۇقىم ئورۇنلىشىپ بولغۇچىلار ئۇلاردىن 150 ئۆيلۈك كىشى تۇنجى تۈركۈم كۆچمەنلەر بولۇپ، باشقا رايونلاردىن كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە يەنە ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن.①

قاراشەھەردىكى 150 نەچچە ئۆيلۈك دولانلىق ئىلىغا كۆچۈرۈلگەنلىكى قاراشەھەر ئاھالىسىدىن يىغىلىدىغان غەللە ـ پاراقنىڭ مىقدارىنىڭ بىرىپ تارقالغان. شۇڭا، داساڭئا چيەنلۇڭنىڭ 28 ـ يىلى (1763 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا مۇنداق دەپ مەلۇمات يوللىغان:

كورلىدا 582 ئۆيلۈك ئۇيغۇر، بۈگۈردە 594 ئۆيلۈك ئۇيغۇر ھەر يىلى ھۆكۈمەتكە 700 دادەندىن غەللە ـ پاراق تاپشۇراتتى. ھازىر ئۇلاردىن 147 ئۆيلۈكى ئىلىغا كۆچۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ سانى غەللە ـ پاراق تاپشۇرىدىغانلارنىڭ ئىچىدە بولسىمۇ، لېكىن ئاقسۇ، خوتەنلەردىن 56 ئۆيلۈك دولانلىق ئۇيغۇر شۇ ئىككى جايدىكى كەم ئورۇننى توشقۇزۇش ئۈچۈن كۆچۈرۈپ كېلىنىدى.

دېمەك، داساڭئانىڭ پىكرى بويىچە ئېيتقاندا، كورلا بىلەن بۈگۈردىن 150چە ئۆيلۈك دولانلىق كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، قائىدە بويىچە يىغىلىدىغان غەللە ـ پاراق ئازايتىلىشى كېرەك بولسىمۇ، لېكىن ئاقسۇ، خوتەندىكى دولانلىقلار كورلا بىلەن بۈگۈرگە كۆچۈرۈلگەچكە، ئۇ جايلارنىڭ نوپۇسىدا ئانچە ئۆزگىرىش بولمىغان، شۇڭا بۇ ئىككى جايدىكى ئاھالىلەر بۇرۇنقى سان بويىچە غەللە ـ پاراق تاپشۇرغان. لېكىن پادىشاھ چيەنلۇڭ «ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنىنى دولان ئۇيغۇرلىرى توشقۇزغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سانى بۇرۇنقىدىن

① «چىڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇڭ خانى زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 615 ـ جىلد، 12 ـ بەت. («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئۇيغۇرچە، 1990 ـ يىلى 1 ـ سان، 116 ـ بەتتىكى نەقىل).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاز، بۇنىڭدىن كېيىن يەنىلا بۇرۇنقى سان بويىچە ئاشلىق يىغىش، يەنە سېلىق چاچماسلىق لازىم» دەپ ھېسابلاپ، «كورلا بىلەن بۈگۈردىكى ئۇيغۇرلارغا شاپائەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلار تاپشۇرىدىغان ئاشلىقنىڭ ئوندىن ئىككى قىسمىنى ئازايتىش زۆرۈر»① دېگەن. بىز كورلا بىلەن بۈگۈردىكى ئاھالىلەرنىڭ غەللە ـ پاراق تاپشۇرۇش ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن بۇرۇن خوتەن رايونىدىمۇ دولانلىقلارنىڭ بولغانلىقىنى، لېكىن ئۇلارنىڭ سانىنىڭ ئازلىقىنى، يەنە كېلىپ قاراشەھەرگە كۆچۈرۈلگەنلىكىنى بىلىمىز. بۇ جايدا يەنە دولانلىقلار قالغانمۇ ـ يوق دېگەن مەسىلە توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات يوق.

جياچىڭ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە نوپۇسىنىڭ كۆپەيگەنلىكىدىن بولسا كېرەك، چىڭ سۇلالىسى «قەشقەردىكى ئاقتام دېگەن جايدىكى 4000 مو بوز يەرنى دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىشىغا ئايرىپ بەرگەن».② ئاقتام قەشقەر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەينى چاغدا قەشقەرگە تەۋە ئىدى. بۇمۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەر رايونىدىمۇ دولانلىقلارنىڭ بولغانلىقىنى، بەلكى خېلى كۆپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يۇقىرىقىلاردىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىللىك كۆچۈرۈشى بىلەن دولانلىقلارنىڭ ئاساسەن ئاقسۇ، كورلا، ئىلى ۋە قاراشەھەر قاتارلىق رايونلارغا تارقالغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق جايلىشىش ھالىتى ھازىرقى دولانلىقلار ئەۋلادلىرىنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلىرى بىلەن بىردەك.③

### 4. دولانلارنىڭ چەت ئەلگە كۆچۈشى

دولانلارنىڭ چەت ئەللەرگە كۆچۈشى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يۈز

---

① «چىڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇڭ خانى زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 678 ـ جىلد، 24 ـ، 25 ـ بەتلەر («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئۇيغۇرچە، 1990 ـ يىلى 1 ـ سان، 117 ـ بەتتىكى نەقىل).

② «چىڭ سۇلالىسىنىڭ رېنزۇڭ خانى زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 258 ـ جىلد، 18 ـ بەت («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئۇيغۇرچە، 1990 ـ يىلى 1 ـ سان، 117 ـ بەتتىكى نەقىل).

③ مياۋ فۇشباڭ: «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دولانلار»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئۇيغۇرچە، 1991 ـ يىلى 1 ـ سانى، 118 ـ بەت

بەرگەن بولۇپ، بۇ ۋەقە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋە قاراشەھەر رايونىدىكى دولانلارنىڭ ئىلى ۋادىسىغا كۆچۈشى بىلەن قەشقەردە يۈز بەرگەن «توختى مانجۇ ۋەقەسى» بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان ئۇچۇرلاردىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا «دولان كولخوزى»، «دولان قىشلاق» دېگەن جايلار بولغان.①

دولانلارنىڭ ئىلى ۋادىسىغا كۆچۈشى ۋە ئىلى ۋادىسىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كۆچۈشى ھەققىدە بىرقەدەر تەپسىلىي مەلۇمات مۇھەممەت سابىت ئەپەندىنىڭ «ئىلىدىكى دولانلىقلار» ناملىق ماقالىسىدا تىلغا ئېلىنغان②.

دولان دىيارى گەرچە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەكىت، مارالبېشى، ئاۋات ۋە تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى رايونلار بولسىمۇ، لېكىن ئىلى ۋادىسىدا دولان نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بىر زېمىن بار. بۇ زېمىن قەدىمكى دولانلارنىڭ ئىلىدىكى تارىخىي كەچۈرمىشلىرىنىڭ شاھىتىدۇر.

1763 ـ يىلى ئىمىن ۋاڭنىڭ ئىككىنچى ئوغلى مۇسا ۋاڭ ئىلىدا گوڭ بەگ بولۇپ تۇرغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئون شەھىرىدىن 1500 تۈتۈن ئۇيغۇرلار ئىلىغا مەجبۇر كۆچۈرۈپ كېلىنگەن.③ بۇ ۋاقىتتا مەمتىلى دېگەن كىشىنىڭ باشچىلىقىدا دولاندىن كەلگەن 100 تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى سازلىقنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە ماكانلاشقان.④

شۇ ۋاقىتتىكى ھاكىمىيەت بۇ ئۇيغۇرلارنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشىغا سالغان. ئاشۇ مەزگىلدىكى ئىلى سانغۇنى مىڭ رۇي بۇ ئۇيغۇرلارنى باشقۇرۇشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ھەر 100 تۈتۈننى بىر يېزا قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ 100 تۈتۈننى باشقۇرىدىغانغا بىر ئادەم بېكىتىپ، ئۇنى يۈز بېگى دەپ ئاتىغان. شۇ چاغدا تۇنجى قېتىم يۈز بېگى بولۇپ سايلانغان كىشىلەرنىڭ ئىسمى شۇ يېزىنىڭ نامى

① تۇرسۇن ئىبراھىم: «دولان ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1984 ـ يىلى 2 ـ سان.

② مۇھەممەت سابىت: «ئىلىدىكى دولانلىقلار»، «ئىلى دەرياسى»، 1998 ـ يىلى 5 ـ سان، 85 ـ 91 ـ بەتلەرگە قاراڭ (ئەسلىي ئەسەردىكى بىرقىسىم تارىخىي مەنبەلەر ئېنىق ئېلىندى).

③ «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى»، 1 ـ سان 70 ـ بەت.

④ مۇساكوڭ ۋە ئۇرانىزىپ 1761 ـ يىلىدىن 1767 ـ يىلىغىچە جەنۇبىدىن كۆچۈرۈپ چىققان ئۇيغۇرلار 8000 گە يەتكەن. بۇ ھەقتە «ئىلى تارىخى»، 1 ـ قىسىم 75 ـ بەتتە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان.

www.uyghurkitap.com



بولۇپ قالغان. مەسىلەن، جېلىلىيۈزى، روزىمەتيۈزى، مەمەتيارىيۈزى، سادىقيۈزى، ھېزىزبەگتام، ئاۋاكرىيۈزى، ھېدىلىيۈزى، موللا توختىيۈزى دېگەندەك. بەزى يېزىلارنىڭ نامى شۇ يېزىغا ئورۇنلاشقۇچىلارنىڭ ئەسلىي يۇرتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن، تۇرپانيۈزى، دولانيۈزى…

دولانيۈزى تۇنجى قېتىملىق يۈزبېگى مەمتىلى دولاننىڭ تەلىپى بويىچە ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىي يۇرتى دولاننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

دولانيۈزى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، غۇلجا - بايتوقاي تاشيولى بىلەن ماڭغاندا غۇلجا شەھىرىگە 31 كىلومېتىر كېلىدۇ.

دولانلىقلار ماكانلاشقان دەسلەپكى يىلى جياڭجۈن يامۇلى تەرىپىدىن ھەربىر تۈتۈنگە 400 — 500 مودىن يەر، ئىككى تۇياقتىن ئۆكۈز، يېتەرلىك ئۇرۇقلۇق بۇغداي، 12 سەر كۈمۈش تەڭگە تارقىتىلىپ بېرىلىپ، تېرىقچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ھەربىر تۈتۈن خانلىققا ھەر يىلى تۆت خودىن① ئاشلىق تاپشۇرۇش كېرەك دەپ بېكىتىلگەن ھەم شۇ بويىچە ئىجرا قىلىنغان. دەسلەپتە ھەربىر ئائىلە 30 — 50 مو ئەتراپىدا بوز يەر ئېچىپ بۇغداي تېرىغان. ئۇ ۋاقىتلاردا ھۆل - يېغىن كۆپ بولغاچقا، خېلى يىللارغىچە بىنەم بۇغداي تېرىلىپ كەلگەن. ئۇلار ئۆزىگە بۆلۈپ بېرىلگەن يەرلەرنى 5 — 6 يىلدا بىر قېتىم تېرىپ بولالىغان، يەنە بىر قېتىم تېرىغان يەرنى 5 — 6 يىل بوز تاشلاپ، شۇۋاق بېسىپ كەتكەندە «شۇۋاقبوز» قىلىپ تېرىپ، يەرنى دەم ئالدۇرۇپ كۈچەيتىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. تۆت ئۈندىكىلەر ساز ياقىسىدا بولغاچقا، بۇلاق سۇلىرىنى مەھەللىگە باشلاپ كېلىپ، ھەربىر تۈتۈن 15 مو ئەتراپىدىكى ئورنىغا قورۇق تام سوقۇپ ئۆي ياساپ، تام تۈۋىگە ئۆرۈك، قارىياغاچ قاتارلىق مېۋىلىك، مېۋىسىز دەرەخلەرنى تىكىپ ئۆستۈرگەن. ساز يىراق جايلاردا ئىچىملىك سۇنى قۇدۇق كولاپ ھەل قىلغان. قىش كۈنلىرى بولسا قار ئېرىتىپ، قار سۈيى ئىچىشنى ئادەت قىلغان. ساز ئوتتۇرىسىدىكى «ئېشەك ئارال»غا شال تېرىشنى يولغا

① ئەينى يىللاردىكى ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، بىر خو تۆت پۈت، بىر پۈت 40 قاداق، بىر قاداق 400 گرام ھېسابىدا ئىدى. دېمەك، تۆت خو 256 كىلوگىرامغا تەڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



قويغان . دولانيۇزىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە تۆت ئۇنغا قاراشلىق 10 مىڭ مو قومۇشلۇق سازلىق بولۇپ ، بۇنىڭدا بېلىق ، ياۋا ئۆردەك ، سۇ چاشقىنى ، قۇندۇز ، سۇ بۇقىسى ، ساز توخۇسى ، ياۋا توڭگۇز قاتارلىق قۇش ۋە هايۋانلار كۆپ ئىدى . كىشىلەر قىشتا ئوۋچىلىق قىلاتتى ۋە قومۇشلارنى ئورۇپ بورا توقۇش بىلەن شۇغۇللىناتتى .

دولانيۇزىدىكىلەرنىڭ ئۆتمۈشتە «دولان چاتاق» دېگەن لەقىمى بار ئىدى . بۇ لەقەمنىڭ قويۇلۇش سەۋەبى ھەققىدە كىشىلەر ئارىسىدا مۇنداق ئىككى خىل رىۋايەت كەڭ تارقىلىپ كەلگەن . بىرىنچى رىۋايەتتە : غۇلجا شەھىرىنى بىنا قىلىشتا شەھەر سېپىلىنى سوقۇش ئىشى پۈتۈنلەي سەھرالىقلارغا ھاشارغا بۆلۈپ بېرىلگەن . دولانلىقلارغا بولسا شەھەرنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى يېنىدىكى سېپىلنى سوقۇش ۋەزىپىسى چۈشۈرۈلگەن . ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىسى جارۇللايۇپنىڭ بوۋىسى جارۇللانىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە ، دولانلىقلار ئۆزىگە چۈشكەن ۋەزىپىنىڭ يېرىمىنى سوقۇپ بولغاندا ، سېپىل سوقۇۋاتقان ھاشارچىلار :

سۇلتان بېگىم سورايدۇ ،
سېپىل سوققانلار نەلىك ؟
بىز بەگكە نېمە قىلغان ،
بىكار ياتىدۇ شەلىك .①

دېگەن ناخشىنى ئىجاد قىلىپ ئېيتىپ ، ھاشارچىلارنىڭ نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن ۋە سېپىل سوقۇشنى توختىتىپ ، ئىش تاشلىغان . باشقۇرغۇچىلار ئۇلارنى سېپىل سوقۇشقا مەجبۇرلىغاندا ، ئۆزلىرىنىڭ قەدىمىي يۇرتىغا چەكسىز مۇھەببەت باغلىغان ئەسلىي يۇرتىنىڭ نامىنى قەدىرلەيدىغان دولانلىقلار : «ئەگەر مۇشۇ دەرۋازىنىڭ نامىنى ‹دولان دەرۋازىسى › دەپ ئاتىساڭلار سېپىلنى سوقىمىز ، بولمىسا سوقمايمىز» دەپ چاتاق چىقارغان . يامۇل ئاخىر بۇ تەلەپكە قوشۇلۇپ ، شەھەرنىڭ شىمالىدىكى سېپىل دەرۋازىسىنىڭ نامىنى «دولان دەرۋازىسى» دەپ ئاتاشقا ئىجازەت بەرگەن . شۇ ۋاقىتتا دولانلىق چاتاقچىلار دېگەن لەقەممۇ تەڭ

① شەھەرلىكلەر مەنىسىدە .

ئاتالغان دېيىلىدۇ . يەنە بىر رىۋايەتتە : ئالۋان - سېلىق يىغقۇچى ياپىلار ھەر يىلى دولانيۈزىگە كەلگەندە دېھقانلار ئالۋاندىن قېچىپ ، ئۆزلىرىنىڭ بۈك - باراقسان باغلىرىدىكى ئورمانزارلىق ئىچىگە مۆكۈۋېلىپ ، ياپىلارنى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى . دولانيۈزىدىكى بىرقىسىم جىگەرلىك كىشىلەر ھەر يىلى قىشتا شەڭگەن يامۇلىغا شاگىيۇلۇق تالىشىپ دەۋا قىلىپ تۇراتتى . بەزىدە چاتاق چىقىراتتى . شۇڭا ، دولانلىقلارنى «دولان چاتاق» دەپ ئاتىغان دېيىلىدۇ . بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى ، ئىلىدىكى دولانلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆتكۈر تىلى ، پەم - پاراستى ، باتۇرلۇق جاسارىتى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى زالىملارغا قارشى تۇرۇپ ، ئۆز مەنپەئەتلىرىنى قوغداپ كەلگەن .

1871 - يىلى چار پادىشاھى ئىلىنى بېسىۋېلىپ ، ئۆز مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ . 1882 - يىلى بېيجىڭ خانىنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن ئىلى تەڭسىز شەرتنامىسىگە ئاساسەن قايتۇرۇپ ئېلىنىدۇ . چاررۇسىيە ئىلىدىن چېكىنىپ چىقىش ئالدىدا يەتتىسۇدىكى بىكار ياتقان بوز يەرلەرنى ئۆزلەشتۇرۇش ئۈچۈن ئىلىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئالداپ ، 10 مىڭ 899 تۈتۈن (50 مىڭ 55 جان )① ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى كۆچۈرۈپ چىقىپ كېتىدۇ . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، شۇ ۋاقىتتا ھەربىر يېزىدا 5 — 6 تۈتۈنلا قالغان ، ئابلاشتا بىرمۇ ئادەم قالمىغان . دولانيۈزىدىن 265 تۈتۈن چىقىپ كەتكەن . چەت ئۈچئۈن ، ئارا ئۈچئۈندا بىرمۇ ئادەم قالمىغان .

شۇ مەزگىلدە دولانيۈزىدە 266 تۈتۈن بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى رۇسىيىگە كۆچۈش تەييارلىقىنى قىلىدۇ . ئەتە ماڭىمىز دېگەن كۈنى كېچىسى مەمتىلى دولانىنىڭ 5 - ئەۋلادى جاپپار شاگىيۇنىڭ ئايالى توختىخان بىر چۈش كۆرىدۇ . ئۇ چۈشىدە مىڭلىغان كۆچمەنلەر ئارىسىدا ئاقبوز ئات مىنگەن ، ئاق چاپان كىيگەن ، ئاپئاق ساقال بىر بوۋاينىڭ ئېتىنى ھەريان چاپتۇرۇپ ، «كەتكەنلەر سوققا چىقتى② ، قالغانلار ئامان» دەپ ۋارقىراپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ، چۈشىنى ئېرىگە ئېيتىپ

① «ئىلى تارىخى ماتېرىياللىرى» ، 1 - سان 110 - بەت .
② كەتكەنلەر سوققىغا يولۇقتى ، يەنى بالاغا ئۇچرىدى دېگەن مەنىدە .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بېرىدۇ. جاپپار شائىيۇ بۇ چۇشكە ئۆز ئەقىل ـ پاراستى بىلەن تەبىر بېرىپ، ئايالىغا: «سېنىڭ كۆرگىنىڭ ئاددىي چۈش بولماستىن، بەلكى بىر كارامەتتىن بېرىلگەن بېشارەتتۇر» دەپ كۆچۈشتىن يالتىيىپ، يالغۇز بىر ئائىلە قېپقالىدۇ.

جاپپار شائىيۇ ئېتىغا مىنىپ ئەتراپتىكى يېزىلارنى ئارىلاپ، كۆتەمە دېگەن كەنتتە بەش ئائىلىلىك قالغانلىقىنى كۆرۈپ، شۇ يەرگە كۆچۈپ بارىدۇ. بىراق، كۆتەمىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ناچار بولۇپ، دولانيۈزىـ نىڭكىگە يەتمىگەچكە، ئۇ يەرگە كۆنەلمەي، ھېلىقى بەش ئائىلىلىك بىلەن مەسلىھەتلىشىپ دولانيۈزگە قايتىپ كېلىدۇ. بۇلارغا بايتوقايدا يالغۇز قالغان يەنە بىر ئائىلىلىك قوشۇلۇپ، يەتتە ئائىلىلىك دولانيۈزىدە قايتا پەيدا بولىدۇ.

دولانيۈزگە جاپپار شائىيۇ بىلەن بىللە قايتىپ كەلگەن ئالتە تۇتۇن دېھقان دولانيۈزىنىڭ تەبىئىي شارائىتىنىڭ ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەنلىكىـ نى، 1830 ـ يىللىرى چېپىلغان ئۆچۈن، ئارا ئۆچۈن، چەت ئۆچۈن ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرىنىڭ سۇيىنىڭ موللىقىنى كۆرۈپ:

دولانيۈزى دەيدىكەن،
بەزىلەر بىلمەيدىكەن.
بىلگەنلەردىن سورىسا،
ماختىنىپ سۆزلەيدىكەن.

دېگەن قوشاقنى توقۇپ، كىشىلەرنى دولانيۈزگە جەلپ قىلغان.

1932 ـ يىلى رۇسىيىدىكى كوللېكتىپلەشتۈرۈش ۋاقتىدا كېلىپ چىققان ئاچارچىلىققا چىدىماي، يەنە زور بىر تۈركۈم كىشىلەر قايتىپ كەلگەن. 1957 ـ يىلىغىچە ھۆكۈمەت دولانيۈزىدىكى ئاھالىلەرنى تەڭـ شەپ، تۆت ئۇن (هازىرقى دولانيۈزى) ۋە ئاقتامغا، رۇسىيىدىن كېلىپ يەرلىكلەر بىلەن چىقىشالمىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى يېڭى مەھەللىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



هەم غەرب تەرەپتىكى كىچىك يېڭى تامغا ئورۇنلاشتۇرغان .

دولانىيۇزىدە مەمتىلى دولاندىن ھېسابلىغاندا جەمئىي توققۇز ئەۋلاد ئۆتتى . ئۇلار : مەمتىلى ، سالى ، ئابدۇلھەسەن ، غاپپار ، چەپەر ، ھاسان ، ئاماندىن ، ئەسپەرلەردىن ئىبارەت .

مەمتىلى دولاننىڭ قەبرىسى گۈمبەز شەكلىدە بولۇپ ، بۇ قەبرە ھازىرغىچە بۇزۇلماي ساقلىنىپ قالغان .

غۇلجا ناھىيىسىنىڭ دۆڭمازار بازىرىنىڭ غەربىدە يەنە بىر دولان مەھەللىسى بار . 1825 - يىلى ئەتراپىدا بۇ يەرگە بەختىيار ئىسىملىك بىر دولانلىق تۆگىچى كەلگەن . ئۇ بۇ يەرنىڭ شارائىتىنىڭ تۆگە بېقىشقا قولايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان . بەختىيارنىڭ ئوغلى توقاباي ، توقابايىنىڭ ئوغلى مۇسا ، مۇسانىڭ ئوغلى بىشىر ، بىشىرنىڭ ئوغلى نۇسرەت ، نۇسرەتنىڭ ئوغلى نىياز ، نىيازنىڭ ئوغلى توختاسىن قاتارلىق ئالتە ئەۋلاد مۇشۇ يەردە ياشاپ ئۆتكەن .

ئىلىدىكى دولانلىقلارنىڭ توي - تۆكۈن ، نەزىر - چىراغ ، مەشرەپلىرى ھازىرقى ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئورتاق ئادىتىگە ئوخشاش بولۇپ ، خاس دولان ئۇسلۇبىنى ئانچە تاپقىلى بولمايدۇ . بۇنىڭ سەۋەبى ، ئۇلار ئىلىدىكى باشقا يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن نەچچە ئەسىر ئارىلىشىپ ياشاپ ، ئادەت كۆچلەر ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك .

يېڭى مەھەللە 1938 - يىلى قۇرۇلغان ، كونا ئورنى ھازىر تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرۇلغان . يېڭى مەھەللىگە دەسلەپتە كەلگەنلەر ئەرشىدىن ، زاكىر ، كېۋىر ، ئابدۇراخمان قاتارلىقلاردۇر . ئۇلار سوۋېت يېرىدىن قېچىپ ئۆتۈپ ، ئاقتام كەنتىگە ئورۇنلاشقان . لېكىن ، ئاقتامدىكى يەرلىك كىشىلەر ئۇلارنى ھە دېسىلا ئورۇستىن كەلگەن دەپ يەكلەپ ئارىغا ئالمىغان . بۇنىڭ بىلەن ئۇلار دولاندىكى لوقمان شاڭيۇغا كېلىپ ئەھۋال ئېيتىپ يىغلىغان . كۆڭلى يۇمشاق لوقمان شاڭيۇ دىتاڭ يېرى دەپ ئىگىسىز قالغان بىر پارچە يەرنى ئۇلارغا ئاجرىتىپ بەرگەن . ئۇلار رۇسىيە ئۆلچىمىدە كەڭلىكى 34 مېتىرلىق بىر چوڭ يول ياساپ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىككى تەرەپكە ئۆي سېلىپ رەتلىك ئورۇنلاشقان .

يېڭىتام — بۇ كىچىك يېڭىتام ، قارادۆڭ يېڭىتام دەپ ئاتىلىپ كەلگەن . بۇ يەرگە 1767 ـ يىلى مۇسا گۇڭنىڭ ئىنىسى ئورانزىپ گۇڭ جەنۇبتىن 2000 ئائىلىنى كۆچۈرۈپ چىقىپ ، 600 ئۆيلۈكنى ئارا بوزغا ، 1400 ئۆيلۈكنى توققۇزتارىنىڭ تاشتۆپە يېزىسى ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرغان . يېڭىتامدا زاتكام دېگەن دەرىجىدىن تاشقىرى يۇقىرى ئاۋازلىق بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ ، يېڭىتام ئاستىدىكى سازلىقتا تۇرۇپ كالىلارنى «هوش ! . . .» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى 2 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دولانلىقلار ئېنىق ئاڭلىيالايدىكەن .

دولانلىقلار دېگەندە مەكىت دولاندىن چىققان مەمتىلى دولاننىڭ ئەۋلادلىرى ئاساسىي گەۋدە بولۇپ ، ئۇلار : تاھىركام ، ھەۋەيكام ، سونۇركام ، مەخسۇمكاملاردىن ئىبارەت . بۇلار 1882 ـ يىلى ئابلاشتىن روسىيىگە چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر .

ئابلاش — بۇ جاي 1882 ـ يىلدىن 1902 ـ يىلىغىچە ئادەمسىز قالغاچقا ، خۇيزۇلار كېلىپ ئورۇنلاشقان . يۇقىرىدا بىز ئىسمىنى ئاتىغان كىشىلەر ئابلاشقا ئورۇنلاشماي ، ئابلاشنىڭ جەنۇبىدىكى قوشنا يېزا دولانغا ئورۇنلاشقان . بۇ يەردە ئابدۇرۇسۇل مەسۇم قاتارلىق كەلپىندىن كەلگەن ئائىلىكلەرنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ بار ئىدى .

1957 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدىكى نەمۇنىلىك دېھقانچىلىق مەيدانى دولانيۈزىگە كۆچۈپ چىقتى . ئۇلار 1958 ـ يىلى دولانيۈزىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ دولان دېھقانچىلىق مەيدانىنى قۇردى .

دولانلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانە ۋادىسىغا كۆچۈشى ھەققىدىكى مەلۇمات قەشقەرلىك ئالىم ئىمىر ھۈسەيىن قازىئاخۇنۇمنىڭ «قەشقەردىكى تارىخىي ۋەقەلەر» ناملىق ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان توختى مانجۇنىڭ ھاياتى① توغرىسىدىكى بايانلاردا ئۇچرايدۇ .

① «توختى مانجۇنىڭ ھاياتى» ھەققىدىكى بۇ تارىخىي مەلۇمات ئىمىر ھۈسەيىن قازىئاخۇنۇمنىڭ «قەشقەردىكى تارىخىي ۋەقەلەر» (ئابدۇرېھىم ھاشىم نەشرگە تەييارلىغان ، 77 ~ 82 ـ بەتلەر ئېلان قىلىنىش ئالدىدا ) دېگەن ئەسىرىدە «توختى مانجۇنىڭ ھاياتى ۋە كاس كېپەكنىڭ توختى مانجۇغا سۇنغان ئەرزى» دېگەن تېمىدا بېرىلگەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## توختى مانجۇنىڭ ھاياتى

توختى مانجۇ (توختىلاق) قەشقەر ۋىلايىتى پەيزاۋات ناھىيە بۆلغۇچى كەنتىدىن بولۇپ ، ئۇنى «مانجۇ» دېيىشتىكى سەۋەب ، ۋەلىخان تۆرە قېچىپ كەتكەندە ، قەشقەرنى مانجۇلار ئىشغال قىلىپ ، توختىلاقنى پەيزاۋاتتىن ئەكېلىپ ، يېڭىشەھەردىكى مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىغا تەرجىمانلىققا سالغان . شۇ سەۋەبتىن «توختى مانجۇ» دەپ ئاتالغان . ھىجرىيەنىڭ 1280 - يىلى (1863 - ، 1864 - يىللىرى ) توختى مانجۇ تەرجىمانلىق قىلىش بىلەن يۈز تېپىپ ، ئىناۋەتكە ئىگە بولغان . ئاردا ئۇ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ ئۇرۇمچىدە تۈرمىگە سولانغان . ئۈچ يىل سولاقتا ياتقاندىن كېيىن قېچىپ چىقىپ مارالبېشىغا كەلگەن .

توختى مانجۇ مارالبېشىغا كەلگەندىن كېيىن ، مارالبېشى ئەتراپىدىكى دولانلاردىن نۇرغۇن ئادەم توپلاپ ، قوزغىلاڭ قىلىشقا نىيەت قىلىۋاتقان كۈنلەردە كۇچادىكى راشىدىنخان باشلىق قوزغىلاڭچىلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ۋاقىت ئىدى . توختى مانجۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مارالبېشىنىڭ باشلىقى زۇلالبەگ ، قايىندىبەگلەر بىلەن مارالبېشى شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ، مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىنى ، بەگ ، دورغىلارنى ئۆلتۈرۈپ ، مارالبېشىنى ئىشغال قىلغان ، ئۇنىڭدىن كېيىن مەكىتنى ئىشغال قىلغان . شۇ يۈرۈشىدە ئۇلار پەيزاۋاتقا كېلىپ ، پەيزاۋات قىزىلبويىدىكى نۇرغۇنلىغان ئېزىلگەن خەلقنى ئەگەشتۈرۈپ ، قىزىلبويى ، پەيزاۋاتتىكى مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي ۋە لەشكىرىي ئەمەلدارلىرىنى يوقىتىپ ، مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە خىزمەت قىلغان يۈز بېشى ۋە مەنسەپ ئىگىلىرىدىن 700 دىن ئارتۇق كىشىنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرگەن . ئۇ ئۆزىنى «ھاكىم» دەپ ئېلان قىلىپ ، پەيزاۋاتنى مەركەز قىلغان ھەمدە ھەر كۈنى مەكىت ، پەيزاۋات ، قىزىلبويى ، مارالبېشىدىكى جازانىخورلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ ، جەمئىي 200 چە جازانىخورنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرگەن . توختى مانجۇ 11 ئاي ھۆكۈمران بولغان .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



توختى مانجۇ 11 ئاي ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن، راشىدىنخان قوزغىلاڭچىلارنىڭ يېڭىلىپ، كۇچا، ئاقسۇ تەرەپتىن قاچقان مەنچىلىك لەشكەرلىرى مارالبېشىغا كېلىپ، توختى مانجۇ بىلەن سوقۇشقان. بۇ ۋاقىتتا قەشقەر تەرەپتىكى مەنچىلىك لەشكەرلىرىنىڭ ياندۇرما يېزىسىغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان توختى مانجۇ ئاتۇش ئارقىلىق ئەنجانغا قېچىپ كەتمەكچى بولغان. 1000 ئۆيلۈك دولان مال - چارۋىلىرىنى ھەيدەپ مارالبېشىدىن ئالتىن ئاتۇشقا (ئاستىن ئاتۇش) كەلگەندە، ئەھۋالنى بىلمىگەن نۇرغۇن ئادەملەر چىقىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسقان. توختى مانجۇ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئەھۋالنى ئۇقمىغان ئالتىن ئاتۇشلۇقتىن 100 ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى ياغاچ مومىغا سانجىپ قويغان. توختى مانجۇلار پەرغانىگە يېتىپ بارغاندا، قوقەند ئەمىرى موللا ئالىمقۇل دادخا شەھەرخان ۋادىسى ئەتراپىدىن يەر بېرىپ ئولتۇراقلاشتۇرغان، توختى مانجۇنى مەزكۇر دولانلارغا باشلىق قىلىپ، توخسابىلىق ئەمەل بەرگەن. بۇ يەرنى ھازىر «دولان قىشلاق» دەپ ئاتايدۇ.

16 ئايدىن كېيىن، توختى مانجۇنىڭ قىلمىشى توغرۇلۇق قەشقەردىكى مەنچىلىك ئامبىلىدىن خەت چىققان. موللا ئالىمقۇل دادخا ئۇنى قوقەندكە ئاپىرىپ مەخپىي ئۆلتۈرۈۋەتكەن. توختى مانجۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە بىرقىسىم بەگ، ئەمىر، غازىلار بۇ جايغا يەرلىشىپ قالغان[1].

① ئىمىر ھۇسەيىن قازى ئاخۇنۇم: «قەشقەردىكى تارىخىي ۋەقەلەر» (ئابدۇرېھىم ھاشىم نەشرگە تەييارلىغان نۇسخىسى 77 — 82 - بەتلەر)؛ (ئادىل مۇھەممەت تۇران: «مەكىت تارىخ - مەدەنىيىتى» 3، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 - يىل 4 - ئاي نەشرى، 1477 - 1481 - بەتلەر)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



# «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى قەشقەر يەر نامىلىرى

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە تۈركىي تىللاردا سۆزلەشكۈچى نۇرغۇن قەبىلىلەرنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرىغا دائىر كۆپلىگەن مەسىلىلەرنى ئىلمىي ئاساستا يورۇتۇپ بەرگەنىدى، بولۇپمۇ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ توپونومىيە ئىلمى ئۈچۈن سىڭدۈرگەن جاپالىق ئەمگىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ پۈتۈن تۈركلەر يۇرتىنىڭ «شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن - ئاياغ كېزىپ» چىقىپ، «تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ» ئانا يۇرتلىرىدىكى شەھەر، تاغ، دەريا، يايلاق، تاغ ئېغىزلىرى، كۆللەرنىڭ ناملىرىنى تەپسىلىي ئىزاھلاپ چىققانىدى. «دىۋان» دا خاتىرىلەنگەن 100 دىن ئارتۇق يەر - جاي نامىلىرى بىزگە ئاجايىپ مول مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. شۇنىسى ئالاھىدە قەدىرلىنىشكە تېگىشلىكى، ئالىم يەر - جاي نامىلىرىنى ئىزاھلىغاندا شۇ يەر - جاي نامىلىرىغا دائىر قىزىقارلىق رىۋايەت، تارىخىي پاكىتلارنى، ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى، تەۋەلىكىگە دائىر پاكىتلىق ماتېرىياللارنى كۆرسىتىدۇ.

ئاپتور بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازغان: «مەن كىتابىتا مۇسۇلمان تۈرك ئەللىرىدىكى تاغلار، چۆللەر، ۋادىلار، دەريا ۋە كۆللەرنىڭ نامىنىلا يازدىم. چۈنكى، بۇلار تىللاردا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭمۇ ئاتالغۇلىرىنى يازدىم، ئانچە ئاتاقلىق بولمىغانلىرىنى تاشلىدىم. مۇسۇلمان بولمىغان تۈرك ئەللىرىدىكىلەردىن بەزىلە-

رىنىڭ ناملىرىنىمۇ يازدىم ، بەزىلىرىنى تاشلىدىم . چۈنكى ، ئۇلارنى يېزىشتىن پايدا يوق»① .

مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» دا يەنە تۈركىي تىللىق خەلقلەر جايلاشقان كەڭ زېمىنلارنى يەر يۈزىنىڭ يۇمىلاقلىقى ئۇقۇمى بويىچە قىياسەن خەرىتە قىلىپ سىزىپ بەرگەن . ئاپتورنىڭ ئۆز تىلى بويىچە «دائىرە» دەپ ئاتالغان بۇ خەرىتە ئاسىيانىڭ بۇ كەمگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ مۇكەممەل ۋە قەدىمكى خەرىتىسىدۇر . بۇنىڭدا تاغلار ، دېڭىز ، دەريا ۋە كۆللەر ئاددىي ۋە گېئومېتىرىيىلىك شەكىلدە ئىپادىلەنگەن ؛ مۇھىم شەھەرلەر ۋە قەبىلىلەرنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى كۆرسىتىلگەن .

«دىۋان» دا كۆرسىتىلگەن بىرقىسىم شەھەر ، دەريا ، تاغ ، كۆل ۋە داللارنىڭ ناملىرى ھازىرغا قەدەر ئۆز نامى بويىچە ساقلانغان ۋە ئاتىلىپ كېلىنىۋاتقان بولسىمۇ ، يەنە بىرقىسىم يەر ناملىرى كېيىنكى تارىخىي تەرەققىياتلار جەريانىدا ئۆزگىرىپ كەتكەن . بىز «دىۋان»دا خاتىرىلەنگەن ھەم ئىستېمالدىن قالغان بىرقىسىم يەر ناملىرىنى ئاپتورنىڭ يېزىپ قالدۇرغان خەرىتىسى ۋە قەبىلىلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىغا ئەتىبىقلاپ تەتقىق قىلىدىغان بولساق بىرقىسىم مۇھىم ماتېرىياللارغا ئىگە بولالىشىمىز ئېنىق② .

مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتى قەشقەرنىڭ يەر ــ جاي ناملىرىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ ، «دىۋان» دا تىلغا ئېلىنغان قەشقەر يەر ناملىرى بىزنىڭ قەشقەرنىڭ تىل ، مىللەت ، تارىخ ، جۇغراپىيىۋى مۇھىت قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

تۆۋەندە «قەشقەر» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تەتقىقاتچىلار ۋە بۇ ساھەگە قىزىققۇچىلارغا پايدىلىنىش ماتېرىيالى ، ئۇچۇر بولسۇن

---

① مەھمۇد قەشقەرى : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1981 ــ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى ، 1 ــ توم ، 37 ــ بەت

② ئېلى غوپۇر : « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا خاتىرىلەنگەن بىرقىسىم يەر ناملىرى» . «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، 1997 ــ يىلى 1 ــ سان ، 80 ــ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دەپ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن قەشقەر يەر ناملىرى، بۇ ھەقتىكى تەتقىقات كۆزقاراشلىرى بايان قىلىنىدۇ ھەم، بىرقىسىم يەر - جاي ناملىرىنىڭ «دىۋان» دىكى ئۇچۇرىنىلا بېرىپ، كېيىنكى تەتقىقاتلارغا قالدۇرۇلىدۇ.

ئۇسمى تارىم

«دىۋان»نىڭ 1 - توم 175 - بېتىدە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇسمى تارىم. ئىسلام ئېلىدىن ئۇيغۇر ئېلىگە ئېقىپ بارىدىغان چوڭ دەريا. بۇ دەريا شۇ يەردە قۇمغا سىڭىپ كېتىدۇ». بىز مەھمۇد قەشقەرىدىنىڭ «ئۇسمى تارىم» ھەققىدىكى بايانىدىن تۆۋەندىكى ئۈچ مەسىلىنىڭ يىپ ئۇچىنى تېپىپ ئالالايمىز:

1. تارىم دەرياسىنىڭ جايلاشقان ئورنى. «ئىسلام ئېلىدىن ئۇيغۇر ئېلىگە ئېقىپ بارىدىغان چوڭ دەريا». ئۇ ھازىرقى تارىم دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دەريا قارا قۇرۇم چوققىسى ئېگىزلىكىدىن باشلىنىپ يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ دەريالىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇزۇن مۇساپىلىك دەريا لىنىيىسىنى ھاسىل قىلىدۇ، ئۇ شىنجاڭدا مۇساپىسى ئەڭ ئۇزۇن، سۇ سىغىمچانلىقى ئەڭ كۆپ دەريا ھېسابلىنىدۇ.

2. «ئىسلام ئېلىدىن ئۇيغۇر ئېلىگە ئېقىپ بارىدىغان چوڭ دەريا» دېگەن بايانىدىن ئۇز ۋاقتىدىكى شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىسلاملىشىش ئەھۋالىنى بىلىۋالالايمىز.

3. شىنجاڭ ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تەڭرىتاغ، كوئىنلۇن، قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن باشلانغان دەريا ئېقىنلىرى ئاخىرى بېرىپ بىر قىسمى قۇملۇقلارغا، بىر قىسمى تەبىئىي كۆللەرگە قۇيۇلىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى شىنجاڭنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ئاساسەن «بۇ دەريا شۇ يەردە قۇمغا سىڭىپ كېتىدۇ» دەپ ئىزاھلايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ يەكەن (دولان) دەرياسى، خوتەن دەرياسى، كېرىيە دەرياسى، چەرچەن دەرياسى ئۇز قىنىنى ھەرقانچە ئۆزگەرتسىمۇ جەنۇبتىن

شىمالىغا قاراپ ئېقىپ بەزى تەبىئىي كۆللەرگە ياكى قۇملۇقلارغا سىڭىپ كېتىدۇ[1] .

«تارىم . ئۇيغۇرلار چېگرىسىدىكى ‹كۇچا› دېگەن يەرنىڭ يېنىدىكى بىر جاي . بۇ يەر ‹ئۇسمى تارىم› مۇ دېيىلىدۇ . ئۇ يەردىن ئاقىدىغان بىر دەريامۇ ‹تارىم› دېيىلىدۇ («دىۋان» 1 ـ توم 514 ـ بەت) .

تارىم سۆزىنىڭ يەنە بىر خىل قوللىنىلىشى بولۇپ، «تېكىنلەرگە (شاھزادىلەرگە)، ئافراسىياپ ئەۋلادىدىن بولغان خېنىملارغا، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ـ ئۇششاق باللىرىغا خاس بىر سۆز . خان ئوغۇللىرىدىن باشقىلار ھەرقانچە يۇقىرى مەرتىۋىدە بولسىمۇ، بۇ سۆز ئۇلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ . خان ئەۋلادىدىن بولغان ئاغىچا خېنىملارغا ئۇنىۋان ئورنىدا ‹ئالتۇن تارىم› دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ» («دىۋان» 1 ـ توم 514 ـ بەت) .

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىم دەرياسىنى بۈيۈك، ئۇلۇغ ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە ئۇلۇغلىغان . شۇنىڭ ئۈچۈن، خان ئەۋلادلىرىنى ۋەتەننىڭ، سەلتەنەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە «تارىم» دەرياسىنى خان ئەۋلادلىرىغا كۆچۈرۈپ قوللانغان[2] .

## تورغات

«دىۋان» نىڭ 1 ـ توم 484 ـ بېتىدە : «تورغات . قەشقەردە بىر يايلاقنىڭ نامى» دېيىلگەن . تورغات — ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تورغات داۋىنىدىن چۈشىدىغان تورغات دەرياسىنىڭ بويى . ھازىر بۇ يەردە تورغات مەھەللىسى بولۇپ، ئۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىداش . «تورغات» سۆزى «تورۇق ئارت» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، تورغات ئىلگىرى يايلاق بولغان .

---

① شىرىپجان قاسىم : «‹تۈركىي تىللار دىۋانى› دىكى بەزى يەر نامىلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1992 ـ يىلى 2 ـ سان، 81 — 82 ـ بەتلەر .

② يار مۇھەممەت تاھىر : ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› دا خاتىرىلەنگەن قىسمەن يەر ـ جاي ۋە قەبىلە نامىلىرى»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، 1995 ـ يىلى 1 ـ سان، 53 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تورىغ ، تورغات — قەشقەردىكى بىر يايلاقنىڭ نامى . ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا تورغات داۋىنىدىن چۈشىدىغان تورغات دەرياسىنىڭ بويى بولسا كېرەك . ھازىر بۇ يەردە تورغات مەھەللىسى بار[①] .

«ئارۇق ، ئارۇق تورۇق . قەشقەر بىلەن فەرغانە ئوتتۇرىسىدىكى قىيىن ئۆتكەل ، داۋان» («دىۋان» 1 - توم 492 - بەت) . قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا داۋان «ئارت» دېيىلەتتى . «تورۇق» سۆزى ھەر نەرسىنىڭ ئورۇقىغا قارىتىلاتتى . قارىغاندا ، يۇقىرىقى داۋان ئۆتكىلىنىڭ قىيىنلىقى ۋە بەلنىڭ تولىمۇ تارلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك .

«تورغارت تەز» - تورغات . قەشقەردە بىر يايلاقنىڭ نامى («دىۋان» 1 - توم 484 - بەت) .

## ئارتۇچ

«دىۋان» 1 - توم 128 - بېتىدە ئارتۇچ ھەققىدە مۇنداق خاتىرىلەرنى ئۇچرىتىمىز : «ئارتۇچ . ئارتۇش دەرىخى ، قەشقەردە ئارتۇچ ناملىق ئىككى يۇرت بار» . بۇ يەردىكى «ئارتۇچ ناملىق ئىككى يۇرت» ئېھتىمال ئاستىن ئاتۇش بىلەن ئۈستۈن ئاتۇشنى كۆرسەتسە كېرەك . ئۇنىڭدىن باشقا ، ھازىرقى ئاتۇش دىيارىنىڭ نامى ئەسلىدە «ئارتۇچ» سۆزىدىن كەلگەن دەپ جەزملەشتۈرۈش مۇمكىن .

مەھمۇد قەشقەرى ئاتۇش ھەققىدە يەنە : «قانداق ئېغىز ئېيتىپ ، قانداق قۇلاق ئىشىتىشتىكى ، ئاينىڭ ئورنى ئارتۇچ دەرىخىنىڭ پۇتىقىنىڭ ئۈستىدە» دەپ خاتىرىلىگەن . قارىغاندا ، قەدىمكى ئاتۇشتا ئارتۇچ دەرىخى شۇ يۇرتنىڭ ئالاھىدە ئەتىۋارلىق دەرىخى بولسا كېرەك . ھازىرقى ئاتۇش «ئۈستۈن ئاتۇش» ۋە «ئاستىن ئاتۇش» دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ[②] .

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسىنىڭ ئىزاھاتى .
② يارمۇھەممەت تاھىر : «‹تۈركىي تىللار دىۋانى›دا خاتىرىلەنگەن قىسمەن يەر - جاي ۋە قەبىلە ناملىرى» ، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ، 1995 - يىلى 1 - سان ، 51 - بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com



ئوردۇ

«دىۋان»نىڭ 1 ـ توم 168 ـ بېتىدە : «ئوردۇ . بالاساغۇنغا يېقىن بىر شەھەر . بالاساغۇن شەھىرىمۇ ‹قۇز ئوردۇ› دېيىلىدۇ» . «ئوردا، خان شەھىرى . بۇنىڭدىن ئېلىنىپ ، خاقانلار تۇرىدىغان قەشقەر شەھىرى ‹ئوردۇكەنت› دېيىلىدۇ» دەپ يېزىلغان . ئۇيغۇر تىلىدا ئادەتتە خان ـ خاقانلار تۇرىدىغان جاي ئوردا دەپ ئاتىلىدۇ . قەدىمدە قەشقەر شەھىرى ، بالاساغۇن شەھىرى قاراخانىيلار خانلىرى تۇرىدىغان جاي بولغىنى ئۈچۈن ، قەشقەر «ئوردۇ كەنت» ، بالاساغۇن «قۇز ئوردۇ» دەپ ئاتالغان .

قاش

«دىۋان» نىڭ 3 ـ توم 208 ـ بېتىدە : «قاشتاش . بۇ بىر خىل سۈزۈك تاش بولۇپ ، ئاق ۋە قارا رەڭلەردە ئۇچرىلىدۇ . بۇنىڭ ئېقىنى گۈلدۈرمامىدىن ، ئۇسسۇزلۇقتىن ۋە چاقماق چۈشۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۈزۈككە كۆز قىلىدۇ» دەپ يېزىلغان .

مەھمۇد قەشقەرى قاشتاشنىڭ رەڭگى ، ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى خاسىيىتىنى چۈشەندۈرىدۇ . ھاز بىر بىرى قىسىم كىشىلەر قاشتاشتىن بىلەزۈك ياساپ قوللىرىغا سېلىپ «ھەيزنى ئالدىن بىلىش» ، «ھال چۈشۈشتىن ساقلىنىش» ، «تەپتىن ساقلىنىش» قاتارلىقلارغا ئىشلىتىدۇ .

«قاش» ئاتالمىسى «قەشقەر» نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، بىرقىسىم تەتقىقاتچىلار بۇ ھەقتە خېلى چوڭقۇر ئىزدەنگەندى .

«شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى» (قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخا V باب ، 78 ـ ۋاراق ، 9 ـ قۇر ) دا «قەشقەر» ، «كەش بالىق» دېيىلگەن ، قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «بالىق» شەھەر دېگەن بولىدۇ . خەنزۇچە مەنبەلەردە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە قەشقەر سۇلېگو ( 疏勒国 ) چۇشياگو ( 去沙国 ) « 竭石 » (جىيې-

دېگەن يەر نامىنىڭ ئەينى دەۋردىكى سەيياھلار تەرىپىدىن ھەرخىل خەنزۇچە خەتلەر بىلەن يېزىلغان ئاھاڭ تەرجىمىلىرىدىن ئىبارەت . شۇ دەۋردە ھىندىستانغا ساياھەتكە بارغان خۇي چاۋ ئۆز ساياھەتنامىسىدە «سۇلېگە يېتىپ كەلدىم ، چەت ئەللىكلەر (يەرلىك خەلقنى دېمەكچى ) بۇ شەھەرنى ‹ 伽师祇离国 › ( ‹جياشىدىلى مەملىكىتى› دەيدۇ )» دەپ يازىدۇ .

بۇ ئاھاڭ تەرجىمىلىرى ئىچىدە جياشىدىلى ( 伽师祇离 ) ياكى «جياشىجىلى» ( 伽师吉黎 ) دېگەنلەر «كاشغەر» دېگەن ئىسمىنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردىكى ئەڭ كونا ئاھاڭ تەرجىمىسى . دېمەك ، خەنزۇچە مەنبەلەردە ئۇزاق مۇددەت «سۇلې» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بۇ يەر نامى شۇ دەۋردىلا يەرلىك خەلق تەرىپىدىن «كاشغەر» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن .

قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامى «سۇلې» ھەققىدە ئوخشىمىغان كۆزقاراشلار بار . بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ نامنى «سوغدى - سوغلاق» ياكى «سوغداق» دېگەن مىللەت ئىسمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ (سوغدى تىلىدا «ل» تاۋۇشى بىلەن «د» تاۋۇشىنىڭ ئالمىشىش ھادىسىسى بار . سوغدى تىلىنىڭ بىر شېۋىسىدە بۇ مىللەت نامى سوغداق دېيىلسە ، قەشقەر ئەتراپىدا ياشايدىغان سوغدىلار شېۋىسىدە سوغلاق دېيىلىدۇ )① . خېرمان تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ پىكىرگە فرانسىيە ئالىمى پېللىئوت رەسمىي ھۆججەت ئاساسى يوق ، دەپ قوشۇلمايدۇ② . «سوغداق» دېگەن ئىسىم تۈركىي خەلقلەرنىڭ «سوغدى» لارنى ئاتىشى . قەشقەردىن باشقا لوپنۇر ۋە دۇنخۇاڭ ئەتراپىدىكى دەريالارنىڭمۇ «سۇلې» دەپ ئاتىلىشى بۇ يەرلەردىمۇ قەدىمكى دەۋرلەردە سوغدى سودا مەركەزلىرى بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېگۈچىلەرمۇ بار③ . بىراق ، ياپونىيە ئالىمى بەينياۋ كۆجى «بۇگۈنكى قەشقەر خەن دەۋرىدە ‹سۇلې› دەپ ئاتىلاتتى . تۈركىي تىلىدا ‹ 水 › ، سۇ ، ‹ 有水 › ، سۇلۇق

① ئىبراھىم مۇتىئى : «تەكلىماكان ئەتراپىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر» ، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ، 1996 - يىل 1 - سان ، 102 - 103 - بەتلەر .
② سېۋېن ھېدىن : «جەنۇبىي تىبەت» ، 8 - توم ، 448 - بەت ؛ پېللىئوت : «قەشقەر ھەققىدە تەتقىقات» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە ) ، 1986 - يىل 1 - ، 2 - سان .
③ ئىبراھىم مۇتىئى : «تەكلىماكان ئەتراپىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر» ، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ، 1996 - يىل 1 - سان ، 103 - بەت .

دېيىلىدۇ . قەشقەر رايونىنىڭ سۈيى ۋە ئوت - چۆپى مول بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان» دەيدۇ① . مېنىڭچە، «سۇلىپ» نامىنىڭ «سۇلۇق» مەنىسىنى بېرىشى بۇ رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ۋە يەر - جاي نامىنىڭ قويۇلۇش ئالاھىدىلىكىنى ھېسابقا ئالغاندا ئىنتايىن مۇۋاپىق كېلىدۇ② . ئەمەلىيەتتە بۇنداق «سۇلىپ» نامىدىن ئېلىمىزدە ئۈچى بار . بىرى، قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامى «سۇلىپ»، ئىككىنچى بىرى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى جىمسار ئەتراپىدىكى سۇلىپ، ئۈچىنچىسى، گەنسۇ - خېشى كارىدورىنىڭ غەربىدىكى سۇلىپ دەرياسىدىن ئىبارەت . بۇ ئۈچ «سۇلىپ» ئوخشاشلا، قەدىمكى تۈركىي تىلىدا «سۇلۇق» مەنىسىنى بېرىدۇ③ . ھازىر قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدە «سۇللۇغ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يۇرت بار .

«سۇلىپ» بولسا قەدىمكى بىر بەگلىكنىڭ نامى . ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى چوقۇم شۇ بەگلىكنى قۇرغان خەلققە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن . قەدىمكى چاغدىكى «سۇلىپلىقلار» دەپ ئاتالغان خەلق سوغدىلار بولۇشى ناتايىن . چۈنكى، «سوغدىلار تارىم ۋادىسىدا بەگلىك قۇرمىغان»④ . ئەگەر قەشقەردە سوغدىلار ياشىغان، شۇڭا ئۇنىڭ نامى «سۇلىپ» دەپ ئاتالغان دېيىلگەندە، بۇ يەكۈن كىشىنى تولۇق قايىل قىلىپ كېتەلمەيدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قىسىم نوپۇزلۇق ماتېرىياللاردا سوغدىلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىن چوڭ رول ئوينىماي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىن چوڭ رول ئوينىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ⑤ . بۇ ھالدا سىياسىي ئۇقۇم بولغان دۆلەت نامى — «سۇلىپ» قانداقمۇ سوغدىلارغا مۇناسىۋەتلىك بولسۇن؟ بىزگە مەلۇم بولغىنى سوغدىلار «سوغدىيانا بىلەن جۇڭگو

① ۋاڭ شياڭ: «قەشقەرنىڭ نامى ھەققىدە»، «يىپەك يولى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1987 - يىل 4 - سان، 58 - بەت .
② ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى» (1)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2001 - يىل 12 - ئاي نەشرى، 72 - بەت .
③ سۇ بېيخەي: «سۇلىپ نامى ھەققىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە)، 1984 - يىل 3 - سان، 62 - بەت .
④ گاباتىن: «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى»، تۇرپان شەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى نەشر قىلدۇرغان، 1989 - يىل 3 - ئاي، خەنزۇچە نەشرى، 11 - بەت .
⑤ «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىل 10 - ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى، 235 - بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ سودىگەر ۋە دىن تارقاتقۇچى ، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكىدىكى ئاساسلىق مەدەنىيەت تارقاتقۇچىلار »دۇر[1] .

«كاشغەر » دېگەن نامغا كەلسەك ، بۇ نام «كاش » (خەنزۇچە جياشى 伽师 ) بىلەن «غار » (ساك تىلىدا «غاررى » دېگەن سۆز ، «رايون ، مەملىكەت » ياكى «شەھەر » دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ ) دىن تۈزۈلگەن[2] . «شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى » نى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان سىنقۇسېلى تۇتۇڭ «غار » نى «بالىق » دەپ تەرجىمە قىلىپ ، كاشغەرنى «كەش بالىق » دەپ ئىپادىلىگەن .

بۇ نام تەركىبىدىكى بىرىنچى سۆز «كەش » ياكى «كاش » قا كەلسەك ، بەزى ئالىملار بۇ سۆز قەدىمكى ھىندى مەنبەلىرىدە ئۇچرايدىغان ھىمالايا تاغلىرىدا ياشايدىغان كاشال دېگەن قەبىلە ئىسمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك ، دەيدۇ . خوتەن ساك تىلىدىكى «تاڭغۇت يولىغا ساياھەت خاتىرىسى » [3] دېگەن ھۆججەتتە قەشقەر «گاسجاڭ » دېيىلگەن . بۇ ھۆججەتتىن مەلۇم بولۇشىچە ، «خوتەن ھۆكۈمدارى ۋىساراسىياخا قەشقەر ھۆكۈمدارىنىڭ مەلىكىسىگە ئۆيلەنگەندىن كېيىن ، قەشقەردە گاسونا ( «قەشقەرلىق » ) دېگەن نامدا بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى سالدۇرغان . خوتەن ساك تىلىدا بوغۇم بېشىدا كەلگەن «گ » تاۋۇشى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە ئومۇمەن «ق » ياكى «خ » بىلەن ئىپادىلىنىدۇ . خوتەن ساك تىلىدا «گا » سۆزى قاشتېشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . يۇقىرىقى ھۆججەتتە «يۇمېن » شەھىرى گاكامانا دېيىلگەن . بىزگە مەلۇم ، خەنزۇچە 玉 (يۈ ) قاشتېشى دېگەنلىك بولىدۇ . بۇ پاكىتلاردىن قارىغاندا كاشغەردىكى «كاش » سۆزى قاشتېشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ چىقىدۇ .

---

① گابائىن : «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى » ، تۇرپان شەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى نەشر قىلدۇرغان ، 1989 - يىل 3 - ئاي ، خەنزۇچە نەشرى ، 11 - بەت .

② پېللىئوت : « »ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى ، گە شەرھى » نىڭ «قەشقەر » دېگەن ماددىسى ۋە شۇ كىتابىنىڭ 1 - توم ، 420 - بېتىگە قاراڭ («شىنجاڭ تەزكىرىسى » ئۇيغۇرچە ، 1996 - يىلى 1 - سان ، 102 - بەتتىكى نەقىل ) .

③ بۇ ئەسەرنى ستېن كونوۋ 1947 - يىلى تەرجىمە قىلىپ شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلىنىڭ 20 - توم ، 2 - ساندا ئېلان قىلغان . «شىنجاڭ تەزكىرىسى » ئۇيغۇرچە ، 1996 - يىلى 1 - سان ، 1 - بەتتىكى نەقىل .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دېمەك «كاشغەر» دېگەن ئىسىم «كاش» + «غار» دېگەن ئىككى سۆزدىن قۇرۇلغان بولۇپ، بىرىنچى سۆز قاشتېشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئىككىنچى سۆز «شەھەر» دېگەن بولىدۇ[1].

بالىق

«بالىق» ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى تۈرك ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا شەھەر، قەلئە. شۇڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى «بەشبالىق» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ «بەش شەھەر» دېگەن بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر شەھىرى «يېڭىبالىق» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ «يېڭىشەھەر دېگەن بولىدۇ» دەپ يېزىلغان («دىۋان» 1 - توم 491 - بەت). «دىۋان»دا يەنە ئۇيغۇرلار بىنا قىلغان بەش شەھەر ھەققىدىكى خاتىرىلەرنىمۇ ئۇچرىتىمىز: «... بۇ شەھەرلەر: سولمى (بۇنى زۇلقەرنەين سالدۇرغان)، قوچو، جانبالىق، بەشبالىق، يېڭىبالىق» («دىۋان» 1 - توم 153 - بەت).

«بالىق» ئاتالمىسى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى تۈرك، ئۇيغۇر تىللىرىدىكى «شەھەر» مەنىسىدىكى ئاتالغۇ بولۇش سۈپىتىدە قەدىمكى قەشقەر، قەدىمكى يەكەن، قەدىمكى قاغىلىقنىڭ ئېلىمىز تارىخى مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ناملىرى بولغان «كەش بالىق»، «ئۇسار بالىق»، «چەكۈك بالىق» دېگەن ناملار بىلەن مۇناسىۋەتلىك («كەش بالىق» ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئالدىنقى قىسىم «قاش» ئاتالمىسىغا قارالسۇن).

چەكۈك بالىق

«شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىدا بۇ شەھەر «斫句迦» (جېجۇجيا) دەپ يېزىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە نۇس-

---

① ئىبراھىم مۇتئى: «تەكلىماكان ئەتراپىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، 1996 - يىلى 1 - سان، 103 - بەت.

www.uyghurkitap.com



خىسى ( V باب ، 16 - ۋاراق ، 19 - قۇر ) دا بۇ «چەكۈك بالىق» دەپ يېزىلغان . «چەكۈك» دېگەن بۇ نام سانسكرىتچە يادنامىلاردا چاكۇكا ياكى چاكۇكالا شەكىللىرىدە يېزىلغان . بۇددا دىنىغا ئائىت باشقا خەنزۇچە يادنامىلاردا بۇ يەر ئىسمى « 周吉河 » (جۇجىخې) ، « 遮拘迦 » (جې جۇجيا) ، « 遮启迦 » (جېچىجيا) دېگەن شەكىللەردىمۇ ئۇچرايدۇ . بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئىسىمنىڭ سانسكرىتچە شەكلى چاكۇكانىڭ ھەرخىل ئاھاڭ تەرجىمىلىرى ، سىنقۇ سېلى تۇتۇڭ بۇ نامنى تەرجىمە قىلغاندا ئۇنىڭ سانسكرىتچە شەكلىنى ئاساس قىلماي ئالماي ، يەرلىك خەلق تىلىدىكى جانلىق ئاتىلىشىنى ئاساس قىلىپ ئالغان . دېمەك ، قاغىلىق شەھىرى VII ئەسىرلەردە «چەكۈك بالىق» دەپ ئاتالغان[①] .

ئۇسارباليق

«شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى V باب ، 59 - ۋاراق ، 24 - قۇردا «ئۇسار بالىق» دېگەن شەھەر ئىسمى ئۇچرايدۇ (خەنزۇچىدا بۇ شەھەر 乌刹国 — ئۇسار مەملىكىتى دېيىلگەن ) ، بۇ شەھەرنى تۇگۇشېۋا «يېڭىسار» دەپ مۇقىملاشتۇرىدۇ[②] . يېڭىسار كونا ئۇسار بالىق ئورنىدا مەيدانغا كەلگەن بولغاچقا ، بۇ شەھەر يېڭى ئۇسار — يېڭىسار بولغان بولۇشى مۇمكىن .

ستەيىن ئۇسار بالىقنى يەكەن بىلەن يېڭىسار ئارىلىقىدا بولغان بىر شەھەر ، دەيدۇ . فرانسىيە ئالىمى پېللىئوتمۇ ستەيىننىڭ پىكرىگە قوشۇلىدۇ . ئەمما ، ياپون ئالىمى بەينياۋ كۇجى ئۇسار بالىق يەكەندۇر ، دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ . بەزىلەر ئۇساربالىق تاشقورغاننىڭ شەرقىي - شىمالىدىكى چېھىل گۈمبەز ياكى يېڭىسارنىڭ جەنۇبىدىكى ئېگىز ياردا بولسا كېرەك دەيدۇ .

① ئىبراھىم مۇتىئى : «تەكلىماكان ئەتراپىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر» ، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ، 1996 - يىلى 1 - سان ، 104 - بەت .

② ل . يۇ . تۇگۇشېۋا : «شۈەن زاڭ تەرجىمىھالىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى» 379 - بەت ، 1991 - يىلى موسكۋا «پەن» نەشرىياتى ( «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ، ئۇيغۇرچە 1996 - يىلى 1 - سانى ، 103 - بەتتىكى نەقىل ) .

«غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دىكى بۇ شەھەر پامىردىن شەرققە قاراپ 800 يول يىراقلىقتا، جەنۇبتا سىت ئۆگۈز (يەكەن دەرياسى) گە تۇتىشىدۇ، دېگەن سۆزلەردىن ۋە شۇەن زاڭنىڭ بۇ مەملىكەت ھەققىدىكى بايانلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ يەردە سۆزلىنىۋاتقان ئۇسار ناھايىتى چوڭ بىر بوستانلىق بولۇپ، بۇ ئەتراپتا پەقەت يەكەنلا ئەنە شۇنداق زور كۆلەمدىكى بوستانلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، «ئۇسار بالىق» يېڭىسار ئەمەس، بەلكى يەكەن بولۇشى كېرەك، دېگەن كۆزقاراش بىرقەدەر ئەقىلگە مۇۋاپىق.

تارىختىن بىزگە مەلۇم، مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ خەنزۇچە يىلنامىلاردا يەكەن «莎车» (ساچې) دەپ خاتىرىلىنىپ كەلمەكتە. خەنزۇ ئالىملىرىنىڭ پىكرىچە بۇ ئىككى خەتنىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى Sake ياكى Saka بولۇپ، بۇ ئىسىم شۇ دەۋردە بۇ يەردە ھۆكۈمران بولغا ساك دېگەن قەبىلە ئىسمىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئىبارەت. سىنقۇ سېلى تۇتۇڭدىن بىر ئەسىر كېيىن ئۆتكەن مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بۇ شەھەرنى «ياركەنت» دەپ يازىدۇ. بۇ ئىسىم ئېگىز يار دېگەن مەنىدىكى يار بىلەن شەھەر دېگەن مەنىدىكى پارسچە «كەنت» دېگەن سۆزلەردىن قۇرۇلغان①.

تازغۇن

«دىۋان»دا تازغۇن ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ: «تازغۇن فىرات ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر دەريا ۋادىسى (ئېقىنى). بۇ سۆز ‹دەريا› دېگەن مەنىدىكى ‹ئۆگۈز› سۆزىنىڭ ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ» («دىۋان» 1 - توم 570 - بەت). بۇ چۈشەندۈرۈشتىن قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى «تازغۇن» دېگەن يەر نامىنىڭ مەنىسىنى بىلىشكە بولىدۇ.

① ئىبراھىم مۇتىئى: «تەكلىماكان ئەتراپىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، ئۇيغۇرچە، 1996 - يىلى 1 - سان، 103 - بەتتىكى نەقىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

### تۈمەن

تۈمەن — قەشقەر شەھىرىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان قەدىمكى دەريانىڭ نامى. «دىۋان» نىڭ 1 - توم 522 - بېتىدە بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «تۈمەن قەشقەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريانىڭ نامى». تۈمەن دەرياسى ھازىرمۇ قەشقەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» دا «تۈمەن» سۆزىنىڭ مەنىسىنى «كۆپ، نۇرغۇن» دەپ ئىزاھلايدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا بۇ دەريانىڭ نامى ئېھتىمال دەريا ئېـقـىـنـىـنىڭ كۆپلۈكـىـگە قاراپ شۇنداق ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن[①].

### قىپچاق

«دىۋان»نىڭ 1 - توم 620 - بېتىدە: «قىپچاق. قەشقەرگە يېقىن بىر جاينىڭ نامى»، «قىپچاق تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى» دەپ تىلغا ئېلىنغان. قىپچاق Ⅷ — Ⅺ ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان كۆچ-مەن تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ئېيتىلىدۇ. ھازىر ئاتۇش شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مەيدان دەرياسى بىلەن ئورتۇسۇ دەرياسى ئايرىلىدىغان-كى يېزىنىڭ نامىمۇ شۇ نام بىلەن ئېيتىلىدۇ. بۇ يەردىكى «قىفچاق» سۆزى تۈرك قەبىلىلىرىدىن بولغان قىپچاقلارنىڭ نامىدىن كەلگەن بولۇ-شى مۇمكىن[②].

### ئازىغ

«ئـازىغ بىزنـىـڭ يۇرتىنىڭ نامـى» («دىۋان» 1 - تـوم 86 - بەت). ھازىر بۇ سۆز «ئازاق» بولۇپ ئۆزگىرىپ كەتكەن. قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئاتۇش شەھىرىنىڭ غەربىدىكى يېزىنىڭ نامى «ئازاق»، «ئازىغ» ئاخىر «ئازاق» بولۇپ ساقلىنىپ قالغان. «ئازىغ»

① شىرىپجان قاسىم: «تۈركىي تىللار دىۋانى، دىكى بەزى يەر ناملىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1992 - يىلى 2 - سان.
② شىرىپجان قاسىم: «تۈركىي تىللار دىۋانى، دىكى بەزى يەر ناملىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1992 - يىلى 2 - سان.

www.uyghurkitap.com



سۆزىنىڭ مەنىسى «هوشيار» ، «چېچەن» دېگەندىن ئىبارەت .

### قىزىل

«دىۋان»نىڭ 1 ـ توم 512 ـ بېتىدە مۇنداق كۆرسىتىلىدۇ : «قىزىل قەشقەرنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر دەريانىڭ نامى» . بۇ دەريا هازىرمۇ قىزىل دەپ ئاتىلىدۇ . دەريا سۇلىرى تاغ ـ ئېدىرلاردىكى لاتقا — سېغىز لاينى ئېقىتىپ كەلگەنلىكى ۋە سۇنىڭ رەڭگى قىزغۇچ بولغانلىقى ئۈچۈن «قىزىل دەريا» دەپ ئاتالغان .

قىزىل دەرياسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 6048 مېتىر ئېگىز بولغان تېلاپۇچىيا (لېنىن) چوققىسىدىن باشلىنىپ ، شەرققە ئېقىپ ، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئۇلۇغچات ناھىيىسى ، قەشقەر كونىشەھەر ، قەشقەر شەھىرى ، قەشقەر يېڭىشەھەر ، پەيزاۋات قاتارلىق جايلارنى كېسىپ ئۆتۈپ ، ئاخىرى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاناركۆل سۇ ئامبىرىغا قۇيۇلىدۇ . ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 778 كىلومېتىر بولۇپ ، ئېلىمىز چېگرىسى ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى 600 كىلومېتىردىن ئارتۇق كېلىدۇ ، ئۇ قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ئىككىنچى چوڭ دەريا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

قىزىل دەرياسىنىڭ نامى ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى يازما ماتېرىياللىرىدا تىلغا ئېلىنغان «خەننامە . قوشۇمچە ئىزاھلىرى» دا : «پامىر (كۆكئارت) دەرياسى جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى دەرياغا بۆلۈنگەن بولۇپ ، جەنۇبىي دەريا يەكەن دەرياسى ، شىمالىي دەريا قەشقەر دەرياسىدۇر» دېيىلگەن[1] . قىزىل دەرياسى باشلىنىش نۇقتىسىدىن قەشقەر شەھىرىگىچە «قىزىل دەرياسى» ، قەشقەر شەھىرىدىن مارالبېشىغىچە «قەشقەر دەرياسى» دەپ ئاتىلىدۇ[2] . دېمەك ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قەشقەر دەرياسى باشقا بىر دەريا بولماستىن ، دەل هازىرقى قىزىل

---

① «خەننامە . قوشۇمچە ئىزاھلىرى» 8 ـ توم 3534 ـ بەت .

② «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر ـ جاي ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ، 1987 ـ يىلى ، خەنزۇچە ، 419 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دەرياسىدۇر . ئۇ خەن سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 206 ـ يىلىدىن مىلادىيە 220 ـ يىلىغىچە ) پامىر (كۆكئارت ) نىڭ شىمالىي دەرياسى ، يەنى «شىمالىي پامىر (كۆكئارت ) دەرياسى» دەپ ئاتالغان . بۇ ، «جۇڭگونىڭ قەدىمكى ، هازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى» دىكى مەلۇماتلار بىلەن ماس كېلىدۇ . ئۇنىڭدا : « ‹غەربىي يۇرتنىڭ سۇ يوللىرى تەزكىرىسى› ، دە قەشقەر دەرياسى شىمالىي پامىر (كۆكئارت ) دەرياسى دەپ خاتىرىلەنگەن ، ‹دەريالار تەپسىراتى ئىزاھلىرى› دا دەريا پامىر (كۆكئارت ) نىڭ شىمالىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ ، شۇڭا ‹شىمالىي دەريا› ، دەپ ئاتالغان ، دەپ خاتىرىلەنگەن» دېيىلگەن① . «جۇڭگونىڭ تارىخىي خەرىتىلەر توپلىمى» دىكى مەلۇماتقا قارىغاندا ، قىزىل دەرياسى سۈيى خانلىقى دەۋرىدە (مىلادىيە 581 — 618 ـ يىللار ) ئوخشاشلا «شىمالىي دەريا» دەپ ئاتالغان② . ئۇلۇغ ئالىم ، تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «قىزىل» دېگەن سۆزلەمگە «قەشقەرنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر دەريانىڭ نامى» دەپ ئېنىقلىما بەرگەن③ .

دېمەك ، يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا ، قىزىل دەرياسى قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا شىمالىي دەريا ، يەنى شىمالىي پامىر (كۆكئارت ) دەرياسى ، قىزىل دەرياسى ، قەشقەر دەرياسى دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن . ئەمدى ئۇنىڭ «قىزىل دەرياسى» دېگەن نامىنىڭ قانداق بارلىققا كەلگەنلىكىگە كەلسەك ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال «قىزىل» دېگەن نام (سۈپەت ) ھەققىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

قىزىل دەرياسى 4 ـ دەۋرنىڭ دەريا ئېقىنلىرىغا كىرىدۇ ، سۈيىنىڭ كېلىش مەنبەسى قار ، مۇز سۈيى ، بۇلاق سۇلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ ، قىزىل دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى پامىر (كۆكئارت ) تاغ رايونىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان بولغاچقا ، پامىر تاغلىرىدىكى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان

① «جۇڭگونىڭ قەدىمكى ، هازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى» ، 1931 ـ يىلى ، خەنزۇچە ، 1058 ـ بەت .
② جۇڭگونىڭ تارىخىي خەرىتىلەر توپلىمى» ، 1982 ـ يىلى ، خەنزۇچە 5 ـ توم ، 30 — 31 ـ بەتلەر .
③ مەھمۇد قەشقەرى : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1980 ـ يىلى ، I توم 512 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مۇزلۇق چوققىلار، قارلار ئاساسلىق سۇ تولۇقلىغۇچى مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قىزىل دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى قىزىل تاغ جىنسلىق تۇپراقلارنى بېسىپ ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، سۈيىنىڭ رەڭگى كۆپ ھالدا قىزىل بولىدۇ[①]. كىشىلەر دەريا سۈيىنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، بۇ دەريانى «قىزىل دەرياسى» دەپ ئاتاشقان[②].

كەنت

«دىۋان»نىڭ 1 ـ توم 447 ـ بېتىدە: «كەنت» سۆزى ھەققىدە مۇنداق ئىزاھلارنى ئۇچرىتىمىز: «كەنت، شەھەر، شۇنىڭدىن ئېلىنىپ قەشقەر ئوردۇ كەنت دېيىلىدۇ. بۇ «خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز» دېگەن بولىدۇ. چۈنكى، بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئافراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان. بۇ يەر تۆۋەن چىندۇر».

«كەند» — ئوغۇز ۋە ئۇلارغا يېقىن يەردىكى خەلقلەر تىلىدا «يېزا ـ كەنت» دېگەن بولىدۇ، زور كۆپچىلىك تۈرك خەلقلىرى تىلىدا «شەھەر» دېگەن بولىدۇ. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ پەرغانە شەھرىدىكە «ئۆزكەند» نامى بېرىلگەن، بۇ «ئۆز شەھىرىمىز» دېگەن بولىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك «سەمىزكەند» مۇ چوڭ شەھەر بولغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان. بۇنى پارسلار «سەمەرقەند» دەيدۇ («دىۋان» 1 ـ توم 448 ـ، 449 ـ بەتلەر).

ئوپال

«دىۋان»نىڭ 1 ـ توم 99 ـ بېتىدە ئوپال ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئوپال بىزنىڭ يۇرتىنىڭ نامى». ئوپال ھازىرقى قەشقەر ۋىلايىتى توققۇزاق ناھىيىسىگە قاراشلىق جاينىڭ نامى، قەشقەردىن 36 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، ھازىرغىچە «ئوپال» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

① «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، ئۇيغۇرچە، 1982 ـ يىللىق 4 ـ سان، 55 — 57 ـ بەتلەر.
② ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى» (1)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2001 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى، 100 — 101 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇپالدا «ھەزرىتى موللام» مازىرى بولۇپ، بۈيۈك ئالىم مەھمۇد قەش-قەرىنىڭ جەسىتى دەپنە قىلىنغان، ھازىر بۇ مازار قايتىدىن ياسىلىپ مۇھىم تاۋاپگاھقا ئايلانماقتا. «ئۇپال» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەق-قىدە ھازىرچە تازا قايىل قىلارلىق چۈشەنچىلەر يوق.

## كۆرۈك كۆل

«دىۋان» نىڭ 3 - توم 505 - بېتىدە «كۆرۈك كۆل» ھەققىدە مۇنداق ئىزاھ بېرىلگەن: «كۆرۈك كۆل. قەشقەرگە يېقىن بىر كۆلنىڭ نامى» تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، ئۇ ئاقتۇ ناھىيىسىدىكى سېرىققول يايلىقىدىكى كۆلنى كۆرسەتسە كېرەك.

## بارخان

«بارخان تۆۋەنكى چىنىنىڭ نامى. قەشقەرگە يېقىن بىر تاغنىڭ ئۈستىدىكى قورغان. بۇ تاغنىڭ ئاستىدا ئالتۇن كان بار» («دىۋان» 1 - توم 567 - بەت). بارخان (بارا قاغان) شۇ خانلىققا تەۋە قورغان-نىڭ نامى. «بارخان» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «ئېگىز»، «بىر - بىرىگە تۇتاش» دېگەنلىكتۇر. بەزىلەر قاراخانىيلار قاغانى دېيىشىدۇ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر تاشقورغاندىكى تاشقورغان بارخان بولۇشى مۇم-كىن دەيدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ ئاساسى قانچىلىك، ھازىرچە بىرنېمە دېيىش قىيىن. ئەمما، تاشقورغاندىكى قەلئە بىلەن بارخان تېغىدىكى قورغان بىر جاي بولماسلىقى مۇمكىن[1].

## ياباقۇ

ياباقۇ ھەققىدە «دىۋان» نىڭ 3 - توم 47 - بېتىدە ئىككى جايدا قىسقىچە ئىزاھ بېرىلگەن: «ياباقۇ. تۈركلەرنىڭ بىر قەبىلە-سى»، «ياباقۇ سۇيى قەشقەر تاغلىرىدىن باشلىنىپ پەرغانە ۋە ئۆزكەنتكە ئاقىدىغان سۇ». ياباقۇ تۈركلەرنىڭ بىر قەبىلىسى، ياباقۇ

---

① شېرىپجان قاسىم: «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى بەزى يەرناملىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1992 - يىلى 2 - سان، 89 — 90 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سۈيى — تۈركلەر نامىغا ئاتالغان دەريانىڭ نامى . بەزى يولداشلار قەشقەر ۋىلايىتى يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ نامى «ياباقۇ» سۆزىدىن ئۆزگەرگەن ، ياباقۇلارنىڭ بىر قىسمى ھازىرقى يوپۇرغا ناھىيىسىگە ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن ناھىيىنىڭ ئىسمى شۇنداق ئاتالغان دەيدۇ . بۇنىڭ ئىلمىي ئاساسى قانچىلىك ، تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ① .

## تاۋغاچ

«تاۋغاچ» ئۇزاقتىن بۇيان تالاش - تارتىش قىلىنىۋاتقان بىر تارىخىي مەسىلە . بۇ توغرىدا چىن ، ماچىن ، تاۋغاچ دېگەن ئۈچ ئاتالغۇ بار ، بۇ ئۈچ ئاتالغۇنىڭ قايسىسى قايسى ئەللەرنى كۆرسىتىدىغانلىقى توغرىسىدا ھەرخىل قاراشلار مەۋجۇت .

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ، X — XI ئەسىرلەردە چىن ، ماچىن ، تاۋغاچ ئاتالغۇلىرى ئارىلاشتۇرۇلۇپ قالايمىقان قوللىنىلغان . مەھمۇد قەشقەرى بۇنىڭغا تۈزىتىش بەرگەن ۋە بۇ ھەقتە خېلى كۆپ توختالغان .

مەھمۇد قەشقەرى ئالدى بىلەن رۇم ئۆلكىسىگە ئەڭ يېقىن جايلاشقان پەچەنەك قەبىلىسىدىن باشلاپ شەرققە قاراپ چىگىل ، توخسى ، ياغما ، ئوغراق ، چارۇق ، چومۇل ، ئۇيغۇر ، تاڭغۇت ، ختايدىن ئىبارەت توققۇز قەبىلىنى بىر - بىرلەپ ساناپ چىقىپ ، «ختاي —، چىن دېمەكتۇر ، تاۋغاچ ماچىن دېمەكتۇر ، بۇ قەبىلىلەر جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدا ياشايدۇ» («دىۋان» 1 - توم 38 - بەت) دەيدۇ .

مەھمۇد قەشقەرى تىللار توغرىسىدىكى پەرقنى كۆرسىتىش زۆرۈرىيىتىدىن بۇ جايلارنىڭ پەرقىنى مۇنداق كۆرسىتىدۇ : «ئىككى تىل بىلىدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن ئارىلىشىپ قالغان كىشىلەرنىڭ تىلىدا بۇزۇقلۇق بار . سوغداق ، كەنچەك ، ئارغۇ قەبىلىلىرى ئەنە شۇنداق ئىككى تىل بىلىدىغانلارغا كىرىدۇ . چەت ئەللىكلەر بىلەن ئارىلىشىدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىدىغان خوتەن ، تۇبۇت

---

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، 1992 - يىلى 2 - سان ، 104 - بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



خەلقلىرى ۋە تاڭغۇتلارنىڭ بەزىلىرىنىمۇ شۇنداق. بۇلار تۈركلەر ئېلىگە كېيىنرەك كەلگەن. بۇلارنىڭ تىللىرىنى ئۆز ئورنىدا ئايرىم يازىمەن. جابىر قالار (ياپونىيىلىكلەر) يىراقتا جايلاشقانلىقى، ماچىن بىلەن ئۇلارنى چوڭ دېڭىزلار ئايرىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تىللىرى بىزگە مەلۇم ئەمەس» («دىۋان» 1 - توم 39 - بەت).

يۇقىرىدىكى مەلۇماتتا ئاپتور ياپونىيىلىكلەرنىڭ تىلىنىمۇ تۈركىي تىللار قاتارىدا تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. ياپونىيىلىكلەر دېڭىز ئارقىلىق ماچىن بىلەن چېگرىلىنىدىكەن. بۇ يەردىكى «ماچىن» ھەرگىز خوتەننى كۆرسەتمىگەن. بۇ ھال خەرىتىدىمۇ ناھايىتى ئوچۇق كۆرسىتىلگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاپتور «تاۋغاچ» ئاتالغۇسىنىڭ كۆپ خىل مەنىسىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ.

1. «تاۋغاچ ‹ماچىن› ئېلىنىڭ نامى. بۇ مەملىكەت چىندىن تۆت ئايلىق يول يىراقلىقتا. چىن ئەسلىدە ئۈچكە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى، يۇقىرى چىن، بۇ يەر شەرقتە بولۇپ، بۇ تاۋغاچ دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى، ئوتتۇرا چىن بولۇپ، خىتاي دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچى، تۆۋەن چىن بولۇپ، ‹بارخان›، دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ قەشقەردە. لېكىن، ھازىر تاۋغاچ ‹ماچىن›، دەپ، خىتاي ‹چىن›، دەپ تونۇلۇۋاتىدۇ» («دىۋان» 1 - توم 592 - بەت).

2. «تاۋغاچ تۈركلەرنىڭ بىر بۆلىكى. ئۇلار تاۋغاچ يۇرتىدا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، شۇ سۆزدىن ئېلىنىپ ‹تات تاۋغاچ›، دەپ ئاتىلىدۇ. ‹تات›، ئۇيغۇر دېمەكتۇر. ‹تاۋغاچ›، چىنلىق دېمەكتۇر» («دىۋان» 1 - توم 592 - بەت).

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يەنە بىر ئىزاھاتىدا «تات» كاپىر دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلانغان، بۇنىڭدىن قارىغاندا، «چىندىكى كاپىر ئۇيغۇرلار» دېگەن مەنىدە قوللانغان بولسا كېرەك.

3. «تات تاۋغاچ، بۇ جۈپ سۆز، بۇ ئورۇندا ‹تات›، سۆزى ‹پارس›، دېگەن مەنىدە، ‹تاۋغاچ›، سۆزى ‹تۈرك›، دېگەن مەنىدە كەلگەن» («دىۋان» 1 - توم 593 - بەت).

ئاپتور «تاۋغاچ» سۆزىنىڭ ئىستېمال مەنىسى ۋە لۇغەت مەنىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى www.uyghurkitap.com



توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ : «تاۋغاچ . ھەربىر بۈيۈك ۋە قەدىمىي نەرسە «تاۋغاچ ئەزە» ، دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ ئەرەبچىدىكى ئاد قەبىلىسىنىڭ نەرسىسى ئىبارىسىگە ئوخشايدۇ . بۇ سۆز خانلارغىمۇ ئۇنۋان بولۇپ كېلىدۇ» («دىۋان» 1 ـ توم 592 ـ بەت) .

ئاپتور چىن ، ماچىن خەلقلىرىنىڭ تىلى توغرىسىدا مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ : «چىن ۋە ماچىن خەلقلىرىنىڭ ئايرىم تىللىرى بولسىمۇ ، شەھەرلىكلىرى تۈركچىنى ياخشى بىلىدۇ . بىزگە يازغان خەتلىرىنى تۈركىي يېزىق بىلەن يازىدۇ ، شۇنىڭدەك ئارىدا چوڭ سەھرا ۋە چىن يېنىدىكى تاغ ـ دېڭىزلار بولغىنى ئۈچۈن ، يەجۇج ۋە مەجۇجلەرنىڭ تىللىرىمۇ بىزگە مەلۇم ئەمەس . تۇبۇتلەرنىڭ ئايرىم تىلى بار ، شۇنىڭدەك خوتەنلىكلەرنىڭمۇ ئايرىم تىلى ۋە ئايرىم يېزىقى بار . بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى تۈركىي تىلدا چىرايلىق سۆزلىيەلمەيدۇ» (1 ـ توم 39 ـ ، 40 ـ بەتلەر)① .

سۇللاغ

«سۇللاغ» — بىر يەرنىڭ نامى («دىۋان» 1 ـ توم 606 ـ بەت) .

نەشرگە تەييارلىغۇچىلارنىڭ ئىزاھاتى : قەشقەر كونىشەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدا ھازىرمۇ «سۇللاغ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېزا بار .

بارچۇق

«بارچۇق» — ئافراسىياپ قۇرغان بىر شەھەر («دىۋان» 1 ـ توم 608 ـ بەت) .

بۇ شەھەر ھازىرقى مارالبېشىدا بولۇپ ، قەدىمكى دەۋرلەردە ناھايىتى ئاۋات چوڭ شەھەر قاتارىدا سانىلاتتى . بۇ ئىزاھاتتا تىلغا ئېلىنغان بەتزەن ئافراسىياپنىڭ قىزى بىلەن يوشۇرۇن مۇناسىۋەت باغلاپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن شۇ يەرگە قامالغان .

---

① يارمۇھەممەت تاھىر : «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن قىسمەن يەر ـ جاي ۋە قەبىلە ناملىرى» ، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ، 1995 ـ يىلى 1 ـ سان ، 50 ـ 51 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



### باغرام قۇم

«باغرام قۇم» — چوڭ قۇملۇق، قۇم دالىسى. قەشقەر بىلەن يەكەن ئارىلىقىدىكى قۇملۇقنى «باغرام قۇمى» دېيىلىدۇ («دىۋان» 1 - توم 631 - بەت). قەشقەرنىڭ يېڭىسار، يېڭىشەھەر ناھىيىلىرى بىلەن يەكەن ئارىلىقىدا ھازىر «بۇغرا قۇم» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قۇملۇق بار.

### مانكەند

«مانكەند» — قەشقەرگە يېقىن بىر شەھەرنىڭ نامى. كېيىن خاراب بولغان («دىۋان» 3 - توم 215 - بەت).

نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسىنىڭ ئىزاھاتى: بۇ شەھەر خارابىسى ھازىرغىچە «مەنگەن، مەنكەنت»، «مانكەنت» نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. شۇ شەھەر يېنىدىكى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە توققۇزاق بازار ئىچى مەھەللىسىمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار «مانكەند» نامىنى «مەكىت» نامى بىلەن باغلايدۇ. بىراق، «مەنكەنت» (مانكەنت) قەشقەرگە يېقىن بىر شەھەر بولۇش بىلەن بىز تىلغا ئېلىۋاتقان «مەكىت» بىلەن ئارىلىقى نۇقتىسىدىن پەرقلىنىدۇ. يەنى ھازىرقى مەكىت بىلەن قەشقەر شەھىرىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 400 چاقىرىم ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئەگەر ئات - ئۇلاغ بىلەن ئۇدۇل ماڭسا، قەشقەر بىلەن مەكىتنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن بەش كۈنلۈك يول بولۇپ، بۇ ئانچە يېقىن مۇساپە ھېسابلانمايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، مەھمۇد قەشقەرى تىلغا ئالغان «مەنكەنت» مەكىت بولغان بولسا، ھەرگىز ئۇنى «قەشقەرگە يېقىن بىر شەھەر» دېمىگەن بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە مەنكەنت ئۈچۈن بېرىلگەن ئىزاھاتمۇ يېتەرلىك تولۇقلىما بولۇپ تۇرۇپتۇ.

«مەنكەنت» نىڭ «مەكىت» كە ئۆزگىرىش جەريانى ئۈچۈن، تۈركچە شەھەر مەنىسىدىكى «كند — كەنت» سۆزى قوشۇلۇپ ياسالغانلىقىنى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا يەنە قەشقەر شەھىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«ئوردۇكەنت» ، يەكەننىڭ «ياركەنت» دەپ خاتىرىلەنگەنلىكىنى مىسال ئېلىشقا بولىسىمۇ ، «مەن (مان)» سۆزىنىڭ ۋە ياكى «مەنكەنت» (مانكەنت) نامىنىڭ «مەكىت» نامىغا ئۆزگىرىشىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. مۇھىمى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى يەر - جاي نامىلىرىنىڭ سېلىشتۇرۇلمىسىدىن مەلۇمكى ، مەيلى خاراب بولغان شەھەرنى كۆرسىتىدىغان مانكەنت بولسۇن ، مەيلى كونىشەھەر ناھىيىسى توققۇزاق بازىرى ئىچىدىكى مەھەللىنى كۆرسىتىدىغان مەنكەنت بولسۇن ، ھەر ئىككىسى توققۇزاق تەۋەسىدە بولۇپ ، ھازىرقى مەكىتتىن كۆپ يىراق .

## چارۇق

«چارۇق . تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى . ئۇلار بارچۇق شەھىرىنىڭ يېنىدا ياشايدۇ . بارچۇق ئافراسياپ شەھەرلىرىدىن بىرى . ئۇ يەردە بۇختەنەسسەرنىڭ ئوغلى بەتزەن قامالغان» («دىۋان» 1 - توم 494 - بەت) .

## چىگىل

«چىگىل ئۈچ تۈرك قەبىلىسىنىڭ نامى . بىرىنچىسى ، بارسخاننىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ‹قۇياس› شەھەرچىسىدە ياشايدىغان كۆچمەنلەر . ئىككىنچىسى ، تالاس شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىر شەھەرچىدە ياشايدىغانلارمۇ ‹چىگىل› دەپ ئاتىلىدۇ . . . ئۈچىنچىسى ، قەشقەردىكى بىرمۇنچە يېزا - قىشلاقلاردا ياشايدىغان تۈرك قەبىلىلىرىمۇ ‹چىگىل› دەپ ئاتىلىدۇ» («دىۋان» 1 - توم 511 - ، 512 - بەتلەر) .

## تەڧ

«تەڧ» — تېيىز يەر ، ئېگىزلىك . پارسلارنىڭ ئۆز قورغانلىرىنى «دىز» دەپ ئاتىشى مۇشۇ سۆزدىن ئېلىنغان . قەشقەرگە يېقىن بىر يايلاقنىڭ ئىسمىمۇ ئېگىزلىككە قارىتىپ «تورغات ئېگىزلىكى» دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاتىلىدۇ . يەنە بىر يايلاقمۇ «تەزەك تېز» دەپ ئاتىلىدۇ[1] .

«ئالۇش» قەشقەردىكى بىر يېزىنىڭ نامى («دىۋان» 1 - توم 84 - بەت) .

«ئارۇت تۇرۇت» قەشقەر بىلەن پەرغانە ئارىسىدىكى بىر داۋاننىڭ نامى («دىۋان» 1 - توم 89 - بەت) .

«ئالقۇق» قەشقەردىكى بىر يېزىنىڭ نامى («دىۋان» 1 - توم 136 - بەت) .

«قاۋات ئارت» ئۆزكەنت بىلەن قەشقەر ئارىسىدا ئۆتۈش قىيىن بولغان بىر داۋان («دىۋان» 1 - توم 497 - بەت) .

«دىۋان» دا كۆرسىتىلگەن يەر ناملىرى بىلەن هازىرقى جايلارنىڭ ناملىرىنى سېلىشتۇرغاندا ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تېزلىشىشى ، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە قارشى كۈرىشى ، ئېكولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەر ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن بەزى يەر ناملىرى ئۆزگىرىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى نام قېلىپلاشقان ئەھۋاللار ۋە باشقا ئەھۋاللار مەلۇم بولدى ، بولۇپمۇ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى يەر ناملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىسلامىيەتتىن كېيىن مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگەرگەن هالدا ساقلىنىپ قالغان . بۇنى «دىۋان» نى ئۆگىنىش ۋە تارىخىي سېلىشتۇرما ، توپونومىيە تەتقىقاتى نۇقتىسىدىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇ .

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن قەشقەر يەر - جاي ناملىرى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتە تارىخىي قىممەتكە ئىگە .

بىرىنچى ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن يەر - جاي ناملىرى ئۆزىنىڭ ناھايىتى قەدىمىيلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . بىز ئۇندىن ھېلىھەم شۇ نام بىلەن ئاتىلىۋاتقان قەشقەر ، ياركەند

---

[1] «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، 1997 - يىل 1 - سان ، 80 — 83 - بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



(يەكەن) ، ئارتۇچ (ئاتۇش) ، ئازىغ (ئازاق) ، سۇللاغ ، مانكەند (مەڭگەن) قاتارلىق شەھەر ، يېزا - قىشلاقلارنى ؛ تورغات قاتارلىق تاغ - يايلاقلارنى ؛ تارىم (ئۆسمى تارىم) ، قىزىل ، تۈمەن ، قاتارلىق دەريالارنى ، كۆرۈڭ كۆل قاتارلىق كۆللەرنى ؛ هازىر مەۋجۇت بولۇشتىن قالغان بارچۇق ، بارخان ، قاتارلىق شەھەرلەرنى تاپالايمىز . «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ يېزىلغىنىغا 1000 يىل بولدى ، يۇقىرىقى يەر - جاي نامىلىرىنىڭ تارىخىنى كەم دېگەندە 1000 يىل ھېسابلاشقا بولىدۇ ، بەزىلىرىنىڭ تارىخىنى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق ھېسابلاشقا بولىدۇ . مەسىلەن ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئافراسىياپ قۇرغان شەھەر» دېيىلگەن بارچۇق ، «ئافراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان» دېيىلگەن قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ تارىخىنى بۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق ھېسابلاشقا بولىدۇ . چۈنكى ، تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا نامى مەشھۇر بولغان رىۋايەتتىكى شەخس ئافراسىياپ (ئالىپ ئەرتۇڭا) نىڭ خاقان نامى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى ، يەھۇدىي ۋە ئىران رىۋايەتلىرىگە ئاساسلانغاندا ، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى VII ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ .

ئىككىنچى ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن يەر - جاي نامىلىرى ۋە «دائىرە» دەپ ئاتالغان دۈگىلەك خەرىتە بۇ يەر - جاي نامىلىرىنىڭ ھازىرقى ئورنىنى تېپىشتا ئىشەنچلىك يازما ئاساس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ئۇيغۇرچە نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسى بۇ كىتابتا بىرمۇنچە يەر - جاي نامىلىرىنىڭ ھازىرقى ئورنى ھەققىدە ئىزاھات بەرگەن . مەسىلەن ، مەھمۇد قەشقەرى «بىزنىڭ يۇرتىنىڭ نامى» دەپ تىلغا ئالغان ئازىغقا مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن : «ھازىرقى ئاتۇش ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدە ‹ئازاق› دەپ ئاتىلىدىغان يېزا بار» («دىۋان» 1 - توم 86 - بەت) ؛ مەھمۇد قەشقەرى «بىزنىڭ يۇرتنىڭ نامى» دېگەن ئوپالغا مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن : «مەھمۇد قەشقەرى ‹بىزنىڭ يۇرت› دەپ ئالاھىدە تەكىتلىگەن بۇ چوڭ يېزا قەشقەردىن 36 كىلومېتىرچە غەربىي جەنۇب تەرەپتە بولۇپ ، تا ھازىرغىچە ‹Opal› دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە» («دىۋان» 1 - توم 99 - بەت) ؛ «قەشقەر تاغلىرىدىكى بىر قىشلاق» دېيىلگەن قىزىل

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئوزغا مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن : «بۇ يېزا قىزىلسۇ ئوبلاستى ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ ، ھازىر ‹قىزىل ئوي › دەپ ئاتىلىدۇ» («دىۋان» 1 - توم 110 - بەت) ؛ سۇللاغ دېگەن يەر نامىغا مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن : «قەشقەر كونىشەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدا ھازىرمۇ ‹سۇللاغ › دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېزا بار» («دىۋان» 1 - توم 606 - بەت) ؛ «ئافراسىياپ قۇرغان بىر شەھەر» دېيىلگەن بارچۇق قا مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن : «بارچۇق — ھازىرقى مارالبېشىنىڭ ئەسلىي نامى («دىۋان» 1 - توم 608 - بەت) ؛ قەشقەرگە يېقىن بىر جاينىڭ نامى دېيىلگەن قىپچاققا مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن : «ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا مەيدان دەرياسى بىلەن ئورتۇسۇ دەرياسى ئارىلىقىدىكى يېزا» («دىۋان» 1 - توم 620 - بەت) ؛ «چوڭ قۇملۇق ، قۇم دالىسى» دېيىلگەن باغىراقۇمغا مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن : «قەشقەر يېڭىسار بىلەن يەكەن ئارىلىقىدا ھازىر ‹بۇغراقۇم › دەپ ئاتىلىدىغان بىر قۇملۇق بار» («دىۋان» 1 - توم 631 - بەت) ؛ مانكەندكە مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن : «بۇ شەھەر خارابىسى ھازىرغىچە Mangən ، Mankənt نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە ، شۇ شەھەر يېنىدىكى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە توققۇزاق بازار ئىچى مەھەللىسىمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ» («دىۋان» 3 - توم 215 - بەت) ؛ «قەشقەرگە يېقىن بىر كۆلنىڭ نامى» دېيىلگەن كۆرۈڭ كۆلگە مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن : «بۇ كۆل ئاقتۇ ناھىيىسىدىكى سېرىتقول يايلىقىدا» («دىۋان» 3 - توم 505 - بەت) .

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن يەر - جاي ناملىرى ھەققىدىكى بايانلارغا ئاساسەن بۇ يەر - جاي ناملىرىنىڭ ھازىرقى ئورنىنى تېپىشتىكى بىر چوڭ نەتىجە مەھمۇد قەشقەرى مازىرىنىڭ تېپىلغانلىقى بولدى . 1983 - يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى تىل ، تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بېرىلگەن «بىزنىڭ يۇرتنىڭ نامى» دېگەن بېشارەت ۋە قەشقەردىن تېپىلغان يازما ئاساسلارغا ئاساسەن ، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسىدىكى ھەزرىتى موللام مازىرىنىڭ ئۇلۇغ ئالىم ، تىلشۇناس مەھمۇد قەشقە-

www.uyghurkitap.com



رىنىڭ مازىرى ئىكەنلىكى توغرىسىدا يازغان دوكلاتىغا ئاساسەن، بۇ مازار ئاللاقىدار ئورۇنلار تەرىپىدىن «مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مازىرى» دەپ بېكىتىلدى ۋە مەملىكەتنىڭ ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن زىيارەتچىلەرنىڭ زىيارەتگاھى بولۇپ قالدى.

ئۈچىنچى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن يەر - جاي ناملىرى ھەققىدىكى بايانلار ئەينى ۋاقىتتا بۇ جايلاردا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى بۇ چوڭ ئىلمىي ئەسىرىنى يېزىشتىن بۇرۇن ئىلى ۋادىسىدىن تارتىپ تاكى ئامۇ دەريا، سىر دەريا ۋادىلىرىغىچە بولغان جايلاردىكى قەبىلىلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە تىلى پەرقلىرى ئۈستىدە جاپالىق ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن بەزى يەر - جاي ناملىرىنىڭ قويۇلۇشىنى بايان قىلغان چاغدا، بۇ جايلاردا ئۇيغۇرلار ياشايدىغانلىقى، شۇڭا بۇ يەر - جاي ناملىرىغا ئۇيغۇرچە ئات قويۇلغانلىقىنى يېنىش - يېنىشلاپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ «ئوردا» ۋە «كەنت» نامى قويۇلغان شەھەرلەر ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئوردا. خان شەھىرى. بۇنىڭدىن ئېلىنىپ، خاقانلار تۇرىدىغان قەشقەر شەھىرى ‹ئوردۇ كەند› دېيىلىدۇ» («دىۋان» 1 - توم 168 - بەت). «كەند. شەھەر. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ قەشقەر ‹ئوردۇ كەند› دېيىلىدۇ. بۇ ‹خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز› دېگەن بولىدۇ. چۈنكى، بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئافراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان» («دىۋان 1 - توم 447 - بەت). «بۇ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسمى تۈركچە ‹شەھەر› مەنىسىدىكى ‹كەند›، سۆزى قوشۇلۇپ ياسالغان. تۈركلەر بۇ شەھەرلەرنى بىنا قىلىپ ئۆزلىرى ئىسىم قويغان. بۇ ئىسىملار ھازىرغىچە قوللىنىلىۋاتىدۇ» («دىۋان» 3 - توم 205 -، 206 - بەتلەر)[1].

---

① غوجا ئەخمەت يۇنۇس: «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن يەر - جاي ناملىرىنىڭ تارىخىي قىممىتى»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، 1996 - يىلى 3 - سان، 54 — 57 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قوشۇمچە 2 :

## «قەشقەر» ھەققىدە تەتقىقات

### پائول پېللىئوت (فرانسىيە)

ماركوپولونىڭ كىتابىدىكى «كاسكار» (cascar) نامى كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان قەشقەرنىڭ ئۆزى ئىدى. مېنىڭ بىلىشىمچە، قەشقەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى نامىنى تۇنجى بولۇپ تىلغا ئالغان غەرب يادىكارلىقلىرى 1221 - يىلى دېمىتتا (damietta) نىڭ ئەرەب تىلىدىن لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ موڭغۇللارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشى توغرۇلۇق يېزىلغان ئەسەر بولۇپ، قەشقەر «chasser» ، «casahar» ، «chasahar» قاتارلىق ناملار بىلەن يېزىلغان. يەنە 1248 - يىلى 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كونستابلى سامبات (constable sembat) نىڭ يازغان خېتىدىمۇ «caschat» («قەشقەر» دەپ ئوقۇلىدۇ) تىلغا ئېلىنغان. ف. مائورو (mauro) نىڭ «chaschar» دېگىنىمۇ «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» دىن ئېلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا رىسى (Rici) رەتلىگەن گوئېس (Goes) نىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدىمۇ ماركوپولونىڭ ئەسىرىگە ئوخشاش بولغان يېزىش ئۇسۇلى «cascar» بايقالدى.

قەشقەر توغرىسىدا چاۋاننېس (chavannes) «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، ھېنرى يولې (H • Yule) نىڭ «ماركوپولونىڭ كىتابى»، ئاۋرېل ستەيىن (A • Stein) نىڭ «قەدىمكى خوتەن»، ۋ. بارتولد (V • Barthold) نىڭ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» گە يازغان «قەشقەر» ماددىسى، برېتسچنېيدېر (Bretschneider) نىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى تارىخى»، مىنورسكى (minorsky) نىڭ «ھۇدۇدۇل

ئالەم»گە يازغان ئىزاھاتلىرى قاتارلىق ئەسەرلەر بار .

قەشقەر ھەم ئۇنىڭ قەدىمكى ناملىرى توغرىسىدا نۇرغۇن تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ ، تۆۋەندە يەنە مەلۇم نۇقتىلارغا قارىتا تېخىمۇ ئىنچىكە بايانلار ئېلىپ بارماقچىمەن .

خەنزۇچە مەنبەلەردە تۇنجى بولۇپ قەشقەر نامى «سۇ-لى» (shu—lo) دېگەن نام بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ ، بۇ نامنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 130 — 125 - يىللارغا سۈرۈشكە بولىدۇ ھەم XI ئەسىردىن ئىلگىرىكى كۆپلىگەن جۇڭگو مەنبەلىرىدە بىردەك شۇ نام ئىشلىتىلگەن . بىراق ، مىلادىيە V ئەسىردىن VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى-غىچە بىرقىسىم راھىبلار بۇنىڭدىن باشقا « 沙勒 » (sha—lo) دېگەن يېزىش ئۇسلۇبىنى قوللانغان .

جۇڭگو ۋە ياۋروپادا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بۇ نامنى يېشىشكە ئۇ-رۇنغان . ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ دەسلەپكىسى شۈەنزاڭ بولۇپ ھېساب-لىنىدۇ . 646 - يىلى شۈەنزاڭ يازغان «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دىكى ئىزاھاتتا «قەدىمدە سۇلې دېگىنى شەھەرنىڭ نامى بولۇپ ، ئەسلىي تەلەپپۇزى جىلىچىسۈرودى دېيىلىدۇ ، سۇلې مۇشۇنىڭ-دىن كەلگەن» دەيدۇ . جولىېن (Julien) بۇ نامنى šrikrtati دەپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن . مۇبادا بىز شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمە پرىنسىپىغا ئاساسلانساق Srikrtati دېسە توغرا بولغان بولاتتى . شۈەنزاڭ «سۇلې» دېگەن نامنىڭ ئاساسىنى بايان قىلماقچى بولغاندا چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەن . كېيىنكى نامنى شۈەنزاڭ خەتكە ئاساسەن ھۆكۈم قىلغان . بۇ بەلكىم شەھەرنىڭ سانسكرىتچىلاشقان نامى بولۇشى مۇمكىن . بۇ s'ri (مەنىسى : بەخت ، تەلەي )دىن باشلانغان ياسالما سۆزدۇر . بىراق ، ئۇنىڭ كېيىنكى قىس-مىنى يېشىشكە ئامال بولمىدى . فرانك (Franke) ئوتتۇرىغا قوي-غان «s'ri — kirītadhi» بىلەن لېۋى (Le'vi) ئوتتۇرىغا قويغان باشقا ھەر خىل شەكىللەرنى ماركۇئارت (Markuart) تەتقىق قىلغان . بە-راق ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئېتىراپ قىلىنمىدى . ئىككىنچى 利 بولسا بىرىنچى خاتالىقنىڭ تەكرارلىنىشى ، 乾 بولسا 讫 نىڭ خاتا تەكرارلىنىشى ئىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



يەنە بىر خىل چۈشەندۈرۈش VIII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا
شىئەندە ياشاپ ئۆتكەن راھىب كالان خۇيىيۈەن ( 慧苑 ) تەرىپىدىن
ئوتتۇرىغا قويۇلغان . بۇ خىل چۈشەندۈرۈش ئۇنىڭ «ئاۋاتامساكا-
نىڭ يېڭى تەرجىمىھالى» (AVatamsaka . لوجېنيۇ ئۆزىنىڭ
«بىلىك يەنگاۋ» دېگەن ئەسىرىدە خاتا ھالدا ئۇنى تۇمۇ ‹Tu—mu›
يادىكارلىقلىرىدا تىلغا ئېلىنغان دۈنخۇاڭلىق خۇيىيۈەن دەپ قارايدۇ .
ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككىسى ۋاقىت ۋە ئورۇن جەھەتتىن قىلچىمۇ ماس
كەلمەيدۇ ) دېگەن ئەسىرىدە ساقلانغان . 695 — 699 - يىللىرىدىكى
يېڭىدىن تەرجىمە قىلىنغان «ئاۋاتامساكا» دېگەن ئەسەردە قەشقەر
توغرۇلۇق خۇيىيۈەن ئىزاھلاپ : توغرا ئاتىلىشى « 佉路数恒勒 »
بولۇپ ، قەدىمدىن تارتىپ قىسقارتىلىپ « 疏勒 » دەپ ئاتىلىپ
كېلىنىۋاتىدۇ . يەنە « 数 » خاتا ھالدا « 疏 » دەپ تەلەپپۇز قىلىنىۋا-
تىدۇ . بۇ مۇشۇ دۆلەتتىكى بىر تاغنىڭ نامى بولۇپ شۇنداق ئاتىلىپ
قالغان ، «ۋەھشىي ئەل» دېگەن مەنىدە ، بۇنداق ئاتاش مۇشۇ دۆلەت-
تىكى خەلقلەر خۇي - پەيلىنىڭ ياۋۇزلۇقىدىن كەلگەن دەيدۇ . بۇ
بىر بۆلەك سۆز كېيىنكى نەشر قىلىنغان نۇسخىلىرىدىمۇ قىلچە ئۆزگەر-
تىلمىگەن .

لېۋى 1902 - يىلى يۇقىرىقى جۈملىنى بايقاپ ، ئۇنىڭ خۇلاسە
قىسمىنى ئىشلەتكەن . بىراق ، ئۇ فرانك بىلەن پىسچېل
(pischel )نىڭ ئۆتكۈر رەددىيىسىگە ئۇچرىدى . بۇ ئوخشاش بول-
مىغان ماھىيەتتىكى ئىككى خىل مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى ،
يەنى ئۇ خۇيىيۈەن ئوتتۇرىغا قويغان «توغرا» نامنى قانداق ئەسلىگە
كەلتۈرۈش ھەم ئەسلىدىكى سۆزنىڭ ئىشلىتىلىشىدىن ئىبارەت ئىدى .
لېۋى « 佉路数恒勒 »نى « kharostra » دەپ ئەسلىگە كەلتۈر-
گەن بولسىمۇ ، فرانك بىلەن پىسچېل ئوتتۇرىغا قويغان
«kaluśāntara»نى « kalusadhara » بىلەن « kalusottara » دەپ ئاتاش
تامامەن مۇمكىن بولمايدىغان شەكىللەردۇر . ستەيىن ئۆزىنىڭ «قە-
دىمكى خوتەن» دېگەن ئەسىرىدە مەيلى كۆپ ياكى ئاز بولسۇن مۇشۇ
شەكىللەرنى قوبۇل قىلماسلىقى كېرەك ئىدى . « 恒 »نى ئادەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



t دېمەي ، t ، «勒» نى ئەك بولمىغاندا «ra» دەپ تەرجىمە قىلغاندا ، لېۋى ئوتتۇرىغا قويغان kharostra دېگەن شەكىل خەنزۇچە مەنە تەرجەمىسىگە ماس كېلەتتى . بىراق ، ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى «勒» نى سانسكرىت تىلىدىن كەلگەن ، قارۇشتى يېزىقىدىكى ئورۇن - تەرەپ سۆزى دەپ ئېيتىشنىڭ قىلچە ئاساسى يوق . بىراق ، مېنىڭ قارىشىمچە ، بۇ ئىرانلاشقان سۆز بولۇپ ، خوددى Kharostrag دېگەن سۆزگە ئوخشايدتى . 35 يىل بۇرۇنقىغا قارىغاندا ھازىر تېخىمۇ ئېنىق ھالدا شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى : بۇددا دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشىدا ئىرانلىقلار مۇھىم رول ئوينىغان ، «بۇدداۋاتامساكا ماھاۋايپۇليا سۇترا» نىڭ مەزمۇنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەسىرىدىكە ئۇچراپلا قالماستىن ، يەنە ئۇنى ئىزاھلىغان خۇيىۋەننىڭ ئىلگىرى ئىرانلىق راھىبلار بىلەن ئۇچرىشىش ئېھتىماللىقىنى يوققا چىقىرىشقا بولمايدۇ . «ماھامايۇرى» دېگەن بۇددا نومىدا (佛说孔雀五咒经) ( Mahămāyūrīsŭtra) تىلغا ئېلىنغان «夜叉» (yakṣa) جىن - شاياتۇنلار ئارىسىدىكى «kharaposta» دەپ ئاتىلىدىغان بىرى بولۇپ ، خەنزۇچىغا «ئېشەك كالپۇكى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان . بۇ ساپ ئىران تىلى بولۇپ ، «justi» كىتابىدىكى «Xarpāst» قا باراۋەر كېلىدۇ .

لېۋى (S. Levi) دەسلەپ «kharoṣṭra» نى قەشقەرنىڭ ھەقىقىي نامى دەپ قارىغان ، بىراق تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات جەريانىدا ، ئۇ بۇ نامنىڭ ناھايىتى كەڭ مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ، يەنى ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمى ، جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى بارلىق بۇددىزم ئەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان . شۇنداق دېيىش زۆرۈركى ، مەن پۈتۈن مەسىلىگە قارىتا ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ بارمىغان بولساممۇ ، بىراق ، مەن لېۋىنىڭ ئەكسىچە ، سانسكرىت تىلىدىكى «ئاۋاتامساكا سۇترا»دا «Kharostra» دېگەن سۆز يوق دەپ قارايمەن . ئۈچ پارچە خەنزۇچە ، تىبەتچە تەرجىمىدە ئەسلىي تېكىستتە بىلدۈرىدىغىنى چو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



قۇم «khasa» بولۇشى كېرەك . پەقەت 696 — 699 ـ يىلى تەرجىمە قىلغۇچى ئۇنى «سۇلې» دەپ تەرجىمە قىلغان . دەل مۇشۇ تەرجىمە نۇسخا بولغاچقا ، خۇييۈەن Kharostra نى «سۇلې» دېگەن سۆزنىڭ سۆز تومۇرى دەپ قارىغان . مەسىلە خۇييۈەننىڭ بۇ خاتا سۆز تومۇرىنى تارقاتقۇچىمۇ ياكى ئەمەسمۇ دېگەندە ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ بۇنى يەر نامى قىلىپ قوبۇل قىلغانلىقى ھەم لېۋىدىنىڭ «Kharostra» ياكى «Kharostrag» دېگەنلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈشتە ئىدى . مەن خۇييۈەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەن ، ئۇ سانسكرىتچە نۇسخىدىكى «Khasa» نى بىلىدۇ ھەم 696 — 699 ـ يىللىرى تەرجىمە قىلىنغان «سۇلى» دېگەننى چۈشىنىدۇ ، دېگەندىن گۇمان قىلىمەن . شۇڭا ، مەن ئۇ كۆرسەتكەن «تاغ نامى» ئەمەلىيەتتە «khsa» نى كۆرسىتىدۇ ، دەپ قارايمەن . ئۇ مەلۇم تاغلىق رايون ، شۇنداقلا قەشقەرنىڭ نامى سۈپىتىدە ماقالىنىڭ تۆۋەندىكى قىسىملاردىمۇ كۆرۈلىدۇ . ئەمما ، بەزى كىشىلەر ئۇلار يۇقىرىقىلار Khasa بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ ، «يامان نىيەتلەر دۆلىتى» نى پەقەت «Kharaostrag» ياكى Kharostra قاتارلىق شەكىلگە ماس كېلىدۇ ، دەپ ئىزاھلايدۇ .

قارۇشتى يېزىقى توغرىسىدىكى تالاش ـ تارتىش ئاساسلىقى بۇنىڭ رىۋايەتلەردىكى YsiKharostha بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى تۈپەيلىدىن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ . بىر مەزگىل شىمالىي ھىندىستان ۋە جۇڭگونىڭ غەربىدىكى تۈركلەر رايونىغا تارقالغان Kharosthi ياكى Kharostيازما شەكلى ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان . Kharostha خەنزۇ تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلاردا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ ، مەنىسى «ئېشەك كالپۇكى» دېگەنلىك بولاتتى . بەراق ، ھىندىستان يازما يادىكارلىقلىرى قارۇشتى يېزىقىنى تىلغا ئالغاندا Kharostri ، Kharostī ، Kharostī قاتارلىق شەكىللەر خاتىرىلىنگەن . ئاز كۆرۈلىدىغان قوشما سۆز Kharosta بىلەن ھىندىستان يازما يادىكار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لىقلىرىدا دائىم كۆرۈلىدىغان Kharoṣtra دېگەن سۆزلەر توغرىسىدا لېۋى بىلەن پېرچىل قاتارلىقلار تەپسىلىي توختالغان بولغاچقا، بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈپ يۈرمەيمەن. بىراق، چوقۇم مۇنداق بىر ئىشنى ئەستە ساقلىشىمىز كېرەككى، بىرقىسىم ھىندىستان شېۋىلىرىدە uṣṭra بىلەن oṣṭha ئوخشاش شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ (پالى تىلىدىكى ŏttha غا ئوخشاش). يەنە شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، قارۇشتى يېزىقى ئىراننىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان دۆلەتلەردە بارلىققا كەلگەن. سانسكرىت تىلىدىكى oṣṭha غا قەدىمكى ئىران تىلىدىكى aoṣṭra غا ماس كېلىدۇ. بۇ سانسكرىت تىلىدىكى Kharoṣṭha غا ماس كەلگەن ھەم مەلۇم تۈردە ئىرانلاشقان سۆز شەكلىنىڭ دەل Kharoṣṭrag ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىر پارچە خوتەن تارىخىغا ئائىت تىبەتچە يادىكارلىقتىمۇ بۇ نام ئۇچرايدۇ. بىراق، ئۇنىڭ يېزىلىشىنى مۇقىملاشتۇرۇۋەتكىلى بولمايدۇ، توماس (Thomas) ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بۇنى Khare'ustra ۋە Khare'usten (چۈنكى تىبەت يېزىقىدا ھەمىشە قالايمىقانچىلىق مەۋجۇت. sten. يەنە «ster» مۇ دېيىلەتتى) دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان. بۇنىڭغا قارىغاندا تىبەتچە ۋەسىقىلەردىكى شەكلىنىڭ ئاساسى چوقۇم Kharostra بولۇشى كېرەك.

1902 — 1905 - يىللىرىدىكى مۇنازىرىدە بىر خىل نام ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇ ئارقىلىق يۇقىرىقى بايانلارنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن كىشىلەر ئۇنىڭغا قىلچە دىققەت قىلمىدىغان. «rsi Kharoṣṭtha» قارۇشتى يازما شەكلىنىڭ نام بەرگۈچىسى بولۇپلا قالماي، ئاسترونوم ئىدى. لېۋى بۇ نۇقتىنى ئىلگىرىلا ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇنلىغان خەنزۇچە يازما يادىكارلىقلار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا. «rsi Kharoṣṭtha» بىر ئاسترونوم بولۇش سۈپىتى بىلەن خوتەن تىلىنى ئاساس قىلغان شىمالىي ھىندىستان شېۋىلىرى ئارىلاشقان يازما يادىكارلىقتا ئۇنىڭ يىغىلىشتا

www.uyghurkitap.com



سۆزلىگەن بىر نۇتقى ساقلىنىپ قالغان . خېلى يىللار بۇرۇن ئەرمەن تىلىدىكى بىر پارچە يازما يادىكارلىق ۋاسىلېۋ (Vasilev ) نىڭ دىققى-تىنى تارتقان . Airivang نىڭ Mekhiter يازما يادىكارلىقىدا Kharustr نى Chaldea ئاسترونومىيىچىلىكىگە ئاساس سالغان كىشى دەپ تەرىپلە-گەن . ۋاسلېۋ مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپ Kharustr بىلەن Zoroaster مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلايدۇ . ۋېبېر (Weber ) ئاچارۋارىستا (Atharvaparista ) دېگەن ئەسەردە كۆرۈلگەن قىرئەچى (占星术士) سۈپىتىدە تىلغا ئالغان Kraustuki بىلەن kharust ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بار ، دەپ قارايدۇ . بىراق ، مەن ئەرمەنىيە ماتېرىياللىرىدىكى ئاسترونوم «kharuster» ۋە ئاسترو-نوم «kharostha» نى ئىران تىلىدىكى «kharostrag» بىلەن ئايرىشقا ئامالسىز يوق ، دەپ قارايمەن . بۇ مەلۇم دۆلەتنىڭ ئاتىلىشى بولماس-تىن ، رىۋايەتلەردىكى شىمالىي ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى قوشنىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇشى مۇمكىن . بۇنداق دەپ ئاتاش ئىراندا پەيدا بولغاندەكمۇ قىلىدۇ . بىراق ، ئۇ ھەرگىزمۇ قەشقەر ئەمەس . مۇشۇنداق بولۇشىغا قارىماي ، بىز يەنىلا خۇيىيۈەنزاڭنىڭ مەنبەلىرىگە رەھمەت ئېيتىمىز .

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تىبەتچە يادىكارلىقتا كاسياپا (Kasyapa ) بۇددا نوم نومىلىغاندىن كېيىن ، ساكيامۇنى ھىندىستاندا تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن پەيلاسوپ kha—ra—s'va بىلەن kha—re'u—sten خوتەن دۆلىتىدىكى تاغ ئۈستىدە تۇراتتى . kha—reu—sten ئېنىقكى خۇي-يۈەن ئوتتۇرىغا قويغان ئاتالمىش قەشقەرنىڭ ھەقى-قىي نامى «kharostrag» غا ئوخشاش ، kha—ra—s'va (توغرا ئاتىلىشى kharasha ) « 迦逻沙摩 » نى «سۇرياگاربھا سۇترا ( sūrya garbha) ، دا كاسياپا (KasyaPa ) دەۋرىدىكى خوتەننى كۆر-سىتىدۇ . بىر جەھەتتىن ئالغاندا ، ئەڭ ئاخىرىدا بۇ نام بىلەن مۇناسىۋەت-لىك يېڭى ماتېرىيال ئۇچراپ قالدى . لېۋى قوللانغان بىر كۆچۈرمە نۇسخىسىدا «سانسكرىت تىلى تەرجىمىسى» (翻梵语) دېگەن ئەسەر تەمىنلىگەن فامىڭ (法明) نىڭ يوقالغان ئەسەرى «چەت ئەللەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەزكىرىسى»دىكى ئىزاھاتتا «迦逻奢末» دېگەن نام ئۇچرايدۇ. باشقا نەشر نۇسخىسىدىمۇ 迦罗奢末 شەكلىدە ئۇچرايدۇ. «سانسكرىت تىلى تەرجىمىسى» (翻梵语) دېگەن ئەسەردە ئۇنىڭ مەنىسىنى «شۇڭقارغا تولغان ئالتۇن ئەل» (满鹰金国) دەپ تەرجىمە قىلغان بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، فامىگىنىڭ ئەسلىي تەرجىمىسىدىن نەقىل ئېلىنغانىكەن. ھىندى تىللىدىكى لۇغەتلەردە «khara» نىڭ مەنىسى «بۆركۆت» دېيىلگەن بولۇپ، بۇنى ھېچقانداق يازما يادىكارلىقلار بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ ھەم ھەرقانداق تەرجىمە ئۇسۇلى بۇ سۆزنىڭ ئېتىموناتسىيە باشلىنىشى بولالمايدۇ. لېۋى ئەسلىدىكى نامنىڭ بىرىنچى قىسمىنى «khara» دەپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن. بۇ نۇقتىنى تىبەتچە يازما يادىكارلىقتىكى «khe—ra—sva» ئارقىلىق ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ. لېۋىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنىڭ تولۇق نامى چوقۇم khara—s'yāma بولۇشى كېرەككەن. بۇ «khara» ئىسمىلىك بىر يېزا بولۇپ، «syāma» ياكى syāmā دېگەن دۆلەتنىڭ يېنىغا جايلاشقان. ھېلىقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ئاھاڭنىڭ توغرىلىقىغا قارىتا لۇدېرس (lüders) ئىلگىرى «بۆركۆتكە تولغان ئالتۇن ئەل» دېگەن تەرجىمىگە قارىتا گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەن ئۇنداق ئاھاڭغا سېلىش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلالمايمەن. «ئاگا-اسۇرياسۇترا» دا: كاتيان (katyan) رائۇرۇكا (Rauruka) دىن ئايرىلغاندا، دەسلەپ «قارا» (khara) كەنتىگە بارغان، ئۇنىڭدىن كېيىن لامپاكا (lampāka) ئېلىدىن ئۆتۈپ، سىيامكا (syāmāka)غا يېتىپ بارغان، دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن «khara» بىلەن «s'yāmāka» گەرچە ئوخشاش بولغان بىر پارچە يازما يادىكارلىقتا كۆرۈلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ئۆزئارا قوشنا ئەمەس، يەنە كېلىپ «迦逻沙摩» بىلەن «迦逻奢末» نى «khara—s'yāmaka» بىلەن ئوخشاش دېگەندىن كۆرە، khārăśma بىلەن ئوخشاش دېگەن ياخشىراق، پەقەت بۇ سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى قىسمىلا مۇقىملاشتۇرۇشقا ئامال بولمىدى، خەنزۇچە تەرجىمىسىنىمۇ ئىزاھلاش ناھايىتى قىيىن ھەم نۇرغۇنلىغان ئىزاھاتلارنىڭ قالايمىقان ۋە خاتالىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنداق بولمىغاندا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



فامىڭنىڭ ئىزاھاتىدىن كەلگەن ، «سانسكرىت تىلى تەرجىمىسى» (翻梵语) نىڭ تۈزگۈچىسىنىڭ قارىشى بىلەن ئوخشاش دەپ قارالسا ، بۇلارنىڭ ھەممىسى خام خىيالدىنلا ئىبارەت . مېنىڭچە ، فامىڭ خاتىرىلىگەن نام ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئامىلدىن تەركىب تاپقان . ئۇنىڭ بىرى ، «khara» ، ئۇ «قارچىغا» دەپ تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ ؛ يەنە بىرى ، پىراكرىت تىلىنىڭ شەكلى بولغان «surarna» «ئالتۇن» دەپ قارىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ، بىرقىسىم باشقا تارىخىي ماتېرىياللار khara—syāmāka دېگەن كۆزقاراشنىڭ پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى . توماس (Thomas) نىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا ، تىبەت يېزىقىدىكى «ماھاۋايپۇليا سۇرياسۇترا» (mahavaypulya suryasutra) دىكى «迦逻沙摩» «قاتتىق تاش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى . بۇ kharāśman دېگەن سۆزنىڭ مەنبەسىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى . توماس (Thomas) يەنە kharas'man بىلەن پەيلاسوپ kha—ra—sva مۇناسىۋەتلىك ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ نام بىلەن خارەزىم (Hwārizm) دېگەن سۆزنىڭ ئالاقىسى بار ، دېگەن قاراشقا مايىل . مەن ئىككىنچى خىل قاراشنى قوبۇل قىلالمايمەن . بىراق ، بىرىنچى خىل قاراشنىڭ توغرىلىقىدىن گۇمان قىلالمايمەن . «kharśva» بىلەن «khārśman» ، «kharāśma» ئەمەلىيەتتە ئوخشاش نام ئىدى . بۇلاردىن باشقا s'va - بىلەن s'ma نىڭ ئارلىشىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى مىساللاردىن بىزدە پەقەت بىرسىلا بار ئەمەس . بۇلاردىن باشقا بۇنىڭ بىرىككەن شەكلىمۇ بار . مەسىلەن ، As'vaparānta = As'māparanta ، as'vagarbha = as'magarbha قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . بۇ خىل ئەھۋاللارنى بەلكىم بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىپ تۈزگۈچىلەر ssa دېگەن ئۇلانمىنى سانسكرىت ، پىراكرىت تىلىدىن تەرجىمە قىلغاندا كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن . بىراق ، بۇنداق بولۇشىغا قارىماي «kharoṣṭra» ۋە «kharāśman» غا چېتىشلىق ھەر خىل ھۆججەتلەر ناھايىتى قىزىقارلىق ئىسپات بىلەن تەمىنلىدى . مىلادىيە I ئەسىردە ئاشۇ ئوخشاش بولمىغان قىسمەتلەردىن كېلىپ چىققان ئەنئەنىۋى نامىلارنىڭ ئۆزگىرىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شىنجاڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن . ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا ، بەزى ۋاقىتلاردا بۇلار خوتەن ، ھەتتا قەشقەرگىمۇ چېتىلىدۇ .

ماركۇئارت ئىلگىرى خەنزۇ مەنبەلىرىدىكى « 疏勒 »نى kapisǐ دۆلىتىدىكى مەلۇم بۇتخانىنىڭ نامى دەپ ئىزاھلىغان . «مېھىر - شەپقەت ئىبادەتخانىسى ئۈچ ئاغىلىق راھىب كالان تەرجىمھالى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا ، بۇ ئىبادەتخانىنى ئەسلىدە جۇڭگو شاھزادىسى بۇ يەردە تۇرغاقلىقتا تۇرغاندا ياسىغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىسمى شا - لاك - كا (sa—lak—ka) ئىكەن . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ماركۇئارت يەنە بۇنى «šaraka» دەپ ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ ھەم بۇنداق ئاتاش جۇڭگولۇقلاردىن كېلىپ چىققان ، دەپ قارايدۇ . ماركۇئارتنىڭ قارىشىچە ، ھېلىقى ئېنىق بولغان زىددىيەت ئاللىقاچان ھەل بولغانمىش ، بۇ نامنى چوقۇم «sārak» دەپ ئوقۇش كېرەك ، بۇنىڭ مەنىسى «قەشقەر شاھزادىسى» دېگەنلىك بولىدىكەن . بىراق ، شۆەنزاڭ دەۋرىدە بۇ نامنى «جۇڭگولۇق» دەپ خاتا چۈشىنىپ قالغان . ئەمەلىيەتتە زىددىيەت نام ئۈستىدە بولۇۋاتىدۇ ، «sarag» سانسكرىت تىلىدا « saraga » دەپ ئوقۇلىدىغان بولۇپ ، ئەمدىلىكتە بۇنىڭ خەن ، تاڭ دەۋرىدىكى شەرقىي پايتەخت لوياڭنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى . ئەمما ، بۇنى « 沙落伽 » «sāvaka» ياكى «sālaka» دەپ ئوقۇش مۇمكىن . مۇبادا ئۇ نام راستتىنلا جۇڭگو ياكى لوياڭ دېگەن يەردىن كەلگەن بولسا ، بىز چوقۇم « 沙 » نى « 莎 » غا ئۆزگەرتسەك ئاندىن توغرا بولغان بولىدۇ . مۇبادا بىز 沙落迦 نى ئاقلاپ قالساق ھەم ئۇنى شالو (沙勒) «sha — lo» يەنى بۇددا مۇرىتلىرى تىلغا ئالغان « 疏勒 » بىلەن باغلىساق ، ئۇ ھالدا بۇ سانسكرىتچە «šāraka» دېگەن سۆزگە ماس كەلگەن بولىدۇ . بىراق ، مەسىلە دەل «مېھىر - شەپقەت ئىبادەتخانىسى ئۈچ ئاغىلىق راھىب كالانلار تەرجىمھالى» دا دېيىلىۋاتقان جۇڭگو شاھزادىسى ھەرگىزمۇ قەشقەر شاھزادىسى ئەمەس ، دېگەن يەردە . شۇڭلاشقا ، ئىككى خىل ئىزاھلاشلارنىڭ ھەممىسىنى يەنىلا تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ (مېنىڭ بۇ قارشىمنى «ئاسىيا ژۇرنىلى»نىڭ 1927 - يىللىق 2 - سانىدىن كۆرۈڭ ) . بىراق ،

ئۇيغۇر كتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ماركۇئارتنىڭ « sārakavati » دېگىنىگە ئىشىنىشكە بولمايدۇ .

مۇبادا بۇ نام توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىم كۆپ بولغان بولسا (مار-
كۇئارت بۇنى «sārak» دەپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن ، بۇ پەقەت بىر خىل
ئېھتىماللىق ، تېخى ئىسپاتلانمىغان ) ، مەنمۇ «šāraka» نى « 疏勒 »
ياكى « 沙勒 » نىڭ ترانسكرىپسىيىسى دېگەنگە مايىل بولغان بولاتتىم .
X ئەسىردىكى تىبەتچە ھۆججەتتە «šu—lig» ، بەزىدە «šu—leg»
دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ . بىراق ، بۇ خىل شەكىل پەقەت خەنزۇ
تىلىدىكى « 疏勒 » دېگەن سۆزنىڭ ئۆرۈپ يېزىلىشى ، خالاس . بايلىي
( Bailey) : «sūlya» دېگەن نام خوتەندىن تېپىلغان بىر پارچە ھۆججەتتە
ئۇچرايدۇ ، بۇ «قەشقەرلىك» دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن ، دەيدۇ .
ئەمما ، «sūlya» دېگەن نام خەنزۇ تىلىدىكى « 疏勒 » ياكى تىبەت
تىلىدىكى «šu — lig» دىن ئەمەس ، بەلكى سوغدى تىلىدىكى مەلۇم
نامدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن . بىراق ، بۇنداق خۇلاسە چىقى-
رىشقا نۇرغۇن ماتېرىيال لازىم بولىدۇ .

« 疏勒 » ياكى « 沙勒 » توغرىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر خىل
چۈشەندۈرۈشنى سېۋېن ھېدىن تۈزگەن «تىبەتنىڭ جەنۇبى» دېگەن كى-
تابتا ھېرمان (Hermann ) ئوتتۇرىغا قويغان . ئۇ «قەشقەر» دېگەن نام
سوغدى تىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ ، «سوغدىلارنىڭ شەھىرى» دې-
گەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن ، دەپ قارايدۇ . VII ئەسىردە شۇەنزاڭ
قەدىمكى سوغدىلار ئولتۇراقلاشقان جايدىن ئۆتكەندە «suysi » دېگەن سۆز
ھەقىقەتەنمۇ «suli » غا ئۆزگەرگەن . يەنە بەزىلەر ھىندىستان ھۆججەتلى-
رىدىكى «Gulika » دەل سوغدىلارنىڭ قەدىمكى نامى ئىدى ، دېگەننى
ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنغان . بىراق ، « 疏勒 » دېگەن نامنى مىلادىيەدىن
ئىلگىرىكى I ئەسىرگە سۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قال-
ماسلىقىمىز كېرەك . «suya» ، «suyaak» (soydak ، soya) دېگەن-
لەرنى خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە ئاساسەن پەقەت V ئەسىرگىلا سۈرۈشكە
بولىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ، بىز بىلىدىغان قەشقەر تارىخىدا ھېرماننىڭ
پەرىزىنى قوللايدىغان بىرەر ماتېرىيالنى تېخىچە بايقىغىنىمىز يوق .

بۇنىڭدىن باشقا ، بىرقىسىم ناملارمۇ قەشقەرنىڭ نامى ، دەپ قارىلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋاتىدۇ ، ئەمما بۇلارنىڭ قىلچىمۇ ئاساسى يوق . مەسىلەن ، «سۇ يوللىرىغا ئىزاھ» تىكى « 伽舍罗 »نى ئىلگىرى ھېرمانىن «تىبەتنىڭ جەنۇبى» دېگەن كىتابتا قەشقەرنىڭ نامى دەيدۇ . بۇ نامنى گەرچە مىلادىيە Ⅳ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جۇڭگولۇقلار بىلسىمۇ ، لېكىن بۇنىڭ شەكلى ناھايىتى مۇجمەل بولۇپ ، « 迦舍罗 » ياكى « 迦逝罗 »نى قىسقارتىپ ، « 罗逝 » دەپ يېزىشقىمۇ بولاتتى . ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى ۋە نامنى ئوخشاشلا ئېنىق بېكىتكىلى بولمايدۇ . لېكىن ، «سۇ يوللىرىغا ئىزاھ» تىكى باياناتلاردا « 伽舍罗 » بىلەن « 疏勒 » ئوخشىمايدىغان بولۇپ ، ئۆزئارا ئېلىشتۇرۇۋېتىلمىگەن .

ئوخشاش بولغان مىساللاردىن يەنە « 奇沙 » نى تىلغا ئېلىنىشقا بولىدۇ . ئۇنى چاۋاننىس (E. D. chvanis) قەشقەرنىڭ باشقىچە نامى ، دەپ قارايدۇ . ئۇنىڭ تەرجىمىسىگە ئاساسلانغاندا ، راھىب جى مېڭ ( 智猛 ) ئىلگىرى ساكيامۇنىنىڭ بىر دانە پاتراسى (patra) نى ئېلىپ «چىشا» ( 奇沙 ) دا تۇرغان . مەشھۇر راھىب كالان كوماراجىۋا (kumarajiva) ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئوخشاش بىر پاترانى ئېلىپ ، قەشقەر ( 疏勒 ) دە تۇرغان . ئادەمنى ھەيران قالدۇرغان بۇ خىل توغرا كېلىشنى گەرچە ستەيىن ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ ، چاۋاننىس (chavannis) نىڭ مۇلاھىزىسىدىن گۇمانلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق . بەراق ، مەن بۇنىڭغا قارشى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن . «چىشا» ( 奇沙 ) دېگەن نام بەلكىم بىر خىل ترانسكرىپسىيە شەكلى بولۇشى مۇمكىن . خەنزۇ تىلىدا ئۇنىڭ «غەلىتە قوۋم» دېگەن مەنىسى مېنىڭ كۆزقارىشىمغا پايدىسىز بولسىمۇ ، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا تىلغا ئېلىنىدىغان «چىشا بەگلىكى» ( 奇沙国 ) غەربىي يۇرتتىكى نامى ئېنىق بولمىغان بىرقىسىم دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى . 659 — 661 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنىڭ غەربىدىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ نامنى تىلغا ئالغاندا ، يەنىلا نورغۇنلىغان قالايمىقان يەر ناملىرىنى داۋاملىق ئىشلەتكەن . «چىشا» ( 奇沙 ) دېگەن بۇ نام ئەسلىدە مەرۋە (Marv) ۋە بەلىخ ئارىسىدىكى قۇزقان (Qüzqan) رايونىغا بېرىلگەن . يەر نامنى بەرگۈچى ئەينى چاغدا «شى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مالىي سۇلالىلەر تارىخى»دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغان ھەم جې مېڭ (智猛) نىڭ كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان باياندىن نەقىل ئالغان. جې مېڭ (智猛) تىلغا ئالغان «奇沙» نىڭ توغرا جۇغراپىيىلىك ئورنى ھەققىدە ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئاساسىمىز يوق. ۋەسىقىلەردە ئۇ پەقەت شىمالىي ھىندىستاندىكى يەر ناملىرى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ شىنجاڭدىكى يەر نامى ئەمەس. چاۋاننىس ئۆزى تەرجىمە قىلغان ئەسلىدىكى كىتابنىڭ مەزمۇنىغا قارىمايلا «奇沙» نى قەشقەر دەپ بېكىتكەن. ئۇ بولسىمۇ ئوخشاش بىر رىۋايەتتىن، يەنى كۇماراجىۋانىڭ كىتابىدا «沙勒» دېيىلگەنلىكىدىن بولغان. چاۋاننىسنىڭ پەرىزىگە ئاساسلانغاندا، جې مېڭ (智猛) نىڭ كىتابىدا يەنە «奇沙» شەكلىمۇ كۆرۈلىدۇ. بىراق، بۇ خىل دەل كېلىش ئارقىلىق ھېچقانداق خۇلاسە چىقارغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، 519 - يىلى يېزىلغان «جې مېڭنىڭ تەرجىمىھالى»دا پەقەت ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان خاتالىقلارغا يول قويۇلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە «كۇماراجىۋا تەرجىمىھالى» مۇ ئاجايىب ۋەقەلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن. بىراق، بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغان رايونلاردا يەنە بىر خىل رىۋايەت بار، يەنى ھەرقايسى جايلار ئۆزلىرىدە بۇتنىڭ بىردىن پاتراسى بار دېيىشەتتى. ھەربىر (رايون) جاي بۇ خىل ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىدا چىڭ تۇراتتى. چۈنكى، ئۇلار خارابىلەردىكى بىردىنبىر ئىشەنچىلىك ئىسپات بولۇپ ھېسابلىناتتى.

لېكىن، يۇقىرىدىكى ماتېرىياللاردىكى ئىنچىكە نۇقتىدىن توغرا خۇلاسە چىقارغىلى بولىدۇ، ھېچبولمىغاندا، مەلۇم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ، چاۋاننىسنىڭ نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا، جې مېڭ (智猛) چىشا (奇沙) دا بۇتنىڭ پاتراسىنى كۆرۈپلا قالماي، يەنە بۇتنىڭ توكۇرۇك قاچىسىنى كۆرگەن. فاشيەن بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى پېشاۋۇر (peshawur) دا بۇتنىڭ پاتراسىنى، جېيچا (竭叉) دۆلىتىدە بۇددىنىڭ توكۇرۇك قاچىسىنى كۆرگەن. شۇڭا، چاۋاننىس يەنە جېيچا (竭叉) نى «قەشقەر» دەپ قارايدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ پەرەزلىرى ستەيىننىڭ قوللىشىغا ئېرىشكە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نىدى . لېكىن ، بۇ خۇلاسە فاشيەننىڭ ئەسىرىنى بۇرمىلىغانلىقتىن بول-
غان . فاشيەننىڭ ماڭغان يول لىنىيىسى ناھايىتى ئېنىق ، يەنى خوتەندىن
بىۋاستە پامىرغا بارغىلى بولاتتى ، ھەرگىزمۇ قەشقەرگە بارغىلى
بولمايتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە فاشيەننىڭ ئەسلىي كىتابىدا بايان قى-
لىنغان جېيچا （竭叉） بىر تاغلىق (پامىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى)
رايون ئىدى . ئۇلاردىن جېيچا （竭叉） نىڭ قەشقەر ئىكەنلىكىدىن
ئىبارەت مۇمكىنچىلىكىنى يوققا چىقارغىلى بولىدۇ .
ئەمما ، جى مېڭ （智猛） ئېيتىپ ئۆتكەن «沙奇» بىلەن
«竭叉» ئوخشاش بىر جاي بولۇشى مۇمكىن . بەلكىم ھېر-
مان (Hermann) ئەپەندى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك ، يۇقىرىدىكى ئىككى
نام «سۇ يوللىرىغا ئىزاھ» （水经注） دىكى چىشا جىلغىسى
دېگەن سۆز «歧沙谷» گە ئوخشاپ كېتىدۇ . ئۇ جىلغا جايلاشقان
يەر بىز پەرەز قىلغان فاشيەن كۆرسىتىپ ئۆتكەن جېيچا （竭叉） نىڭ
ئورنىغا توغرا كېلىدۇ . بىراق ، بۇنىڭ ئورنى مەيلى پامىر ياكى ئۇنىڭ
شەرقىدىكى رايوندا بولسۇن ، بۇ يەردىكى چىشا جىلغىسى ھەرگىزمۇ
قەشقەرنى كۆرسەتمەيدۇ .
مېنىڭ قارىشىمچە ، لېۋى ئەپەندىنىڭ پىكرىنى توغرا ئىزاھلاش
لازىم ، چاۋاننىسنىڭ تەرجىمە نۇسخىسى ئانچە توغرا بولمىغان . «جى
مېڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا ئالدى بىلەن بۇ نوم ئالغىلى ماڭغان راھىبنىڭ
كەشمىر (كەشمىر ۋە قەندىھار )گە بارغانلىقى سۆزلەنگەن . ئارقىدىنلا
جى مېڭ «ئاۋۋال» چىشا （沙奇） دا بۇتنىڭ تۆكۈرۈك قاچىسىنى
كۆرگەن ، ئاندىن «مۇشۇ دۆلەتتە» يەنى كەشمىردە بۇتنىڭ پاتراسى
(قاچىسى )نى بايقىغان . «ئالدى بىلەن» （前） دېگەن خەت «ترىپتاكا
نوملار توپلىمى» (ئۈچ ئاغىلىق نوملار توپلىمى ) دا ئۇچرايدۇ . ئۇنىڭ
دەۋرى چاۋاننىس تەرجىمە قىلغان «راھىب كالانلار تەرجىمىھالى» بىلەن
ئوخشاش . ئەلۋەتتە ، لېۋىنىڭ مەلۇماتى توغرا ئىدى . مۇبادا بۇ ياندىش
ئىسپات بولمىغان بولسا ، پەقەت يۇقىرىقىدەكلا بايان قىلىشقا توغرا
كەلگەن بولاتتى . بۇ ، بۈگۈنگە قەدەر ئاشۇ بايانلاردا چىشا
（沙奇） دۆلىتى نېمىشقا ھىندىستاندا ۋە قەشقەردە بولماي ، شىمالىي

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھىندىستاندا كۆرۈلىدۇ؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب بولىدى. جې مېڭ فاشيەنگە ئوخشاشلا پامىر رايونىدا بۇتنىڭ پاتراسى (قاچىسى)نى كۆرگەن. ٧ ئەسىردىكى بارلىق بۇددا مۇرىتلىرىغا ئوخشاش ئۇمۇ كەشمىردە بۇتنىڭ قاچىسىنى كۆرگەن، پەقەتلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولغىنى دەل كوماراجىۋا تەرجىمىھالىدا كۆرۈلگەن سۇلى (قەشقەر) دا بۇتنىڭ قاچىسى بار، دېگەن قاراش ئىدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغان ھەر خىل پەرەزلەردىن باشقا، بىر نامنى تېپىپ چىقالايمىز. مېنىڭ قارىشىمچە، مۇناسىۋەتلىك پاكىتلار تېخى توغرا ئىزاھلانمىغان. شۇەنزاڭ قەدىمكى سۇلېنىڭ چۇشا (佉沙) دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. شۇەنزاڭ تالانتلىق تىلشۇناس بولغاچقا، بۇ نام شەك - شۇبھىسىزكى kha ṣa (جۇلىياننىڭ كىتابىغا قاراڭ) دىن كېلىپ چىققان. ئەپسۇسكى، گىئودېر ماقالىسىنى كۆچۈرۈپ باسقان پاركىر (parker) نىڭ قاملاشمىغان شەرھىسىدە شۇەنزاڭ خاتىرىسىدىكى چۇشا (佉沙) بىلەن قەشقەرنىڭ ئۆز ئارا ماس كېلىدىغانلىقى گۇمان تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. چۇشا (佉沙) دېگەن خەتنىڭ keš دېگەن سۆزگە ماس كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى، «يېڭى تاڭنامە»دە چۇشانىڭ يەنە، keša دېگەن باشقا بىر خىل شەكلىمۇ تىلغا ئېلىنغان. لېكىن، شۇەنزاڭنىڭ كىتابىدىكى سىتا (sita) تارىم دەرياسىنى كۆرسىتەتتى. بۇ بەلكىم «يېڭى تاڭنامە» نىڭ ئاپتورى فونېتىكا ئۆزگىرىشىنىڭ تەسىرىدە شۇەنزاڭنىڭ كىتابىدىن بايقىغان باشقا بىر نامنى قەشقەرنىڭ يەنە بىر نامى قىلىپ قويۇپ، بۇ لوگىكىلىق خاتالىقنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان. شۇەنزاڭنىڭ ئىزاھاتى مۇبادا باشقا ئىزاھاتلارغا ئوخشاش بولىدىغان بولسا، بۇلارنىڭ ھەممىسى «يېڭى تاڭنامە»گە كىرگۈزۈلگەن بولىدۇ. بۇ كىتابتا «سۇلې (قەشقەر) يەنە چۇشا (佉沙) مۇ دېيىلىدۇ» دېيىلگەن. يەنە تولۇقلاپ، پادىشاھ قاش (迦师) شەھىرى (ستەيىننىڭ كىتابىدا 迦瑟 دېيىلگەن بولۇپ، بۇ خاتا. 迦瑟 ھەقىقەتەنمۇ باشقا بىر نام ئىدى، چاۋاننىڭ كىتابىدىكى ئىندىكستە ئۇ دەل 奇沙 دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com



خەتنىڭ ئالدىدا ) دە تۇرىدۇ ، دېيىلگەن .

ستەيىن : «چۇشا ( 佉沙 ) چوقۇم ھازىرقى قەشقەر دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ بولۇشى مۇمكىن ، ئاستانە شەھىرى بولغان قاش ( 迦师 ) شەھىرى دەل بۇ رايوننىڭ مەركىزىگە يېقىن بولغان مەلۇم جايدا ئىدى ، دەپ كۆرسىتىدۇ . بىراق ، مەن قاشا ( 佉沙 ) بىلەن قاش ( 迦师 ) ئوتتۇرىسىدا فونېتىكا جەھەتتە ئالاقە بارمۇ - يوق ، بۇنىڭدىن گۇمانلىنىمەن . شۇنى ناھايىتى ئاسانلا كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، چۇشا ( 佉沙 ) نىڭ ئېتىمولوگىيىسى kha s̱a بولۇپ ، ھىمالايا تېغىنىڭ بىر قىسىم تاغلىق رايونىدىكى قەبىلىلەرنىڭ نامى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھىندىستان (ھىندى ) ھۆججەتلىرىدە « khaša » ، « kha ṣa » ، « kha ṣa » قاتارلىق شەكىللەردە كۆرۈلىدۇ . XVIII ئەسىردە ئالىملار بۇلارنى پېتولومېي (Ptelomy) نىڭ ئەسىرىدىكى « ka'biaŏpn » غا باغلىغان . ھازىرقى كەشمىرنىڭ غەربىي ۋە غەربىي شىمالىدىكى « khakha » قەبىلىلىرى « khasa » دەپ ئاتىلىدۇ . نېپالدىكى « Gurkha » لار ئۆزلىرىنى يەنىلا « khas » دەپ ئاتىشىدۇ . ئۇلارنىڭ تىلى « khas » تىلى دەپ ئاتالغان بولۇپ ، بۇ خۇددى « Parbatiya » غا ئوخشاش كىشىلەرگە ناھايىتى تونۇشلۇق ئىدى . بوفوف ئىلگىرى « khasa » دېگەن نام بىلەن قەشقەر مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان بولسىمۇ ، ستەيىننىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان . ستەيىن قەشقەر بىلەن « kha ṣa » قەبىلىسىنىڭ دائىملىق ئورنى بىر - بىرىگە يىراق ئىدى . لېكىن ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە « khaśa » ياكى « khasa » — قەشقەر نامى ، خېلى بۇرۇنلا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا تارقىلىپ بولغان ، دەپ قارايدۇ . ئىلگىرى بايان قىلىپ ئۆتكەندەك 696 — 699 - يىلىدىكى «بۇدداۋاتامساكا ماھاۋايپۇلياسۇترا» ( 华严经 )نىڭ تەرجىمىسىدىكى سۇلې (疏勒) چوقۇم « khasa » دىن كەلگەن . ئەمما ، V ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى تەرجىمە نۇسخىسىدا ئۇنىڭغا ئوخشاش بولغان نامنى «چېگرىدىكى ياتلار» دەپ تەرجىمە قىلغان . VI ئەسىردە تەرجىمە قى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لىنغان «سۇرياگابرىھا سۇترا» (suryagabrha sutra) دا خوتەن دەپ تەرجىمە قىلىنغان . تىبەتچىگە تەرجىمە قىلىنغان «سۇرياگابرىھا سۇترا» (suryagarabha sutra) دا «خوتەن يەردە» دېگەن khasa دەپ شەرھىيلەنگەن .

ئۇنىڭدىن باشقا ، VI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تەرجىمە قىلىنغان نوملاردا ، مەسىلەن «ماھاما يۇيلى سۇترا» (mahāmā yuilĪ) نىڭ «ياكسا» yaksa ، ئالۋاستىلار ) كاتالوگىدا «khasa» «جاشې» (迦舍) دەپ تەرجىمە قىلىنغان . 705 - يىلى يى جىڭ (义净) نىڭ تەرجىمە نۇسخىسى ۋە بۇنىڭدىن 50 يىل كېيىنكى ئاموگھاۋاجۋا (Amoghavajva) نىڭ تەرجىمىسىدە قەشقەر «سۇلې» (疏勒) دەپ تەرجىمە قىلىنغان . بۇ خىل ئوخشاشلىقلارنى شۆەنزاڭنىڭ كىتابىدا ئۇچراتقىلى بولمايدۇ . بىراق ، «لالىتاۋىستارا» (Lalitavistara) نۇسخىسىنىڭ كاتالوگىدىكى 587 - نومۇرلۇق قولىيازمىدا «Khasa» دېگەن سۆز خەنزۇچىغا كېشا (珂沙) دەپ تەرجىمە قىلىنغان . تولۇقلاپ ئېيتقاندا ، بۇ دەل سۇلى يەنى قەشقەرنى كۆرسىتەتتى . (لېۋې (Levi) نىڭ كىتابىغا قاراڭ . 308 - يىلىدىكى كۆچۈرمە نۇسخىسىدا «چۇشا» (佉沙) ، 683 - يىلىدىكى كۆچۈرمە نۇسخىسىدا «كېسو» (可索) دېيىلگەن بولسىمۇ ، بۇلارنىڭ مەنىسى شەرھلەنمىگەن ) . 308 - يىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى شۆەنزاڭنىڭ «چۇشا» (佉沙 ) دېگەن خەتنى بىرىنچى بولۇپ ئىشلەتكەن شەخس ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ . مەن «چۇشا» (佉沙 ) دېگەن ئىككى خەتنىڭ ئىشلىتىلگەن ۋاقتى 308 - يىلىدىن تېخىمۇ بۇرۇن ، بۇنى «ئاگاماسۇترا» (āgama) نىڭ تەرجىمىسىگە سۈرۈشكە بولىدۇ ، دەپ قارايمەن .

گەرچە III ئەسىردىن تارتىپ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نوملاردا ھەمىشە «kha sa» دېگەن نامنى ئۇچراتقىلى بولسىمۇ ، لېكىن تاكى VI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن بۇرۇن بۇ نامنىڭ قەشقەر بىلەن باغلىنىشى بارلىقىنى تاپالمايمىز ، شۇنداقلا ، بۇنداق يېقى بېكىتىش ئېنىقلا ھەقىقىي جۇغراپىيە ياكى تارىخى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان سەۋەب بولماستىن ، بەلكى ھەر خىل ناملار ئارىسىدا تىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تاۋۇشلىرى ئانالىزى ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بۇلاردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، «قەشقەر» دېگەن بۇ نامنىڭ ئالدىنقى قىسمى «kha sa» بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ۋاقتى مىلادىيە 600 ـ يىللاردىن بۇرۇن ئەمەس.

«يېڭى تاڭنامە»دە قەشقەرنىڭ نامى جياشى (迦师) شەكلىدە كۆرۈلگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ قىسقارتىلغان شەكىل بولۇپ، ئۇنىڭ مۇكەممەل شەكلىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. مەن دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىدىن ئېلىپ كەلگەن «راھىب خۇيچاۋنىڭ بەش ئەنەتكەك ئېلىگە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»دە «خۇيچاۋ (慧超) 727 ـ يىلى سۇلېغا يېتىپ كەلگەن، باشقا ئەللەر بۇ دۆلەتنى ئەسلىدىكى نامى بويىچە جياشى دىلى (迦师祇离) دەيدىكەن» دېيىلگەن. بىزدە پەقەت كەمتۈك ھەم خاتالىق كۆپ بولغان مۇشۇ ۋەسىقىلا بار بولسىمۇ، لېكىن قەشقەرلىك خۇيلىن (慧林) 817 ـ يىلى يازغان «بارچە نوملار شەرھەسى»دە بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتكەن. ئۇ ئەسىرىدە قەشقەرنى «جياشى جى لى» (قەشقەرى، 迦师结黎) دەپ يازغان. مەن خۇيلىن ئىشلەتكەن شەكىلدىكى بىرىنچى خەت ناھايىتى توغرا بولغان، دەپ قارايمەن. بۇنداق سۆز ئارقىسى چۈشۈپ قالغان شەكىل «كونا تاڭنامە»دىمۇ ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، خۇيچاۋ (慧超) نىڭ مەلۇماتىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. خۇيلىن يەنە «بۇ نام غۇز (ئادەتتە ئەينى چاغدىكى غۇزلار ئىرانلارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارالغان) چە نامدۇر» دەيدۇ. خەنزۇچە ماتېرىياللاردا (تاڭ سۇلالىسى)دە ئۇنى «سۇڭلىڭ قەلئەسى» (葱岭镇) دەپ ئاتىغان. ئەلۋەتتە، خۇيلىن بۇ ئەسەرنى يازغان چاغدا جۇڭگولۇقلار (تاڭ سۇلالىسىنى كۆرسىتىدۇ) قەشقەرنى قولدىن بېرىپ قويغان. بىراق، ئۇ ئەينى مەزگىللەردە تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا قۇرغان «تۆت قورغان»نىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسلىق ۋەزىپىسى پامىرنى قوغداش ئىدى. خۇيچاۋ (慧超) ھەمىشە «پامىر قەلئەسى» (葱岭镇) دېگەن نامنى قوللانغان. لېكىن، مەن بۇ نام ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئاتىشى ئەمەس، دەپ قارايمەن، خۇيلىن (慧林)نىڭ مەقسىتىمۇ بەلكىم قەشقەرنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەندۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى www.uyghurkitap.com



رۇش بولسا كېرەك . بۇ ھەرگىزمۇ خوپچاۋنىڭ ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان سۇلىنى كۆرسەتمەيدۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە خوپچاۋنىڭ كەمتۇك ئەسىرد-ىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا «تۆت قورغان» (四镇) نىڭ نامىنى بايقىدۇق ، ئۇنىڭدا قەشقەرنىڭ نامى يەنىلا «سۇلى» (疏勒) دەپ ئاتالغان ؟

«جياشىدىلى» (迦师祇离) ياكى «جياشىجىلى» (迦师吉勒) نى ئەسلىگە كەلتۈرسەك ، دەرۋەقە «kašgiri» (قەشقەرى) دېگەنلىك بولىدۇ . بۇ نام 727 - يىلدىكى ۋەسىقىلەردە تۇنجى قېتىم كۆرۈلىدۇ . ئەمما ، يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك ئەينى چاغدا ئۇ نام بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان .

بۇ نام توغرىسىدا ھەرخىل چۈشەندۈرۈشلەر مەۋجۇت . گىئۇدېر (考狄) بۇنى مۇنداق شەرھلەيدۇ : ئۇنىڭ قارىشىچە ، «قەشقەر» دېگەن بۇ نام kash (چىرايلىق رەڭ ) بىلەن gar (كېسەك ئۆي ) دىن تۈزۈلگەن-مىش ، ئۇ بۇنى 1763 - يىلى يېزىلغان «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى »دىكى قاراشتىن نەقىل كەلتۈرگەن . كىتابتا موڭغۇل تىلىنىڭ يېزىلىش شەكلى بويىچە «Qašiqar» دەپ يېزىلغان بولسا ، تۈركىي تىلدا «qašaqar» دەپ يېزىلغان . يەنە شۇ كىتابتا تۈركىي تىلدا «qaši» دېگەن سۆز «رەڭلىك» دېگەن مەنىدە ، «gar» بولسا «كېسەك ئۆي» دېگەن مەنىدە دېيىلگەن . ۋات (瓦特) خەنزۇ يېزىقىدىكى ئىزاھاتىدا : تۈرك تىلىدىكى «kasha» ياكى «kashka» دېگەن سۆز «رەڭلىك» دېگەن مەنىدە ئىدى . لېكىن ، «gar» دېگەن سۆز موڭغۇل تىلىدا «ger» دېيىلگەن . بەلكىم ھىندى تىلىدىكى «ghar» سۆزىنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇزى بولۇشى مۇمكىن . بۇ «ئۆي» دېگەن مەنىدە ئىدى . بىراق ، ھەرقانداق تۈركىي تىلى شېۋىسىدە «kaša» نىڭ «رەڭلىك» دېگەن مەنىسى يوق . بىراق ، «qašqa» (يەنە qačqa ، qasqa ، qašya مۇ دېيىلىدۇ ) سۆزى پەقەت «ئالتاغىل ھايۋانلار»نى ئاتاش ئۈچۈنلا قوللىنىلغان . مەن چيەنلۇڭ خان دەۋرىدىكى يەرلىك ئەمەلدارلار قەشقەر (Qas'iqar) نى موڭغۇللاش-قان تۈركىي تىلى بىلەن ئاتىغان بولسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار k بىلەن باشلانغان ھىندىشۇناسلىق تەتقىقات ئۇسۇلىدىكى ئېتىمولوگىيىلىك نامىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بەرگەن ، دەپ قارايمەن . «qaši» ئەمەلىيەتتە پارس تىلىدىكى (kāshī) بولۇپ ، «كاھىش» دېگەن مەنىدە ئىدى . لېكىن ، «qar» «ئۆي» دېگەن مەنىدە بولۇپ ، تۈركىي تىل ئەمەس . بۇ بەلكىم بەزى كىشىلەر موڭغۇل تىلىدىكى qār «ئۆي» (كېسەك ئۆينى كۆرسەتمەيدۇ ) دەپ ئويلاپ ئالغان-لىقىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن . ئەمما ، «qār» نىڭ ھىندى تىلىدىكى ghar (غار — پراكىت تىلىدا ghara دېيىلگەن ) «ئۆي» بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق . موڭغۇل تىلىدىكى «qār» بىلەن «Qas'qar» ، «kašyar» دىكى «qar (gar ) » ئوخشىمايدىغان بولغاچقا ، يەنە كېلىپ تۈركىي تىلى ۋە پارس تىلىدىمۇ ئۇنىڭغا ماس كەلگۈدەك سۆز بولمىغاچقا ، مەن «كېسەك ئۆي» دېگەن ئۇ سۆزنى ھىندىستانلىق سودىگەرلەر قەشقەرگە ئېلىپ كىرگەن ھىندى تىلىدىكى «ghar» سۆزى بولۇشى مۇمكىن ، دېگەن قاراشقا مايىل . بىراق ، بەزىلەر باشقا تەرەپلەر-دىن دەلىل ئىزدەپ ، «ghar» دېگەن بۇ سۆزنى كىشىلەر XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندىلا ئاندىن بىلگەن ، دېگەن قاراشنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ . لېكىن ، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، پارس تىلى-دىكى «kāshi» ، موڭغۇل تىلىدىكى «gar» ياكى ھىندى تىلىدى-كى «ghar» دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى «قەشقەر» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى مەنبە ئەمەس .

سانىت ـ مارتىن (sanit—martin) «gar» شىمالىي ھىندىستان شىۋىسىدە نۇرغۇنلىغان يەر ناملىرىدىكى ئاساسلىق سۆز تومۇرى بولۇپ ، «شەھەر» دېگەن مەنىدە ئىدى ، دەپ قارايدۇ . فرانك (Franke) مۇ بۇ كۆزقاراشنى تەكرارلىغان بولسىمۇ ، ستەيىننىڭ رەددىيىسىگە ئۇچرى-غان . شۇنداقتىمۇ ستەيىننىڭ مۇلاھىزىسى توغرا ئىدى . مەن بۇ سۆز-نىڭ ھىندى تىلىدىكى سۆز ئەمەسلىكىگە ئىشىنىمەن . توماس (Thomas) مۇ «gar» سۆزى توغرىسىدا توختالغان بولۇپ ، بەلكىم تىبەت تىلىدىكى «sgar» ، «gar» ( «قارارگاھ» دېگەن مەنىدە ) بىلەن ئوخشاش بۇ سۆز ئەڭ ئىلگىرى تىبەت ـ بىرما تىللىرى شىۋىسىدە ناھايىتى كەڭ قوللىنىلغان دەپ قارايدۇ . ئۇ بۇ توغرىسىدا بەزى مىساللارنى كەلتۈرۈپ ئۆتكەن ، kasyar ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بىراق ، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە ، توماس نەقىل كەلتۈرگەن مىساللار-
نىڭ بىر قىسمى تىبەت - بىرما تىلىدىكى مىساللار ئەمەس .
مەسىلەن ، «RGya—gar» (ھىندىستان) ، pho—dkar قاتارلىقلار .
pho—dkar نى بۇخارا بىلەن قەشقەرنىڭ ئۆزى دەپ قارايمەن .

رىچتوفېن (Richtofen) تۈرك تىلىدىكى «قاش» (gas قاشتېشى )
ئارقىلىق «kāšYar» دېگەن نامنىڭ ئالدىنقى قىسمىنى ئىزاھلىماقچى
بولغانىدى . لېكىن ، ستەيننىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى . بىراق ، رىچتو-
فېنغا ئوخشاش ستەيننىمۇ «ka'o'la ōpn» دېگەن نام بىلەن «qaš»
ئارىسىدا مەلۇم مۇناسىۋەت بار دېگەنگە مايىل . ستەيننىڭ كۆزقارىشى
بولسا «qaš» (قاشتېشى ) دېگەن نام بەلكىم ئۇلۇغ ياۋچىلار
(تۈرك - موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەدىمكى خەلقلەر ) ئارقىلىق
يۇنانغا تارقالغان بولۇشى مۇمكىن . ماركۇئارتمۇ «qaš» سۆزى بۇرۇن
«khă» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ ، «khāsa» ياكى
«kāoǐa» دېگەن يەردىن چىقىدىغان تاش دېگەن مەنىدە ئىدى ، دەپ
قارايدۇ . ھېرمان (Hermann) بۇ كۆزقاراشنى ، يەنى «qaš» (قاشتې-
شى ) دېگەن سۆز «khasa» دىن كېلىپ چىققان دېگەننى قول-
لايدۇ ھەم «kāoia ŏpn» بولسا «qaš» (قاشتېشى ) ئۈچۈن بېرىلگەن
نام ئىدى ، دەپ قارايدۇ . بىراق ، مەن ئۇلۇغ ياۋچىلارنى تۈرك -
موڭغۇل تىلىدىكى خەلقلەر دېگەنگە ئىشەنمەيلا قالماستىن ،
«qaš» نى «khāsa» دىن كېلىپ چىققان دەپ قارىمايمەن . مېنىڭ
ھېس قىلىشىمچە ، «ka'oia ōpn» دېگەن سۆز ئەڭ دەسلەپ 1076 -
يىلى يېزىلغان مەھمۇد قەشقەرى (kāšğari) نىڭ كىتابىدا ئۇچرايدۇ ،
ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىرقەدەر قەدىمكى تارىخىي ئەھۋاللار توغرىسىدا
ھېچنېمىنى بىلمەيمىز .

مەن قەشقەر نامىنىڭ پەقەت بىر قىسمى بۆلەكلىرىنىڭ ئېتىمو-
لوگىيىسىدە تالاش - تارتىش مەۋجۇت دەپ قارايمەن . بۇرنوئۇف
(Burnouf) مۇ ئاللىقاچان بۇنى ھېس قىلغان . بۇ ئالدى بىلەن
ئۇنىڭ ھۇمبولات (Hurmbolat) قا بەرگەن «khaśagairi (khaś دىكى
كىچىك تاغ ) بولسا ‹قەشقەر › دېگەن سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسى بولۇشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كېرەك» دېگەن تەكلىپىدە ئىسپادىلەنگەندۇ (A . ستەيىن : «قەدىمكى خوتەن» 50 ـ ، 51 ـ بەتكە قاراڭ) . گەرچە «khāsa» بىلەن «kaš» قىلچە مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ ، بىراق بۇ سۆزنىڭ ئىككىنچى بوغۇمى سانسكرىت تىلىدىكى «giri» ، ئاۋېستادىكى «gairi» ، خوتەن ساك تىلىدىكى «ga'ri» ، ۋاخان تىلىدىكى «yăr» ، «yayn» ، «gor/gar» غا ماس كېلىدىغاندەك قىلىدۇ . خۇيلىننىڭ بۇ يەر نامىنى خەنزۇ تىلىدا «سۇلې قەلئەسى» (蔬勒镇) دەپ ئەمەس ، بەلكى «پامىر قەلئەسى» (葱岭镇) دەپ تەرجىمە قىلىشىمۇ دەل مۇشۇ مەنىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن . بۇنداق بولغاندا ، kašgiri (قەشقەرى) دېگەن سۆزنىڭ ئالدىنقى بوغۇمى بولغان (پىياز) (葱) مەنىسىدىكى ئۇ سۆزنى چوقۇم پامىر شېۋىسىدىن ئىزدەش كېرەك . شىما (shim'a) تىلىدا «پىياز» «kašu» دېيىلىدۇ ، بۇرۇشاسكى (Burušaski) تىلىدا «gašu» دېيىلىدۇ («بۇرۇشاسكى تىلى لۇغىتى» 3 ـ توم ، 182 ـ بەت) . بىراق ، بۇ ئىككى خىل تىل ئىران تىلى ئەمەس ، يەنە كېلىپ ئۇلاردا «gairi» ، giri (تاغ دېگەن مەنىدە) دېگەندەك سۆزلەر يوق . شۇڭا ، مەن خۇيلىن (慧林) نىڭ تەرجىمىسىمۇ پۈتۈن نامنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئەكس ئەتتۈرەلمەيدۇ ، دېگەنگە مايىل ، ئۇنىڭ ئۈستىگە «kašgir» (كاشغىر)نىڭ ئالدىنقى بوغۇمىنى يەنىلا تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

بىراق ، سوغدى تىلىدا «kašgiri» (كاشغىرى) دېگەن نام ئومۇملاشقاندىن باشقا ، ئالدىنقى بوغۇمى قىسقارتىلغان شەكلىمۇ ئومۇملاشقاندەك قىلىدۇ . ھېچبولمىغاندا ، بىز تۆۋەندىكى خۇلاسىنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم . مۇبادا kāše دېگەن سۆزنى kāšak («قەشقەر» دېگەن مەنىدە) دەپ چۈشەنسەك ھەم بۇ خىل ئەھۋال مۇمكىن بولىدىغان بولسا ، ئۇ ھالدا ، «ماھىرناماگ (Mahrnāmag)» دېگەن ئەسەرنىڭ 146 ـ قۇرىدىكى «kāšanc=Q's'nč» ئۇنىڭ مەنپىي شەكلى بولۇشى مۇمكىن . يېقىنقى يىللاردىكى ئەسەر «شىن ماۋسىننىڭ سەپەر خاتىرىسى» 辛卯侍行记 نىڭ ئاپتورى «قەشقەردىكى تۈركلەر ھازىر بۇ شەھەرنى قىسقارتىپ «كاشى» Qaš ياكى Qaši دەپ ئاتايدىكەن . بۇ تاڭ دەۋرىدىكى

佳沙 ۋە 伽师 دىن ئىبارەت ئىككى خىل قىسقارتىلغان شەكىل ئۇچۇن
مىسال بىلەن تەمىن ئەتتى، دەپ يازىدۇ. بىراق، بۇ كىتابنىڭ
ئاپتورى 1891 ـ يىلى تيەنجىندىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن. قەشقەرنى زىيا-
رەت قىلىپ باقمىغان، مەن ئەينى چاغدا بۇ خىل «يېقىنقى زامان
قىسقارتىلغان شەكىل»نى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. شۇڭا، ئۇنى ئاپتور
ئويدۇرۇپ چىققان، دەپ قارايمەن.

A . ستەيىن «قەدىمكى خوتەن» دېگەن ئەسىرىدە: مۇسۇلمان
ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدە قەشقەر (ياكى كاشىغەر)نىڭ ھەر خىل
يېزىلىش ئۇسۇلى بار. مەسىلەن، «كاشگار»، «كاشغەر»، «كا-
شىكار»، «قاشقار» قاتارلىقلار، دەيدۇ. بىز چوقۇم شۇنى ئەستە تۇتۇ-
شىمىز كېرەككى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار پەقەت ئىلگىرى قوللىنىل-
غان شەكىللەرنىڭ بىرى، ئەرەب مەنبەلىرىدىكى ئىبنۇل ئەسىر
(IbnAl • Asir)، پارسچە «ھۇدۇدۇل ئالەم» (Hudūdul—Ālam)، تۈر-
كىي تىلدىكى «قۇتادغۇبىلىك» (Qutadğu bilig) قاتارلىق كلاسسىك
ئەسەرلەردە يۇقىرىقىدەك يېزىش ئۇسۇلى ئىشلىتىلگەن. خاتالىق بولمى-
غان ئەھۋال ئاستىدا «كاشكار» (kāškar) «كاشغەر» (kāšğar) ۋە
«قاشقار» (Qāšqar) قاتارلىق يېزىلىش ئۇسۇلى («k» بىلەن «g»
بەزى قوليازمىلاردا ئازراق پەرقلىنىدۇ. لېكىن؛ «q» (ق)
بىلەن «y» بەكلا ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن) ھەرگىزمۇ تۈرك تاۋۇشلىرى-
نىڭ ئۆزگىرىش نەتىجىسى ئەمەس، بەلكى تۈرك، موڭغۇل تىلىدىكى
بىر سۆزدە «k» (ياكى «g») بىلەن «q» (ياكى «y») تاۋۇشلىرىدا
ئوخشاش بولمىغان ئوقۇش ئەھۋالىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن بولغان. ئۇنىڭ-
دىن باشقا، پارس تىلىدا «k» (ك)، «q» (ق) ياكى «ḥ» (خ)
تاۋۇشلىرىنىڭ ئالمىشىشى دائىملىق ئەھۋال. XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا
ئەبۇل فىدا (Abū—I— Fida)، «قاشغەر» (Qašğar) ۋە «كاشغەر»
(kāšğar) دىن ئىبارەت ئىككى خىل يېزىش ئۇسۇلىنى ئىشلەتكەن بول-
سىمۇ، لېكىن ئۇ نەقىل ئالغان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە «كاشغەر»
(kašğar) دېگەن بىرلا يېزىش ئۇسۇلى بار ئىدى. ئەمما،
ۋۇللېرس (Vullers) نەقىل ئالغان ئىككىنچى خىل شەكلى «كاچ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



غار» (kačğar) ۋە «كازغار» (kazğar) دېگەن ناملار «بورخانى قاتى» (Burhan—i—Qati) دېگەن ئەسەردىن كەلگەن . «كازغار» (kazğar) دېگەن بۇ خىل شەكىل ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق ، لېكىن بۇ سۆز š نىڭ ئالدىدىكى سىيرىلالىغۇ تاۋۇش «ğ» (غ) نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن . ئەمما ، «كاچغەر» (kāčğar) بولسا «كاچ-غەرى» (kačğari/kajğari) نىڭ سۈپەت شەكلى ئىكەنلىكى ئاللىقاچان ئىسپاتلىنىپ بولدى . قەشقەردىكى تۇنجى تارىخشۇناسنىڭ دادىسى (ئۇ 1093 ـ يىلى ۋاپات بولغان بولۇپ ، ئوغلىدىن ئون يىل كۆپ ئۆمۈر كۆرگەن) نىڭ ئىسمى ھۈسەيىن ئەل ـ ئەلمائى ـ ئەل كاجغەرى (Husain — al — Almai — al Qajğari) ئىدى (بارتولد : «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» ، «قەشقەر» ماددىسىغا قاراڭ) . كاچغەر (kačğar) دېگەن سۆزنىڭ شەرھىسى توغرىسىدا ھېچقانداق كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويمايمەن .

تاڭ سۇلالىسى دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن قەشقەر ، خوتەن ، كۇ-سەن ۋە قاراشەھەر خان جەمەتلىرى خەنزۇلار دائىم قوللىنىدىغان فامى-لىلەرنى قوبۇل قىلغان ياكى ئىشلەتكەن . لېكىن ، ئۇنىڭ سەۋەبى تا بۈگۈنگىچە مەلۇم ئەمەس . قەشقەر خان جەمەتىنىڭ فامىلىسى پېي (裴) بولغان بولسا ، خوتەن خان جەمەتى يەرلىك خانلىقنىڭ نامىغا ماس كېلىدىغان فامىلىنى قوللانغان (خانلىقنىڭ نامى ۋىجايا (Vijaya) بولغاچقا ، خەنزۇچە فامىلىسىمۇ 尉 بولغان) . قەشقەردىكى پېي فامىلە-سىدىمۇ شۇنداق ھادىسە مەۋجۇتمۇ ؟ بۇنى تا ھازىرغىچە ئاڭقىرالمىدۇق . لېكىن ، A . ستەيىن ئۆزىنىڭ «قەدىمكى خوتەن» دېگەن ئەسىرىدىمۇ تۆۋەندىكى كۆزقاراشنى تەكرارلىغان ، يەنى ئەرەبلەر قۇتەيبەنىڭ باشچى-لىقىدا مىلادىيە 715 ـ يىلى قەشقەرنى بويسۇندۇرغان . لېكىن ، گىب (Gibb) كۈچىنىڭ بارىچە بۇ قېتىمقى ئۇرۇش توغرىسىدىكى ئاشۇ بىر رىۋايەتنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ . گىبنىڭ بۇ خىل كۆزقارىشى يەنە W . بارتولدنىڭمۇ قوللىشىغا ئېرىشتى (W . بارتولد «ئىسلام ئېنسىك-لوپېدىيىسى» ، «قەشقەر ماددىسى»غا قاراڭ) .

تاڭ سۇلالىسى شىنجاڭنىڭ ئەڭ غەربىدىكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دىن مەھرۇم بولغاندىن كېيىن ، بىر تۈرك خانلىقى ئۇلارنىڭ ئورنىغا
چىقتى ھەم ئۆزلىرىنىڭ مەركىزىنى قەشقەرگە قۇردى . بۇ نامنى ئىلگە-
رى - كېيىن بولۇپ ئەل - مۇقەددىسى (Al—muqaddisi) ، ئەل
بىرونى (Al—Biruni) ، مەھمۇد قەشقەرى ، ئەبول فىدا قاتارلىقلار
ئىشلەتكەن . بىراق ، ئۇ ھېچقاچان «قەشقەر» دېگەن نامنىڭ ئورنىنى
باسالمىغان . ھارتمان (Hartman) ۋە كېيىنچە بارتولدمۇ موڭغۇل دەۋ-
رىدىن تارتىپ قاغاننىڭ مەركىزى قەشقەرگە ئەمەس ، بەلكى يەكەنگە
تەسىس قىلىنغان ، قەشقەر پەقەت 1877 - يىلى جۇڭگولۇقلار قايتا
بويسۇندۇرغاندىن كېيىنلا مۇشۇنداق مۇھىم رول ئوينىغان دېگەندە چىڭ
تۇرىدۇ . بۇ خىل قاراش بەكلا چەكتىن ئېشىپ كەتكەن بولۇشى مۇم-
كىن ، لېكىن 1604 - يىلى بېنېدىست .گوس
(Benedict • Goës) ئۇ يەرنى زىيارەت قىلغاندا ، ئۇنىڭ مەركىزى يەكەن-
گە تەسىس قىلىنغانىكەن .تۈركي تىلدا يېزىلغان ئەڭ قەدىمكى ئىككى
پارچە ئەسەر قەشقەرنىڭ نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . «قۇتادغۇ بىلىك»
1069 - يىلى مۇشۇ يەردە يېزىلغان . 1076 - يىلى يېزىلغان
تۈرك ئېلىنىڭ تۇنجى لۇغىتى «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»
(Divan lughat—at—Turk) قەشقەرلىك مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەسىرى
ئىدى .

1240 - يىلى يېزىلغان «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»دا قەش-
قەرنى «كىسقار» (kisqar) دەپ خاتىرىلىگەن . بۇمۇ بەلكىم XIV
ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە كۆچۈرگۈچىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان
خاتالىق بولۇشى مۇمكىن . ئۇلار بۇ نامنى تونۇمىغان ياكى بىلمىگەندەك
قىلىدۇ . موڭغۇل تىلىدا «s» بىلەن «š» نىڭ پەرقى يوق ، شۇنىڭ
بىلەن بىرگە ، تەرجىمە قىلىپ يازغاندا «ğ» بىلەن «q» نى ئېنىق
پەرقلەندۈرەلمىگەن . بىرىنچى بوغۇمىدا «a» خاتا ھالدا «i» بولۇپ
قالغان . بۇنىڭدا چوڭ خاتالىقتا يول قويغاندەك قىلىدۇ . بۇ خىل
ئەھۋال ئاستىدا «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دىمۇ ئوخشاش خاتالىق
سادىر بولغان ، دەپ قارايمىز . موڭغۇل تىلىدىكى «ki» ئوتتۇرا تاۋۇش
بولغانلىقتىن «y» بىلەن «q» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرخىل سۆزلە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئورتاق ئىشلىتىلگەن . شۇڭا ، «ka» نىڭ ئىشلىتىلىشى چىقىرىپ تاشلانغاچقا ، بۇنداق خاتالىقنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇقەررەر ئىدى . 1240 ـ يىلىدىكى ئەسلىي قولىيازما نۇسخىسىدا «kišgar» ، «kašgar» (كىشغار/كاشىغار )دېگەن نامنى ئىشلەتكەن .

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا «قەشقەر» دېگەن نامنىڭ نۇرغۇنلىغان ئاھاڭ تەرجىمىسى بار ، لېكىن كونكرېت تەھلىل قىلغاندا ئىككى خىل مەنبەنى مۇستەسنا قىلىشقا بولمايدۇ . بۇنىڭ بىر خىلى بىرىنچى تەرجە- مىسى بولغان «kasğar» دېگەن نام «كىشغار» ، «كىشخار» ، «جاشى- خا» ، «كاشخارى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان . يەنە بىرسى (哈失哈) «Qasğar» تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن . بۇ ئۆز- گىرىش موڭغۇل تىلىدىكى تەلەپپۇزغا ماسلىشىش ئېھتىياجىدىن بولغان . يەنە بىر خىل شەكلى بولسا «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 123 ـ جىلدىدا «乞失哈里» شەكلىدە كۆرۈلگەن بولۇپ ، بۇ «kišgar» (كىشغار ) دىن تەرجىمە قىلىنغان . بۇ بەلكىم ئەسلىي موڭ- غۇل تىلىدىكى نۇسخىسىدا تىلغا ئېلىنغان «kašgar» (كاشغار ) نىڭ خاتا يېزىلىشى بولۇشى مۇمكىن .

ماركوپولونىڭ دېيىشىچە ، قەشقەر بۈيۈك خانغا تەۋە ئىكەن . خوتەنمۇ شۇنداق ئىكەن . يەكەن بۈيۈك خاننىڭ جىيەنى قايدۇغا تەۋە ئىكەن (شۇ كىتابنىڭ «قەشقەر» ، «خوتەن» ، «يەكەن» ماددىلى- رىغا قاراڭ ) . ماركوپولونىڭ كىتابىدىكى بۇ خىل كۆزقاراش ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ ، بۇ كۆزقاراش مۇنداق بىر ئەمەلىيەت ئۈستىگە قۇرۇلغان ، يەنى قايدۇ بىلەن بۈيۈك خاننىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى قۇ- مۇل بىلەن قارا شەھەر ئارىلىقىنى ئۆزىنىڭ چېگرىسى قىلغاچقا ، شىنى- جاڭنىڭ پۈتۈن غەربىي قىسمى قايدۇغا تەۋە بولاتتى . ئەلۋەتتە ، بۇ ماركوپولو دەۋرىدىكى ھەرقايسى سىياسىي كۈچلەرنىڭ ھەقىقىي ئورنى- نىڭ بايانى ئەمەس ئىدى . ئەمەلىيەتتە ، راشىددىن (Rašidu—d—din) : «قارا خوجا رايونى (تۇرپاننىڭ شەرقىي قىسمى ) كۈچىنىڭ بارىچە قۇبلاي بىلەن قايدۇ ئوتتۇرىسىدا بىتەرەپلىكنى ساقلاپ قالماقچى بول- غان» دەيدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ، 1330 ـ يىلىدىكى خەرىتىدە قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلەن خوتەننىڭ چاغاتاي جەمەتىنىڭ شۇ چاغدىكى رەھبىرى ئۇلاي تېمۇر-نىڭ تەسىر دائىرىسىگە تەۋە ئىدى . لېكىن ، شۇنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇكى ، قۇبلايخاننىڭ قوشۇنلىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئىلى-نىڭ ئالمىلىقتا تۇرغان ، بۈيۈك خان دۈنخۇاڭ ئارقىلىق لوپنۇردىن قەشقەرگىچە بولغان پۈتۈن لىنىيىدە رابات قۇرغان . ئۇ ھەتتا بەدەخشان (Badascian) دىكى كانغىمۇ ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن ئىشلەت-كەن . بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ، خوتەن بىلەن قەشقەر بۈيۈك خانغا تەۋە ، لېكىن يەكەن باشقا بىر ھاكىمىيەتكە تەۋە دېگەن گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ئۇنچىۋالا ئەجەبلىنىپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق . شاھزادە ئالوخو (阿鲁忽) بىر مەزگىل قۇبلاينىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى خوتەننى تارتىۋالىدۇ . بۇ توپىلاڭ ماركوپولو ساياھەتتىن ئۇزاق ئۆتمەيلا يۈز بەرگەن (شۇ ئەسىرنىڭ «خوتەن» ، «بەدەخشان» ماددىلىرىغا قاراڭ ) . لېكىن ، بۇ يەكەن بىلەن خوتەننىڭ ئورنىغا تەسىر يەتكۈزەلمە-گەن . ئەلۋەتتە مۇنداق ئېھتىماللىقمۇ بار ، يەنى يەكەن گەرچە بۈيۈك خان ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلار ئىچىدە بولسىمۇ ، بېقىندى ئەل ھېسابى-دا ياكى ھېچبولمىغاندا ئۇ يەردىن يىغىلغان باج شىرەم تۇققانلىرىدىن بولغان شاھزادىلەرگە بۆلۈپ بېرىلگەن . بۇنىڭدىن باشقا ، ماركوپولونىڭ بۇ توغرىسىدىكى بايانىدا خاتالىق بولۇشى مۇمكىن .

XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 1514 - يىلىغىچە قەشقەر دوغلات (Duğlat) قەبىلىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان ، شۇنداقلا يېڭى بىر خانلىق مۇشۇ يەردىن باشلانغان ھەم تاكى XVII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە داۋام قىلغان . قەشقەر بىلەن قالماقلار ، جۇڭگو ئوتتۇرىسى-دىكى يېقىنقى زامان ئالاقىسى ۋە زىددىيەتلەرنى بۇ يەردە تەپسىلىي بايان قىلىشقا ئامال بولمىدى . XIV ئەسىردىن XIV ئەسىرگىچە بولغان قەش-قەرنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى مۇھىم ماتېرىيال مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى» ناملىق ئەسىرى (يەنە بىر نامى «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى» ) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، بېللېۋ (Bellew) نىڭ «قەشقەر تارىخى» دېگەن ئەسىرىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قەشقەرنىڭ يەرلىك ھۆكۈمرانلىرى مىڭ سۇلالىسى بىلەن ئۆزئارا ئەلچى ئەۋەتىشىپ تۇرغان ، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» 332 ـ جىلدىدىكى «قەشقەر» (哈实哈尔) گە ئالاقىدار مەزمۇنلاردا بۇ ئىككى ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدىكى 1408 ـ ، 1413 ـ ، 1426 ـ 1435 ـ ، 1547 ـ يىللىرىدىكى ئالاقىلەر بايان قىلىنغان . 1547 ـ يىلى يېزىلغان «چېگرا رايون سىياسىيسى ئۈستىدە تەتقىقات» (边政考) دېگەن كىتابتا ساقلىنىپ قالغان مىڭ سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ سەپەر خاتىرىسىدە «قاشىقىرى» (恰失恰力) دېگەن شەھەر تىلغا ئېلىنغان ھەم بۇ يەردىن غەربكە بەش چاقىرىم ماڭساق «شىغال شەھىرى» (失哈力城) گە بارىمىز ، دېيىلگەن . شەك ـ شۈبھىسىزكى ، «恰失恰力» دېگەن سۆز «قەشقەر» دېگەن سۆزنىڭ خاتا تەلەپپۇزى ئىدى . بۇ ھەقتە باشقا بىر نۇسخىسىدا ئۇنىڭ توغرا نامى بايان قىلىنغان («جۇڭگوغا باھا» ژۇرنىلىنىڭ 5 ـ سان 235 ـ بېتىدىكى بېرىنچىندىرنىڭ بىرئاز كېيىنرەك بېسىلغان نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىغا قاراڭ) . ئىككى كىتابنىڭ ھەممىسىدە «失哈力» (شىغال) دېيىلگەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ نام توغرا بولۇشى مۇمكىن ، لېكىن مەن يەنىلا ئۇ «قەشقەر» (哈失哈力) دىن ئۆزگەرىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن ھەم ئوخشاشلا «قەشقەر» دېگەن نامنىڭ خاتا ئاتىلىپ قالغان نامى بولۇشى مۇمكىن ، دەپ گۇمان قىلىمەن . XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ جۇڭگو بۇ يەرنى ، «قەشقەر» (喀什噶尔) دەپ ئاتاپ كەلگەن . بۇ خىل ئاتاش موڭغۇل تىلىدىكى «Qāsqar» دىن ئەمەس ، بەلكى تۈرك تىلىدىكى «كاشغەر» (kašğar) دىن تەرجىمە قىلىنغان . مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق ، «قەشقەر» (喀什噶尔) دېگەن نامنى ئىشلىتىش بىلەن بىرگە ، «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» دە بۇ يۇرتتىكى ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل شەكىللىرى خاتىرىلەپ قالدۇرۇلغان . ئۇنىڭ شەكىللىرى تۆۋەندىكىچە ، موڭغۇل تىلىدا Qasiqar ، قالماق تىلىدا Qasiğar ، تىبەت تىلىدا kha—ši—kar ، تۈرك تىلدا Qašqar دېيىلگەن . ئەمەلىيەتتە ، رۇسىيە تۈركىستانىدىكى ھازىرقى تەلەپپۇزىدا «kašğar» دې-

يىلسە، شىنجاڭدا ئادەتتە «kašqar» دەپ ئوقۇلىدۇ. تاشكەنتتە بىز بىر سارت (sart) دىن «قاشىقار» نىڭ توغرا شەكلى چوقۇم «Qašqar» بولۇشى كېرەك، دېگەننى ئاڭلىغاندۇق. قالماقلار تەسىرىدىكى بۇ موڭغۇلچە تەلەپپۇز كوۋالېۋسكىي (kowalewski) نىڭ لۇغىتىدە «Qasiqar» دېيىلگەن بولۇپ، بۇ سۆز خەنزۇچە - موڭغۇلچە سۆزلۈكتىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ بىلىشىمچە، تىبەتچىدە قەشقەرنىڭ يېقىنقى زاماندىكى بۇ نامى ئەڭ دەسلەپ «تىبەت خانلىرى نەسەپنامىسى» (Die kōnige vonTtibet) دا تىلغا ئېلىنغان، ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان «o—don—kas—dkar» نىڭ «ئۇدۇن بىلەن قەشقەر» دېگەن مەنىسى بار.

ماركوپولونىڭ دېيىشىچە، قەشقەردە بىرقىسىم نىستورىئان دىنى مۇرىتلىرى ۋە چېركاۋلىرى بار ئىكەن، Z نۇسخىسىغا[①] ئاساسلانغاندا بىرقىسىم چېركاۋلارنىڭ بارلىقى مۇقەررەر ئىدى[②]. Y نۇسخىسىنىڭ 182 - بېتىدە نۇرغۇنلىغان مۇرىتلار بار دېيىلگەن، پەقەت FB نۇسخىسىغا ئاساسلانغاندا [③] يۇقىرىقى مەلۇماتلارغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. بىراق، V نۇسخىسىدا بۇلار تولۇقلىنىدۇ، بۇ نىستورىئان مۇرىتلىرى «يۇنان قائىدىلىرى»گە ھۆرمەت قىلىدىكەن دېيىلگەن. بۇمۇ خالىغانچە پەرەز قىلىشتىن بولغان. Z نۇسخىسىدىكى مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ نىستورىئان دىنى مۇرىتلىرى تۈركلەر ئىكەن. بۇ خىل چۈشەندۈرۈشنىڭ بىرئاز ئاساسى بار. چۈنكى، شەرق ماتېرىياللىرىدىمۇ بۇ خىل قاراشلار مەۋجۇت، يەنى ئوتتۇرا ئاسىيا نىستورىئان دىنى مۇرىتلىرى تۈركلەر ئىدى. رىسى .روس (Rici—Ross) نۇسخىسى بىلەن بېنېدېتتو (Benedetto) تەرجىمىسىدە «بۇ جايلاردىكى تۈركلەر ئارىسىدا» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇنداق تەرجىمە قىلىش تۆۋەندىكى ئۇنىڭ بارلىقىدىن بولغان، يەنى قەشقەردىكى بارلىق ئاھالىلەر تۈركىي خەلقلەر ئىدى. مۇبادا قەشقەردە بىرقىسىم نىستورىئان

---

① «ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى»نىڭ بىرقىسىم تەرجىمىلىرىنىڭ نامىنى كۆرسىتىدۇ. «Z» بولسا پالازىدو .زورلا (Placido zurla) نى كۆرسىتىدۇ.

② ھېنرى يولى (Henry yule) نۇسخىسىنى كۆرسىتىدۇ.

③ FB .بېنېدېتتو (Benedetto) نۇسخىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



دىنىدىكى تۈركىي خەلقلەر بار ئىدى دەپ قارالسا، ئۇ ھالدا بەكلا بىمەنىلىك بولىدۇ. لېكىن، Z نۇسخىسىدا كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان «نىستورىئان دىنى تۈركلىرى» دېگەن مەزمۇنلار ھەقىقەتەنمۇ ماركوپو-لودىن كەلگەن. بىراق، بىز ماركوپولو ئېيتقان تۈركىي خەلقلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، دەپ قارايمىز. لې-كىن، ئۇنىڭ قارىشىچە، ئاتالمىش ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ئەمەسمىش، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنلىرى خرىستىئان دىنى مۇرىتلىرىمىش. ئەمەلىيەتتە، قەشقەردىكى نىستورىئان دىنى مۇرىتلىرى ئىچىدە نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار بار ئىدى. بۇ ئۇيغۇرلار بەلكىم مۇسۇلمانلار ئىشلەتكەن ئەرەب يېزىقىنى ئىشلەتمەي، ئاۋۋالقى-دەكىلا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، «بۇ يەردىكى تۈركلەر ئىچىدە» دېگەن بۇ خىل قاراش بىر خىل تەرجىمە بولۇپلا قالماي، ئەسلىدىكى تېكىست-نىڭ ئىزاھاتى بولۇپ قالغاندى.

سۈرىيە يېزىقى (Suriac) دا يېزىلغان ھۆججەتلەر قەشقەرنىڭ نىستورىئان دىنى گۇرۇھىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. XIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى بىر پارچە نىستورىئان دىنى رايونلىرى كاتالوگىدا «قەشقەر» (kāšgar) دىنىي رايونىنىڭ نامى 19 - ئورۇنغا تىزىلغان. «كاسېمگار» (kāsemgar) بىلەن ناۋا كەنت (Nuāketh) 25 - قاتارغا تىزىلغان. 1349 - يىلى يېزىلغان باشقا بىر ھۆججەتتە «تارك» (Tark) تۈرك دەپ ئوقۇلىدۇ) «قەشقەر» (kašgar) نىڭ ئورنىغا ئۆتۈپ 19 - دىنىي رايون دەپ ئاتالغان، كاسېمگېر (kāsemger) ۋە «ناۋا كەنت» (Nuākath) 25 - دىنىي رايوندا ئىدى. شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ يەردە ئوخشاش بولغان ئىككى خاتالىقتا يول قويۇلغان. قەشقەر 25 - دىنىي رايونى بولۇشى، ھەتتا بۇ دىنىي رايوندىكى ئىككى جاينىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن (بۇ خىل بىر باش روھانىينىڭ ئىككى ئورنى بولۇشتەك ئەھۋال خرىستىئان، نىستورىئان دىنىدا ھەمىشە كۆرۈلىدۇ). «ناۋاكەنت» (Nuāketh) ياكى «ناۋكەت» (Navakath) شەك - شۈبھىسىزكى، ئىران تىلىدىكى سۆز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بولۇپ ، «يېڭى شەھەر» دېگەن مەنىدىكى يەرلەرنى كۆرسىتەتتى . «ھۇدۇدۇل ئالەم» دېگەن ئەسەردە چۇ دەريا جىلغىسىدىكى تۇنكات (Tūnkat) نىڭ يېقىن ئەتراپىدا ناۋاكات (Navakat) شەھىرى بار ، دېيىلگەن . V .مىنورسكىي «تۇنكات» بىلەن جۇڭگو مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنغان « 顿建 » (Tünkānt دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى ) نىڭ ئوخشاش بىر يەر نامى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ ، لېكىن Navakat نىڭ جايلاشقان ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ئامال بولمىدى . ئەمما ، شۇنىسى ئېنىقكى ، ئۇ جۇڭگو مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «تۇنكەنت» (Tünkānt) نىڭ شەرقىگە 60 كىلومېتىر كېلىدىغان «يېڭى كەنت» (Navaketh) ئىدى . لېكىن ، بۇ «يېڭى كەنت» رۇسىيە تۈركىستانى چېگرىسىدا بولۇپ ، قەشقەر بىلەن ئوخشاش بىر دىنىي رايونغا تەۋە شەھەر ئىدى . قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ جۇڭگو تۈركىستانى چېگرىسى ئىچىدە بولۇشى كېرەك ئىدى . «ھۇدۇدۇل ئالەم» دە لوپنۇر رايونىدىكى باشقا يەرلەرنى مىسال كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ، «بۇ دەريانىڭ قىرغىقىدا» «ناۋىجكات» (Navijkath) دېگەن بىر شەھەر بارلىقى تىلغا ئېلىنغان . V . مىنورسكىي بۇ شەھەرنىڭ ئورنى توغرىسىدا ئىككىلىنىپ قالغان . لېكىن ، توغرا قىلىپ ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ ئىسمى ئەمەلىيەتتە سوغدى تىلىدىكى «Nōč—kaθ» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ ، «يېڭى شەھەر (كەنت )» مەنىسىدە ئىدى . بۇ يەر قەدىمدە سوغدىلارنىڭ لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر مۇستەملىكىسى بولغان جاي ئىدى . بۇنىڭغا قارىتا مەن قىسقا بىر پارچە ماقالە يازغانىدىم . مىنورسكىي مەن ئوتتۇرىغا قويغان بىر مەسىلىگە دىققەت قىلمىغان ، يەنى لوپنۇر رايونىدىكى «ناۋىجكەنت» (Navijkath) خەنزۇ مەنبەلىرىدە « 弩支城 » دەپ تىلغا ئېلىنغان . « 弩支 » چوقۇم سوغدى تىلىدىكى «Nōč» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇزى بولۇشى كېرەك . سوغدى تىلىدا بۇ يەرنىڭ تولۇق ئاتىلىشى «Nōč—kaθ» ئىدى . خەنزۇچە ھۆججەتلەردە بۇ ۋەقە تۇنجى قېتىم 750 - يىلى تىلغا ئېلىنغان . ئۇنىڭدىن باشقا ، VIII ئەسىردە يەنە بىر قېتىم تىلغا ئېلىنغان . «ھۇدۇدۇل ئالەم» 982 - يىلى يېزىلغان ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لېكىن «نوۋكەنت» (يېڭى كەنت) VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا لوپنۇر-
نىڭ جەنۇبىدىكى سوغدى كۆچمەنلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان. گەرچە بىز
بۇ شەھەرنىڭ X ئەسىردىن كېيىنكى تارىخى توغرىسىدا بىر نەرسە
بىلمىسەكمۇ، بىراق ئۇ سوغدىلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولغاچقا، ئاۋۋال-
قىدەكلا خرىستىئان دىنى مەركىزى بولغان ۋە ئۇزاققىچە داۋاملاشقان،
شۇنداقلا قەشقەر بىلەن بىرلىكتە تارىم ئويمانلىقىدىكى نىستۇرىئان
دىنىي باش روھانىيلارنىڭ تۇرىدىغان جايى بولۇپ قالغان.
«Nuāketh» ياكى «Navaketh» بەلكىم سوغدى تىلىدىكى
«Nōc̆—kāθ» نىڭ پارسچە شەكلى بولۇشى مۇمكىن. ئويلاش قىيىن
بولغىنى شۇكى، سۈرىيە يېزىقىدىكى تىزىملىك (مۇبادا تەكشۈرۈپ دەل-
لىللىشىمىز توغرا بولىدىغان بولسا) تىن باشقا، موڭغۇللار دەۋرىدە بۇ
شەھەرنى تىلغا ئالغان ياكى يۇقىرىدا بايان قىلغان نام بىلەن ئۇنى تىلغا
ئېلىپ ئۆتكەن بىرمۇ ماتېرىيال يوق.

تىزىملىكتىكى «kasĭmghar» ياكى «kāsemgar» دا چوقۇم بىر ئاز
خاتالىق بار. مەن دەسلەپكى مەزگىللەردىكى مۇسۇلمان ئاپتورلار ئەسەر-
لىرىدىن نەقىل كەلتۈرگەن kasǧar (كاشغار) دېگەن شەكلىنى موڭ-
غۇللار دەۋرىدىكى جۇۋەينى (juwaini)، راشىدىن (Rasidud—in)،
ۋاسافى (wasāFi) ھەمدە «نوزاتى - قۇلۇب» (Nuzhat—ai—Qulūb)
نىڭ ئاپتورى قاتارلىقلارمۇ قوللانغان. بۇنىڭدىن باشقا، سۈرىيە مۇئەللى-
پى پەقەت «kāsgar» نامى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان (نامىنى توغرا
يازغان بولسىمۇ، لېكىن XIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى سۈرىيە يېزىقى-
دا يېزىلغان جەدۋەلدە ئورنىنى خاتا قويۇپ قالغان). بەلكى يەنە، بۇ
نام M. ياھبالاخا (M • yahbalaha) نىڭ 3 - ئەسىرىدىكى جۇغراپىيە
ئەسەرلىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ، بۇ مەنبەلەردە «kashkar» (كاشكار) شەك-
لىدە ئۇچرايدۇ (بۇ ھەقتە بوت: «قۇبلايخان دەۋرىدىكى راھىبلار» نىڭ
«قەشقەر» بابىغا قاراڭ). شۇڭلاشقا، نىستۇرىئان دىنى باش روھانىي-
سىنىڭ چوقۇم بىر دىنىي رايون تىزىملىكى بار بولغان. ئاسسەمانى
(Assemani) توپلىمىنىڭ ئىشلىتىلىش قىممىتى بىرقەدەر يۇقىرى،
بىراق كىشىلەر مۇشۇ تىزىملىك قاتارلىق مۇھىم يازما ھۆججەتلەرگە

www.uyghurkitap.com



قارىتا يېڭىۋاشتىن تۈزىتىش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىنىۋاتىدۇ .

ماركوپولو قەشقەر ھەققىدىكى بايانلىرىدا يەنە بىر قىزىقارلىق مە-سىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان . ئۇنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا ، بۇ يەردىكى خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ بىر خىل يەرلىك تىلىدا سۆزلىشىدىكەن . A . ستەيىن بۇنىڭدىن قاتتىق ھەيران قالغان . چۈنكى ، «قۇتادغۇبىلىك» 1069 - يىلى قەشقەردە تۈركىي تىلدا يېزىلغان ئەسەر ئىدى . بۇنىڭدىن بىز «تۈركىي تىل ماركوپولو دەۋرىدە بۈگۈنكىگە ئوخشاش قەشقەردە ئومۇملاشقان تىل ئىدى» دەپ ھۆكۈم قىلالايمىز . ماركوپولو يەكەن ، خوتەن ياكى چەرچەن (cărcăn) ئۈستىدە توختالغاندا بۇ خىل ئەھۋاللارنى تىلغا ئالمىغان .

بۇنىڭغا قارىتا ھەرخىل چۈشەندۈرۈشلەر بولۇشى مۇمكىن ، بىرقىـسىم نۇسخىلاردا «بۇ يەردىكى كىشىلەر» دېگەن سۆز قىسقارتىلغان . مۇناسىۋەتلىك سۆز - ئىبارىلەر ئىچىدىكى بىر قىسمى پەقەت نىستورىئان دىنى مۇرىتلىرىغا ماس كېلىدۇ . خۇددى مولې (Mole) ئېيتقاندەك ، بۇ خىل ئۇسۇل توغرا بولۇشى مۇمكىن ، بىراق مەن ، بۇ ئانچە مۇمكىن ئەمەس ، دەپ قارايمەن . يەنە كېلىپ ئۆزۈممۇ مۇشۇنداق بىر قاراشقا مايىلراق ، يەنى ماركوپولو ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان دۆلەتلەردىن بىراقلا قەشقەرگە كەلگەن ھەم بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقىنى بايقىغان ، شۇنداقلا بۇ تىلنىڭ ئۆزگىرىشىگە دىققەت قىلغان بولغاچقا ، يۇقىرىقى قاراش پەيدا بولغان . يەكەن ، خوتەن ۋە چەرچەن (cărcăn) قاتارلىق جايلاردىكى خەلقلەر قەشقەر بىلەن ئوخشاش تىلدا سۆزلەشكەچكە ، كېيىن بۇ ئىشلارنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمىغان .

بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى ئىنتايىن كىچىك بولسىمۇ ، لېكىن مۇنداق بىر ئەھۋالنى ئويلاپ بېقىشقا بولىدۇ ، يەنى قەشقەردە تۈركىي تىلدا بولمىغان باشقا يەرلىك تىللار ماركوپولو بۇ يەردە تۇرغان چاغدا ئاۋۋالقىـدەكلا ئىشلىتىلگەنىدى . ھازىر بىزدە مىلادىيە VI ئەسىردىن XI ئەسىرگىچە خوتەن ، كۇچادا ئىشلىتىلگەن تىللار ھەققىدە ئىنتايىن توغرا بولغان ماتېرىياللار بار بولدى . بىراق ، بۇ دەۋردىكى قەشقەرنىڭ د
كى مەزگىللەردىكى ئىرقى بىلەن تىلىنىڭ مۇناسىۋىتى ت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



نەرسە بىلمەيدىغاندەك قىلىمىز . شۈەنزاڭ قەشقەرنىڭ ئاھالىلىرى «بەدە-
ننگە گۈل چېكىلگەن ، يېشىل كۆزلۈك ئىدى » دەيدۇ . لېكىن كېيىنكى
ئاھىدىلىكىنى ئۇ پەقەت باشقا بىر مىللەتنى ، يەنى پامىر تاغلىرىدىكى
ۋاخانلىقلارنى تىلغا ئالغاندىلا سۆزلەپ ئۆتىدۇ . ئۇ يەردىكى كىشلەر
(يەنى ۋاخانلىقلارنى دېمەكچى )نىڭ «كۆزى كۆك بولۇپ ، باشقا دۆلەت-
لەردىن پەرقلىنىدۇ» دەيدۇ («يېڭى تاڭنامە»دە بۇ ئىككى مەنبە
نەقىل ئېلىنغان بولسىمۇ ، ئىككى جايدا پەقەت «كۆزى كۆك ئىدى»
دەپلا خاتىرىلەنگەن ) . شۈەنزاڭ يەنە «قەشقەرلىكلەرنىڭ تىلى ۋە تەلەپپۇ-
زى باشقا دۆلەتلەردىن پەرقلىنىدۇ » دەيدۇ ، بۇنىڭ بىلەن ماركوپولونىڭ
بايانى بەكلا ماس كېلىدۇ . بىراق ، بىز بىر نۇقتىنى تولۇقلىشىمىز
لازىم . ئۇ بولسىمۇ شۈەنزاڭ خاتىرىلىگەندەك ، ئەينى چاغدا يەكەن بىلەن
خوتەننىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ تىلى بولغان . لېكىن ، ماركوپولو پەقەت قەش-
قەرلىكلەرنىڭ بىر خىل ئاھىدە تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقىنىلا تىلغا ئې-
لىپ ئۆتكەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە شۈەنزاڭ بىلەن ماركوپولو ئارىسىدا ئالتە
ئەسىر ۋاقىت پەرقى بار . ئەمما ، مەھمۇد قەشقەرى ئىسىملىك بىر زات
بۇ مەزگىلدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى . ئۇ قەشقەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەچكە ،
شۇ يەر توغرۇلۇق تەبىئىيلا سۆز قىلىش ھوقۇقى بار . مۇبادا ماركوپولو
ئېيتقان قەشقەرلىكلەرنىڭ «ئۆزلىرىنىڭ تىلى» تۈركىي تىل ئەمەس
بولسا ، ئۇ چاغدا مۇئەييەن مەنىدىن ئېيتقاندا ، مەھمۇد قەشقەرى بۇ خىل
قاراشنى ئىسپاتلىمىغان بولاتتى . چۈنكى ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئېيتى-
شىچە ، قەشقەردە ئەسلىدىلا خاقانىيە « (haqania ) تۈركچىسى» ئىشلى-
تىلگەن . بىراق ، ئۇ يەنە قەشقەر رايونىدا تۈركىي تىل بولمىغان بىر
خىل «كەنچەك (känjaki) تىلى» دەپ ئاتالغان تىلنىڭ قوللىنىلىدىغان-
لىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن (V . بارتولد : «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك-
لىرى توغرىسىدا ئون ئىككى لېكسىيە» 82 ـ ، 135 ـ بەتكە
قاراڭ ، بۇ يەنە «kančäki » دەپمۇ ئاتالغان ) . موڭغۇللار دەۋرىدە
«kanǰak » ياكى «kančak » ھەمىشە تالاسنىڭ غەربىي شىمالىدىكى
يەرنىڭ نامى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن (ۋاسسىفى (vasafi) نىڭ ئەسىرى ،
24 ـ بەت ، بۇ يەردە «känjal » دەپ خاتا ئوقۇلغان . 128 ـ بەتتە خاتا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



هالدا «künjük» دەپ ئۇقۇلغان. جۇڭۋېيىنىڭ ئەسىرىدىكى مەلۇماتلار ئۇچۇن شۇ ئەسەرنىڭ 22 ـ بېتىگە قاراڭ). بۇ چوقۇم مەھمۇد قەشقەرى ئەسىرىدىكى «كەنچەك ساڭىر» (kāncaksängir) دېگەن يەرنىڭ ئۆزىدۇر. مەھمۇد قەشقەرى «كەنجەكى» «kānjaki» ياكى «كەنچەكى» (kānčaki) نىڭ بىر خىل تۈركچە بولمىغان تىل ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە ئۆزى ھەممىشە تىلغا ئالىدىغان «kānčak» لەرنى تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىغا قويۇپ بايان قىلىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى ئۇلار بىلەن ناھايىتى تونۇش ئىدى. شۇڭا، ئالاھىدە پېئىل «كانوئاك كالاماك» (kānoāk klamāk)، (كەنچەك «kānčak» لەرگە ئوخشاش ياسانماق دېگەن مەنىدە) نى ئۆزىنىڭ دىۋانىغا كىرگۈزگەن. «kānoāk» لارنىڭ بىر قىسمى تالاس رايونىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ خاتىرىسى ئىشەنچلىك ھالدا «كەنچەك» (kānčak) لەرنىڭ يەنە قەشقەردە ئولتۇراقلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى ھەمدە باشقا تارىخىي ماتېرىياللار تەرىپىدىنمۇ ئىسپاتلاندى. خانىداتورۇ (Haneda toru) تەتقىق قىلغان مانىي دىنىنىڭ كەمتۈك ھۆججەتلىرىدە بۇ نام قۇمۇل (Qaml دەپ يېزىلغان) دىن كەلگەن ئادەمنىڭ كەينىدىلا كۆرۈلىدۇ. پەقەت ئاپتورلا بۇنىڭ مەخسۇس بىر نام ئىكەنلىكىنى بايقىماي قالغان، خالاس. تىبەت يېزىقىدىكى خوتەننىڭ ئومۇمىي تارىخى بولغان «لىيال تارىخى» دا «Ge—ǰag» پادىشاھى ئىلگىرى خوتەن رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن مەغلۇپ بولغان. خوتەن پادىشاھى ئۇنى (Ge—ǰag پادىشاھىنى دېمەكچى — تەرجىمان) «šu—jăg» («شۇ ـ جاك») رايونىغا، يەنى قەشقەرگە ئاپىرىپ قويغان دېيىلگەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىغان «Ge—ǰag» دېگەن سۆز «Gejag» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى، «Ga—ǰag» پادىشاھى دەل قەشقەرنىڭ پادىشاھىنى كۆرسىتەتتى، بۇنىڭدا ھېچقانداق شەك يوق. كىلاۋسون (Clauson) Ga—ǰag بىلەن مەھمۇد قەشقەرى تىلغا ئالغان قەشقەردە ئىشلىتىلىدىغان ئۇ تىلنىڭ نامىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ چىقتى. بۇ يەردە كىلاۋسون «بۇ نام ئېنىقلا ئىران تىلىدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولۇپ «Ganǰa» غا ماس كېلىدۇ ، بۇ جەنۇبىي كاۋكاز ئىران تىلى رايونىنىڭ غەربىدىكى مەشھۇر شەھەر ئىدى» دەپ تولۇقلىما بېرىدۇ . بىراق ، مەن ھازىر بۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا تېخى بالدۇرلۇق قىلارمە-كىن ، دەپ ئويلايمەن . مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ھەقىقەتەنمۇ j تاۋۇشى يوق ياكى كېسىپ ئېيتقاندا ، č (چ) بىلەن j (ج) ئارىسىدىكى ئوخشىماسلىقنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ . ئۇ ياز-غان «j» ئەمەلىيەتتە «č» ئىدى . ئوتتۇرا قەدىمكى زامان تۈركىي تىلىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، «j» سىرتتىن كەلگەن تاۋۇش ئىدى ، شۇڭا ئەسلىدىكى نامى تۈركچە بولمىغان «känǰak» دېگەن سۆز بولۇشى مۇمە-كىن . بىراق ، مەھمۇد قەشقەرى يازغان «känjak» نى تۈركىي تىلى بويىچە ئوقۇغاندا «كەنچەك» («känčk») دەپ ئوقۇلىدۇ . بۇ توغرا بولغان قائىدىدۇر (بۇنىڭدىن باشقا ، ئوتتۇرا قەدىمكى زامان تۈركىي تىلىدا سىرتتىن كەلگەن «ǰ» تاۋۇشىنى ھەمىشە z (ز) ياكى ž تاۋۇشى بىلەن ئىپادىلەيتتى . «g» بىلەن «k» نىڭ ئەھۋالىمۇ بۇنىڭغا ئوخشايتتى . «g» ھەرپىنىڭ باشتا كېلىش ھادىسىسى ئوتتۇرا قەدىمكى زامان تۈركىي تىلىدا كۆرۈلمەيدۇ . مەھمۇد قەشقەرى بۇ خىل تاۋۇشلار ئارىلىشىپ كەلگەندە ، ئىككى تاۋۇشنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئۆزئارا ئارىلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ، باشتا كەلگەن تاۋۇشنى «k» دەپ ئوقۇماي ، «g» دەپ ئوقۇش لازىم دەپ قارايدۇ . بىراق ، «kančak» دېگەن سۆزنى بۇنداق چۈشەندۈرمەيدۇ . باشقا بىر تەرەپتىن ، تىبەت تىلىنىڭ تەلەپپۇزىدا «kančak» بىلەن «Ganǰag» نى ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە يول قويۇلمايدۇ . جاراڭسىز تاۋۇش بىلەن باشلانغان سىرتتىن كەلگەن ناملار تىبەت تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان-دا ، بوم تاۋۇش باشتا كېلىدۇ . مەسىلەن ، «تۈرك» دېگەن بۇ نام تىبەت تىلىدا «Durug» ، «Drug—gu» غا ئۆزگىرىپ كەتكەن . تىبەت يېزىقى يەنە سۆز ئارقىدا جاراڭسىز تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان يېپىق بوغۇمنىڭ بولۇشىغا يول قويىدۇ . شۇڭلاشقا ، سۆز ئارقىدىكى «k» تىبەت تىلىدا ئومۇمەن «g» دەپ يېزىلى-دۇ . «Ga—ǰag» ھەرگىزمۇ «Ge—ǰeg» دەپ ئوقۇلمايدۇ ، بەلكىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بۇنىڭمۇ چوڭقۇر مەنىسى بولۇشى مۇمكىن . بۇ جەھەتتە تىبەت تىلىنىڭ تەلپى ئانچە قاتتىق ئەمەس ، تىبەت تىلىدىكى «e» تۈركىي تىلدىكى «a»غا باراۋەر ئەمەس . لېكىن ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان ئەمچى «amči» دېگەن سۆزنىڭ ئىككى خىل يېزىش ئۇسۇلى بار يەنى ، «amǐ—či» ۋە «em—či» دىن ئىبارەت . مېنىڭ قارىشىمچە ، «kančak» دېگەن سۆز ئەسلىي ئىران تىلىدىكى بىر نام بولۇپ ، ئۇنىڭ شەكلى «kanǰak» ياكى «kanǰag» بولۇشى مۇمكىن . بىراق ، بۇ بىر پەرەزدىنلا ئىبارەت ، ئۇنىڭ بىلەن يىراقتىكى كاۋكازنىڭ نامىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشكە ھازىرچە ئاساسىمىز يوق .

قەشقەرنىڭ قەدىمكى تىلى توغرىسىدا مەيلى ئۇ ئىران تىلى بولسۇن ياكى بولمىسۇن ، بۇ ھەقتە بىزدە ھېچقانداق يازما ماتېرىيال يوق ، ھېچبولمىغاندا بۇ خىل يازما ماتېرىياللار ھازىرچە تېخى بايقالمىدى . مېنىڭ ئېسىمدە قېلىشىچە ، پەقەت بىرلا سۆز قەدىمدە قەشقەر تىلىنىڭ بىر خىل ئالاھىدە شەكلى دەپ قارىلىپ كەلگەن . ئەمما ، بۇ مەسىلىدە بەزى گۇمانلار ساقلانغان . ھەممىگە مەلۇمكى ، سانسكرىت تىلىدىكى «uPādhyāya» پراكىت تىلىدا «Uvaǰǰhāa» (ئۇستاز )غا ئۆزگەرگەن ، يېنىك (لەرزان ) ئوقۇلىدىغان باش تاۋۇش قىسقارتىلغاندىن سىرت ، يەنە تامىل (Tamil) تىلىدىكى «Vāddyar» غا ئۆزگەرگەن ، كېيىنچە يەنە خەنزۇ تىلىدىكى بۇددا راھىبلىرىنىڭ ئومۇمىي نامىنى بىلدۈرىدىغان « 和尚 » ياكى « 和上 » دېگەن سۆزنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالغان . خەنزۇ تىلىدىكى « 和 » (ياپون تىلىدا بۇ خەت «Wa» دەپ ئوقۇلىدۇ ) خېتى ئوتتۇرا ئاسىيا تىللىرىدىكى «Va» دىن كەلگەن (دىماغ تاۋۇشى قېتىلغان تاۋۇش بىلەن باشلانغان ) ھەم دىماغ تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان سۆز ئىدى . بۇ تەرجىمە نام توغرىسىدا گەرچە ھېچقانداق تالاش - تارتىش بولمىسىمۇ ، لېكىن بۇ سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت . ئانچە مۇمكىن بولمايدىغان قاراشلارنىڭ بىرىدە بۇ سۆز ئىران تىلىدىكى hwaǰah ، hōǰan (خوجا ، ئۇستاز ) سۆزىدىن كېلىپ چىققان دەپ قارالماقتا . بۇ خىل قاراش ناھايىتى بۇرۇنلا ۋاتتېرس (watters) تەرىپىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى www.uyghurkitap.com



قوللىنىلغان، تېخى يېقىندىلا تاكاكۇسۇ (Takakusu) بۇنى ئۆزىنىڭ ماقالىسىدە نەقىل كەلتۈردى. سوتىلل (Saothill) ۋە خوتېس (Hotes) يېڭىدىن تۈزگەن «جۇڭگو بۇددىزم ئاتالغۇلار لۇغىتى» دا يەنە «Vandya» نى يۇقىرىقى سۆزنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە تىلغا ئالدى (بۇ سۆز تىبەت تىلى ۋە خوتەن تىلىدا «bande» دېيىلگەن).

لېكىن، شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، دەسلەپكى مەزگىلدىكى جۇڭگو بۇددىزم ئالىملىرى ھەمىشە شۇنداق تەرجىمە قىلاتتى ياكى توغرا قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل تەرجىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. «和尚»، «和上» دىن ئىبارەت تەلەپپۇزى ئوخشاش، يېزىلىشى ھەر خىل بولغان بۇ ئىككى سۆزدىن باشقا (بۇ خىل تەرجىمە ئۇسۇلىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغان بۇ خىل ئەھۋال تاكى V ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋاملاشقان) ئەھۋاللار يۇقىرىقىغا ماس كېلەتتى. بۇلاردىن باشقا، يەنە ئۇتانىنىڭ 1082 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدە خوتەن - يۇد - دىزا» (和阗 yud—dzia) دېگەن سۆز بار. كېيىنكى ماتېرىيالنىڭ تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، بىراق توغرا قىلىپ ئېيتقاندا، VII ئەسىردىن ئىلگىرىلا روياپقا چىققان.

شۈەن يىڭ (玄应) VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يازغان كىتابىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، «和尚» (راھىب) بىلەن «和阇» بولسا «خوتەن بىلەن باشقا ئەللەر»دە ئومۇملاشقان «upadhyāya» نىڭ خاتا يېزىلغان شەكلى دەپ قارايدۇ.

راھىب يى جىڭ (义净) VII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۆزىنىڭ «جەنۇبىي دېڭىزدىن نوم ئېلىپ قايتىش خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە بۇنىڭغا قارىتا ئوخشاش بولمىغان چۈشەنچە بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولسا: غەربىي ئەلدە ھەر قېتىم تەكلىپ قىلىنغان ئۇستازلار (博士) نۇتۇق سۆزلىگەندە كىشىلەر «乌社» نى ھەقىقىي بىر بۇددا ئاتالغۇسى دەپ قارىمىغان. بارلىق سۈترا (sutras) ۋە ۋىنايا (vinayas) قاتارلىق سانسكرىت يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە «upadhyāya» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتكەن. ئۇنى تەرجىمە قىلساق «كىشىلەرگە بىلىم بېرىدىغان ئۇستاز» دېگەنلىك بولىدۇ. شى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com


ـالدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ پادىشاسى ئۇستازلارنى «ho—shang» دەپ ئاتىغان . شۇڭلاشقا ، تەرجىمە قىلغاندا خاتا تەلەپپۇز قىلىنىپ قالغان . يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن قارىغاندا ، شەك - شۈبھىسىزكى ، ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان غەربىي ئەل دەل ھىندىستاننى كۆرسىتىدۇ . شىمالدىكى ھەرقايسى ئەللەر دېگىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى غوز ئەللىرىنى ، ئاساسلىقى ئىران بىلەن توخارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئەللەرنى كۆرسىتەتتى . 1853 - يىلى ئودا توكۇرو (oda—Tokurō) يازغان «بۇددىزم لۇغىتى» (Bukkyō daijiten) دە نەقىل ئالغان ئەسەرلەرنىڭ يىل دەۋرى بىرقەدەر كېيىنرەك ، شۇنداقلا ئۇ يى جىڭ (义净) نىڭ ئەسىرى ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ ، ھىندى تىلىدىكى «uo—zia» نى خەنزۇ تىلىغا (wu xie) «乌邪» دەپ تەرجىمە قىلغان ھەمدە بۇنى بۇددا مۇرتلىرىنى ئاتاشنىڭ ئادىتى قىلغان . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا (ba di ye) «拔底耶» دەپ ئاتاشنىڭ لازىملىقىدا چىڭ تۇرىدۇ . ئەمەلىيەتتە ، جۇڭگو مۇئەللىپلىرىنىڭ «upadhyāya» دېگەن سۆزنىڭ بىر قىسمىنى قىسقارتىپ ئۇنى «拔底耶» دەپ ئاتىغان شەكىل توغرىسىدا ھېچنېمىنى بىلمەيمىز . لېكىن ، ياپونىيىدە يەنىلا بۇنداق تەلەپپۇز قوللىنىلىدۇ ھەم Peteiya دەپ ئوقۇلىدۇ .

يى جىڭ (义净) بىلەن دەۋرداش بولغان باشقا بىر بۇددا مۇرتى خۈييۈەن (慧苑) نىڭمۇ «和尚» دېگەن سۆز توغرىسىدا بىر ئىزاھاتى بار : بەش ئەنەتكەك (ھىندىستان) ئېلىدە بۇ نام سىپايىلىق بىلەن «upādhyāya» دەپ ئاتالسا ، ئاۋام تىلىدا «殂社» دېيىلىدۇ . خوتەن بىلەن قەشقەرلىكلەر «گۇشى» (鹘社) دېسە ، بۇ ئەلدىكىلەر (جۇڭگولۇقلار) خاتا ھالدا «ho—shang» دەپ ئاتايدۇ .

VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا راھىب ۋۇكۇڭ (悟空) ھىندىستاندىن قايتىپ كەشمىردە تۇرغاندا ، ئۇ مۇكەممەل بىر خىشاك (راھىب) بولۇپ بولغان . ئۇ ئۆزى تەرجىمە قىلغان ھىندىستاندىن ئېلىپ كەلگەن بىر پارچە نومنىڭ باش قىسمىدىكى خاتىرىسىدە ئۆزىنىڭ «upādhyāya» نى سۆزلەيدۇ . ئۇ : «ئەنشى (安西) ، بۇ تاڭ سۇلالى- دەۋرىدىكى ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئو.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



چارنى كۆرسىتىدۇ) لىكلەر «upādhyāya» نى خېشالىڭ (和尚) دەپ ئاتايدۇ، دەپ يازىدۇ. چاۋاننىسمۇ شۇنىڭغا ئاساسەن «خەنزۇ تىلىدىكى «和尚» دېگەن سۆز مۇشۇ يەر (كۇچانى دېمەكچى) دە پەيدا بولغان، دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا بايان قىلىش زۆرۈر بولغان يازما ھۆججەت دەل زەن نىڭ (赞宁) سۇڭ پادىشاھىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئورۇندىغان بارلىق راھىبلارنىڭ تەرجىمىھالىنىڭ توپلىمى بولغان «سۇڭ دەۋرىدىكى راھىب كالانلار تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسەردۇر. ئۇ مىلادىيە 988 ـ يىلى ئەڭ ئاخىرقى تەرجىمىھالىنى يېزىپ پۈتكۈزگەن. تەرجىمىھالىنىڭ ئاخىرىغا بىر پارچە قىسقا ماقالە يازغان. بۇنىڭدىن بىز تۆۋەندىكى بايانلارنى بايقىدۇق: سانسكرىتچىدە «Upādhyāya» دېيىلسە، سۇلې (قەشقەر)دا «hu—shè»، خوتەندە ho—shong (خو ـ شوڭ) دېيىلىدۇ. . . بۇ يەردە قەشقەردە ئىشلىتىلگەن نام ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. مانا بۇ، مەزكۇر ماقالىدا «upādhyāya» نى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ سەۋەبى ئىدى. لېكىن، «ho—she» ھەقىقەتەن قەشقەر تىلىمۇ؟

ئالدى بىلەن يى جىڭ (义净) «upādhyāya» بىلەن «乌社» نى ئايرىپ ئىشلەتكەندە بىر خاتالىققا يول قويغان. مۇبادا بوشى (باخشى) (博士) دېگەن سۆز ھىندىستان خەلق ئارىسىدا «upādhāy» دەپ ئاتالغان بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ پۈتۈنلەي ئوخشايدىغان بىر نام تارقالغان، يى جىڭ (义净) نىڭ ئەسىرىدىكى «博士» دېگەن سۆز ئەينى چاغدا ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغاندىن كېيىن «bahši» (باخشى) غا ئۆزگەرگەن ھەم بۇددا «پىر ـ ئۇستاز» لىرىنى ئاتايدىغان مەخسۇس نام بولۇپ قالغان. خۇي يۈەن (慧苑) يى جىڭغا ئوخشاش ھىندىستاننى زىيارەت قىلمىغان بولسىمۇ، بىراق بۇ ئىشتا ھەقىقىي ئەھۋالنى سېلىشتۇرۇپ چىققان. يى جىڭنىڭ «乌社» (ۋۇشې) دېگىنىنى «ŭjha» دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. خۇييۈەننىڭ «鹘社» دېگىنىنى ŭjjhā دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەسلىگە كەلتۈرگەن نەتىجىنى پراكىت تىلىدىكى «Uvĵjhāa» بىلەن سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ جانلىق بولىدۇ. بىراق، Uĵjhaa بولسا پراكىت تىلىدىكى

باشقا بىر سۆز «upādhyara» نىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى ناھايىتى توغرا ئىسپاتلاپ بەردى .

باشقا بىر تەرەپتىن ۋۇكۇڭنىڭ خاتىرىسىدىمۇ ئېنىق بولمىغان جايلار بار . بۇ ھەقتە چاۋاننىسىنىڭ « 和尚 (خېشاڭ ) دېگەن سۆز كۇچادىن كېلىپ چىققان » دېگەن كۆزقارىشىنى ئەسەر ئاخىرىدىكى «karmāčarya» دېگەن جۈملىدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ : خاتىرىدە كۆرسىتىلگەن نەرسە ئەنشىدىكى تۆت قورغاننىڭ ھەممىسىنى بىلدۈرەتتى . بۇلار كۇچادىن باشقا ، خوتەن ۋە قەشقەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى . ئەمەلىيەتتە ، «upādhyāya» توخار تىلىنىڭ A شېۋىسىدە «upādhyā upadhyā upādhyā» دېيىلگەن . بۇ يەردە شۇنى سۆزلەپ ئۆتۈش كېرەككى ، ئۇ ھەرگىزمۇ پراكرىت تىلىغا ئاساسەن بارلىققا كەلگەن ئەمەس . بۇنىڭ بىلەن مەنبەداش بولغان كۇسەن تىلىدىمۇ ئەھۋال ئوخشاش . ۋۇكۇڭنىڭ خاتىرىسىدىكى ئىزاھاتتىن تۆۋەندىكى خۇلاسىنى چىقاردىم : « 和尚 » (راھىب ) دېگەن سۆز ھېچبولمىغاندا شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدىكى قىسمەن جايلاردا ئومۇملاشقان . ئەلۋەتتە ، بۇ قەشقەر ۋە خوتەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى .

قەشقەر تىلى توغرىسىدا بىزدە باشقا يېزىق ماتېرىيالى يوق . جامائەتچىلىككە ئېلان قىلىنغان خوتەن تىلىدىكى ھۆججەتلەردە «upādhyāya» دېگەن بۇ خىل شەكلىنى تېخى ئۇچراتمىدىم . خۇيۈەن (慧苑) تىلغا ئالغان خوتەن تىلى بىلەن قەشقەر تىلىدىكى « 鹘社 » (گۇشې ) چوقۇم «uǰyȟa» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى . لېكىن ، ئۇ تىلغا ئالغان « 鹘社 » (گۇشې ) خەنزۇچە خاتا تەلەپپۇز قىلىنغان ، « 和尚 » دېگەن سۆز چوقۇم «Vaǰha» دىن كەلگەن . مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ، ئۆتكۈنچى شەكلى بىلەن خەنزۇ تىلىدىكى خاتا تەلەپپۇز قىلىنغان شەكلى كلاسسىك پراكرىت تىلىدىكى «Uvaǰlhād» غا تېخىمۇ يېقىنلاپ كېتىدۇ . خۇيۈەن تىلغا ئالمىغان « 和阗 » (خې جې ) مۇ «vaǰha» نى كۆرسىتەتتى . ئۇ سۆز خەنزۇ تىلىدىكى « 和尚 » دېگەن سۆزگە ئوخشاش قەدىمكى سۆز ئىدى . بۇلاردىن قارىغاندا ، « 和阗 » (خې جې ) بىلەن « 和尚 » (خېشاڭ )

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئوتتۇرا ئاسىيا تىلىدىن ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، «鹘社» (گۇشى) ئوتتۇرا ئاسىيا تىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. بۇلاردىن شۇنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇكى، زەن نىڭ (赞宁) تىلغا ئالغان «鹘社» (گۇشى) نىڭ خوتەن تىلىدىن، «和尚» نىڭ قەشقەر تىلىدىن كېلىپ چىققانلىقى توغرا ئىدى.

998 ـ يىلى زەن نىڭ (赞宁) كىتاب يازغاندا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇناسىۋىتى تاڭ سۇلالىسىدەك ئۇنچە قويۇق ئەمەس ئىدى. بىراق، زەن نىڭ ناھايىتى قابىلىيەتلىك دىنىي ئالىمى بولۇپ، ئىلگىرى نۇرغۇنلىغان قەدىمكى ئەسەرلەر بىلەن ئۇچراشقان. خوتەن تىلىدا سۆز بېشىدىكى بىرقىسىم تاۋۇشلار قىسقىرىپ كېتىدىغان ھادىسە بار ئىدى. مەسىلەن، «upa» دېگەن سۆز «Va» غا ئۆزگەرگەن بولسا «d» تاۋۇشى «ǰ» غا ئۆزگەرگەنتى. بۇلاردىن «Vaǰhā»، «vaǰha» دېگەن سۆزلەرنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، خوتەن تىلى بولۇش ئېھتىماللىقى يوق. بىراق، بىز خوتەن تىلىدا بۇ سۆزنىڭ ئەمەلىيەتتە «Uǰjȟā» غا توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلىمىز. شۇڭلاشقا، نۆۋەتتە پەقەت مۇنداق خۇلاسىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. يەنى، «uǰjȟā» نى خوتەن تىلى، «Vǰaha»، «vaǰhā» نى قەشقەر تىلىدىكى تا بۈگۈنگە قەدەر مۇقىملاشتۇرۇلغان بىردىنبىر مىسال قىلىشقا بولىدۇ. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، مەيلى يى جىڭ (义净) ياكى خۇييۈەن (慧苑) بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پراكىت تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئالدىغا دىماغ تاۋۇشى قوشۇلمايدىتى. بۇ خىل ئەھۋاللار پەقەت خوتەن تىلى ۋە قەشقەر تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغاندىلا ئاندىن كۆرۈلگەن. بۇلاردىن باشقا، بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تىللىرىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى بولۇپ، سوغدى تىلى ۋە تۈركىي تىلنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىدىمۇ كۆرۈنگەندەك قىلىدۇ.

«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ خەنزۇچە 1986 ـ يىللىق 1 ـ ، 2 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

www.uyghurkitap.com

本书介绍喀什绿洲的历史、古代文明、古代地名及人文地理等内容。

www.uyghurkitap.com

## The History and Geography of Ancient Kashgar (II)

The work offers us a systematic introduction to Uygur Dolan, who live in Makit county of Kashgar oasis along the important path of the silk - road, and the history, geography, their ancient civilization and origin and their migration. Simultaneously the name of Kashgar in « Turki Tillar Diwani » is discussed.

www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: رىزۋانگۇل ئابلىمىت
مەسئۇل كوررېكتورى: بەختىيار ئابلىمىت

# قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى (2)

ئاپتورى: ئادىل مۇھەممەت

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تارىبوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230×880مم 1/32
باسما تاۋىقى: 11.375 قىستۇرما ۋارىقى: 1
2007 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
2007 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3080

---

ISBN 978—7—5373—1607—1
باھاسى: 18.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 0998 — 2653927

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غەيرەت خالىق



ISBN 978-7-5373-1607-1
9 787537 316071 >

ISBN978-7-5373-1607-1
（民文）定价：18.00 元